ئىقبال تۇرسۇن



# ئۇيغۇرلاردا ھايات ھېكمىتى، ئۆلۈم كۈلپىتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ئىقبال تۇرسۇن

# ئۇيغۇرلاردا ھايات ھېكمىتى، ئۆلۈم كۈلتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ئۇيغۇرلاردا ھايات ھېكمىتى، ئۆلۈم كۈلپىتى

ئاپتورى: ئىقبال تۇرسۇن

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرى تەرىپىدىن سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى جياخۇا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 15.5
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 2500

---

ISBN 7—5631—2051—3
باھاسى: 24.80 يۈەن



# نەشرىياتتىن

ئىقبال تۇرسۇن 1969 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە سەنئەتكار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1986 - يىلدىن 1991 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، باكالاۋرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن. شۇ يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى كەسپىگە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان. 1994 - يىلى 6 - ئايدا «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرى» ناملىق ماگىستىرلىق ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىنى ياقلاپ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا خىزمەتكە چۈشكەن. ئۇ ھازىر شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى.

ئىقبال تۇرسۇن 1985 - يىلى «بورتالا گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «يۈكسەك ئىرادە»، «كىتابىم» ناملىق شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان. شۇنىڭدىن باشلاپ «مىسكىن قىزچاق»، «ئوۋ»، «قۇملۇقتىكى بىر توپ ئۆرۈك دەرىخى» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق بالىلار ھېكايىسىنى ئېلان قىلدۇردى. ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ دىققىتىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە كىنو سەنئىتى ساھەسىگە بۇراپ، ھازىرغا قەدەر دۆلەت ئىچىدىكى

خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ۋە ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى.

ئىقبال تۇرسۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، «ئېستېتىكا قائىدىلىرى»، «مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى» ۋە «نەۋائىي تەتقىقاتى» قاتارلىق ئاساسلىق كەسپىي دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلدى. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى بىلەن تەتقىقاتنى ماسلاشتۇرۇپ دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى بولغان «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى تەكشۈرۈش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش نىشانى» نى ئىشلەشكە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھازىرقى ساپاسى ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەدبىرى» دېگەن قىسمىنى ئىشلەپ پۈتتۈردى. شىنجاڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرى بولغان «ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات مائارىپى» قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەپ پۈتتۈردى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ھېكمەت ئۈنچىلىرى» ۋە «ئۇيغۇرلاردا كىنو - تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. «مىسكىن قىزچاق» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى ئاساسىدا تولۇقلاپ ئىشلەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە روھىيەت تەتقىقاتىغا دائىر بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىنىڭ تۈنجىسى. ئۇنىڭ «XX ئەسىردىكى ئازاب ۋە قارشىلىق»، «ئۇيغۇر قەدىمكى دەپنە ۋە ئۆلۈم مەدەنىيىتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات پەلسەپىۋى قاراشلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى پات يېقىندا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

# كىرىش سۆز

ھاياتلىق نېمە؟ ماماتلىقچۇ؟ ھايات ئادەمگە نېمىلەرنى سوۋغا
قىلىدۇ؟ ئۆلۈم نېمىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ؟ ھاياتنىڭ ھېكمە-
تى نېمە؟ ئۆلۈمنىڭ كۆلپىتىچۇ؟ ھاياتنىڭ باشلىنىشى قەيەر-
دىن، ئۆلۈمنىڭ ئېلىپ بارىدىغان مەنزىلىچۇ؟ ھاياتنىڭ مەڭگۈ-
لۈك قىممىتى نېمىدە؟ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بارمۇ؟ ...
مۇنداق سوئاللارنىڭ پايانى يوقتۇر. شۇڭا بۇ سىرلىق تېما ئۇس-
تىدە ئىنسانلار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئىزدىنىشكە
باشلىغان. ھايات ۋە ئۆلۈم سەۋەبلىك نۇرغۇن پەنلەر بارلىققا
كەلدى، بولۇپمۇ دىن بىلەن پەلسەپە ئىلمىنىڭ تېگىنى سېلىش-
تۇرغاندا، بۇ ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ توختىماي ئايلىنىپ، بىرى
يەنە بىرىگە ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ئومۇمىي ۋە مۇقەررەر قانۇنىيەتنىڭ
سىرىنى ئېچىش ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇم-
كىن. ناھايىتى روشەنكى، ھاياتلىق بولمىسا ئۆلۈم بولمايدۇ،
ئۆلۈم بولمىسا ھاياتنىڭ بولۇشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن
ئەمەس. مۇقەددەس دىنىي كىتابلاردا ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى
بايان قىلىپ: «تەھقىق، بارلىق شەيئىلەر ئۆلۈمنىڭ تەمىنى
تېتىغۇچىدۇر» دېيىلگەن. ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندىمۇ
ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى بولىدۇ،
باشلىنىشى بار، ئاخىرلىشىشى بولمىغان شەيئى مەۋجۇت ئە-
مەس. دىنىي ئەقىدە بويىچە پەقەت تەڭرىنىڭلا باشلىنىشى ۋە
ئاخىرلىشىشى يوقتۇر، ئۇ دائىمىي ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. ھاياتنىڭ
ۋە ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىك قانۇنىيىتىگە ھېچكىم ئارىتۇرالمايدۇ.

ھەممە ئادەم ھاياتنى سۆيىدۇ، ئۆلۈمدىن قورقىدۇ. چۈنكى ھايات ناھايىتى قىممەتلىك، ئۆلۈم دېگەن بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قېلىشتۇر. تارىختا نۇرغۇن پادىشاھلار مەڭگۈ ئۆلمەسلىك تەمەسىدە بولۇشقان، ئۆلمەسلىك دورىسى ياساش ئۈچۈن نۇرغۇن تېۋىپلارنى مەجبۇرلىغان ۋە ئۆلتۈرگەن. بەزىلەر تۆمۈر شەھەر ياساتقان، بەزىلەر تاغدەك ئالتۇن - كۈمۈش توپلىغان، بەزىلەر پۈتۈن جاھاننى ئىشغال قىلغان، نەچچە يۈز تۈمەن ئەسكەر بىلەن ئۆزىنى قوغداتقۇزغان. بىراق تۆمۈر شەھەرمۇ، مال - دۇنيامۇ، ئەسكەرمۇ، تېۋىپمۇ ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشىغا، ئۆلمەسلىككە كاپالەتلىك قىلالمايتتى. ئەجەلى توشقاندا بىر دەقىقىمۇ كېچىكتۈرۈلمەيتتى. بىراق كىشىلەر يەنە بىر تەرەپنى نەزەردىن ساقىت قىلغانكى، ئۆلۈم بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھايات شۇنچە قىممەتلىك ئىدى، ئەگەر ئۆلۈم بولمىغان بولسا ھاياتمۇ بولمايتتى، ھاياتنىڭ قىممىتىمۇ بولمايتتى. ئۆمۈر قىسقا بولغاچقا، شۇنداق ئەزىز - قەدىرلىك ۋە سۆيۈملۈك، ئەگەر ئۇ نەچچە يۈز يىل ئۇزارغان بولسا، ھاياتنىڭ ئۇنچە قىممىتى ۋە مەنىسى قالمىغان بولاتتى. دۇنيادا نېمە قىس بولسا شۇ قىممەتلىك، نېمە كەڭرىچىلىك بولسا ئۇنىڭ ئەتىۋارى يوقتۇر. گۆھەر بىلەن تاشنىڭ قىممىتىنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىزنىڭ ئۆلۈمنى قارىلاشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز بولمايدۇ. گەرچە ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلاشتۇرغۇچىسى بولسىمۇ، ئۇ ھەرقانچە قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك، ئازابلىق، كۆلپەتلىك بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ خاسىيەتلىك ئىش. چۈنكى ئۇ يېڭى بىر ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشىغا مۇھىت ھازىرلايدۇ، ھاياتلىقنى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، تەرەققىياتقا، يۈكسەكلىككە تۈرتكە بولىدۇ. ئۆلۈم بولمايدىكەن، يېڭىلىنىش بولمايدۇ؛ يېڭىلىنىش بولمايدىكەن،

تەرەققىياتمۇ بولمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، مۇقەررەر نەرسىدىن قورقۇش ھاماقەتلىك، مۇھىمى ھاياتلىق پۇرسىتىنى قانداق كۆتۈۋېلىشتا.

قەدىمكى ئىنسانلار، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ھاياتنىڭ ھېكمىتى، ئۆلۈمنىڭ كۈلپىتى، ھاياتقا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۆلۈمنى قانداق كۈتۈۋېلىش، ھاياتنىڭ نېمىتىدىن قانداق پايدىلىنىش، ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرغان. ئاخىرى ئۇلار ھاياتنى ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك، بەختلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۆلۈمنىڭ قورقۇنچىسى ۋە كۈلپىتىنى يېڭىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى، ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە كۈلپەتلىكى ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى ھاياتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نېمەت ۋە پۇرسەت گۆھىرىنى ئېرىقتىكى لاي سۇدەك ئۆتكۈزۈۋېتىش، ئەلنىڭ، ۋەتەننىڭ ئالدىدا قارا يۈزلۈك بىلەن ئۆلۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. شۇڭا ھاياتنى ئۇلۇغلاش، ئۇنى مەنە بېزەكلىرى بىلەن بېزەشكە تىرىشقان، ھايات دەرىخىگە ئۇشىشۇك تەگكۈزىدىغان نادانلىق، ئىنساپسىزلىق، ۋاپاسىزلىق، ۋەھشىيلىك، ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، ھۇرۇنلۇققا ئوخشاش يامان ئىللەتلەردىن مۇگدىلانغان، ئازابلىق كېچىكلەردە ئاققان، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئۆلۈم كۈلپىتىنى يېڭىپ، ھايات دەرىخىدىن مېۋە بېرىشكە دەۋەت قىلىدىغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، ئۆلۈمگە بولغان ئازابلىق ھېسلىرىنى ئىزھار قىلغان. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات ۋە ئۆلۈم ئېڭىنى تەتقىق قىلىش ئۇلارنىڭ بىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەتلىك ئورۇن تۇتقان سەھىپىلەرنىڭ بىرى.

تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات ۋە ئۆلۈم ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى قەبرىلىرى، قىياتاش سۈرەتلىرى ۋە باشقا قەدىمكى خارابىلەردىن، شۇنداقلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن روشەن چاقناپ تۇرىدۇ.

ئاپتور ئىقبال تۇرسۇن ئۇزۇن يىل قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات ۋە ئۆلۈم ئېڭىنى تەتقىق قىلىشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. مەن بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇ تېمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئىزدىنىشكە تۇرتكە بولغان ئامىللار توغرىسىدا ئاپتور بىلەن قىسقا سۆھبەتلىشىشنى زۆرۈر تاپتىم.

سوئال: ئىقبال تۇرسۇن، مەن ئەسىرىڭىزگە قىزىقىپ قالدىم، شۇڭا ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ياردەم بېرىشنى خالايمەن. بىراق مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىش جەرياني توغرىسىدا سىز بىلەن قىسقىچە پىكىرلىشىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالايمەن.

جاۋاب: يارمۇھەممەت مۇئەللىم، سىز بۇ ئەسىرىمنى ھەممىدىن بۇرۇن ئوقۇپ چىققان ۋە ياخشى تەكلىپلەرنى بەرگەن تۇنجى كىشى. شۇڭا سىز بىلەن بۇ ھەقتە سۆھبەتلىشىشنى چىن دىلىمدىن خالايمەن ۋە ياخشى تەكلىپ پىكىرلىرىڭىزگە موھتاجمەن.

سوئال: قانداق بولۇپ ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى بۇ تېما ھەققىدە ئەسەر يېزىشنى ئويلاپ قالغانتىڭىز؟

جاۋاب: بىر تەتقىقاتچى ئوچۇن ئېيتقاندا، ئۆزى ئەڭ قىزد-

قىدىغان ۋە ئۆز دۇنيا قارىشىنى ئىپادە قىلالايدىغان تېما ھەققىدە ئىزدىنىش تولىمۇ مەنىلىك ئىشتۇر. مانا بۇ مېنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان نېمە ئۈچۈن ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم تېمىسى ھەققىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبى. بۇ كىتاب مې- نىڭ 1993 - ، 1994 - يىللىرى يازغان ماگىستىرلىق دىسسېر- تاتسىيەم «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم قارىشى» ناملىق ئەسەر ئاساسىدا تولۇقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ھازىرقىدەك بىر قەدەر مۇكەممەل، سىستېمى- لىق ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئەسەردۇر. بۇ مېنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيى- تى ۋە روھىيەت تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىمى- نىڭ بىرى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى توغرى- لىق ئەسەر يېزىش ئويۇم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر ئەدە- بىيات تارىخى كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇۋات- قان چاغلاردىلا بار ئىدى. شۇ چاغلاردىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىيا- تىنىڭ نەزەرىيىۋى ھەم ئىدېئولوگىيىلىك مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە قىزىققان ۋە بەزى ئىلمىي ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلدۇرغانىدىم. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات كەسپىدە ئىچكىرى- لەپ ئىزدىنىش جەريانىدا، ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم تېمىسى- نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتى، مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭ- قۇر ھېس قىلدىم.

سوئال: بۇ ئەسەر يېزىلغىنى 12 يىل بولۇپتۇ، نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە نەشر قىلدۇرۇپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈ- رۈشنى ئويلاشمىدىڭىز؟

جاۋاب: بۇ ئەسەر ئەسلىدە مېنىڭ ماگىستىرلىق دىسسېرتات-

سىيە ئەسىرىم ئىدى. ئەينى چاغدا مەرھۇم ئۇستازىم شېرىپىدىن
ئۆمەر، مەرھۇم ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلار ئەسەرنىڭ
ئىلمىي قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ناھايىتى قىممەتلىك پى-
كىرلەرنى بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەسەرنى تېخىمۇ چوڭ-
قۇرلۇققا، ئىلمىيلىككە ئىگە قىلىش ھەققىدە ئىلھام بەرگەن
ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن 10 يىلدىن بېرى ئىزچىل تۇردە بۇ
تېما ھەققىدە ئىزدىنىپ، يېڭى بايقىغان مەزمۇنلارنى قوشۇپ
ئۆزگەرتىپ ماڭدىم. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە تارى-
خىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرىنى پەلسەپە،
مەدەنىيەت، ئېستېتىكا، ئەدەبىيات نۇقتىلىرىدىن ئۇنىڭ شەكىل-
لىنىشىدىن تارتىپ تاكى يېقىنقى زامانغىچە بولغان ئىپادىلىنىش
يولىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق، چوڭقۇر يورۇتۇش ئۇچۇن خېلى
كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كەلدى.

بۇ تېمىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگەنسېرى، ھايات ـ ئۆلۈم مە-
سىلىسى ئەمەلىيەتتە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت، پەلسەپە، ئەدە-
بىيات، ئېستېتىك قاراشلىرى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك باغلىنىدىغان
پەلسەپە ھەم ئەدەبىيات تېمىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قى-
لىشقا باشلىدىم. بۇ تەبىئىي ھالدا ھايات ـ ئۆلۈمنىڭ ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى تەسۋىرلىنىشىدىن باشقا، مەدەنى-
يەت، پەلسەپە ۋە روھىيەت نۇقتىلىرىدىن كۆزىتىپ ئىزاھلاش
ئىستىكىمنى قوزغىدى.

سوئال: بۇ ئەسەرنى يېزىشتا ئىجتىمائىي قىممەت ۋە مەنپە-
ئەتدارلىق مۇناسىۋىتىدە نېمىلەرنى نەزەردە تۇتقان؟

جاۋاب: ئازاب، قايغۇ ـشادلىق، غېرىبسىنىش، ھايات ۋە
ئۆلۈم ئىنسانىيەتكە ئورتاق تۈپ پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنىڭ بىرى.
ئەمما ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك ماكان، تىل شارائىتى،

تارىخىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ بۇ ئورتاق مەسىلىلەر ھەققىدىكى ھېسسىياتى، تونۇشى، بىلىشى، تەجرىبە ۋە پوزىتسىيىسى، شۇنداقلا ئىپادىلەش شەكلى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ھايات ـ ئۆلۈم، مۇھەببەت ۋە ئازاب ئېڭى ئارقىلىق بىر مىللەت ئۆزىگە خاس مىللىي دۇنيا قاراش، پەلسەپىۋى قاراش، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بۇ ئەسەر تارىخىي ئۇزۇنلۇق جەھەتتىن قەدىمكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم چۈشەنچىلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ دىنىي، مەدەنىي، ئىدېئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق جەھەتتە كۆپ قاتلاملىق شەرھلەپ، ئۇنىڭ 2 مىڭ يىلغا يېقىن ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىپادىلىنىش جەريانى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى يورۇتقان بولسا، تارىخىي كەڭلىك جەھەتتىن ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنى شەرق ـ غەربنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ، شەرق ـ غەربنىڭ خىلمۇخىل دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرى، پەلسەپە ئېقىملىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى، ئۆلۈم، مۇھەببەت ۋە ئۇرۇش تېمىلىرىنىڭ روشەن ئەنئەنىسى ۋە خاسلىقىنى، شۇنداقلا پەلسەپە، ئېستېتىك جەھەتتىكى مىللىي تارىخىي قىممىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلىلەر تاھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىدا تېخى مەخسۇس تەتقىق قىلىنماي كېلىۋاتقان بىر بوشلۇق ئىدى. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئازاب ۋە ئۆلۈمنىڭ قانداق تەسۋىرلەنگىنىنىلا ئەمەس، مۇھىمى

تارىختىكى ئۇيغۇر ئەدىب - شائىرلىرىنىڭ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ نېمىگە قايغۇرغانلىقىنى، دۇنيانى، ھاياتنى، بەختنى قانداق چۈ- شەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنى، شۇ تۇ- پەيلىدىن كۇتۇۋالغان تەقدىر - ئاقىۋەتلىرىنى بىر قەدەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، بىرنەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپىدىكى مىللەتنىڭ ئازاب - كۈلپىتى، ئۆلۈم ۋە بەختسىزلىكى، تەقدىر قىسمىتىنى بۈگۈنكىلەرگە تونۇتۇپ، بۈ- گۈنكى كىشىلىرىمىزنىڭ ھاياتلىق مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىيات ئىستىقبالى، تەقدىرى ھەققىدە نېمىگە قايغۇرۇش، قانداق قايغۇ- رۇش، ئۆلۈمنى قانداق تونۇش ھەققىدە يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت.

سوئال: سىز بۇ تېمىنى ئۇتۇقلۇق يورۇتۇپ بەردىم، دەپ قارامسىز؟

جاۋاب: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆپ خىل پەنلەر نۇقتىسى- دىن، بولۇپمۇ پەلسەپە، مەدەنىيەت، ئېستېتىكا جەھەتتىن پەل- سەپىۋى يۈكسەكلىككە، نەزەرىيىۋىلىككە كۆتۈرۈش، ئۇنىۋېرسال ئىنسانشۇناسلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئايلاندۇرۇش — ئەسەرنىڭ مۇھىم قىممىتى ۋە ئالاھىدىلىكى. تېما ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەسەرلەر پۈتۈنلەي يېڭى بىر نۇقتىدىن تەھلىل قىلىندى. ماتېرى- ياللارنىڭ كەڭ ۋە تىپىك بولۇشىغا، ئىشەنچلىك ۋە ئەسلىي نۇسخا بولۇشىغا دىققەت قىلىندى. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى، مەز- مۇنى ۋە بايان ئۇسلۇبىنىڭ ئىمكانقەدەر تەسىرلىك، ئۇقۇملۇق ۋە يېڭى بولۇشى ئۈچۈن نەزەرىيىلەرنى ئاز بايان قىلىپ، ئەسەر تەھلىلىنىڭ يېقىچە بولۇشىغا، ئىلمىيلىقىغا، ئۇچۇرچانلىقىغا، بىلىم بېرىشچانلىقىغا ۋە ئوقۇشچانلىقىغا ئىمكانقەدەر تىرىشتىم.

كىتابىتىكى باياناار ۋە مۇھاكىمىلەر بىلەن بىللە، يەنە ئۆزۈمنىڭ كائىنات، ھاياتلىق، ئىنسان ۋە تەقدىر مەسىلىلىرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى ئورگانىك بىرىكتۈردۈم. شۇڭا ئەسەردىن كىتابخان مېنىڭ ھاياتلىق، بەخت ـ سائادەت، دۆلەت، مىللەت، جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي خاھىشىمنىمۇ بىلەلەيدۇ. مۇبادا بۇ كىتاب كەسىپداشلار ۋە كىتابخانلارنىڭ ھېسلىرىنى غىدىقلاپ، ئاز ـ تولا ئويلىنىش تۇغدۇرالىسا، ئۆزى ۋە ئۆزى تەۋە بولغان خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ھەققىدىكى قايغۇ ھېسسىياتىنى قوزغىيالىسا، مېنىڭ بۇ تېمىنى يېزىشتىكى ئارزۇ ـ مەقسىتىممۇ ئىشقا ئاشقان بولىدۇ. كىتابتا يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كەسىپداشلار ھەم دوستلارنىڭ تەنقىدىي تەكلىپ پىكىرلىرىنى بېرىپ، تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن، قىزغىن، سەممىمىي ياردەمدە بولغان ئۇستازلىرىمغا، كەسىپداشلىرىمغا، دوستلىرىمغا، مېنى قاتارغا قوشقان ئاتا ـ ئانام، تۇغقانلىرىمغا ھەمدە بۇ ئەسەرنىڭ نەشردىن چىقىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، قىممەتلىك تەكلىپ ۋە تۈزىتىش بەرگەن، ئەسىرىمنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئەمەلىي ياردەم بەرگەن سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ھايات بىلەن ئۆلۈم ھەممىمىز ئۇچۇن ئورتاق. بىراق ھايات ۋە ئۆلۈم ئىككى ئوخشاش بولمايدۇ. ھاياتنى قانداق كۈتۈۋېلىش، ئۆلۈمگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەم ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنداق ئوخشىماسلىق ھاياتنىڭ ۋە ئۆلۈمنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم قىممەت قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن. ھاياتنى توغرا، ئۈنۈملۈك، ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈشنى بىلگەن كىشىگە ھايات ھەقىقەتەن ھېكمەتلىك، خاسىيەت-

لىك. ياشاشنى بىلمىگەن كىشىگە ھايات ئىنتايىن كۆلپەتلىك ۋە پاجىئەلىك. قانداق ئۆلۈشنى بىلگەن كىشى ئۇچۇن ئۆلۈممۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس، قانداق ياشاشنى بىلگەن ئادەم ئۆلۈشنىمۇ بىلىدۇ، ياشاشنى بىلمىگەن ئادەم ئۆلۈشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۆلۈم مۇقەررەر ئىكەن، ئۇنى ياخشى ھايات نەتىجىلىرى بىلەن كۈتۈۋې-لىش ئادەمگە مەڭگۈلۈك سائادەت ۋە بەختنى سوۋغا قىلىدۇ. بۇ كىتاب سىزگە ھاياتنى قانداق كۈتۈۋېلىش، ئۆلۈمگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ھايات پۇرسىتىدىن قانداق پايدىلىنىش، ئۆلۈم كۆلپىتىدىن قانداق قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئويلىنىش پۇرسىتى بېرىدۇ-غانلىقىغا ئىشىنىمىز.

**يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق**

**2006-يىل**

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ئازاب ئېڭى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك مەنزىلى ............................. 1
بىرىنچى باب ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى ............................. 21
1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم چۈشەنچىسى ............................. 21
2. ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىنىڭ پەلسەپە ئىدىيە قاتلىمى ھەم ئىجتىمائىي قىممىتى ............................. 37
3. ھاياتلىق، ئەدەبىيات ۋە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭى ............................. 56
ئىككىنچى باب يىراق قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن ئازاب پىسخىكىسى ۋە ئۆلۈم تەسۋىرى ............................. 66
1. ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۇنىڭ ئىپتىدائىي سەنئەتتە ئىپادىلىنىشى ............................. 66
2. يىراق قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى ئىزلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ئېڭىغا نەزەر ............................. 75
3. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قىيا تاش ۋە تاشكىمىر سەنئىتىدە ئۆلۈم تەسۋىرى ............................. 103
4. ئۆلۈم ۋەھىمىسى، سىرلىقلاشتۇرۇش ۋە ئېستېتىك يۈكسەكلىك قەدىمكى ئۆلۈم ئېڭىنىڭ پسىخىك ئاساسى ............................. 117
ئۈچىنچى باب قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى ئازاب ئېڭى

**ۋە ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت قاتلىمى** ........................................ 132

1. تەبىئەت پەسىللىرى تۈغقان ئەسلىي ئازاب پسىخىكىسى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق ئېڭى ........................ 132

2. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇياش، ئايغا تېۋىنىشى ۋە ھايات - ئۆلۈم چۈشەنچىسى ................ 143

3. ئۇيغۇر خەلق پەلسەپىۋى ھېكمەتلىرى ۋە شېئىر - قوشاقلىرىدا ھايات - ئۆلۈم ئېڭى ... 151

4. ئۆلۈم ئېڭى ۋە تارىخىي يېتىلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسىخىكىسى ........................ 165

**تۆتىنچى باب ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈمدىن ھالقىش روھى** ............ 188

1. ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم تېمىسىنىڭ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا شەكىللىنىشى ...... 188

2. قەدىمكى مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا دۆلەت، خەلقتىن قايغۇرۇش ۋە ئومۇملۇق ئېڭى ........................................ 197

3. مەۋجۇتلۇق ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى ۋە قەھرىمانلىق روھىغا سىڭىنىش ........................ 213

4. رىيازەتلىك دۇنيا ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىش ........................................ 222

**بەشىنچى باب قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدا خەلق مەركەزچىلىك ئىدىيىسى، شەرقچە غايىۋى دۆلەت ۋە ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكى** .................. 234

1. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ روھىي ئەنئەنىسى ۋە ئازاب ئېڭىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ........................ 234

2. قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدا خەلق مەركەز-

چىلىك ئىدىيىسى ۋە دۆلەت، خەلق تەقدىرىدىن قايغۇرۇش ........................ 239
3. شەرقچە غايىۋى دۆلەت ۋە ھاياتلىقنىڭ زىددىيەت قانۇنىيىتى ........................ 257
4. ئىككى خىل دۇنيا ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاش...... 265
5. ئۇدغۇرمىش ئوبرازى ۋە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ........................ 275

**ئالتىنچى باب كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە تراگېدىيىلىك روھ ۋە جەڭگىۋار خاراكتېر ................ 293**

1. چاغاتاي ـ تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئىجادىيەت پسىخىكىسى ۋە سوپىزم ... 293
2. چاغاتاي ـ تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئەكس ئەتكەن ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ................ 317
3. نەۋائىي لىرىكىلىرىدىكى «ئىشق» ھەسرىتى ۋە ھايات تراگېدىيىسى ئېڭى ................ 340
4. نەۋائىي يارانقان تراگېدىيىلىك روھ ۋە ئېستېتىك يۈكسەكلىك ........................ 356

**يەتتىنچى باب يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇرۇش، ئۆلۈم تېمىسى ۋە ئىسيانكارلىق روھ ... 368**

1. يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ھاياتلىق كرىزىسى ۋە ئازاب ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى ................ 368
2. خوجىلار جاھالىتى قوينىدىكى تىركىشىش ۋە قارشىلىق روھى ........................ 384
3. يېقىنقى زامان تراگېدىيىسىدىكى يۈكسەكلىك: مۇھەببەت، ئۆلۈم ۋە ئەركىنلىك ................ 410
4. ئازابتىن ھالقىش: ئۇرۇش، ئۆلۈم ۋە XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىسيانكارلىق روھ ...... 428

**سەككىزىنچى باب ئۆلۈم ئېڭى ۋە ھاياتنى كۈچىنىڭ تۇغۇلۇشى ........................ 444**

1. ئازاب ئېڭى ۋە ھايات-ئۆلۈم قارىشىدىكى شەكىل-
دارلىق.................................................. 444
2. ھايات-ئۆلۈم قارىشىنىڭ تىپلىرى .............. 451
3. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ھايات -
ئۆلۈم قارىشىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى...... 457
4. ئۆلۈم ئېڭى ۋە ھاياتىي كۈچنىڭ تۇغۇلۇشى ... 461
پايدىلانغان ماتېرىياللار .............................. 469

# مۇقەددىمە

## ئازاب ئېغى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك مەنزىلى

بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىدە شەكىللەنگەن ئەدەبىياتى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە پەلسەپىۋى روھىيەت تارىخىنىڭ ئوبرازلىق خاتىرىسىدۇر.

شەرق ـ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيىتى بەلۋېغىدا جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەلقىمىزنىڭ يىپەك يولى ئۇستىدىكى شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش داۋامىدا ئۆزگىرىپ بارغان تۇرمۇش شەكلى، تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، مەدەنىي پسىخىك خاراكتېر قاتلىمى، ئىجتىمائىي ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرىنىڭ تىرەن پىكىر قاتلىمىنى جانلىق، ئوبرازلىق نامايان قىلىپ بەرگەن روھىيەت ئەينىكىدۇر. خۇددى شەرق ـ غەربنىڭ پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات تارىخىغا ئوخشاشلا، قەدىمدىن يېقىنقى زامانغىچە ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئەدىب ـ شائىرلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ھاياتلىق، مۇھەببەت، ئۆلۈم، ئۇرۇش، قىساس ۋە ئەركىنلىك ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئېستېتىك ئىدىيە كۆز قاراشلىرىنى ئىنسان، تەبىئەت، تەڭرى ۋە گۈزەللىك ئۇستىگە قويۇپ، ئايرىم شەخسىي ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى، بەختى ۋە تەقدىرىدىن قايغۇرۇش، ئويلىنىشتەك يۈكسەك ئېستېتىك مەنزىلنى ياراتقان.

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى،

ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمى ئەڭ ھەيۋەتلىك سىرلىق مەسىلە. ھاياتلىق-
تىكى مېھىر - مۇھەببەت، ئۆلۈم - ھالاكەت، غېرىبسىنىش،
مۇشەققەت، ئوڭۇشسىزلىق، ئۇرۇش، قىساس، ئازاب- ئوقۇبەت-
لەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى دەۋر
قىلىپ ئايلىنىپ تۇرىدۇ. كائىنات، تەبىئەت ۋە ھاياتلىقنىڭ
ئۆزى ئىنسان ئۈچۈن تۈگىمەس سىر - تېپىشماقلا ئەمەس،
ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ نەزەرىدە ھاياتلىق شەكىللىرى ئىچىدى-
كى ئۆزىنى ئېچىشقا موھتاج بولىدىغان تېپىشماق. ئىنسانىيەت-
نىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى، پەلسەپە، دىن،
ئىدېئولوگىيە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتتى ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ
ئالەم، تەبىئەت قانۇنىيىتى، ھايات، ئۆلۈم سىرىنى چۈشىنىش
ۋە ئۇنى ئېچىش يولىدىكى ئىزدىنىش تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى-
دۇر، شۇنداقلا ئۇنى يەنە ئىنساننىڭ ھاياتلىق ۋە تەقدىرىنى
تونۇش، چەكلىك پانىي ھاياتتىن ھالقىش جەريانى دېيىش مۇم-
كىن. ئىنسان مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ ئۆزلىرى ۋە تەقدى-
رى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغىنىدىن ئېتىبارەن ئەڭ كۆڭۈل
بۆلگەن مەسىلە ھايات ۋە ئۆلۈم مەسىلىلىرى بولۇپ، تارىختىكى
پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇرلار، ئەدىب - سەنئەتكارلار ئۆز ئىجادىيى-
تىدە بۇنى چوڭقۇر نامايان قىلغان. ھايات - ئۆلۈم ئىنساننىڭ
ئۆزىدىن تا پۈتكۈل ھاياتلىق شەكىللىرىگىچە باغلانغان ئەقلىي
ئېڭى. بۇ پەلسەپىۋى ئاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئىپادىلەنگەندە
ئۇنى ئەڭ يارقىن ئىپادىلەيدىغان ھەمدە يۇقىرى كۆتۈرىدىغان
ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ دەل ئىنساننىڭ ئازاب ئېڭىدىن
ئىبارەت. ھايات - ئۆلۈم چەمبىرىكىدە ئىنساننىڭ ئازابى تۇرمۇش
ۋە ھاياتلىق ئېھتىياجى، موھتاجلىق، ئارزۇ - ئىستەكلەر ئاسا-
سىدا ئاڭلىق شەكىللەنسە، ھايات - ئۆلۈم گىرۋىكىدە شەخس
ۋە كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى قايغۇ - ئازاب ھامان
مۇھەببەت، قارشىلىق، ئۆلۈم، قىساس، غېرىبسىنىش ھېسسى-

ياتلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۈچەيتىدۇ ۋە ئۆزئارا گىرەلەش-
تۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىز كىشىلىك ھاياتتا ئازاب - ئوقۇبەت ۋە دەرد - ئەلەمگە ئۇچراشتىن ھېچقاچان خالىي بولالمايمىز. قەلبىمىزدىكى ئازاب، ھەسرەت ۋە رىيازەت تۇيغۇسىنى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ۋە روھىي دۇنيايىمىزغا غايەت زور ئازاب ۋە بېسىم ئېلىپ كەلگەن ھادىسىلەر پەيدا قىلىدۇ. ئالايلۇق، يېقىن كىشى-لىرىمىزنىڭ بەختسىزلىكى ۋە ئۆلۈمى، ئۇرۇش، تەبىئىي بالايى-ئاپەت، ئەجەللىك يۇقۇملۇق كېسەللىك ھەمدە بىز ئۆزىمىز ھا-يات داۋانلىرىدا دۇچ كەلگەن پېشكەللىك، ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەر قەلبىمىزدە ئازاب ئېكىنى تۇغدۇرىدىغان ۋە ئۆستۈ-رىدىغان تۇپراق. چۈنكى ھاياتتا مەڭگۈ بەخت، ئامەت ۋە شاد - خۇراملىق قوينىدا ياشايدىغان ھېچكىم يوق. بەخت، تەلەي ۋە خۇشاللىق قىسقا، ۋاقىتلىق؛ ئەمما قايغۇ - ئازاب، رىيازەت، ھەسرەت تۇرمۇشىمىزدا ھەر چاغ ھەمراھ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىزنىڭ مىجەز - پىسخىكىمىز، ھېسسىيات ۋە ھەرىكىتىمىزدىكى تەسىرى چوڭقۇر ھەم تولىمۇ ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسى ۋە قىممىتى ئۇ ئېرىشكەن نام - شۆھرەت ۋە قازانغان مۇۋەپپەقىيىتىدە ئەمەس، بەلكى كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىشى ۋە قانداق ھايات مىزانىدا چىڭ تۇرالىغانلى-قىدا، ئۆز خاسلىقى ۋە خاراكتېرىنى يارىتىش - يارىتالماسلىق، ساقلاش - ساقلىيالماسلىقىدا. شۇڭا، ئەڭ مۇھىمى ھاياتتا ئۆلۈم-دىن قانداق ۋەھىمىلىنىش ئەمەس، كىشىلىك ھايات يولىنى قانداق تاللاشتۇر. ئازابقا قانداق مۇئامىلە قىلىش بىلەن ئازاب ۋە ئۆلۈم تەشۋىشىدىن قانداق ھالقىش — مانا بۇ ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئەڭ چوڭ سوئال، شۇنداقلا پەيلاسوپلار، مۇتە-پەككۇرلار، ئەدىب - سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت كۈچىنى قوزغات-قان توپ مەنىۋى كۈچتۇر.

چوڭقۇر ئازاب ئىچى ۋە ھەسرەتلىك كەيپىيات بىلەن ھاياتـ
لىق، مۇھەببەت ۋە ئۆلۈمنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق مەنىۋى ئەرـ
كىنلىك ئىزدەش ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ ئىزچىل مېلودىـ
يىسى، شۇنداقلا ئەڭ روشەن ئېستېتىك ئىدىيە ئالاھىدىلىكىـ
دۇر. ئازاب پسىخىكىسى بىلەن ئۆلۈم ئىچى ئۇيغۇر مەدەنىيەت
پسىخىكىسىنىڭ قەدىمىي روھىي ئەنئەنىسى. ئۇ قەدىمكى ئۇيـ
غۇرلارنىڭ پەلسەپە ۋە مەدەنىيەت تەپەككۇر ھالقىسىنى تەشكىل
قىلىپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئىجاـ
دىيىتىدە ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىرەر
مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا دۇچ كەلگەن زىددىيەت،
توسالغۇلار، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىسمەتلەرنى ھەم بارغانسېرى
ئــۆسۈپ بېرىۋاتقان ھاياتلىق ئېڭىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.
ئۇيغۇر ئەپسانە ۋە ئېپوسلىرى، مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقـ
لىرىدا ئىپادىلەنگەن دۆلەت ۋە خەلق تەقدىرىدىن قايغۇرۇش قاردـ
شىدىن تارتىپ بۇددىزم ئەدەبىياتىدىكى ئۆلۈمدىن ھالقىغان ھاياتـ
قىچە، فارابى ئاساس سالغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ
بىلىك» تە راۋاجلاندۇرغان شەرقچە غايىۋى دۆلەت تەسەۋۋۇرى بىـ
لەن ئىسلامچە ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىدىن ئەلىشىر نەۋائى ۋە
ئابدۇرېھىم نىزارى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگىچە ئىنسانپەرۋەرلىك،
خەلقچىللىق روھــى ئــۇيغــۇر ئــەدەبــىياتــىدىكــى ئــازاب ئېچى ۋە
ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ
بەرگەن. ئۇيغۇر قــەدىمكــى ئــەدەبــىياتــىدىكــى ئــازاب ئېچى بىـ
لەن ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئىجتىمائىي
ھاياتىدىكى ئازاب ـ كۈلپەتلەر، رېئال تۇرمۇش پاجىئەلىرى ۋە
ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ كۈچەيگەن ۋە
چــوڭقۇرلاشقان بىر خىل مەدەنىيەت ئېڭى، شۇنداقلا ئەدەبىي
ئېستېتىك ئاڭدۇر. بۇ ئاڭ ئۇيغۇر ئەدىب ـ سەنئەتكارلىرى،
مۇتەپەككۇرلار، تەرەققىيپەرۋەر ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلـ

قىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قايغۇرۇش، ئۆز تۇرمۇشى، جەمئىيىتىدىن تا پۈتكۈل مىللەتنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ ئاڭ ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىيىتىنىڭ ئۆلمەس ھاياتىي كۈچى ھەم ئېستېتىك قىممىتىنى ياراتقان بىر چوڭ ئىدىيە سىستېمىسى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە بولغان 70 يىل خەلقىمىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئۆتكەن دەۋر، شۇنداقلا مەدەنىيەت، ئىقتىساد، مەرىپەت جەھەتتە كەسكىن كۈرەش، بېسىم ئىچىدە ئازاب، ھەسرەت ئەڭ كۈچەيگەن، ھايات ۋەھىمىسى ئېغىرلاشقان دەۋر ئىدى. بۇ دەۋر تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئازاب ئېڭى ۋە ھەسرەتلىك كەيپىيات ئىچىدە ئۆلۈمنى تەسۋىرلەيدىغان ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى پەللىگە چىقارغان. قەدىمكى ئەدەبىياتقا پۈتۈلگەن چوڭقۇر ئازاب ۋە ئۆلۈم ئېڭى XX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن تەرەققىيات مۇساپىسىدا، خەلقىمىزنىڭ بىرەر مىڭ يىلدىن بۇيانقى سىياسىي، تارىخىي ھايات پاجىئە تراگېدىيىلىرىنى، ھالاكەت، مەغلۇبىيەت ۋە مەھكۇملۇقنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات يولى ھەققىدىكى ئويلىنىش، ئىزدىنىش، شۇنداقلا كەلگۈسى تەرەققىيات يولىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت يۈكسەك ئۇلۇغ يۈزلىنىشكە تۈرتكە بولماقتا.

ئېدگار ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن «ھەسرەت» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاپ، «بىز ۋەھىمە ئىچىدە لەيلەپ يۈرۈيمىز» دېگەنىدى. بۇ سۆز ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ مەلۇم ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

ئازاب ئېڭى — ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان تۈپ ئاڭ. ئىنساننىڭ ھاياتلىق نىشانى ۋە بۇ نىشانغا

يېتىش يولىدىكى ھەرىكەت، تاللاش جەريانىنىڭ پسىخىك ئىنكا-
سى. ئۇ ئىنساننىڭ قەلبىدىكى يوشۇرۇن كۈچتۇر. مۇبادا ئىن-
ساندا رېئال موھتاجلىق، ھاياتنى چۈشىنىش ۋە ئۆز تۇرمۇشىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارزۇ - ئىستىكى، ئىرادە - نىشانى بولمايدى-
كەن، ئازاب - قايغۇ ھېسسىياتىمۇ بولمايدۇ.

پەلسەپىۋى قاتلامدىن ئېيتقاندا، ئازاب ئېڭى — ئىنساننىڭ
ھاياتلىق پەلسەپىۋى ئېڭىنىڭ مۇھىم بىر شەكلى. ئۇ ئىنساننىڭ
تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى بىر خىل
بېسىم تۇيغۇسى، غېرىبسىنىش، ھەسرەت - مۇڭ ۋە ئىرادە
خاھىشىنى، كۈچلۈك ئەندىشىگە تولغان روھىي ھېسسىياتىنى
ئىپادىلەيدۇ. ئازاب ئېڭى ئىنسان ھاياتتا دۇچ كەلگەن ھەر خىل
توسالغۇ، ئوڭۇشسىزلىق، ئەندىشە، ۋەھىمە ۋە ئازاب - ئوقۇ-
بەت، رىيازەت كەچۈرمىشلىرىنىڭ بىر خىل ھېسسىي ئىنكاسى
بولۇش سۈپىتىدە، ھەر ۋاقىت بىزنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تۈپ كۆز
قارىشىمىز ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرىكىتىمىزگە تۈرتكە بولۇش ياكى
چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، مەلۇم جەھەتتىن ئازاب ئېڭى
بىزنىڭ ھاياتلىق ئېتىقادىمىز، ئىرادە- مەقسىتىمىز ۋە تەقدىرى-
مىزگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان روھىي ھەرىكەتلەن-
دۈرگۈچ كۈچ. ئۇنداقتا ئىنساندىكى ئازاب ئېڭى قانداق پەيدا
بولىدۇ؟

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئازاب ئېڭىنى ماددىي جەھەتتىكى
موھتاجلىق بىلەن مەنىۋى جەھەتتىكى قانائەتسىزلىك ۋە بېسىم
پەيدا قىلىدۇ. موھتاجلىق بىلەن ئۇنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئوتتۇرى-
سىدىكى تۈپ زىددىيەت ئازاب ئېڭىنى تۇغىدۇ. ھاياتتا ھامان
ئېھتىياج ۋە موھتاجلىق بولىدۇ. ئېھتىياج بەزىدە تولۇق قانائەت-
لەندۈرۈلسە، بەزىدە ئازراق قاندۇرۇلۇشى، يەنە بەزىدە توسالغۇ،
ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ ئارزۇ - ئارمانلار توزۇپ كېتىشىمۇ
مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قولغا كەلتۈر-

گەنلىرىگە قانائەت قىلماسلىق، مەڭگۈ ئېھتىياج ۋە موھتاجلىق
ھالىتىدە ياشاش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى. ئىنسانىنىڭ ئېھتىياجى
قاندۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ كېيىنكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ
قاندۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە، ئازاب چېكىشكە مەجبۇر
بولىدۇ، ئادەمنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق قىلىپ بالداقمۇ بالداق
تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. مانا بۇ ئىنسان
ھاياتلىقىنىڭ بىر مۇھىم قانۇنىيىتى. ئىنسانىنىڭ ماددىي ۋە
مەنىۋى ئېھتىياجى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز كېڭە-
يىش ۋە ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرغانلىقتىن، يۇقىرى دەرىجىلىك
ئېھتىياج ۋە مۇددانىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ھەر دائىم ئازاب ئېگى
بىلەن ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە مۇشەققەتنى ئۇيۇل كۈچكە ئايلاندۇرى-
دۇ. ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ
تالىنىش ۋە بۇ جەرياندا شەكىللەنگەن ئېھتىياج، موھتاجلىق
بىلەن بىر نەچچە خىل ئوبيېكتىپ موھتاجلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى
توقۇنۇش ھامان ئۇلار ئارىسىدا كۈچلۈك سۈركىلىش ۋە زىددىيەت-
نى، خاپىلىق ۋە ئازارلىق كەيپىياتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. شەخس-
نىڭ ئايرىم موھتاجلىقى بىلەن كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەت ـ ئېھ-
تىياجلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ بىرلىك ھەم توقۇنۇش ئورتاق مەۋ-
جۇت. بەزىدە كوللېكتىپنىڭ موھتاجلىقى شەخسنىڭ مەھرۇملۇ-
قى ئۈستىگە قۇرۇلسا، بەزىدە شەخسنىڭ ئايرىم مەنپەئەت ـ
ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئۇ ئۆزى تەۋە بولغان كوللېكتىپ-
نىڭ مەنپەئىتىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىشى ياكى قاندۇرۇلماسلىقىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شەخس بىلەن شەخسنىڭ، شەخس بىلەن
كوللېكتىپنىڭ ۋە گۇرۇھلار بىلەن گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەت ـ
ئېھتىياجلىرى ۋە بۇ ئېھتىياجنى قانائەتلەندۈرۈش ھەرىكىتىدە،
مەلۇم بىر گۇرۇھ ياكى كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەت ـ ئېھتىياجى-
نىڭ قانائەتلەندۈرۈلۈشى باشقا گۇرۇھ ياكى كوللېكتىپنىڭ ۋە
ياكى شەخسنىڭ مەنپەئەت ـ ئېھتىياجىنى قۇربان قىلىدۇ. بۇ

ئارزۇ - ئىرادىنىڭ ئىشقا ئاشماسلىقى، تاللاش ۋە ھەرىكەتنىڭ بېسىم ۋە توسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشى پسىخىك جەھەتتە مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگۈچى ياكى مەقسەتكە يېتەلمىگەن شەخس ۋە كوللېكتىپنى كۈچلۈك بېسىم، تەشۋىش، غېرىبسىنىش ۋە ئازاب ھېسسىياتىغا چۆمدۈرىدۇ.

ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئازاب ئىنسانىنىڭ ئالەم ۋە كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش، تەبىئەتنى ئەمگەك ۋە ئىجادچانلىق مېۋىسىگە ئىگىدارلىق قىلىش، خوجايىن بولۇش مەقسىتى ئۈستىگە قۇرۇلسا، ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئازاب بىر جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، مەدەنىيەت قىياپىتى، شەخس بىلەن دۆلەت، شەخس بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشماسلىق بىلەن كۈچىيىپ بارىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن، شەخسنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياج - تەلەپلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىشقا ئاشماسلىقى كەلگۈسىدىكى تەقدىرى مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشكەن. شۇڭا، ئادەمنىڭ ئېھتىياج، ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىشقا ئېشىش - ئاشماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ زىددىيەت ئازاب ئېڭىنىڭ تۈپ مەنبەسى ۋە يىلتىزى.

دۇنيادا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئارزۇ - ئارمىنىدىن قۇرۇلغان خىيالىي جەننىتى بولىدۇ. بۇ ۋىسال جەننىتىگە يېتىش يولى قەلبىمىزدىكى مۇشەققەت - رىيازەت ۋە ئازاب ئېڭىمىزنى تاۋلاپ چىقىدۇ. ھاياتتا ئىنسان خالىغان ۋە خالىمىغان ھەممە نەرسە بار. قايغۇ ۋە خۇشاللىقنىڭ قوشۇلمىسىدىن قۇرۇلغان ھايات سەھنىسىدە كومېدىيىمۇ، تراگېدىيىمۇ تەڭ ئوينىلىپ تۇرىدۇ.

كۈلپەت، دەرد - ئەلەم، توسقۇنلۇق ۋە مۇشەققەتلەر ئادەمنىڭ ھاياتلىق ئىرادىسىنى سىنايدىغان بىر سىناق. ئۇنى ھېس قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش ئۈچۈنمۇ چوڭقۇر قەلب ۋە ئىرادە

كېرەك. ھاياتنىڭ ئەڭ ئېغىر مىنۇتلىرىدا ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە رىيازەتنى قانداق ئۆتكۈزۈش — ئىنسان روھىنىڭ كۈچلۈك ياكى زەئىپلىكىنى ئايرىيدىغان ئۆتكەل. ھاياتتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئىنسان خاراكتېرىنى تاۋلايدۇ، ھېسسىياتنى ياكلايدۇ. ئازاب ۋە مۇشەققەت ئىچىدە ياشاپ، ئۇنىڭغا قانداق يۈزلىنىش ۋە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش بىر ئادەمنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرى ۋە ئۇلۇغلۇقى-نىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە. ئىنسان كۆپ ھاللاردا ئازاب قوينىدا تۇرۇپمۇ ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە لەززىتىنى ھېس قىلالايدۇ ھەم بەختكە يۈزلىنەلەيدۇ. چۈنكى قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن شادلىقنىڭ ھەممىسى بۇ ھاياتنىڭ تېتىتقۇسى. ئېچىنىشلىق ھايات — ئازابمۇ، خۇشاللىق تۇيغۇسىمۇ بولمىغان زەئىپ روھ بىلەن ئۆلۈمتۈك كۈن ئۆتكۈزۈشتۇر.

ئازاب ۋە بەختسىزلىكلەرنى كۆتۈرەلەيدىغان ئادەم ھاياتتا ئۆزى ئۇچرىغان تۈرلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ھېچ كىشىگە زارلانمايدۇ، بەلكى ئۇنى ۋۇجۇدىدا ۋولقانغا ئايلاند-ۇرۇپ، سۈكۈت ئىچىدە ئويلىنىش جەريانىدا پولاتتەك مۇستەھ-كەم ھاياتلىق ئېتىقادى ۋە ئىرادىسىنى تاۋلاپ چىقىدۇ. مۇنداق ئادەم يول يوق جايدىمۇ يول ئاچالايدۇ!

ھاياتلىق يۇقىرى پەللىگە قاراپ ماڭغانسېرى، ئىنساننىڭ رېئال تۇرمۇشقا قويغان تەلىپى ۋە ئەقلىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ موھتاجلىق، ئېھتىياج پەيدا قىلىدىغان ئازاب ئېڭىمۇ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ.

ئىنسان ھاياتلىق ئېھتىياجى ۋە مۇددىئاسىنىڭ ئىچكى قات-لىمىدىن ئالغاندا، ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجىنى خۇسۇ-سىي ئېھتىياج ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى دەپ ئىككى چوڭ تىپقا ئايرىش مۇمكىن. خۇسۇسىي ئېھتىياج ئادەتتە ئىنساننىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى، ماددىي شارائىت ئېھتىياجى، ئىجتىمائىي ئالاقە مۇناسىۋەت ئېھتىياجى، ئەقىل ۋە ئىقتىدار

ئېھتىياجى، تىنچ ـ ئەمىنلىك ئېھتىياجى، ئارزۇ ـ غايە ئېھتىيا-
جىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەخسنىڭ يۇقىرىقىدەك ئېھتىياج ـ
تەلەپلىرى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بولغان ياشاش شارائىتى ئېھ-
تىياجى، كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى ئىقتىسادىي ئېھتى-
ياج، دۆلەت ئېھتىياجى، دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
ئالاقە ـ مۇناسىۋەت ئېھتىياجى، پەن ـ مەدەنىيەت ئېھتىياجى،
دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ كېلەچەك ئېھتىياجى قاتارلىق ئومۇمنىڭ
ئېھتىياجى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. مانا بۇلار ئازاب
ئېڭىنى بىر خىل سىستېمىلىق چوڭقۇر ھېسسىي ئاڭ شەكلىدە
پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر. جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان
ئادەم ھامان ئايرىم شەخس سۈپىتىدە ئۆز تۇرمۇشى ھەققىدە
قايغۇرغاندا، شەخسىي ئېھتىياجلىرى پەيدا قىلغان ئازاب ئېڭىنى
شۇ جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ھەققىدىكى ئازاب ئېڭىغا بىرلەش-
تۈرمەي قالمايدۇ.

شۇڭا ئازاب ئېڭى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرىقى قاتلاملارنىڭ
ئىچكى مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ئۇ، تۆۋەن قاتلامدىن يۇقىرى
قاتلامغا قاراپ شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن قايغۇرۇش ۋە شەخسىي
مەۋجۇتلۇق شارائىتىدىن قايغۇرۇش، شەخسنىڭ ئۆز ئىقتىدارى
ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىدىن قايغۇرۇش، ئۆز بىخە-
تەرلىكىدىن قايغۇرۇش، شەخسىي كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە دۆ-
لەت ئەھۋالىدىن قايغۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئەقىل ئىقتىدارى ۋە خەلق-
نىڭ روھىي قىياپىتىدىن قايغۇرۇش، ئۆزىنىڭ غايە ـ ئىستەكلى-
رى ۋە كەلگۈسىدىن قايغۇرۇش قاتارلىق پىسخىك ئاڭ قاتلاملىرى-
دىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئايرىم شەخسنىڭ
ئۆزى ھەققىدىكى ئازاب ئېڭى ئۇنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى ئازاب
ئېڭىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، جەمئىيەت، دۆلەت، مىل-
لەت ئىشلىرى ھەققىدىكى ئازاب ئېڭى بولسا شەخسنىڭ ئازاب
ئېڭىنىڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشى ھېسابلىنىدۇ. بىر ئا-

دەمىنىڭ ئۆز ئىشلىرى ھەققىدىكى قايغۇسى كۆچىيىپ كەتكەندە، بەزىدە جەمئىيەت، مىللەت ھەققىدىكى ئازاب ئېڭى ئەمەلىيەتتە سۇسلىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئايرىم شەخس ئۆز غېمى بىلەنلا بولۇپ، جەمئىيەت ۋە كوللېكتىپىنىڭ غېمى بىلەن، مىللەتنىڭ ئومۇمىي كوللېكتىپى بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ئۆز مىللىتى، ۋەتىنى ئۈچۈن ھەردەم غەم يەيدىغان، ئەلنىڭ بەخت - سائادىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان مەردانە، ئالىيجاناب خاراكتېر - پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەر ھامان ئۆزىنىڭ شەخسىي غەم - قايغۇسى، بەختسىزلىكىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئايرىم شەخسنىڭ ئېھتىياجى ھامان جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئىچىدە ئۇنىڭغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشقانلىقتىن، ئايرىم شەخسنىڭ ئازابى جەمئىيەت، كوللېكتىپنىڭ ئازاب ئېڭى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

شەخسنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئازابى داۋاملىق جەمئىيەت ھەققىدىكى ئازاب ئېڭى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. تارىختا ئۆز دۆلىتى، خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى، مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭقۇر قايغۇرۇپ ئۆزلىرىنى ئاتىغان بىر مۇنچە قەھرىمان شەخسلەر، خاقان، سەركەردىلەر، سىياسىئۇن، ئىسلاھاتچىلار، مۇتەپەككۇرلار ۋە ئىسيانكار ئەدىب - شائىرلار مەيدانغا كەلگەن.

ئازاب ئېڭىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىكىلىق ۋە مەدەنىي ئاساسىدىن قارىغاندا، شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، ئازاب ئېڭى ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ھەرىكەتچان، ئوبيېكتىپ تارىخىي ۋارىسچانلىققا ھەم چەكلەش كۈچىگە ئىگە ھېسسىي ۋە ئەقلىي ئاڭ. ئۇ ئىنساننىڭ ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرنى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشى، ئويلىنىشىدىن كېيىن پەيدا بولىدىغان غەم - قايغۇ، ئەندىشە، ۋەھىمە، بىئاراملىق، ھەسرەت، غەزەپ - نەپرەت، غېرىبسىنىش قاتارلىق پسىخىك ھېسسى-

يات ئىچىدە يېتىلگەن ۋە ئىپادىلەنگەنلىكتىن، مۇشەققەتنى يې-
ڭىش ياكى ئۇنىڭغا باش ئېگىش ئوتتۇرىسىدىكى مەقسەت ۋە
ئىرادە بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. شۇ جۇملىدىن ئېيتقاندا، ئەقلى-
يىلىك، ھېسسىيلىق ۋە ئىرادىچىلىكنىڭ بىردەكلىكى ئازاب ئې-
ڭىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. ئازاب ئېڭىنى ئەقلىي ئاڭ
دېگىنىمىزدە، ئازاب ئېڭى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئادەمنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقىغا قارىتىلغان.
سوكوت ئىچىدە ئويلىنىش ۋە قايتا ـ قايتا ئويلىنىش — ئازاب
ئېڭىنىڭ ئۇلى. بارچە ئازاب ـ ئوقۇبەت، رىيازەت تۇيغۇسى بىلەن
ئېغىر بېسىم تۇيغۇسى ھامان ئەقلىي تونۇش ۋە پىكىر بىلەن
قوشۇلۇپ ئازاب ئېڭىدا ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئىرادە ۋە نىشانغا
يول باشلايدۇ.
ئازاب ئېڭىنىڭ كۈچلۈك ھېسسىيلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ
تاشقى ئوبيېكتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ھالىتىدىلا توختاپ قال-
ماي، ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر قاتلىمىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت
ھېسسىياتى، بېسىم تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ، بىر خىل
قايغۇ ـ ھەسرەت، غەزەپ، ۋەھىمە، ئىززەت ـ غۇرۇر، جىددىي-
لىك، بىقارارلىق، مەنىسىزلىك قاتارلىق مۇرەككەپ ھېسسىيات-
لارنى ئىپادىلەيدۇ. تراگېدىيىلىك ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك بولۇ-
شى ئازاب ئېڭىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ھېسسى-
ياتنىڭ ئىرادىنى شەكىللەندۈرۈشىدە كۆچەيتىش، قوزغىتىش رو-
لىنى ئوينايدۇ. ئازاب ئېڭى بىر تۈرلۈك ئېغىر روھىي بېسىم
ۋە ئاغرىنىش ھېسسىياتىدىكى ئىچكى كۈچ بولۇپ، نىيەت، ئې-
تىقاد ۋە ئۈمىد خاھىشچانلىقى بىرلىشىپ، ئادەمنىڭ ئازاب ـ
ئوقۇبەت ۋە مۈشكۈللۈكتىن قۇتۇلۇشىدىكى بىر تۈرلۈك غەزەپ،
قارشىلىق ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئازاب ھېسسى-
ياتى قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى، غەزەپ ۋە قۇتۇلۇش ئىرادىسى
شۇنچە مۇستەھكەملىنىدۇ. ئازاب ئېڭى تۇغقان ۋە ئۆستۈرگەن

ئىرادە دەل ھەسرەت، پىغاندىن ئۆزگىرىپ تاۋلىنىپ چىققان كۆچتىن ئىبارەت. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئازاب ئېڭىنى ئىنساننىڭ بىر خىل ھېس قىلىش، تونۇش ۋە ئىرادە تىكلەش جەريانى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئازاب ئېڭى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر ئىنكاسى سۈپىتىدە توغرا، ئىلغار ئىپادىلىنىشىمۇ، شۇنداقلا بۇرمىلانغان، ساختا، سەلبىي ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. سەلبىي، پاسسىپ، ساختا ۋە بۇرمىلانغان ئازاب ئېڭى ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ ئۆزى، جەمئىيىتى ۋە دۆلىتى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتنى ساختا بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشى ۋە ئىنكاسىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئازاب ئېڭىنىڭ ساختا، پاسسىپ ياكى ئىلغار، ئىجابىي رول ئوينىشىغا يەنە سۇبيېكت ياكى ئايرىم شەخسنىڭ ئوبيېكتىپ تاشقى شەيئىنى توغرا تونۇش - تونۇماسلىقى، بىر دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى قاتارلىقلار تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەخسنىڭ ئازاب ئېڭىنىڭ ئاكتىپ توغرا ئىرادە ۋە ھەرىكەتكە تۇرتكە بولىدىغانلىقى ياكى چۈشكۈنلۈك، ئىرادىسىزلىك، تەقدىرچىلىك تەرەپكە ئېلىپ بېرىش - بارماسلىقىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئازاب ئېڭى بەزى ئادەم ۋە بەزى دەۋردە مەۋجۇتلۇق، گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتقا باشلايدىغان مىللىي ئۈيۈشۈشچانلىق كۈچىنى ياراتسا، يەنە بەزى دەۋردە شەخسىيەتچىلىك، ساختا كارامەتچىلىك، خۇراپىيلىق، چۈشكۈنلۈكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئازاب ئېڭى مۇبادا ئىجابىي رول ئوينىسا، ئۇ ھالدا ئازابلانغان ئادەم ياكى خەلق ئازاب - ئوقۇبەت قوينىدا تۇنجۇقۇپ غەرق بولماستىن، ئىرادە، ئىشەنچ ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى تاۋلاپ، ئۆزىنىڭ ھاياتلىق، مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، يۈكسەك ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئازاب چېكەلەيدۇ ۋە كۈرەش يولىنى تاللىيالايدۇ. ھاياتلىق، ئىنسان ۋە ئازاب ئېڭىنىڭ بىرلىكىدىن قارىغان-

ــدا، هاياتتا موھتاجلىق، ئازابلىنىش، مۇرادقا يېتىش، يەنە موھتاجلىق ۋە ئازاب مەڭگۈ ئايلىنىپ تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ئازاب ئېڭى مۇشۇنداق ئايلىنىش جەريانىدا، ئىنسان ھاياتىنىڭ بىر مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى سۈپىتىدە توسقۇنلۇق، ئوڭۇشسىزلىق، كۆزىتىش، مۇھەببەت ئىچىدە ھاياتنى ئىلگىرىلىتىدۇ. ئىنساننىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئىستەك نىشانلىرىغا ۋەكىللىك قىلىپ، بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈش ۋە بۈگۈنى ئۈچۈن ئىدىيە ۋە يول بەرپا قىلىدۇ.

ئەگەر تۇرمۇشتىكى ئازابنى بىر خىل تاشقى كۆرۈنۈش دېسەك، ھاياتلىق توغرىسىدىكى چوڭقۇر ئىچكى ئازاب ئېڭىنى ماھىيەتلىك دېيىش مۇمكىن. تۇرمۇشتا ھەممە ئادەم ئازابنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدۇ، ئەدىب - سەنئەتكارلار، مۇتەپەككۇرلار تېخىمۇ شۇنداق. تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ياكى تۇرمۇشتىكى ئازاب ئىنسان توغرىسىدىكى ماھىيەتلىك ئاڭ بىلەن بىرلىشىپ ئەقلىي ئازاب ئېڭىنى پەيدا قىلىدۇ. ئەدىب - سەنئەتكارلار، پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇرلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ئۆز غايەسى، ئارزۇ - ئىرادىسى بىلەن رېئاللىقنىڭ كەسكىن توقۇنۇشىنى، يەنى ئىنساننىڭ تەقدىرى، تەبىئەت، جەمئىيەت بىلەن بولغان زىددىيەت - توقۇنۇشنى ھەم بۇ توقۇنۇش پەيدا قىلغان چوڭقۇر ئازاب، ھەسرەتلىك كەيپىيات ۋە تراگېدىيىلىك روھنى ئەكس ئەتتۈرۈپ دۆلەت، مىللەت، كىشىلىك ھاياتلىق ھەققىدىكى كۈچلۈك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئېسىل خاراكتېر - پەزىلىتىنى نامايان قىلىدۇ. جاھالەتلىك سىياسىي تۈزۈم شارائىتىدا ياشىغان ئىلىم ئەھلىلىرى، جۇملىدىن ئەدىب - سەنئەتكارلار ھامان بۇ دەۋر تۇغقان ئازاب ئېڭىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، بىر خىل قارشىلىق، ئىسيانكارلىق روھىنى تەۋسىيە قىلغان. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ نادىر ئەسەرلەر

دەل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مۇساپىسىدىكى ھاياتلىق، مۇھەببەت، ئۆلۈم، ئۇرۇش، قىساس، غېرىبلىق تېمىلىرىنى يادرو قىلىپ، بىر شەخستىن بىر دۆلەتنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ يىلتىزىنى ئېچىپ بېرىپ، ئادەم ۋە تەڭرى، ئادەم ۋە شارائىت، ئادەم ۋە تۇزۇمنىڭ ماسلاشماسلىقىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئادەمنىڭ جەمئىيەت ۋە تۇزۇمنى ئۆزگەرتىش، ئىسلاھ قىلىش ئاڭلىقلىقىنى، شۇنىڭدەك تۇرمۇش ۋە ھاياتلىقنىڭ مۇقەررەر يۇزلىنىشىنى يەكۈنلەپ، ئىنسانىيەت روھىنى ھەر ۋاقىت ئويلاندۇرۇپ كەلدى.

ئازاب ئېڭى — ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسىخىكىسىدا ئەسلىدىن كۈچلۈك بولغان قەدىمىي ئاڭ، شۇنداقلا بۈگۈنكى XX ئەسىردە كۈچەيگەن زامانىۋى ئاڭ. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە ئېستېتىك كۆز قارىشىدىكى گۈزەللىك ئېڭىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئازاب پسىخىك كەيپىياتى بىلەن ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى زور كۆلەملىك ئۇرۇش، مىللىي كۆچۈش، تەبىئىي ئاپەت، كېسەللىك ۋە دىنىي توقۇنۇشلار داۋامىدا ئۇزلۇكسىز كۈچىيىپ بارغان ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى مۇتەپەككۇرلار، ئەدىب ـ سەنئەتكارلارنىڭ پسىخىك ئېڭىدا تۇراقلاشقان ئەڭ كۈچلۈك ئاڭغا ئايلانغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ۋە مەدەنىيىتى قەدىمكى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا خاس قەھرىمانلىق روھى، ئانىمىزملىق قاراش، شامانىزم ۋە ئەنئەنىۋى تۆت زات چۈشەنچىلىرى، شۇنداقلا بۇددىزم ئېتىقادى ئارىلاش رول ئوينىغانىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تەڭرى، تەبىئەت، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى تۇپ پەلسەپىۋى قاراشلىرى يۇقىرىقى دىنىي مەنتىقىي قاراش ئاساسىدا قەبىلە، يۇرت، ھاكىمىيەت ۋە بەخت ھەققىدىكى ساددا ئازاب ئېڭىنى ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق روھى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرگەن. توتېم ۋە يارىلىش ئەپسانىلىرى، قەھرىمانلىق ئەپسا-

نىلىرى، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق ئېپوس ۋە خەلق داستان ـ قو-
شاقلىرىدا، قەدىمكى پەسىل ـ مۇراسىم قوشاقلىرىدىن تارتىپ
مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىدىن مىللەتكە
تەرەققىي قىلىش، كۆپىيىش ۋە ئۇيۇشقان بىر ھاكىمىيەت قۇ-
رۇش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى دۆلەت، ھاكىمىيەت ھەققىدىكى
سىياسىي ئېڭىنى، مىللەت ھەققىدىكى ئۆزلۈك ئېڭىنى بىر قەدەر
چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگەن. قىممەتلىك تەرىپى شۇكى، قەدىمكى
ئىلىم ئەھلىلىرىمىزنىڭ ئازاب ھېسسىياتى ئۆزىدىن تا پۈتكۈل
مىللەت، قەبىلە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى، بەخت ـ سائادىتى
مەسىلىلىرىگە تېخىمۇ بەك مەركەزلىشىپ بىر خىل ئەقىل ۋە
ئىرادىنى نامايان قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچ-
كەندىن كېيىن قۇرۇلغان قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى
ۋە پەلسەپە ئېستېتىك قاراشلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. بولۇپمۇ
ئىسلام دىنىنىڭ ئالەم، تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان، ھاياتلىق
ۋە تەقدىر ھەققىدىكى تۈپ دىنىي پەلسەپە ئىدېئولوگىيىسى ئۇي-
غۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى دۇنيا قاراش، ھاياتلىق قارىشى،
تەقدىر قارىشى ۋە بەخت قاراشلىرىدا زور بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى.
شۇ تۈپەيلىدىن، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكىلەردىن باشلاپ
شەرقچە غايىۋى دۆلەت، ئىدېئال شەكلىدىكى دۆلەت، ھاكىمى-
يەت ۋە سىياسەت چۈشەنچىسى بىلەن ئىسلامچە ئاللا، ئىنسان،
تەبىئەت، ھايات ۋە تەقدىر قارىشى بىرلەشتۈرۈلگەن. گەرچە ئىس-
لام دىنىنىڭ قويۇق سىياسىي خاھىشچانلىقى كۆرەش قىلىشقا،
ئازابنى يېڭىشكە، ئۈمىدكە، جاسارەتكە ئىلھام ئاتا قىلغان بول-
سىمۇ، لېكىن چۈشىنىش ۋە شەرھلەشنىڭ بىردەك بولماسلىقى
ئارقىسىدا قەدىمكى قەھرىمانلىق، مەردانىلىك روھىنى سۇسلاش-
تۇرۇپ، ئىنساننىڭ ئىرادە، قارشىلىق ۋە كۆرەش روھىنى سۇس-

ـلاشتۇرغانىدى. ئىسلامچە جەننەت ۋە دوزاخ ئوتتۇرىسىدا تالىلاشقا قالغان ئۇيغۇرلار ئاللانىڭ مەڭگۈلۈك ۋىسال يولى بىلەن ھاياتىي دۇنيادىكى ئۆز بەخت ـ سائادىتى ۋە تەقدىرىدىن قايسىسىغا بەكـ ـرەك كۆڭۈل بۆلۈشتە ھامان ئېغىر قىسىنچىلىق، تېڭىرقاش ئىچىدە قالغانىدى. بۇ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارـ ـنىڭ بىر قاتار مەدەنىيەت ۋە ھايات تراگېدىيىلىرىنى پەيدا قىلىپلا قالماي، تا يېقىنقى زامانغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى بىلەن تراگېدىيىلىك ھېسسىياتنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتتى. فېئوداللىق دىنىي ۋە سىياسىي تۈزۈم، ئەخلاق ۋە قاراشلار بۇ دەۋر ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ھەسرەتلىك كەيپىياتىنى، ئۆلۈم تۇيغۇـ ـسىنى كۈچەيتىپ، مۇھەببەت، ھەسرەت، ئۆلۈمدىن ئىبارەت كەيپىياتنى ئومۇمىي مېلودىيىگە ئايلاندۇردى.

شۇڭا سىمۋولىزم، رومانتىزملىق قەھرىمانلار ھەسرەتلىنىپ زامانغا دارىتمىلاشتىن، رېئاللىقنى چىقىش قىلىپ چىرىك رېئال تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەتنى ئاشكارا سۆكىدىغان تەنقىدىي رېئالىزمغا ئۆتتى. ئازاب، ھەسرەت ۋە ئۆلۈم ئارقىلىق كۈچلۈك تراگېدىيەـ ـلىك روھنى ئىپادىلەش، ئۇرۇش تېمىسى ئارقىلىق خەلقنى قارـ ـشىلىق قىلىش ۋە ئىنقىلاب قىلىشقا چاقىرىش ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق روھىي مېلودىيىسى ھەم جەڭگىـ ـۋار ئالاھىدىلىكىدۇر. بىز ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەـ ـبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسىنىڭ بۇ دولقۇنسىمان چوڭقۇرلىشىش، ئۆزگىرىش ۋە كۈچىيىش جەريانلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىن باشلاپ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل ـ مەئانى»، «خەمسە» سى، لۇتفىنىڭ لىرىكىلىرى ۋە «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىغىچە، ھىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ لىرىكا ۋە داستانلىرىدىن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدـ ـدىن»، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا» تراگېدىيىلىرى بىلەن موللا

بىلالىنىڭ «نۇزۇگۇم» تراگېدىيىسى ۋە «غازات دەر مۇلكى چىن» قاتارلىق ئەسەرلىرىگىچە قاتلامىۇ قاتلام ھېس قىلالايمىز.
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەب - شائىرلىرى ئىجادىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى ئالدى بىلەن كلاسسىكلارنىڭ دۆلەت، مىللەت مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىستىقبالى ھەققىدىكى قايغۇرۇش ئې- ڭى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇشەققەتلىكلىكى ۋە رىيازەتلىكىدىن قايغۇرۇش ئېڭى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسنىڭ ئۆز ھاياتى، تۇرمۇشى ۋە تەقدىرى توغرىسىدىكى ئازابلىنىش ھېسسى- ياتىدىن ئىبارەت ئۈچ تىپقا مەركەزلەشكەن.
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تې- مىسىدا ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى، ئەدىب - سەنئەتكارلىرىنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي ئېڭى، ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھى، تۆھپە قوشۇش روھى بىلەن ئەقلىي ئېڭى بىر گەۋدىگە ئايلانغان. ئۇنىڭدا ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىققا ئەھمىيەت بېرىش، رېئاللىقتا ئۆز بۇرچىنى تونۇش، ھايات قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەنىۋى ئەركىنلىككە ئىن- تىلىش روھى مۇجەسسەملەشكەن. تېخىمۇ ئىنچىكە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇيغۇنلىشىش، كول- لېكتىپ ئىچىدە ھاياتلىق ئىزدەش، چەكلىك ھايات مۇساپىسىدە ئۆلۈمدىن ھالقىغان مەڭگۈلۈك ئىنسان قەدىر - قىممىتىنى ناما- يان قىلىشقا تەلپۈنۈش روھىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.
ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت پىسى- خىكىسى ۋە ئۆلۈم مەدەنىيىتى جىپسىلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرىنى بېيىتقان. قەدىمكى ئەدىب - شائىر- لىرىمىز ئۆلۈم تېمىسىنى مۇھەببەت ۋە ئۇرۇش تېمىسى ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچلۈك تراگېدىيىلىك يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان، شۇنداقلا ئەدىب - سەنئەتكارلارنىڭ ئۇيغۇر ھاياتلىق تارىخى قىس-

ـمىتىگە نىسبەتەن پوزىتسىيە خاھىشىنىڭ يۇكسەك ئىپادىسىگە ئايلاندۇرغان.

شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدىكى ئازاب ئېچى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق مەۋجۇتلۇق تەرەققىياتى ۋە سەنئەت ئالىي تەرەققىياتىنىڭ روشەن ئەينىكى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ قەدىمكى روھى ھەر بىر دەۋردە خەلقىمىزنى ئويغىتىپ، ئەقىل ـ ئىدراك تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، يەر يۈزىدىكى باشقىلاردەك گۈزەل ھايات سەھنىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشقا ئۈندەپ، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈپ كەلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتى يېرىم ئەسىرلىك مۇساپە-ـدە، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ دەۋر، شەخس ۋە ئەسەرلەر ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقات ساھەلىرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت بايان تەتقىقاتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە چوڭقۇرلىشىشقا قاراپ مېڭىۋاتقان بول-ـسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تېمىلارنى پەلسەپە، دىن، ئېستېتىكا، ئەدەبىيات، ئىدىيە ئېقىملىرى نۇقتىسىدىن كۆپ قاتلاملىق تەتقىق قىلىش يەنىلا چوڭ بىر بوشلۇق. مېنىڭچە، ئازاب ئېچى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى تەرەققىيات جەريانى، ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكى ھەم تارىخىي ئورنىنى شەرھلەش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تېما ۋە ئىدد-ـيىنى مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئەدەبىياتى-ـمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئېستېتىك قىممىتىنى گەۋدىلەندۇرۇش — ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىمۇ ھازىرغىچە مەخسۇس ئىزدىنىل-ـمىگەن ساھە. ئەگەر بىر مىللەت ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈ-ـسىگە ھەر ۋاقىت نەزەر سېلىپ، ئۇ ھەقتە ئويلىنىپ ھەم ئۇنىڭغا ئۇمىد باغلاپ ياشىمايدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ مىللەتنىڭ مۇستەھكەم

ئىشەنچ، غايە ۋە ئىرادە بىلەن قۇرۇپ چىققان كېلەچەك ئىستىق-
بالى ۋە مەۋجۇتلۇق تەرەققىياتىمۇ بولمايدۇ. خىرىس ۋە رىقابەتكە
تولغان بۈگۈنكى دەۋردە، بىزنىڭ تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى
ئازاب ئېڭىمىز تېخىمۇ يۇقىرى مەنىۋى قاتلاملارغا باغلانغان. يەنى
ئۇ بىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىمىزدىن تاكى پۈتۈن مىللەتنىڭ
ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش ئومۇمىي تەرەققىياتى
ھەققىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق بۇرچ تۇيغۇسىغىچە مىللىي ئاڭ ۋە
ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۆستۈرىدۇ.
يېڭىچە مەۋجۇتلۇق يولىنى تېپىش ئۈچۈن، بىزنىڭ مەدەنى-
يەت مۇساپىمىز، پسىخىكىمىز، تەپەككۇرىمىز ۋە ئېڭىمىزنىڭ
قىممىتى ۋە كەمتۈكلۈكى جەھەتتە، روھىيىتىمىزدە قېتىپ قال-
غان زەئىپلىك، خۇراپىيلىق، چۈشكۈنلۈك، بىپەرۋالىق، مەستى-
خۇشلۇق، ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان باقىدىغان جان باقارلىق چۈ-
شەنچىلىرىنى ئېچىپ تەنقىد قىلىش، سۈپۈرۈپ تاشلاشقا توغرا
كېلىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىدىغان ئى-
شانى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ۋە مەدەنىيىتىمىزنىڭ چىقىش
يولىنى تېپىش XXI ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى ھاياتىي
كۈچىنى يارىتىشىمىزنىڭ ئاساسىدۇر.

# بىرىنچى باب

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى

## 1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم چۈشەنچىسى

ئازاب ئېڭى ئىنساننىڭ تۈپ پەلسەپىۋى ئېڭى، شۇنداقلا ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە دۇنيا ھەققىدىكى ئويلىنىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. ئازاب ئېڭى — كائىنات، تەڭرى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى باغلىنىشچانلىقى ھەم بىردەكلىك قانۇنىيىتى ئاساسىدا، پەلسەپىۋى ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدىغان تۈپ ھېسسىي ۋە ئەقلىي ئاڭ. ھاياتلىق ئالىمىنىڭ كاتتا مۆجىزىسى بولغان ئىنسان بۇ دۇنياغا ئۇتلۇق رىشتە باغلاپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى ۋە ئېتىقادىنى ئىشقا سېلىپ، ھاياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەيدۇ. تاكى نەپەسى توختىمىغىچە بۇ ئىلگىرىلەش ئىستىكى زادى توختاپ قالمايدۇ. ئۇزاق ھاياتلىق داۋانلىرىدا ئىنسان ئۆزىگە تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق سەھنىسى بەرپا قىلىش، ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ۋە كىشىلىك بەخت - سائادەت قەسرىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن تاشقى دۇنيانىڭ خىلمۇخىل بېسىم، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇ، جاپا - رىيازەت، غېرىبسىنىش، چۈشكۈنلۈك، ئازاب - قايغۇلىرىنى يېڭىپ، ئۆز ھاياتىنى كامالەتكە يەتكۈزۈشنى، قەلبىدىكى

مەنزىلگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئازاب ئېڭى — ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ چىن - ساختىلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى يارىتىدىغان ھەم ئۇنى بەلگىلەيدىغان ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ھەم ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، ھايات قەدرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھاياتنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدىكى تاللىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. پەقەت ئادەمدە ھاياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىرادىسى ۋە نىشانى بولغاندىلا ئاندىن ئازابمۇ تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ئىنساندا ھاياتنى يۈكسەلدۈرۈش، بەخت - سائادەت ئىرادىسى ۋە ئىلغار مەقسەت - غايە ئىنتىلىشى بولمايدىكەن، ئازابمۇ بولمايدۇ. ئازاب كائىناتنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى، دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ھەمدە ئادەمنىڭ بارلىق پاراسەت ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى، كىشىلىك ھاياتنىڭ قىسمەتلىرى ھەم ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكتىن، ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان سۇبستانسىيىلىك ئاڭ بولۇپ كەلگەن. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئازاب ئېڭى — ھاياتلىقنىڭ چىن - ساختىلىقىنى ئايرىيدىغان، ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك سائادىتى ۋە ھاياتىي كۈچىنى يارىتىدىغان ۋە نامايان قىلىپ بېرىدىغان مەنىۋى روھنىڭ جەۋھىرى. فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇتەپەككۇرى روسسو: «ئىنسانىيەت مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ھەر قانداق بىر مۇكەممەل ھازىرقى زامان دىداكتىكىسىنى بايان قىلغاندا، ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئادەمنىڭ تەبىئەتنىڭ كۈچ - ھوقۇقى ئالدىدىكى چەكلىمىلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ھوقۇق جەھەتتىكى چەكلىمىلىكىنى ئېتىراپ قىلىش»① دەپ كۆرسەتكەنىدى.

بۈگۈنكى زاماندا ئىنسانىيەت كونا تۇرمۇش فورمىلىرىنى

---

① روسسو (Rosseo): «غەرب پەلسەپىسىنىڭ تارىخى»، سودا نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، I توم، 75 - بەت.

بارغانسېرى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، يېڭىچە مەدەنىيەت شەكلى ۋە قىممەت ئېڭىنى تاللىماقتا. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ماكان، زامان، ھايات، تەقدىر، بەخت ۋە ئۆلۈم توغرىسىدىكى ئاڭ چۈشەنچىلىرىمۇ بۇرۇنقىدىن ئۆزگەرمەكتە. بىر قېتىملىق ئۇرۇش، قان تۆكۈلۈش، تاجاۋۇزچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىك، تەبىئىي ئاپەت ۋە مۇھىت بۇلغىنىشقا ئوخشاش بېسىم ۋە ئەجەللىك ئاپەتلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئادەمنىڭ ھاياتلىق، تۇرمۇش ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى ھېسسىياتى ئۇنچىلىك چوڭقۇر بولۇشى ناتايىن. تۇرمۇشىمىزدا ئازاب ۋە ئۆلۈمنى پەقەتلا فىزىئولوگىيىلىك جەريان، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى، خۇدانىڭ تەقدىرى دەپ قارايدىغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس، خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر ئازابنى ئادەم بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ياكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بىر - بىرىدىن جۇدا بولغاندا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ھېسسىيات دەپ قارايدۇ.

ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈمنى يۇقىرى ئىجتىمائىي قىممەت نۇقتىسىدىن كۆزىتىش، يەنى ئالەم، ھاياتلىق، جەمئىيەت، سىياسىي تۈزۈم، دۆلەت، مىللەت ۋە خەلق تۇرمۇشىغا باغلاپ ئويلىنىش ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئىدىيە، تەپەككۇر ۋە ھېسسىياتىدا تولىمۇ سۇس بولىدۇ.

ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇش ۋە سەنئىتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم قانداقتۇر تۇرمۇشتىكى فىزىئولوگىيىلىك ھېسسىيات ۋە كەيپىيات ئۇقۇمىلا بولماستىن، بەلكى پسىخولوگىيىلىك تارىخىي، ئىجتىمائىيلىققا ئىگە پەلسەپىۋى ھەم ئېستېتىكىلىق ئاڭدۇر. يۇكسەك كىشىلىك قىممەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئازاب ئېڭى ھەم قەدىمىي ئاڭ، ھەم زامانىۋى ئاڭ. بۇ ئاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئالەم، ھاياتلىق، دۆلەت، مىللەت ھەم كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر قايغۇرۇش - ئويلىنىش ھېسسىياتىنى مۇجەسسەم ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ قەدىم-

كى دەۋر ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھەر ۋاقىت چوڭقۇر ئويلاندۇرغان ۋە مۇڭلاندۇرغان توپ مەسىلە ئىدى. بۇ زىددىيەت شەخسنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە رېئاللىققا قاتنىشىش ئېڭىنى كۇچەيتىپ، ئۆز بۇرچىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن شەخسنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ئويغىتىپ، شەخسنىڭ ھايات كۇرەشلىرىدە غالىبىيەت تەنتەنىسىگە باشلايدىغان ئەقىل - پاراسەت ۋە يېڭىلمەس ھاياتىي كۇچنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھەرۋاقىت ئىجتىمائىي ۋەھىمە تۇيغۇسى ۋە مىللەت تەقدىرى ھەققىدىكى كرىزىس ئېڭىدىن ئايرىلالمايدۇ.

مەيلى شەرقتە ياكى غەربتە بولسۇن، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن زامانىمىزغىچە ياشاپ ئۆتكەن بارچە مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپلار، ئەدەبىياتشۇناسلار، سەنئەتكارلار ئۆز ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ۋە نادىر ئەسەرلىرىدە ئىنتايىن كۇچلۇك، چوڭقۇر ئازاب ئېڭىنى ئىپادىلىگەن. بۇ پسىخىكىلىق ئاڭ ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ھاياتلىق مەقسەتلىرىنى توپ ئاساسىي شەرت قىلغاچقا، ئازاب - مۇڭ بىلەن ھايات - ئۆلۈم پەلسەپىۋى ئېڭىنى ئۆزئارا قانۇنىيەتلىك ماسلىشىشچانلىققا ئىگە قىلغان. نەتىجىدە ھاياتلىق نىشانىمىزنىڭ مەشئىلى، ھاياتلىق كۇچىمىزنىڭ ئىچكى يادروسى بولغان ئازاب ئېڭى ئىنسان ھاياتىنى ۋە ئۆلۈمىنى فىزىئولوگىيىلىك جەرياندىن ئىجتىمائىي ئېستېتىك ماھىيەتكە ئېرىشتۇرگەن.

بىزنىڭ ئېڭىمىزدا ئازاب ۋە ئۆلۈم باشتىن - ئاخىر تەبىئىي بىرلىككە ھەم شەرت قىلىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغاچقا، پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئۇلارنى بىللە تەتقىق قىلىشنى شەرت قىلىدۇ.

«ئازاب» ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئازابلانماق، قايغۇرماق، ھەسرەتلەنمەك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ. ئۇ ئازاب ئادەم بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغىچە بولغان بىر ئۆمۇرلۇك مۇساپىدە ئۇچرايدىغان كېسەل-

لىك، بالايىئاپەت، ئۇرۇش، جۇدالىققا ئوخشاش ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن، جىسمانىي ۋە مەنىۋى مۇھتاجلىق ھەم بەختسىزلىككە دۇچار بولۇشتىن پەيدا بولىدىغان پسىخىكىلىق ئىنكاستۇر.

قان قېرىنداشلار، دوست ـ بۇرادەرلەر، يېقىن كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى، يۇرت ماكانىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ياكى مەلۇم نەرسىگە رىشتە باغلىشى، تەشنا بولۇشى، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەسلىكىمۇ بىر خىل ئازاب. ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆزى بىلەن ئالاقىدار ھەرقانداق بىر نەرسىگە مۇستەھكەم چىگىلگەن كۆڭۈل رىشتىسى — ئازابنىڭ يىلتىزى. ئاشۇ تۈرلۈك تۇرمۇش شەيئىلىرى بولسا بىزنىڭ ھاياتىمىزنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىغا «ئازاب» سۆزى ئەسلىي ئەرەب تىلىدىن كىرگەن. ئەرەب تىلىدا يېزىلغان خاتىرىلەردە، بۇ سۆزنىڭ قەدىمدە تۇرمۇش قۇرمىغان ئەر ياكى ئايال مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغانلىقى قەيت قىلىنىغان. نېيبۇر (Niebuhr، XVIII ئەسىر) يازغان ئەرەبىستان ساياھەتنامىسىدە «ئازاب» سۆزى «شەھەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان يەرلىك ئەسكەرلەر» تەرزىسىدە ئىزاھلانغان[1]. تارىخنامىلەردە يېزىلىشىچە، قەدىمىي مىسىرنىڭ ئەسكىرىي كۆچىنى تەشكىل قىلغان قوشۇنلارنىڭ بىرسىگە بۇ ئات قويۇلغانىكەن. ئەينى چاغدا شەھەر مۇھاپىزىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ سۆزنىڭ ئۆزلەشكەن مەنىسى ئوسمان ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە بالدۇرقىدىن كېڭەيگەن. XIV، XVI ئەسىرلەردە «ئازاب» سۆزى ۋېزانتىيە، لاتىن ۋە ئىتاليان خرونولوگىيىسىدە «ئاداپى —adapi»، «ئاساپى —asapi»، «ئازاپى —azapi»، «ئاشاپى —axapi» قاتارلىق شەكىللەردە كۆپ كۆرۈلگەن. (mas Latrie) adapides سۆزىنىڭ رىمچە AλAπαζω سۆزىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن دەپ قارايدۇ. XIII، XIX ئەسىرلەردە بىر قىسىم تۈرك ئەسكەرلىرىنىمۇ كۆرسەت-

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى نەشرى، II توم 82 ـ بەت.

كەنلىكى مەلۇم[1]. «ئازاب» سۆزى دەسلەپتىلا ئۇرۇش - جېدەللەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. قەدىمكى ۋېزانتىلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرىدا atzypades ياكى atzoupades شەكىللىرىدە كۆرۈلىدىغان ئازاب سۆزى لاتىن مەدەنىيىتىدىكى adapides سۆزىنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر. بۇ، ئازاب سۆزىنىڭ يۇنان ۋە لاتىن تىللىرىدىكى ئىككى خىل شەكلىنىڭ X ، XI ئەسىرلەردە پەيدا بولغان atzypas سۆزىدىن كەلگەنلىكى، ھەتتا ۋېزانت داستانلىرىدىكى achopar سۆزلىرىنىڭ ئوخشاش مەنىدە ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تارىخىي ھالدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن «ئازاب» سۆزىنىڭ قوللىنىلىشى ئىنتايىن ئۇزاق دەۋرلەرگىچە سوزۇلىدۇ.

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەردە «ئازاب» سۆزى تۈرك - رونىك يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاشلاردا «بۇڭ»، بەزىدە «بۇڭۇغ» (مۇڭ - قايغۇ)، «سىقتا» (قايغۇرۇش)، «ساقىنىت» (ھەسرەتلەنمەك)، «ئەمگەتمەك» (ئازابلانماق) دېگەندەك شەكىللەردە قوللىنىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە» قاتارلىق يادىكارلىقلاردا «قايغۇ»، «قادغۇ» قاتارلىق سۆزلەر ئارىلاش قوللىنىلغان[2]. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئازابنى ئىپادىلىگەن يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى قوللىنىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ھازىرمۇ قوللىنىلماقتا. «دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرىپى شۇ يەردىكى، بۇ سۆزلەر ئىزچىل ھالدا ئۇرۇش بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن پاجىئەلەر پەيدا قىلغان تەھدىت، ۋەھىمە، بېسىم، خورسىنىش، غېرىبلىق ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەن. قەدىمكى مەدەنىيەت - سەنئىتىدە ئازاب بىر خىل ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ بولۇپ، قەدىمكىلەرنىڭ پسىخىك ئېڭىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان.»[3]

---

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 1979 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى، I توم 807 - بەت.
② ③ ئىقبال تۇرسۇن: «ئىنسان ئېڭىدا ئىپادىلىنىدىغان ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرى»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1995 - يىللىق 1 - سان.

ياۋروپا پەيلاسوپى ئېدگار تۇنجى قېتىم ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى پەلسەپە جەھەتتىن «ئازاب» ئېڭىغا يىغىنچاقلاپ: «بىز بىر خىل غايىۋى دۇنيادا ياشاۋاتىمىز» دەپ كۆرسەتكەندى. بۇ ئىنسانىيەت ئازاب ئېڭىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى توغرا ھۆكۈم ئىدى.

ئازاب جىسمانىي جەھەتتىكى ئازاب- ئوقۇبەت بىلەن ئىنساننىڭ قەلب - روھىدىكى دەرد - پىغان ۋە ھەسرەت - مۇڭدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنساننىڭ تۇرمۇش ۋە پۈتكۈل ھاياتلىق جەريانىغا تارالغان تەن جەھەتتىكى فىزىئولوگىيىلىك ئاغرىق، ئازاب، خورلۇقنىڭ تەسىرى ۋە كۈچى ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل تاشقى ئۆتكۈنچى ئازاب - ئوقۇبەت تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىگە يەتكەندە، ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىيات قاتلىمىدا تۇراقلىشىپ ئۆتكۈنچى، ۋاقىتلىقلىقتىن ئۇزاق داۋاملىشىشچان، تەسىرچان كۈچلۈك مەنىۋى ئازاب ھېسسىياتىغا ئايلىنىدۇ - دە، بۇ چوڭقۇر، كۈچلۈك روھىي ئازاب پىسخىك ئېڭىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا غەزەپ ۋە قارشىلىق كۈچىنى يارىتىدۇ. بۇ كۈچ ئۇزاق جۇغلانغاندا، ئادەمنىڭ قەلب دۇنياسىدىن گويا ۋولقاندەك يۇقىرى بېسىم بىلەن تېشىغا پارتلاپ چىقىدۇ. مانا بۇ ئۇزۇندا جۇغلانغان روھىي ئازاب ئېڭىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن ئىبارەت. فىزىئولوگىيىلىك «ئازاب» (ئىنگلىزچە pain دېيىلىدۇ) ئاساسلىقى تاشقى جىسمانىي زەربىنىڭ ئادەمنى بىۋاسىتە زەخىملەندۈرۈشىدىن پەيدا بولغان ئاغرىق سېزىمى بولۇپ، ئۇ تېرىدىن مېڭىگە تۇتاشقان نېرۋا ھۈجەيرىلىرى پەيدا قىلغان بىر خىل غەيرىي سېزىم. بەدەن ئاغرىقىنىڭ كۈچى بىلەن ئاغرىقنى پەيدا قىلغۇچى تەسىرنىڭ سالمىقى تەڭ دەرىجىدە بولىدۇ. ئاغرىق ئازابى مۇرەككەپ ئورگانىزملىق ھېسسىي جەريان. ئۇ ئورگانىزملارنىڭ زەخىملىنىشى بىلەن ئاغرىق سېزىمىنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەپلا قالماي، بەلكى يەنە شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆتمۈش سەرگۈزەشتىسىنى، مەلۇم بىر

خىل تەسىرىنىڭ شەخسكە بولغان ئالاھىدە مەنىسى ھەمدە ئۆتتۈۋاتقان پسىخىك ھالەتنىمۇ ئىپادىلەيدۇ[1]. مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان ئەندىشە پسىخىكىسى ئازابىنىڭ بىر مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ مەقسەتكە يېتەلمەسلىكى، توسالغۇلارنى يېڭەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئىززەت - غۇرۇرى ۋە قەلب ئىشەنچىسىنىڭ تەۋرىنىپ قېلىشى ۋە ياكى مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى، دەرد- ھەسرىتىنىڭ ئېشىپ بېرىشى، ئەنسىز ۋەھىمىلىك كەيپىيات ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشىدىن ئىبارەت. ئەندىشە ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. (1) رېئال ياكى ئوبيېكتىپ ئەندىشە. ئۇنى ئوبيېكتىنىڭ ئۆز غۇرۇرىغا بولغان تەشۋىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. (2) روھىي بېسىم ۋە ئەندىشە. بۇ پەقەت ئالاھىدە شەيئى ياكى كۆرۈنۈش پەيدا قىلغان ئەندىشە بولماستىن، ھەر قانداق ھالدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەندىشىدۇر. ئۇ پسىخىك ئامىللار پەيدا قىلغان تىت - تىتلىق، تەۋرىنىش، مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىززەت - غۇرۇرنىڭ ئېغىر ئازار يېيىشىدىن پەيدا بولىدۇ. (3) ئەخلاق جەھەتتىكى ئەندىشە. جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، جەمئىيەت تەلىپى ۋە ئۆزىنى ئىپادىلەشتە توقۇنۇش كېلىپ چىققانلىقتىن شەكىللەنگەن ئاغرىنىش كەيپىياتىدۇر. پسىخولوگلار ئەندىشە تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى تەشەببۇس قىلىشقان. پسىخىك ئانالىزچىلار ئۇنى يوشۇرۇن ئاڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش پەيدا قىلغان دېيىشسە، بىلىش ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرى سېزىم - پوزىتسىيە بىلەن ئىشەنچ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارىغان. خەلقچىللار ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئۆزىنى تونۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىستىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سەۋەب بولغانلىقىنى تەكىتلىشىدۇ.

---

① «ئىجتىمائىي پەنلەر ئېنسىكلوپېدىيىسى»، كىمبىرىج نەشرىياتى، 1989 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 317 - بەت.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەشۋىش ـ ئەندىشە
تۇيغۇسى پسىخىكىلىق جەھەتتە شەخسنىڭ ئازاب پسىخىكىسىنىڭ
بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتى-
دە نامايان قىلىنىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئازاب ئېڭى بولسا
ئىجتىمائىي، تارىخىي ئاساستا ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھادىسە،
يۇقىرى پەلسەپىۋى ـ ئېستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئاڭ ھادىسىسى-
دۇر.

جانلىقلار دۇنياسىدا پەقەت ئىنسان پسىخىكىسى ئەڭ مۇ-
رەككەپ، نازۇك ۋە ئىنچىكە، شۇنداقلا ئۆزگىرىشچان بولۇپ،
ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى مەڭگۈ تولۇق يەشكىلى بولمايدىغان
سىرلار قەسرى. ئادەمنىڭ تەشۋىش، تەھدىت، ۋەھىمە پسىخى-
كىسى مەيلى فىزىئولوگىيىلىك ياكى پسىخولوگىيىلىك تەرەپتىن
بولسۇن، ئۇنىڭ بەخت ـ سائادەت، ئەركىنلىك، ئارزۇ ـ ئىس-
تەكلىرىنى ئاشۇرۇپ بارىدۇ، ئازابلىق ھېسسىياتىنى چوڭقۇرلاش-
تۇرىدۇ. ۋەھىمە، ئازاب ئادەمدىن كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشىشنى
تەلەپ قىلىدۇ. سەكراتقا چۈشكەن ئادەم ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان
بولۇشقا، مەغلۇبىيەتچى غەلىبە قىلىشقا تىرىشىدۇ. تۇرمۇشىـ
مىزدىكى ئەڭ چوڭ ۋەھىمە ۋە ئەندىشە بىزنىڭ مەغلۇبىيەتكە
يـۈزلىنىۋاتقان چاغدىكى قەلبىمىزدە پەيدا بولغان ھالاكەت ۋە
گۇمران بولۇش پسىخىكىسىدۇر. قەدىمكى زامان ياۋروپا پەيلاسو-
پى سىپىنوزا ( Spinosa ) ئىنساننىڭ شادلىقى ۋە قايغۇسى ھەققىدە
توختالغاندا: «شادلىق مۇھەببەتكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا ئازابنى
قوشۇش كېرەك، ئازاب ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى ۋە ئۇنىڭغا
باغلانغان تەسەۋۋۇرىدىن پەيدا بولىدۇ. ئازاب مۇئەييەن پاك نەر-
سىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ نەتىجىسى»[1] دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە
ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەقسىتى تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش.
ھالبۇكى ئادەم ئۆزى ئازابتىن خالىي بولالمىغاچقا، ئۇ ئۆزىنى

---

[1] سىپىنوزا ( spinosa ) «ئادەم، تەڭرى ۋە ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى» ، ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 204 ـ بەت.

ئازاب قوينىدىن بەختىيارلىققا ئېلىپ چىقىشى لازىم. ئازاب، ئۈمىد، تەشۋىش، سۈكۈت ھامان بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە شادلىققا بولغان تەلپۈنۈش بىلەن تەڭ ياشايدۇ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

يۇقىرىقى پىكىرلەرنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ دەلىللىگەندە، ئىجتىمائىي مەنىدىكى ئازاب - ئوقۇبەت ئادەم ئورگانىزمىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى دەرد - ئەلەم، ئاغرىق - ئازاب ۋە ھەسرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەچۈرمىشى بولۇپ، ئۇ ئۈمىدسىزلىنىش، تەۋرىنىش، ئەندىشە، ئاجىزلىق كۆرۈنۈشىدە رول ئوينايدۇ. ئازاب - ئوقۇبەت ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى باشقا ھەرقانداق ھادىسىدىنمۇ كەڭ دائىرىلىك، زور ۋە كۈچلۈك ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئائىت پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدىن جاۋاب تېپىلىدۇ[①].

بىز ھاياتلىق ھەققىدە ئويلىغان چېغىمىزدا، بۇ دۇنيانىڭ گويا ئېغىر كېسەلگە، ئازابقا مۇپتىلا بولغاندەك خورسىنغان ھالىتىنى ھېس قىلىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىنساننىڭ ھاياتلىق ھەرىكىتى ۋە ھەممە تىرىشچانلىقىنىڭ ئاداققى مەنزىلى، ئەڭ ئاخىرقى قارارگاھى — سىرلىق ۋە قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىشتۇر. شۇڭلاشقا ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ قىسمەت - كەچمىشى ئازاب ئېقىنىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مەنبە - يىلتىزىدۇر. ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ئالەم تەرتىپىدە ئەزەلدىن بەلگىلەنگەن ئىلاھىي قانۇنىيەتتۇر. كائىناتتىكى ھەممە جانلىقلارنىڭ يارىتىلىشىنىڭ بۇ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان ھېچقانداق زور كۈچ ئۆزگەرتەلمىگەن. تەقدىر - ئالەمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن باشقا ھەرقانداق بىرەر شەيئىنىڭ ئۆزگەرتىۋېتەلىشىمۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە نەزەر سالساق، دىنىنىڭ ئازابنىڭ ئىككى

① «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ماكمىللان نەشرىياتى، 1989 - يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 14 - توم 98 - بەت.

خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەنلىكىنى، يەنى، بىرى، ئىنساننىڭ ئازاب - ئاغرىق كەچۈرمىشلىرىنى ئالەمنىڭ بارلىق ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش مەقسىتى ئۇستىگە قويغانلىقىنى، يەنە بىرى، ھەر- خىل ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن ئازابنى مۇۋاپىق تەدبىر، ھەرىكەت ياكى گۇللىنىشكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئازابتىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ خرىستىئان (chirs tianity) ھەم ئىسلام (Islam) دىنى چۈشەنچىلىرىدە ناھايىتى بالدۇر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ تەڭرى، ئالەم ۋە ئىنسانىيەت مۇناسىۋىتى، ئالەم تەقدىرىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرگەن. «ئىۋىدائىزم ئازاب - ئوقۇبەتنى ئىنتايىن قوپال، ئېچىنىشلىق، چۈشكۈن سەرگۈزەشت، بىر ئادەم پەقەت مۇمكىنچىلىكى بولغاندىلا قارشىلىق قىلىپ قۇتۇلالايدىغان كەچۈرمىش» دەپ قارىدى. ئەمما يەنە ئازاب - ئوقۇبەت دۇنيانىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ زۆرۈر بىر قىسمى. شۇنداقلا «ھەربىر ئىنسان ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىش ئارقىلىقلا ئۇنى نامايان قىلىدىغان ۋە ئازاب ئوتىنى ياندۇرىدىغان ئازابتۇر.»[1] بۇ خرىستىئان دىنى ئىدېئولوگىيىسىدىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، خرىستىئان ئەدەبىياتىدا پرىنسىپال رول ئوينىغان. يەنى «ئازاب مۇشەققەتنى پەيدا قىلدى. مۇشەققەت خاراكتېرنى يېتىلدۇردى ھەمدە خاراكتېرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۈمىدنى ياراتتى.»[2] ئىسلام دىنى قارىشى بويىچە، ئازاب ئىككى خىل لىنىيىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بىرى، ئازاب — جىنايەتكە بېرىلگەن جازا. يەنە بىرى، ئازاب — بىر سىناق ياكى تاۋلىناق، «قۇرئان» دا بۇ چۈشەنچە ئوچۇق ئىپادىلەنگەن. يەنى ئادەم ھاياتلىقىدا قانداق مەقسەت ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا، شۇنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك نەتىجىسى بولىدۇ. جىنايى رەزىللىكلەرگە تولغان جەمئىيەتتە، ئازاب ئەنە شۇ رەزىللىكنىڭ جازاسى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسان ھاياتىنى سىناش. بۇنىڭدىن ئازاب ئېڭىنىڭ ئىنسان ھايات - ماماتىغا قانچىلىك كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدى-

---

(1) (2) «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 14 - توم.

غانلىقىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس.

«ھايات» (Life) تىرىكلىك، مەۋجۇتلۇق، ياشىماق دېمەكتۇر. ئۇ ئالدى بىلەن ئىنسانىنىڭ تۇغۇلۇشى، تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىخ سۈرۈشى، كۆكلىشى ۋە ياشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئۆلۈشىگىچە بولغان بارلىق جەريانغا قارىتىلىدۇ. ئۆلۈم ھاياتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، چۈنكى تەبىئەت ۋە ئادەمزات دۇنياسىدىكى بارلىق مەۋجۇدات تۇغۇلۇش، ئۆسۈش، يۇقىرى پەللىگە يېتىش، زەئىپلىشىش، ئاخىرىدا ئۆلۈش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا «ھايات ئۆزىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولغان ئۆلۈم بىلەن باغلانغان ھالدا تەكشۈرۈلىدۇ، ئۆلۈم ئورگانىزمدا بار بولغان پارچىلىنىش، ماھىيەتتە ھاياتنىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. ھايات دېگەنلىك — ئۆلۈم دېگەنلىكتۇر.»[1] «ھايات» سۆزى ھەققىدە تارىخچى ئەل تەبەرى ئۆزىنىڭ «تەفسىرى» سىدە «ھايات» ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ۋە چەكلىك مەۋجۇتلۇقىنىڭ باشلىنىشى ياكى ئاخىرلىشىش چېكىگە يەتمىگەنلىكى، يالغۇز ئادەملا ئەمەس، ھەربىر جانلىق ھاياتلىقى ھايات - ئۆلۈم بەلۋېغى ئىچىدە بولىدۇ.»[2] دەپ قارىغان. «ھايات» نىڭ مەنىسى تۇغۇلۇش، تىرىكلىك، ھەرىكەت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ قايتىش نۇقتىسى تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ئازابلىق يىمىرىلىش، ئاجىزلىشىش، قېرىش، ئۆلۈش بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆلۈم» سۆزى ئالەمدىن كەتمەك، دۇنيادىن ئۆتمەك، ۋاپات بولماق، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلماق، قازا قىلماق، قايتىش قىلماق قاتارلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تۈرك -

---

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، 1978 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم.

② «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى»، ئىنگلىزچە نەشرى، I توم، 302 -، 303 - بەتلەر.

رونىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا «ئولمېك (olmek)» دېيىلگەن. بۇ ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئۆلۈمىنى بىلدۈرگەندىن سىرت، يەنە بىر قەبىلە، بىر مىللەتكىمۇ قارىتىلغان. تومسىن مەڭگۈ تاشلارنى ئىزاھلىغاندا «ئولمېك» سۆزىنىڭ پۈتۈن مىللەتنىڭ ھالاكىتىگە قارىتىلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن. ئەمما ئورۇنسىز ھالدا ülmek سۆزىنى olmek كە ۋەكىل قىلىپ، ئۇنى بۆلۈنۈپ كېتىش دەپ تەرجىمە قىلغان. بارتولد «olmek» سۆزى تومسىن ئېيتقاندەك بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسەتمەيدۇ، مىللەتنىڭ تامامەن گۇمران بولغانلىقىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى مىللەتنىڭ بىر مەزگىللىك مەغلۇبىيىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئارقىدىن يەنە قايتا گۈللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ»[1] دەيدۇ. دېمەك، ئۆلمەك، ئۆلۈم سۆزى قەدىمكى يازما مەنبەلىرىمىزدە كۆپىنچە شەخسنى كوللېكتىپ بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، بىر پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆلۈمى، ھالاكىتى ۋە گۇمران بولۇشىغا قارىتىلغان (مەڭگۈ تاشلاردا بۇنىڭ مىساللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ).

«ئۆلۈم» ئومۇمەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت. ئۇ «ھايات» نىڭ قارشى قىرغىقى. «ئۆلۈم» سۆزى «ئوكيانۇس» (辞海) تا مۇنداق ئىزاھلانغان: «ئۆلۈم ئورگانىزم ھايات پائالىيىتىنىڭ توختىشى يېڭى ھەرىكەتنىڭ توختىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار فىزىئولوگىيىلىك ئاجىزلىشىش نەتىجىسىدە تەبىئىي ئۆلىدۇ ياكى تۇرلۇك كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مېخانىك، خىمىيىلىك ياكى باشقا ئامىللار بىرلىشىپ غەيرىي ئۆلۈم ھادىسىسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۆلۈش جەريانى كلىنىكىلىق ئۆلۈش ۋە فىزىئولوگىيىلىك

① ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 9 ـ بەت.

ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. تەنىنىڭ پۈتكۈل
ھاياتلىق مەزگىلىدە، ھەتتا تۆرەلمىش باسقۇچىدىمۇ بەزى ھۈجەيرى-
لەر داۋاملىق ئۆلىدۇ، ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆلۈشى ئەسلى ھايات
ئورگانىزمىنى ئۈزلۈكسىز پارچىلاپ، ئوزۇقلۇق ۋە ئوكسىگېن-
-نىڭ كەملىكىدىن ئوكسىدلىنىش ئارقىلىق كىسلاتالىشىشنى
پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۈجەيرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سۇ
بۆلۈنمىچىلىرى ھەرىكەتلىنىپ، ھۈجەيرىنى تەشكىل قىلغۇچى
زور كۆپچىلىك ماددىلارنى بۆلۈۋېتىپ، ئاخىرى بەدەن پارچىلى-
نىپ ھالاك بولىدۇ.»[1] دۇنيادىكى تېببىي ئالىملار ئۆلۈمنىڭ
ئېنىقلىمىسى ھەم ئۆلچىمى ھەققىدە ئىزدەنگەن. 1968 - يىلى
ئامېرىكا خارۋارت تېببىي ئىنستىتۇتى ئالاھىدە كومىتېتى ئۆلۈم-
نىڭ ئېنىقلىمىسىنى «ئۈزلۈكسىز خۇدىنى يوقىتىش ياكى مېڭە
ئۆلۈش» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى تەسىرات ۋە ئىنكاسچان-
لىقى بولماسلىق، ھەرىكەت - نەپەس بولماسلىق، ئىنكاس بول-
ماسلىق، مېڭە قۇۋۋىتى بولماسلىق دەپ كۆرسەتكەن. 1951 -
يىلىدىكى ئامېرىكىنىڭ بىلاك (Black) «قانۇن لۇغىتى» دە
ئۆلۈمگە تەبىر بېرىپ: «قان ئايلىنىشىنىڭ پۈتۈنلەي توختىشى،
نەپەسنىڭ توختىشى» دەپ ئىزاھلانغان. «ئوكيانۇس» تىمۇ يۈ-
رەك نەپەسلىنىشىنىڭ توختىشى ئۆلۈمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىمى
دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. لېكىن ئۆلۈم قەدىمكى كىشىلەر نەزىرىدە
«يۈرەك سوقۇشىنىڭ توختىشى» نى كۆرسەتكەن. ئۇلار ئۆزلىرى-
نىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى يوقىتىپ ئۆلۈم خەۋپىدە تۇرسىمۇ،
ئەمما يۈرەك توختىمىغىچە ئۆلدى دەپ قارىمىغان. ئەمەلىيەتتە
«بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھاياتى پەقەت بىر سىمۋول سۈپىتىدىلا
مەۋجۇت بولۇپ، ھايات ئەھمىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان.»[2]

---

① «سۆزلەر قامۇسى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، II توم، 3498 - بەت.
② «بىئوئېتىكا»، يۈزلىنىش نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 183 - بەت.

ئىپتىدائىي ئۆلۈم چۈشەنچىسى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ كۈندى-
لىك كۆزىتىشى ھەم ئۇۋچىلىق پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆلۈمنى
يۈرەك سوقۇش توختىغانلىق دەيدىغان غۇۋا ئۇقۇمنى شەكىللەن-
دۈرگەن. ئىپتىدائىي تاش قورال دەۋرلىرىدىكى تام رەسىملەردە
ۋە قىياتاش رەسىملىرىدە، ئوقيالارنىڭ ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ
يۈرىكىگە توغرىلانغان ھەم سانجىلغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەسۋىرلەن-
گەنلىكى بۇ نۇقتىنىڭ دەلىلى بولۇپ، يۈرەكنىڭ سوقۇشى توخ-
تاش بىلەن نەپەسنىڭ توختىشى ئۆلۈمنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە
ئۆلچىمى دەپ قارالغان. ئومۇمەن، ئۆلۈم ئۇقۇمى «ھاياتـ-
لىق» ، «ئىنسانىيەت» ، «ئادەم» ، «ئاڭ» ، «تەن» گە ئوخ-
شاش بىر قاتار ئۇقۇمغا مەركەزلەشكەن. ئادەم ئىجتىمائىي ئاڭغا
ئىگە ئالىي ھاياتلىق شەكلى. ئەگەر بىر ئادەم ئەس - ھوشىنى
يوقاتسا، ئۇ مەلۇم مەنىدە ئۆلگەن بولىدۇ. يۈرەك سوقۇشىنىڭ
توختىشى ئۆلۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. چوڭ مېڭە ھەرىكەت-
تىن توختىسا، يۈرەك سوقۇشتىن توختايدۇ، شۇنىڭ بىلەن
ئادەم ئۆلىدۇ.

ئازاب ئېڭى — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى قەدىمىي، ئەنئەنىۋى
ئاڭ، شۇنداقلا زامانىۋى ئاڭ. قەدىمكى جاھان مەدەنىيىتىنىڭ
پارلاق مەركەزلىرى گىرىتسىيە، يۇنان، بابىلون، مىسىر ۋە ھىن-
دىستان، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى
ئۇزاق مۇقەددەم تارىختىن بۇيان، ھاياتلىق ۋە مەۋجۇتلۇق ھەققى-
دە ئىزچىل ئىزدىنىپ كەلگەن، مۇڭلانغان. بۇ مۇڭ،
ھەسرەت - پىغانلىرىنى تارىخقا نەقىشلىگەن. بۈگۈنكى دەۋردە
بولسا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تەھدىت ۋە قايغۇ
ئېكولوگىيىلىك بۇلغىنىش، نوپۇس ۋە ئىقتىساد مەسىلىسىگە
مەركەزلەشمەكتە. دەرۋەقە، ھەربىر بەخت - ئامەتنىڭ ئۆزىگە
يارىشا تۆلەيدىغان بەدىلى بولىدۇ. يېڭى بىر شەيئى ھامان كونا
شەيئىدىن تەرەققىي قىلىپ زورىيىدۇ، ئاخىرىدا كونىنىڭ ئورنى-

نى ئالىدۇ. ئالدىنقى بىر ئەۋلادتىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ يېڭى
بىر ئادەمزات توپى دۇنياغا كېلىدۇ. ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ مۆل-
چەرىگە ئاساسلانغاندا، يەر شارىدا ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن
تارتىپ تا ھازىرغىچە 8 مىليارد ئادەم ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ،
ئۇنىڭ 95% ئۆلۈپ تۈگىگەن. ھازىر پۈتۈن دۇنيادا ھەر يىلى
تەخمىنەن 7 مىليون ئادەم ئۆلىدىكەن. ئۆلۈمگە يۈزلىنىش ۋە
ھالاكەت خەۋپى نۆۋەتتە يەر شارى دۇچ كېلىۋاتقان چوڭ مەسىلە.
نۆۋەتتە دۇنيادا تەبىئىي ئۆلۈشتىن باشقا، ئۆلۈمنى تاجاۋۇزچى-
لىق، ئاچارچىلىق، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، مۇھىت بۇلغى-
نىش، نوپۇسنىڭ زىچلىقى، ھەرخىل ئەجەللىك كېسەللىك ۋە
ئۇرۇش قاتارلىق ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ھادىسىلەر كەلتۈ-
رۈپ چىقارماقتا.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش، ئۇ-
رۇشلارغا خاتىمە بېرىپ مەھكۇم قىلىش ۋە تاجاۋۇزچىلىقنى يوقى-
تىش، نادانلىقنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، مىللەتنىڭ كىرىزىسى ۋە
خەۋپ - خەتىرىنى ئازايتىش قاتارلىقلار بۈگۈنكى دەۋردىكى ھەر
بىر مىللەت ئەزاسىنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەھىمىسى ۋە ئازاب
ئېڭىدۇر. ئۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ دۆلىتى، مىللىتى ۋە ھاياتلىقى-
نى بەخت- پاراغەتكە ئېرىشتۈرۈش غايىسىنىڭ يادروسى ھېسابلى-
نىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم
قارىشى زامانىمىز كىشىلىرىدىكى جىددىي، شۇنداقلا تۈپ ئاسا-
سىي ئاڭدۇر. ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزنى پارلاق ئىستىقبال ۋە ئالىي-
جاناب قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ.
ئازاب ئېڭى بىر خىل زامانىۋى ئەسلىي يوشۇرۇن ئاڭ بو-
لۇش سۈپىتىدە، كىشىلەرگە رېئال ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇتى-
دۇ. ھاياتلىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئىنساننىڭ ئەقىل - پارا-
ستىنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، گۈللىنى-
شى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئىستىقبال يولىنى نۇرلاندۇرغۇ-

چى ھەم كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلغۇچى مىللىي روھنىڭ مەشئىلى بولۇپ يولىمىزنى يورۇتىدۇ.

## 2. ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىنىڭ پەلسەپە ئىدىيە قاتلىمى ھەم ئىجتىمائىي قىممىتى

### 1. ھاياتلىق پەلسەپىسىنىڭ ئۇل تېشى

ئازاب ئىنسان ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ بىرىنچى پاكىتىدۇر. كائىنات، زېمىن ۋە ھاياتلىقنى ياراتقۇچى ئىلاھ ھېچقانداق ئادەمگە تۇغۇلۇش، قېرىپ ئاجىزلىشىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش ئاقىۋىتىنى رەت قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن ئەمەس، خۇددى ئۇلۇغ شەرق كلاسسىك شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى:

جەبرۇ ئازاب بىلەن ئۇلغايماق ئەسلى،
نە بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ۋە نە دىل قەستى.

دەپ يازغىنىدەك، تۇرمۇشتا ئادەم ھامان چەكلىمىلىككە ئۇچرايدۇ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئەتراپتىكى مۇھىت ئامىللىرى بىلەن دەۋرنىڭ تارىخىي ھەرىكەتلىرى، زورلۇق، بېسىم، مەھكۇملۇق، يەكلىنىش، كەمسىتىلىش قاتارلىق قىلمىشلار ئادەمنىڭ مەنىۋى ئازارلىنىش ھەم مۇشەققەت تۇيغۇسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىز چەكسىز بوشلۇققا كېڭىيىۋاتقان چاغدا، ھاياتىمىز ئاخىرقى پەللىگە بېرىپ قالىدۇ. خۇددى ھىراكلىت ئېيتقاندەك: «يۇقىرى ۋە تۆۋەنگە سوزۇلغان يول پەقەت بىرلا. بىز ئوخشاش بىر ئېقىمغا كىرىمىز ھەم كىرمەيمىز. بىز مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەس. بىزنىڭ جىسمىمىزدە ھايات بىلەن ئۆلۈم، ئويغاقلىق ۋە چۈش، بالىلىق

ۋە قېرىلىقنىڭ ھەممىسى ئورتاق بىر نەرسە.» ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئادەمنىڭ دۇنياغا بولغان يۈزە تونۇشىدىن ياكى باشقىلارنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسىدىنلا تۇغۇلمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزىمىزنىڭ ئۆلمەسلىككە ئامالسىزلىقتىن ئىبارەت يوشۇرۇن ئاڭدا ئەسلىي بار بولغان تۇيغۇدۇر. بىر ئادەم ئۆلۈمنى ئۆزى بىۋاستە باشتىن كەچۈرمىگەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا ئۆلۈم ئېڭى مەۋجۇت بولىدۇ. مەشھۇر خەنزۇ يازغۇچىسى لۇشۈن ئەينى چاغدا: «باشقىلارغا يول باشلاشنىڭ ئۆزى ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. چۈنكى مەن ئۆزۈممۇ زادى قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن. بەزى ياشلارنىڭ ئېھتىمال ‹پىر ئۇستاز› لىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ ‹ئۇستاز› مەن ئەمەس. مەن ئۇلارغىمۇ ئىشەنمەيمەن. مەن پەقەت ئاخىرقى بىر نۇقتىنى، يەنى قەبرىنىلا ئېنىق بىلىمەن» دېگەنىدى. دېمەك، تۇغۇلۇش ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا، قەبرە ھاياتلىقنىڭ قارارگاھى، ئاخىرقى پەللىسىدۇر.

ھايات ـ ئۆلۈم قارىشى ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇق پەلسەپىسىنىڭ ئانا تېمىسى، كىشىلىك ھايات قارىشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ، كىشىلىك ھايات پەلسەپە ئىدېئولوگىيىسى بىلەن بىللە كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا بولغان توپ كۆز قاراشلىرىنى تەشكىللەپ، جەمئىيەت ئۈچۈن رول ئوينايدۇ. دۇنيا قاراش ئۆز نۆۋىتىدە ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىغا نۇقتىئىنەزەر ۋە مېتودىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ رەڭگارەڭ ھاياتلىقنىڭ ئەڭ چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، بارلىق پەلسەپىۋى قاتلاملارنىڭ يادروسىدۇر. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەم ھامان ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مۇئەييەن دۇنيا قاراش، مەيدان ۋە ئۇسۇل بىلەن ھايات ـ ئۆلۈمگە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىدا ھايات ـ ئۆلۈم مەسىلىسىگە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ باھاسى ۋە تونۇشى ئوخشاش بولمىغان. فېئوداللىق دەۋرىدىكى

بەزى دىندارلار ۋە مۇتەپەككۇرلار تەڭرىنىڭ مۇتلەق ئىرادىسى
ئارقىلىق ھايات - ئۆلۈمنى چۈشەندۈرۈپ، ئادەمنىڭ ھاياتىنى بۇ
دۇنيادىكى گۇناھلىرىنى يۇيۇپ باقىي دۇنيادىكى جەننەتكە ئىنتى-
لىش جەريانى دەپ قاراپ، «ئىستىغپار، ئىبادەت ھەقىقىي تۇر-
مۇشتۇر» دېگەننى تەرغىب قىلغان. «ھايات - ئۆلۈم دەستۇرى»
دا، «يېڭى ماھىيەتكە ئېرىشىش باشقا بەزى شەكىللەر ئارقىلىق
داۋاملىشىدۇ. ئادەم ئۆلۈمگە بويسۇنىدۇ. مەڭگۇ يوقالماس روھ
تەندىن چىقىپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىدىكى يېڭى مەۋجۇتلۇققا ئايلى-
نىدۇ.»[1] دەپ يېزىلغان ھەمدە ئادەمنى بارچە ئارزۇ - ھەۋەسلى-
رىنى تاشلاپ، پانىيلىق ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ،
مەڭگۈلۈك روھىي ھاياتقا چاقىرغان. غەربنىڭ پەلسەپىسى ۋە
ئەخلاق نەزەرىيىلىرىدە ھاياتلىق مەسىلىسى — ئىنسان تەبىئىتى
مەسىلىسى دەپ قارالغان. گېرمانىيە كلاسسىك پەيلاسوپى گې-
گېل: «ئۆلۈم دەل تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىنكارچىلىقى» دەپ
قارىغان[2]. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تەبىئەتنىڭ ئىنكارچىلىقى ئىك-
كى تۈرلۈك بولۇپ، بىر خىلى مېتافىزىكىلىق ئىنكارچىلىق،
بۇ، كىشىلەر تەبىئەتتىكى بارلىق جانلىق، جانسىز شەيئىلەرنىڭ
ھەممىسى ھالاك بولىدۇ، شۇڭا يارالمىغان تۈزۈك. ھەرقانداق
ئادەم بۇ دۇنياغا تۆرەلگەنىكەن، چوقۇم ئۆلىدۇ، ئۇنداقتا تۇغۇ-
لۇش، ياشاشنىڭ نېمە پايدىسى؟ دەيدىغان ئۈمىدسىزلىك تورىغا
چىرمىشىپ قالىدۇ دەپ قاراشتىن ئىبارەت. يەنە بىر خىلى
دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئىنكارچىلىق بولۇپ، ئۇ، شەيئى-
لەرنىڭ گەرچە پەيدا بولۇپ ئاخىرىدا ھالاك بولۇشى مۇقەررەرلىك
بولسىمۇ، ئۆلۈم گەرچە ئادەم نەزىرىدە ياخشىلىق، گۈزەللىك
ھېسابلانمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇ پاكلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ
كاپالىتىدۇر دەپ قاراشتىن ئىبارەت. ھاياتتا ئۆلۈمنى ئۆتكۈنچى

---

① ② گېگېل: «روھىي ھادىسە ئىلمى»، سودا نەشرىياتى، 1982 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 11 -، 284 - بەتلەر.

نەرسە دەپ قارىماي تۇرۇپ، مەۋجۇتلۇقنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قىيىن، ئۆلۈش بولمىسا يېڭىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بولمايدۇ، ئۆلۈش بولمىسا دۇنيانىڭ مەنىسىزلىكى، چىرىكلىكى، بۇزۇلۇشى تۈگىمەيدۇ. ئەمما «هاياتلىق ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. ئۇ، هالاك بولغانلاردىن هالقىپ ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.»[1] بورىن مۇنداق دەيدۇ: «مۇبادا ئىلىم ـ پەننىڭ ئۇلۇغ ئەربابلىرى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلمىسە ئىدى، پەندە قانداق ئەھۋال يۈز بېرەتتىكىن؟ ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلەيدىغان هېچ كىشى يوق.»[2] گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يەنە بىر ئۇلۇغ پەيلاسوپى فېيېرباخ: «ئۆلۈم بالايىئاپەتنى يوقىتىدۇ، ئۇ بارلىق رەزىللىك، خاتالىق، بارچە هاۋايى ـ هەۋەس هەم ئاچ كۆزلۈكنىڭ، بارچە ئېھتىياج ۋە كۈرەشنىڭ، بارچە رىيازەت ۋە هەسرەت، قايغۇنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشىدۇر.»[3] دېيىش ئارقىلىق، ئۆلۈم هەققىدىكى پەلسەپىۋى قارىشىنى شەرھلىگەن. ئۇنداقتا، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ ماهىيىتى مەۋجۇت تۇرمۇشنى، يەنى هاياتنىڭ پايدىسىزلىقىنى كۆرسىتەمدۇ؟ ئۆلۈم راستىنلا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، سۆيگۈ ۋە نەپرەتنى تەڭلەشتۈرۈپ قويامدۇ؟ ئەكسىچە چىنلىق بىلەن ساختىلىق، پاك ۋىجدان بىلەن مۇناپىقلىق هېچقانداق قىممىتى يوق نەرسە بولۇپ قالامدۇ؟ ياق! هەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. بىز ۋىجدان هەم ماهىيەت جەھەتتىن بۇ ساختا ئىپادىلىنىش هالىتىنى قوبۇل قىلمايمىز. هاياتتا چوقۇم ئۆلۈم ۋە ئازابتىن هالقىغان رىشتە ئارقىلىق تۇرمۇشقا مۇئامىلە قىلىمىز. ئۆلۈمدىن هالقىغان مەڭ-

---

① «لۇشۇن ئەسەرلىرى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1980 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم 434 ـ بەت.

② «هازىرقى زامان پسىخولوگىيە تارىخى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 9 ـ بەت.

③ «فېيېرباخ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، I توم 30 ـ بەت.

گۈلۈك قىممەتنى تېپىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. بۇ، شەرق كلاسسىكلىرىدىن  فەرىددىن ھىلالىنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا-سىدا مۇنداق مۇجەسسەملەنگەن:

شۇنداق ياشىغىنكى، سەن ئۆلگەندىمۇ،
ئۈمىدىڭ ئۈزۈلمىسۇن، بار بولسۇن مەڭگۈ.

ئۆلۈم ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەچكە، ئۆلۈم ئېڭىغا مەنتىقىيلىق پىكىر يۈرگۈزگەندە شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ھاياتنىڭ ئۆلۈمگە ئايلىنىشى ياكى ئۆلۈمنىڭ ھاياتلىققا ئايلىنىش جەريانىغا چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنە سىڭگەن بولىدۇ. كىشىلەر ئۆلۈم ھەققىدە سۆز قىلىشقاندا، «ۋاپات بولماق»، «كۆز يۇمماق»، «ئالەمدىن ئۆتمەك»، «تۇ-گەپ كەتمەك»، «نەپسى توختىماق»، «خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتمەك»، «ئاخىرەتكە سەپەر قىلماق» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۆزلىرىگە تەسەللى بەرگەن ھالدا ئۆلۈمنى ئىپادىلەيدۇ. مۇتەپەك-كۇرلار، يازغۇچى ـ شائىرلار ئاشۇنداق خاھىشلارنىڭ ھۆكۈمراندى-لىقى ئاستىدا بەدىئىي ئوبراز ۋە تىپلارنى يارىتىپ، ھايات كۈ-رەشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بەدىئىي خۇلاسىلەيدۇ. پەلسەپە ئۆ-گىنىش — ئۆلۈمنى چۈشىنىش دېمەكتۇر. ئۆلۈم ئېڭىنىڭ مەۋ-جۇتلۇقى — پەلسەپە ۋە دىنىي ئېتىقاد، ئەقىدە مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى. ئۇ ئىنساننىڭ چەكلىك ھاياتىنكى ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئالدىدىكى بىرخىل تايىنىش چارىسىدىن ئىبارەت. دۇنيادا پەلسەپە قانۇنلىرىغا ئەقىدە باغلىمىغان ئادەم بار بولغاندىمۇ، دىن ۋە سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىشنى خالىمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك.

شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۆلۈم پەلسەپىنىڭلا ئانا تېمىسى بولۇپ قالماي، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭمۇ ئەڭ قەدىمكى ۋە مەڭ-گۈلۈك تېمىسىدۇر. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەش-

ھۆر رۇس يازغۇچىسى پاستىرناك: «سەنئەتنىڭ ئەزەلدىن بىرى
ئىككى ۋەزىپىسى بولغان. بىرىنچىسى قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆلۈم
مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش، ئىككىنچىسى ئۆلۈمنى مۇھاـ
كىمە قىلىش ئارقىلىق ھاياتقا تەلپۈنۈش.» دەپ كۆرسەتكەن
ئىدى. قەدىمكى گرېك، يۇنان داستانلىرى ۋە تەقدىر تراگېدىيەـ
لىرىدىن باشلاپ دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى»، شېكىسپىرـ
نىڭ تراگېدىيىلىرى، پوگاچېۋنىڭ «دېكامېرون»، چائۇسېرنىڭ
«كانتېبېر ھېكايىلىرى»دىن ھازىرقى زاماندىكى مارك تۋېن،
ھېمىڭۋاي ئىجادىيەتلىرىگىچە، شەرقتە قەدىمىي تۈركى تىللىق
خەلقلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى «ئالپاـ
مىش»، «دەدەقورقۇت»، «گور ئوغلى»، «ئوغۇزنامە»لەردىن
تارتىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، ئەلىشىر نەۋاـ
ئىنىڭ «خەمسە»، «لىسانۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ۋە يېقىنقى
زاماندىكى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «غېرىبلار ھېكايەتى» توپلىمىغىـ
چە ھەربىر دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر يىرىك نامايەندىلەر ئۆلۈم تېـ
مىسىنى ئەدەبىي يولدا ئىپادىلەش يۈكسەكلىكى بىلەن شۆھرەت
قازانغان.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىكى سول
ئىدىيىنىڭ ۋە ئەنئەنىۋى قاتمال چۈشەنچىنىڭ پاسسىپ تەسىرى
تۈپەيلىدىن، جەمئىيەتتە ھايات ـ ئۆلۈم مەسىلىسى ھەققىدە
پىكىر قىلىش روھىي چۈشكۈنلۈكنى تەرغىب قىلغانلىق، سوتسىـ
يالىزمدەك يېپيېڭى جەمئىيەت تۈزۈمى شارائىتىدا خەلقتە ئازاب
مەۋجۇت ئەمەس، بۇلارنى تەكىتلەش يېڭى تۈزۈمگە نارازى بولغانـ
لىق، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ روھىنى تەشۋىق قىلغانلىق دەپ
ئەيىبلىنىپ، بۇ ھەقتە گەپ قىلىشقا يول قويۇلمىدى. ھاياتلىق
پەلسەپىسى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئىلمىي ساھەدە پەقەت ھاياتنى
تىلغا ئېلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆلۈمگە ئېتىبارسىز قارايدىـ
غان، تۇغۇلۇش ھەققىدىلا توختىلىپ، ئۆلۈمدىن ئۆزىنى ئەپقاـ

چىدىغان، ھاياتلىق پەلسەپىسى ھەققىدە توختالغاندا ياكى ئەدەبىي-
يات ـ سەنئەت تەتقىقاتىدا ئۆلۈم ھەققىدە ئىغىز ئاچمايلا ئۇنىڭ-
دىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئۇنى تەتقىق قىلىشنى بولسا
تەقدىرچىلىك، چۈشكۈنلۈك، پاسسىپلىقنى تەرغىب قىلىش دەپ
قارايدىغان ئىدىيىۋى كەيپىيات ئەۋج ئېلىپ، ئۇنىڭغا «ئۆلۈم
پەلسەپىسى» دەيدىغان قالپاق كىيدۈرۈپ قويۇلدى. نەتىجىدە
پەلسەپە ـ ئىدېئولوگىيە، جۇملىدىن ئەدەبىياتتا دېيىلىدىغان
كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىدىن ئۆلۈم پەلسەپىسى قاراشلىرى
سىقىپ چىقىرىۋېتىلىپ، ھەقىقىي مۇكەممەل ھاياتلىق پەلسەپە-
سى تىكلەنمىدى.

غەرب ۋە شەرق تەپەككۇر تارىخىدا پەيلاسوپلار، دىندارلار،
ھۆكۈمالار ۋە تەبىئەتشۇناسلار ئىنساننىڭ ھايات ـ ئۆلۈم سىرى
ئۈستىدە قەدىمدىن بېرى كۆپ ئىزدەنگەن. ئۇلار ئىنسانىيەت
جەمئىيىتىگە باغلىق بارلىق پەن ساھەلىرىدە ھاياتلىق، ئۆلۈم
مەسىلىلىرىگە سەل قارىغىلى زادى بولمايدۇ دەپ تەكىتلەپ ئۆت-
كەن. غەرب پەلسەپە ـ ئېستېتىك ئىدىيە تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر
پەيلاسوپ ـ ئېستېتىكلاردىن پلاتون، ئارىستوتېل، سوقرات،
كانت، گېگېل، روسسو، فروئىد، نىتزى قاتارلىقلار مەخسۇس
نەزەرىيىلىرىدە بۇ پەلسەپىۋى تېمىنى ھەر جەھەتتىن ئىلگىرى
سۈرۈشكە ھەسسە قوشقان. شەرق ـ غەرب ئىدېئولوگىيە تەرەققىي-
ياتىدا خۇراپىيلىق، تەقدىرچىلىك ۋە دۇنيانى بىلگىلى بولماس-
لىق ئىدىيە ـ تەپەككۇرى ئىنسانىيەت روھىنىڭ ھەقىقەت ئىزدى-
نىشىنى چەكلەپ، ئەركىنلىك ئىستىكىنى تونجۇقتۇرۇپ، ئېغىر
بېسىمنى پەيدا قىلدى. قەدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە
ھايات ـ ئۆلۈم ئىككى دىنىي، تارىخىي پەلسەپىدە نۇقتىلىق شەرھ-
لەنگەن. يېڭى ئىختىرالار ئارقىمۇ ئارقا ئوتتۇرىغا چىققان ھازىرقى
زامانىۋى ئەسىردە، دۇنياۋى خاراكتېرلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنى-
شى، ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت، كېسەللىك ۋە جەمئىيەتنىڭ

ئۆزگىرىشگە ئەگىشىپ «ھاياتنى ئۇزارتىش» ئىنسانلارنىڭ ئەڭ
يۇكسەك ئارزۇسىغا ئايلاندى. بۇنىڭ تۇرتكىسىدە كىشىلەر ھايات-
نى ئۇزارتىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى ئىزدىگەنلىكتىن،
ھايات - ئۆلۈم تېببىي ساھەلەرنىڭ تار دائىرىسى بىلەنلا چەكلى-
نىپ قالماي، بەلكى تەبىئەت، ئىلاھىيەت، جەمئىيەت ئىلىملى-
رىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ ئىنسانشۇ-
ناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، پەلسەپە پەنلىرىدىن
ئايرىلىپ چىققان 300 نەچچە خىل يېڭى پەن قاتارىدا
«ھايات - ئۆلۈم ئىلمى» مۇ مۇستەقىل پەن بولۇپ شەكىللەندى.

جۇڭگو ھازىرقى زامان تارىخىدا لياڭ چىچاۋ ئەڭ دەسلەپ
«ئۆلۈم ئىلمى» نى ئايرىم پەن قىلىپ قۇرۇشنى تەشەببۇس قىل-
غان ئىدى. ئۇ، ئۆلۈمنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى پەلسەپە
ۋە دىنىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرگەن. ئۆلۈمنىڭ بىئولوگىيىلىك
ھادىسە ئىكەنلىكى بولسا تېببىي پەنلەر دائىرىسىدە سۆزلەنگەن
ئىدى. نۆۋەتتە، ئۇ ئېتىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگى-
يە، ئىقتىسادشۇناسلىق، نوپۇس ئىلمى، ياشانغانلار ئىلمى،
خىمىيە، ئېلېكترون ئىلمى، بىئولوگىيە، مېڭە - نېرۋا ئىلمى
قاتارلىق پەن ساھەسى بىللە ئەدەبىياتشۇناسلىق، سەنئەت
نەزەرىيىسى، پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە، دىنشۇناسلىق قاتارلىق
ساھەلەر بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق تەتقىقاتقا بۇرۇلماق-
تا. پەلسەپىدە ھاياتنى ئۆگىنىش — ئۆلۈمنى مەشىق قىلىشتۇر،
ئەكسىچە ئۆلۈمنى تەتقىق قىلىش — ھاياتنى چۈشىنىشتۇر.
ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىدىن ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرىغا
ئىدېئولوگىيىلىك نەزەر سېلىش ھەقىقەتەن چېتىلىش دائىرىسى
كەڭ، مۇرەككەپ پەلسەپە تەتقىقاتى، شۇنداقلا ئەدەبىيات تەتقىقا-
تىدۇر. ئۇنىڭ قاتلىمى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، تۆۋەندىكى مە-
سىلىلەر ھەققىدە ئىزدىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئازاب ئېڭى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ پەلسەپە ۋە

مەدەنىيەت مەنبەسى قايسى؟ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئازاب ئېڭىنىڭ ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكلىرى قانداق؟ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئىلمىي شەرھلەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۆلۈم قانداق ھادىسە؟ ئۆلۈمنىڭ قىممىتى نەدە؟ ھايات - ئۆلۈم قارىشىنىڭ ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىدىكى تەسۋىرلىنىش ئالاھىدىلىكى قانداق؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ئىزدىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، روھ قانداق نەرسە؟ دۇنيادا روھ ھەقىقەتەن مەۋجۇتمۇ؟ قەدىمكى كىشىلەرنىڭ روھ چۈشەنچىسى نېمىنىڭ ئىنكاسى؟ ئۇيغۇر قەدىمكى پەلسەپە - ئىدېئولوگىيىسىدىن روھ ئۆلمەسلىك چۈشەنچىسى قانداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە پەلسەپە، دىن، روھىيەت نۇقتىسىدىن نەزەر سالىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئىنسان روھىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك چۈشەنچىسى ئازاب ئېڭىدىن كەلگەنمۇ؟ ئۆلۈمنىڭ ھەيۋىتى، ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە ئۆلۈمدىن ھالقىشنىڭ مەنىسى ھەم قىممىتى نەدە؟ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ھايات - ئۆلۈم پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئورنى قەيەردە؟ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىدۇ، تەكشۈرىدۇ ۋە خۇلاسىلەيدۇ.

غەربتىكى بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ مەخسۇس مائارىپىدا ئۆلۈم تەربىيىسى ۋە «ھايات - ئۆلۈم پەلسەپىسى» خېلى بۇرۇنلا كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگونىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە، جۈملىدىن ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە مەخسۇس تەتقىقات ئەمدىلا قانات يايماقتا. مانا بۇ بىزنىڭ پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىمىزدىكى ھايات - ئۆلۈم ئېڭىنىڭ مەنبەلىرى، شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، قىممىتى، ماھىيىتىنى توغرا يەكۈنلەپ، ئۇيغۇر ھاياتلىق پەلسەپىسى سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشىمىزدىكى كۈچلۈك

ئىدىيىۋى ئاساس.

بىز ئازاب ئېڭىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنى ئادەتتە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئازابلىنىش ۋە ئىنسانىيەت ھاياتلىقى ھەققىدە ئازابلىنىش دەپ ئايرىيمىز. ئۇنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى ۋە شەكىلدارلىقىدىن قارىغاندا، قەدىمكى بۇددا، مانى دىن ئەقىدىسىنىڭ، ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك كۆڭزى تەرىقەتچىلىك ئېقىمى، داۋىنىزم ئېقىمى ۋە غەرب پەلسەپە تارىخىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر بىلەنمۇ مۇئەييەن ئوخشايدى-غان تەرەپلىرى بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدېئولوگىيە تارىخىدىكى ھايات - ئۆلۈم پەلسەپە مەسىلىسى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلى-قى، شامان، بۇددا، ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىدىكى دىنىي كۆز قاراشلىرى، غەربنىڭ مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسى بىلەن ئۆزئارا بىر-لىشىپ، ئۆلۈم پەلسەپە قاراشلىرىدىكى ئىۋولىيۇتسىيىلىك ھالەت-نى ئىپادىلەيدۇ. ھايات - ئۆلۈمنىڭ ئىدىيىۋى قاتلىمىنى تەبى-ئىيلىك قانۇنىيىتى ۋە غەيرىيلىك قانۇنىيىتى دەپ ئىككى تەرەپكە ئاجرىتىش مۇمكىن. كونكرېت قارىغاندا، (1) ھايات - ئۆلۈم-نىڭ دەۋرىيلىك نەزەرىيىسى، (2) ھالقىش نەزەرىيىسى، (3) يوقلۇق نەزەرىيىسى، (4) ئۆزگىرىش نەزەرىيىسى دەپ تۆت تىپقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ھايات - ئۆلۈمنىڭ دەۋرىيلىك نەزەرىيىسى. بۇنىڭدا، ئادەمنىڭ دۇنياغا تۆرىلىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلۈش ئۈچۈندۇر. تۇغۇلۇش - ئۆلۈش، ئۆلۈش - تۇغۇلۇش، ھەم ئۆلۈش، ھەم تۇغۇلۇش مەڭگۈ دەۋرىيلىنىپ تەكرارلىنىۋېرىدۇ. ھايات - ئۆلۈم ھەم باش نۇقتا، ھەم ئاخىرقى پەللە. ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇ-دات ئاخىر بىر كۈنى يوقىلىدۇ. ئىنسان ھاياتى ۋە ئۆلۈمى قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، تاغ - دەريا ... ئاسمان سەييارىلىرىدىن زېمىن ھادىسىلىرىغىچە ھەممە شەيئى ئىچىدە ئۆزىنىڭ سەۋەب -

نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنى روشەن ئىپادىلەپ دەۋرىيلىنىپ تۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

(2) ھالقىش نەزەرىيىسى. بۇ ئىككى تەرەپتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى دىنىي پەلسەپىدىكى ھالقىش، يەنە بىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ھالقىش. دىنىي پەلسەپىدىكى ھالقىش شۇكى، خرىستىئان دىنىدا كىشىلەر «جەننەت» تىكى ئەبەدىي ھاياتقا؛ بۇددا دىنىدا تۇغۇلۇش، ئۆلۈش ۋە كېسەللىكمۇ بولمىغان غايىۋى ھالەتكە؛ ئىسلام دىنىدا بولسا مۇسۇلمانلار ئاخىرەتتە «دوزاخ» ئازابىنى چەكمەسلىك ئۈچۈن ياخشى قىلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىبادەت قىلىپ، باقىي دۇنيادا روھنىڭ سائادىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ھايات ۋە ئۆلۈمدىن ھالقىش روھىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، دىن كائىنات، جەمئىيەتنىڭ غايىۋىيلاشتۇرۇلغان، سىرلىقلاشقان كۆرۈنۈشىدۇر.

(3) يوقلۇق نەزەرىيىسى. فرانسىيە پەيلاسوپى پاسكال «ئادەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى، ئۇ ھەر كۈنى ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ جازاغا تارتىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆزىگە نۆۋەت كېلىشىنى كۈتىدۇ. چەكسىز يوقلۇق — ئۆلۈمنىڭ مۇتلەق، مەڭگۈلۈكلىكىنىڭ دەلىلى، بارلىق مەۋجۇدات يوقىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ» دەپ قارىغان.

(4) ئۆزگىرىش نەزەرىيىسى. بۇنىڭدا، ھايات - ئۆلۈم — بىكىنمە چەمبىرەك ئىچىدە ئايلىنىش بولماستىن، ئەگرى - توقايلىق ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەش، راۋاجلىنىشتۇر. تۇغۇلۇش - ئۆلۈش بىر ئەۋلاد يېڭى ئادەمنىڭ كونا ئادەمگە ئايلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى ئۇنىڭ بىر ئەۋلاد يېڭى ئادەمگە ئالمىشىشى دەپ قارىلىدۇ.

ھايات - ئۆلۈمنىڭ تەبىئىي جەريانلىق نەزەرىيىسى بويىچە قارىغاندا، ئادەم تەبىئەتتىن كەلگەن ۋە تەبىئەتنىڭ ئۆز قوينىغا

قايتىپ  بارىدۇ. تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش گويا بىر كېچە ـ كۈن-دۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىگە ئوخشايدۇ. غەيرىيلىك نەزەرىيە-سى هايات ـ ئۆلۈمنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىش مۇساپىسىدا ئادەمنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش، قېرىماسلىق ۋە ياكى «ئۆلمەسلىككە تەل-پۈنۈشى» نىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشىدۇر.

قەدىمكى كىشىلەر مۇشۇ خىل چۈشەنچە ئاساسىدا هايات ـ ئۆلۈمنىڭ هالقىش نەزەرىيىۋى چۈشەنچىسىنى پەيدا قىلغان. ئۇلار ئالدىن كۆرەرلەر، دانىشمەن هېكىملەر، پەزىلەتلىك زاتلارنى پىر، ئەۋلىيا، يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاھ ياكى خىزىر دەپ سۈپەت-لەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان، ئاخىر رېئاللىقتىن هالقىغان خىسلەت-لىك قەهرىمان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىغا چوقۇنغان، ئۇلاردىن پاناه تىلىگەن. ئادەم ئۆزىنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق ئۆلۈشىنى بىلمەيدۇ. ئەمما هاياتىدا بىر قېتىملا ئۆلىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. ئۆلۈم ئىنسانىيەتنىڭ يارىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىغا قىيىن سوئاللارنى قويىدۇ.

2. هايات ـ ئۆلۈمنىڭ قىممىتى ۋە ئەبەدىيلىككە تەلپۈنۈش

هايات ـ ئۆلۈمنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى قارىمۇ قارشى-لىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. هايات بىلەن ئۆلۈم بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق ئىككى تەرەپ. هايات شۇنچىلىك ئاددىي ۋە سىرلىق. ئۆلۈم ئەكسىچە قورقۇنچلۇق هەم ۋەهىمى-لىك. مۇبادا ئىنسان هاياتى سىرلىق ۋە مەپتۇن قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغىنىدا ئىدى، ئۆلۈممۇ ئۇنچىلىك ئازابلىق ۋە قورقۇنچ-لۇق تۇيۇلمايتتى. شۇڭلاشقا ئۆلۈم ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد، ئەپ-سانە ۋە خەلق ئاغزاكى سەنئىتىنىڭ تەپەككۇر بۇلىقىنى تەشكىل قىلدى. هايات رىشتىسى ئۈچۈن قايغۇرغان ئادەم ئۆلۈمگە بولغان قارشىلىقتا تاۋلىنىپ چىقىدۇ. ئۆلۈم بولمىسا ئىنساندىكى رىشتە بولمايدۇ، تەبىئىي تۇغۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك هەممە نەرسە

بولمايدۇ. ئادەمنىڭ بۇ ئالەمگە ئاپىرىدە بولۇش، ئۆسۈش، قۇرامىغا يېتىش جەريانى مۇقەررەركى، ئۇنىڭ تەدرىجىي زەئىپلىشىشى، ئاجىزلىشىشى، ئاخىرىدا ئۆلۈشىنى بەلگىلەيدۇ. قەدىمكى ئىنسانلار ھايات ـ ئۆلۈمنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىگەن.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىئولوگىيىلىك شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەتتىن توختىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ماسلاشقان پرىنسىپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كائىناتتىكى بارچە جانلىقلار ھەرىكىتىنى، يەنى ئۆسۈش ۋە يوقىلىش تەرتىپىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئالەمگە نىسبەتەن قۇياش سىستېمىسىدىمۇ شەكىللىنىش ۋە ئاخىرىدا ھالاك بولۇش جەريانى مەۋجۇت. ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» نىڭ كىرىش قىسمىدا: «نۇرلۇق ئىللىق قۇياشمۇ سوغۇق ۋە ھالاك بولغان جىسىمغا ئايلىنىدۇ. ھايات دېمەك — ئۆلۈم دېمەكتۇر» دەپ كۆرسەتكەن، گېيوتى «مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھالاك بولىدىغان نەرسىلەردۇر.» دەيدۇ.

ئىنسان تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە بولغان جەريان ئومۇمىي سان ئۆزگىرىش جەريانى ھەمدە ئۇزلۇكسىز داۋاملىشىدىغان قىسمەن سۈپەت ئۆزگىرىش جەريانىدۇر. ئادەمنىڭ بالىلىق، ياشلىق، قۇراملىق دەۋرلىرى ھەم قېرىلىق مەزگىللىرىگە قەدەم قويۇشى قىسمەن سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تۈپلۈك سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىدۇ. ھايات بولغاندىلا ئادەمدە تەپەككۇر بولىدۇ، جەمئىيەتنىڭ رېئال پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلالايدۇ. ھايات ئاخىرلاشسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا دىموكرىت ئەينى چاغدا: «ئەخمىقانە، مەنىسىز، قانائەتسىز ياشاش زادى ياشاش ئەمەس، ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈش دېمەكتۇر» دەپ توغرا ئېيتقانىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھايات ـ ئۆلۈمدە سۈپەت پەرقى بار.

بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر مۇساپىسىدە ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا ئۇ ھاياتلىق قىممىتى بىلەن ئۆلۈمنىڭ قىممىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل قىممەتنى ئىپادىلەيدۇ. ھاياتلىق قىممىتىنى يارىتىشتا، ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ھامان ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا كىشىلەرنىڭ ھايات ـ ئۆلۈمگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىنسانىيەتنىڭ ھەققانىي، ئادالەت ئىشلىرى ۋە تەرەققىياتقا بېغىشلاپ، پۈتكۈل ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە بىلىم ـ كامالىتىنى ئىنسانىيەتكە، مىللەتكە شەرتسىز ئىشلىتىپ، ھاياتىنى تەقدىم قىلالىسا، شۇ چاغدا ئۇ ھايات قىممىتىنى يارىتالايدۇ. ئايرىم شەخسنىڭ ئۆلۈمى تاسادىپىي ئۆلۈم، تەبىئىي ئۆلۈم، ئالاھىدە ئۆلۈم، كېسەللىك تۈپەيلىدىن ئۆلۈش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، باشقىلارنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ ئۆلۈش، ئاددىي ئۆلۈم ياكى ئۇلۇغ ئۆلۈم، شەرەپلىك ئۆلۈم ياكى ئەرزىمەس ئۆلۈم دەپ پەرقلەنگەچكە، ئادەمنىڭ ھايات قىممىتى بولۇش بىلەن تەڭ ئۆلۈم قىممىتىمۇ بولىدۇ. ئادەم ھاياتىنى قەدىرلەپ، ئۆز تۇرمۇشىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇھەببەت باغلىيالىغاندىلا، بۇ دۇنياغا چۈشكۈنلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، نەپرەتلىنىش، بىزارلىق تۇيغۇسى يەلكىسىنى بېسىۋالمايدۇ. جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا تېڭىرقاپ قالمايدۇ. ئەكسىچە تۇرمۇشتا، ھاياتلىق كۈرەشلىرىدە ھەر قاچان ئىرادىلىك بولۇپ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نۇر چاقنىتالايدۇ.

دېمەك، ھايات ـ ئۆلۈم ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تايىنىپ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىپ، ھەم بىر ـ بىرىنى چەكلەيدىغان قارشى تەرەپلەردۇر. ئۇلار سېلىشتۇرۇلۇش ئاساسىدا مەۋجۇت بولىدۇ، كۈرەش ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ. ھاياتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئىچىدە مۇئەييەن شەرت ـ شارائىت ئاستىدا ئۆزئارا ئۆتۈشىدۇ، ئۆزئارا رول ئوينايدۇ. ھايات ـ ئۆلۈم زىددىيەتلىك بىر

شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، ئۇ ھاياتتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن-لۈك ئىچىدە مەۋجۇت. ھايات ئۆلۈمنىڭ ئاساسى، ئۆلۈم ھايات-لىقنىڭ قايتىش نۇقتىسى. تۇغۇلۇش بولمىسا، ئۆلۈشمۇ بولماي-دۇ. ھايات بىلەن ئۆلۈم مۇئەييەن شەرت ـ شارائىتتا بىر ـ بىرىگە ئايلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ھايات مەلۇم شارائىت ئاستىدا ئۆلۈمگە ئايلىنىدۇ. ئەزگۈچى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ۋەكىللىرى پۇل، ھوقۇق ـ مەرتىۋە ئۈچۈن خەلقنى قاقشىتىپ جازا مەيدانىغا چىقى-دۇ، بۇ تاشقى ئامىل، يەنى ئۆزگىرىشنىڭ شەرتى؛ ھۆكۈمران تەبىقە ـ گۇرۇھنىڭ ھايات ـ ئۆلۈمگە بولغان چۈشەنچىسى ئىچكى ئامىل، يەنى ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسى. دۆلەت ـ مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى، خەلقنىڭ تەقدىرى ـ كېلەچىكى ئۈچۈن ياش تۆكۈپ، ئۆز ھاياتىنى خەلقنىڭ ئەركىنلىك ئىشلىرىغا بېغىشلىسا بۇنداق ئۆلۈم قانچىلىك ئازابلىق، ئېچىنىشلىق بولۇشتىن قەت-ئىينەزەر، ئۇ يۈكسەك ۋە قەدىر ـ قىممەتلىك. سىماچيەن ئىل-گىرى «ئادەم ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭ-گىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ» دېگەن ئىدى. شەرق كلاس-سىكلىرىدىن ناسىر خىسراۋ ئوبرازلىق قىلىپ:

ياخشىغا ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەيدۇ ئادەم،
يامانىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ ئالەم.

دەپ يازغانىدى. ئۆلۈمنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ئەھمىيە-تىدە ئاددىي ۋە ئۇلۇغلۇق، شەرەپلىك ۋە رەزىللىك، قەدىرلىك ۋە قەدىرسىزلىك پەرقى مەۋجۇت. ئۆلۈم سېتىۋالغىلى ياكى سې-تىۋەتكىلى بولمايدىغان سوۋغات، ئادەملەر ئارىسىدىكى بىردىنبىر باراۋەر ھوقۇق، ئۇ ئىنسانلار تەبىقىسىنى گويا بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى، جانجىگەر قېرىنداشلارغا ئوخشاش بىر يەرگە ئەكىلە-

لەيدۇ. ئۆلۈم ئالدىدا چىرىكلەشكەن ھايات، ئىسىلزادە بەگ-ئەمەلدارلار، پۇل ۋە ھوقۇق، ساختا شۆھرەت، ئالدامچىلىقلار، ئېزىش-ئېزىلىش ھەممىسى تەڭلىشىپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ھايات قىممىتى ئۆلۈش قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئۆلۈمنىڭ ھاياتقا ئايلىنىشىدا يۈكسەكلىك بىلەن رەزىللىك تەڭ ئىپادىلىنىدۇ. بەزىلەر ھاياتىدا تولىمۇ خەسىس، قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان، نىشانسىز بولۇپ، ئۆلۈمدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىدۇ. ئۆز جېنى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈنلا ھەر قانداق دەۋر بورىنىغا، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ. ھەتتا دۆلەت، مىللەتكە، قان قېرىنداشلىرىغا ئۇرا كولايدۇ. ئۆز تۇپرىقىنى تاجاۋۇزچىلارغا مۇنقەرز قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار «ھايات»قا ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە يەنە بەزىلەر ئۆمۈر بويى دۆلەت تەقدىرى، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى، خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ. خەلقنىڭ كۈلگىنىگە كۈلۈپ، بەختسىزلىكىگە يىغلايدۇ، بۇ يولدا ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزىدۇ، ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ. ئۇلار ئۆلسىمۇ خەلق قەلبىدە «ئەبەدىي ياشايدۇ.» ئۇلارنىڭ نامى ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ، تارىخ ئابىدىسىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

ئەگەر ئادەمگە ھايات پۈرسىتى بىرلا قېتىم كېلىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا ئۆلۈم ئۇنىڭ ئاداققى مەنزىلىدۇر. مۇبادا، دۇنيادا ئىنسان ئىزىدىن مەڭگۈ يوقالمايدىغان بىر نىشان قالىدۇ دېيىلسە، ئۇ چوقۇم ئىنسان قەدەم ئىزلىرىدىن پۈتكەن تارىختۇر. ئىنساننىڭ ئۆمۈر مەنزىللىرىنىڭ خۇشپۇراق گۈل-چېچەكلىرى بىلەن مەنىۋى مىراسلىرى تارىخنى بەرپا قىلىدۇ. روشەنكى، بۇ تارىخ ئاشۇ ئۇلۇغ ئىنسان كامالىتى بىلەن ئەبەدىيلىككە ئىگە.

پەيلاسوپلارنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك ھاياتتىكى بارلىق تىرىشچانلىقلار ھەم ئىنسانىيەتنىڭ مەرىپەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يارىتىلىشىدىكى تۈپ مەقسەت پەقەت ئۆلۈمگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈندۇر. نىل دەرياسى بويىدىكى ھەيۋەتلىك قەدىمىي ئېھراملارنىڭ

نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ كۆركەم، سىرلىقلىقى بىلەن كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ مەھلىيا قىلىشى ئۇنىڭ ئىجادـ چان مىسىرلىقلار ئەجدادىنىڭ ئۆلۈم ئېڭىنى ئىپادىلىگەن بۈيۈك ئىمارەت بولغانلىقىدۇر. مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ جەسەتلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك پىرامىدالار ئىچىگە دەپنە قىلىنىشى ۋە مومىـ يالىنىشى — جەسەتنىڭ چىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ۋە روـ ھىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆچمەسلىكىگە ئىنتىلىشىنىڭ بەلگىسى. شۇڭا ئېھرام قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ئەبەدىيلىك ئەقىدىسىنىڭ سىمـ ۋولى دەپ قارىلىدۇ. پارىژدىكى مەشھۇر بۈۋى مەريەم چېركاۋىـ دىن ياڭرىغان توۋىنامە ۋە قوڭغۇراق ئاۋازىدىن خرىستىئان مۇرىدـ لىرىنىڭ «ئېھ! پەرۋەردىگارىمىز، بىزنى ئۆز قوينۇڭدا ئەبەدىي ھاياتقا مۇيەسسەر قىلغايسەن!!» دېگەن مۇڭلۇق ئىستىغبار ـ نالىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. مېمارچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلـ غۇچى ئالىملار قەبرە ئادەمنى دەپنە قىلىدىغان جايلا ئەمەس، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئالەم ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ سىمۋولى. ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئۆلۈم سىرلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئوبرازـ لىق شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قارىغان. ئامېرىكا ئالىمى مانفورد ئۆزىنىڭ «شەھەر تەرەققىيات تارىخى» ناملىق كىتابىدا: «ئۆلگەنلەر ياكى ھالاك بولغان نەرسىلەرنى قەدىرلەش پسىخىكىـ سى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ بىرخىل مۇقىم پسىخىكىلىق ھېسسىـ ياتى، كېيىنكىلەر بەرپا قىلغان شەھەردىن ئۆلگەنلەر بەرپا قىلغان شەھەر كونا ۋە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ شەھىرى تىرىكلەر شەھىرىنىڭ ئۇلى ۋە تىرىكلەر شەھىرىنىڭ مەركىزىدۇر» دەپ يازىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارغا ئائىت قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلـ مىسى، دەپنە قىلىش شەكىللىرىگە نەزەر سالساق، ئۆلۈمنى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ھادىسە دەپ قارىغانلىقىنى ھەمدە ماددىي بۇيۇملارنى ئۇ ئالەمدە ئىشلىتىش ئۈچۈن قوشۇپ دەپنە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەـ

گەنلىكىنى كۆرىمىز.

دۇنيادا ئادەم قىلالمايدىغان، يېڭەلمەيدىغان مۇشكۇل ئىش يوق دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ھېچ كىشى ئۆلۈمنى يېڭەلمىگەن ياكى ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. خرىستوس ئەيسا رىم پاپىسى تەرىپىدىن جازالىنىپ كرېستقا مىخلانغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچە قورقۇش ئالامىتى سېزىلمىگەن. قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى سوقراتنى سوت مەھكىمىسى ئۆلۈمگە بۇيرۇغاندا، ئۇ جازا مەيدانىدا كۈلۈپ تۇرۇپ مەي ئىچكەن. ئۇنىڭ دوست - يېقىنلىرى بولسا كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆككەن. ئۇ تېخى ئۆلۈم ئالدىدا باشقىلارغا قېپقالغان قەرزلىرىنى تۆلىگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىدىن باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر پادىچى شىراق تاجاۋۇزچى دارانىڭ ئۆز قەبىلىسىگە بېسىپ كەلگىنىنى كۆرگەندە، ئۆز قۇلىقىنى كېسىپ تاشلاپ دۇشمەنگە يالغاندىن تەسلىم بولۇپ، ئۇلارنى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئالداپ ئەكىرىپ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغاندىن كېيىن دۇشمەن قولىدا مەردلەرچە جان بەرگەن. ھازىرقى زامان تارىخىمىزدا قۇتلۇق شەۋقى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئوت يۈرەك شائىر، ئەدىبلىرىمىز ۋەتەن، ئەل - يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى تەقدىم قىلغان.

بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنىڭ قانچىلىكلىكى بەلگىلەيدۇ. بارلىق ئىنسان ئۆز نامىنىڭ مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك بولۇشىغا ئىنتىلىدۇ. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇتەپەككۇرلار، پەيلاسوپلارنىڭ بۇ مەسىلىدە ئۆزگىچە قاراشلىرى بار. غەرب پەيلاسوپلىرى روھ (قەلب) بىلەن تەندىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىنى چىقىش قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىردە كاتولىك ۋە خرىستىئان دىنى پەلسەپىسىدە «روھ ئۆلمەسلىك» ئىدىيىسى تەرغىب قىلىنغان. يېقىنقى زاماندا روھ ئەركىنلىكى ئىرادە ئەركىنلىكىگە راۋاجلىنىپ، غەربنىڭ پەلسەپە

ئەنئەنىسىگە ئايلانغان. خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى پەلسەپە چۈشەنچىسىدە ئەبەدىيلىك بىلەن ئىجتىمائىي ھاياتنى باغلىغان بولۇپ، «زۇچۇەن يىلنامىسى»دا «ئۈچ مەڭگۈلۈك» (ئۆچمەسلىك) قارىشى سۆزلەنگەندى. بۇنىڭ بىرىنچىسى، مۇكەممەل ئەخلاق؛ ئىككىنچىسى، ھۈنەر-تۆھپە يارىتىش؛ ئۈچىنچىسى، ھېكمەت ۋە تەلىم ئارقىلىق ياخشى نام قالدۇرۇشتىن ئىبارەت. مەڭگۈلۈككە تەلپۈنۈش ۋەجىدىن، قەدىمكى مىسىر فىرئەۋنلىرى، رىم ئىمپېراتورلىرى، ئوتتۇرا جۇڭگو سۇلالىلىرىنىڭ پادىشاھلىرى ۋە تۈرك-ئۇيغۇر ئىمپېراتورلىرىغا غايەت زور ھەيۋەتلىك ئېھراملار، قەبرىلەر ۋە تاۋاپگاھلار ئورنىتىلغان. قەبرىلەرگە قىممەت باھالىق بۇيۇملار قوشۇپ دەپنە قىلىنغان. ئېسىل مەرمەرتاشلاردىن ئابىدىلەر ئويۇپ قەبرە بېشىغا تىكلەنگەن. ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆلۈمگە، ئۆلگۈچىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت، سېغىنىش ۋە روھنىڭ ئەبەدىي ئۆچمەسلىكىنى ئارزۇ قىلغان.

قانداقلا بولمىسۇن، ئادەمنىڭ ئۆلۈمى قايغۇ-ھەسرەتلىك، ئېچىنىشلىق ھەم ئازابلىق. بۇ ئازاب ئۇلۇغ كىشىلەرگىمۇ، ئاددىي كىشىلەرگىمۇ ئورتاق. بۇ ئەبەدىي ئازاب ھەممە ۋاقىت، ھەممە جايدا دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ھايات ۋە ئۆلۈم ھەربىرىمىز باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ھەم باشتىن ئۆتكۈزۈشنى كۈتۈۋاتقان، ھاياتتا چوقۇم ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان تۈپ مەسىلە. ئۇ كىشىلەرنىڭ ھايات قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىغا، شۇنداقلا جەمئىيەتكە قوشىدىغان تۆھپىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ يالغۇز بىئولوگىيىلىك، فىزئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق ھادىسە ھەم تەبىئەت ھادىسىسى بولۇپلا قالماستىن، بىر چوڭ مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئازاب ۋە ئۆلۈمنى ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئەسلىي پسىخىك ئاڭ ۋە ئىدىيە دەپ قاراپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە خۇلاسىلەش — پەلسەپە، دىن، مەدەنىيەت، ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات

تەتقىقاتىدىكى بىر چوڭ بوشلۇق ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ھاياتلىق، ئەدەبىيات ۋە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭى

ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق تەرەققىيات تارىخىدا، سەنئەت ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. جۈملىدىن ئىنساننىڭ مەرىپەت تەرەققىياتىغا ھەمراھ بولۇپ، ھەربىر دەۋردىكى مەدەنىيەت ئىدىيىسىنىڭ يېڭىلىقى ۋە يۈكسىلىشلىرىنى نامايان قىلدى. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ راۋاجلىنىپ كەلدى.

بىز قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ سىرلىق مەنىۋى روھىيىتىنى بەدىئىي سۈرەتلەپ بەرگەن سەنئەت تارىخىغا، يەنى قىيا تاش سەنئىتى، مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق، مېمارچىلىق، يادا تاش، مەڭگۈ تاشلارغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ جاھالەتلىك ياۋايى ـ مۇدھىش دەۋرلەردە ئۆز تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئۇنچىلىك جىددىي تەقەززاسى بولمىغان سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قانداق بىر ھەۋەس ـ ئىشتىياقنىڭ تۈرتكىسىدە كىرىشىپ قالغانلىقىغا ھەيران قالىمىز. بۇ بىزنىڭ ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى، يەنى ئەڭ دەسلەپكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر يارالمىلىرىنى ئاڭلىق ياكى ئىستىخىيىلىك ھالدا ئىجاد قىلغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەنئەت ئېڭى ۋە تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر تەرەققىياتىنى چۈشىنىشىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بىز قەدىمكى سەنئەتنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىن، ئادەمنىڭ رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىدىن مەلۇم ئۇسۇل بىلەن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىشى ۋە روھىي ـ جىسمانىي ئەركىنلىككە، شاد ـ بەختىيار مۇھىتقا تەشنالىقىدىن ئىبارەت ئەسلىي ماھىيەتلىك ئاڭنى بايقىيالايمىز. بۇ خىل سەنئەت ئىجادىيىتى كۈچىنىڭ مەنبەسى ئىنسان قەلبى-

ىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئەسلىي ھاياتلىق ئىقتىدارى، ھاياتلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدى ھەم تۇرمۇشتىكى ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىدىن ئىبارەت. بۇ ئەسلىي پىسخىك كۈچنىڭ ماھىيىتى شەخسنىڭ بارلىق مۇمكىنچىلىكلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، بۇرۇقتۇرما بولغان، تۇنجۇققان روھىيىتىنى مەنىۋى ئازادلىككە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

تەبىئەت ئۆز قوينىدىكى ئادەمگە ئەزەلدىن چەكسىز مەرتىۋە ۋە ھوقۇق نېسىپ قىلغان ئەمەس، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ئامىللىرى ئىنسان تۇرمۇشىنى كۆپ تەرەپلەردىن چەكلەپ ۋە بويسۇندۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە تەبىئەت قوينىدىكى ماددىي ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى، تەبىئىي ئاپەتلەر، ئۇرۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ماددىي بۇيۇملارنىڭ قىسلىقى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تىرىكچىلىكىگىمۇ ھەر ۋاقىت تەھدىت ـ ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىش تەقسىماتى شەكلىدىكى ئەركىن پائالىيەتلىرىنى بىر تەرەپلىمە مەشغۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى بېسىپ قويدى. گەرچە ئادەملەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سۈپىتى بارا ـ بارا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما روھىي ھېسسىياتى ئۆزىنى ئەركىن نامايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ رېئال ھادىسىلەردىن ھالقىغان ئالاھىدە بىر خىل پىسخىك ئىقتىدار — تەسەۋۋۇر ۋە خىيالنى پەيدا قىلدى. تەسەۋۋۇر ئارقىلىق كىشىلەر ئۆزىدىكى ھارغىنلىق، زېرىكىش، بىزارلىق، تىت ـ تىتلىقنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خىلمۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئويلاپ، شۇنىڭدىن كۆڭلى تەسكىن تاپىدىغان، شادلىنىدىغان قەلب ئازادلىكىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتى. ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر خۇددى شېرىن چۈشكە ئوخشاش، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى رېئاللىقتىكى جەبىر ـ جاپا، ھارغىنلىق، چارچاش، قايغۇ ۋە غېرىبسىـ

نىشلاردىن بىردەم بولسىمۇ خالاس قىلاتتى.

ئىنساننىڭ ئەركىن - ئازادىلىككە ئىنتىلىش مەقسىتىدە شۇغۇللانغان مەنىلىك پائالىيەت - ئويۇنلىرى بىر خىل ئېستېتىك ئوبيېكت سۈپىتىدە كىشىلەرگە زوق ئاتا قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولىدۇ؛ تەسەۋۋۇر - خىيال سەنئەتنىڭ دەسلەپكى فورمىسىنى پەيدا قىلغاندا، ئۇ مۇ-ئەييەن بەدىئىي ھېس - تۇيغۇلارغا ھامىلدار بولۇپ، مۇئەييەن قىممەت يۈزلىنىشى بىلەن مەقسەتدارلىققا ئىگە بولىدۇ - دە، ئېستېتىك گۈزەللىكتىن ۋە ئۇنىڭغا مەپتۇنلۇقتىن ئىبارەت بىر تۈرلۈك سەنئەت روھى تۇغۇلىدۇ.

سەنئەت سەنئەتكارنىڭ ئەڭ ئەركىن تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر قىلىدۇ ھەمدە ئىنساننىڭ قەلب ئالىمىنىڭ كەڭلىكىنى ھەم غايە نىشانلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. شەخس-نىڭ ئۆز جىسمىدىكى ئىجادچانلىقى جارى قىلىنىدۇ ۋە ئالاھىدە ئېستېتىك گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ. سەنئەت قوينىغا قۇتۇل-غىلى بولمايدىغان زىددىيەتچانلىق يوشۇرۇنغان. سەنئەت ئىنسان-نىڭ مۇرەككەپ ئېستېتىك گۈزەللىك تۇيغۇسىنى مەنبە ۋە ئوب-يېكت قىلىپ، ئىنساننىڭ كۈچ - قۇدرىتى، ئارزۇ - تەلەپلىرى، مەنىۋى ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىزارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ-ڭا، سەنئەت ئەسلىي يىلتىزى - مەنبەسىدىنلا مەڭگۈلۈك ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچانلىقى بىلەن ئىنسان ئېڭىدى-كى ھاياتلىققا تەلپۈنۈش ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر كۈرەشنى، شۇنداقلا ئىنسان تەقدىرىنى ھەم ھاياتلىق ئەھمىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن. بىزنىڭ ھاياتىمىز چەك-لىك ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلاشسىمۇ، ئەمما ھاياتلىقنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈك، ئەبەدىي بولىدۇ. ئالەمنىڭ بارلىق يارالمىلىرى ئۆز رىتىمى، قانۇنىيىتى بويىچە كېتىۋېرىدۇ. پەقەت تەبىئەت قوينىدا ئىلگىرى - كېيىن يارالغانلىكى نەرسىلەر ئاخىرى يوقىلىدۇ،

ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ ۋە يېڭىسى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئىنساندا مەڭگۈلۈك ھايات بولىدۇ دەيدىغان بولساق، ئۇ پەقەت بىر خىل جىسمانىي ھاياتلىقنىڭ روھىي ھاياتلىققا ئۆتۈشى، ھاياتلىق شەكلىنىڭ بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە ئۆتۈشىدۇر. روھىي ھاياتلىق ياكى ھاياتلىقنىڭ بىزگە مەلۇم بولمىغان ھالىتى مەڭگۈلۈك سىردۇر.

ھەقىقەتەنمۇ بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆلۈم بىردىنبىر بويسۇندۇرغۇچى، ھەممىنى تەڭشەيدىغان مىزان. ئۇ ئادەمنىڭ نەسەبىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە، ئېسىل - ئاددىيلىقىغا باقمايدۇ. ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق (ھاياتلىق) سەھنىسىدە، ئۇ گويا پەردە ئارقىسىدىكى قەھرىمانغا ئوخشايدۇ، فىروئىد ئالدى بىلەن ئادەمدە بىر خىل «مەۋجۇتلۇق قابىلىيىتى» نىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، يەنە ئادەمدە بىر خىل «ئۆلۈم قابىلىيىتى» نىڭ بار ئىكەنلىكىنىمۇ قەيت قىلغان.

روشەنكى، ئىنسان ئۈچۈن يېڭى تۇرمۇش، يېڭى تەسىر تولىمۇ قىممەتلىك. چۈنكى يېڭىلىق ھاياتلىق ۋە تۇرمۇشنىڭ مەنىسى. ئۇ ئىنسانغا يېڭى ھېسسىيات ئاتا قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئېستېتىك ئاڭ قاتلىمىنى، ئىدىيىسىنىمۇ يېڭىلايدۇ ۋە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. دەرۋەقە كونىلىرىمۇ يەنىلا تۇرمۇش، لېكىن ئۇ كۈنسېرى قاتماللىشىپ يوقىلىۋاتقان تۇرمۇشتۇر. ئىجادچانلىق ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىنساندىكى تۈپكى خۇسۇسىيەت. يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىش — ئىنسان ھاياتىنىڭ يۈزلىنىشى. بىر كىشىنىڭ تۇرمۇشى قانچىكى موللاشقانسېرى، ئۇنىڭ قاراشلىرى، ئىدىيىسى شۇنچە چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. ئادەممۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى شۇنچە تونۇپ بارىدۇ.

ئادەم دەل مەنپەئەتچان بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭدا ئازاب بولىدۇ. ئادەم مەنپەئەت ئىچىدە ئازابقا گىرىپتار بولغاچقا، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ مەنە تاپىدۇ. ئىنساندىكى ھەقىقىي مەنىۋى ئازابنىڭ

مەنبەسى دەل ئۇنىڭ كۈچلۈك ئۆزىنى بېغىشلاش تۇيغۇسىدىن كېلىدۇ. ئۇ ئادەمدىكى يوشۇرۇن پاراسەتكە باغلانغان. ھەر بىر ئادەمدە ئادەتتە ئىككى خىل پاراسەت بولىدۇ. بىرى، ئادەمنىڭ ئابستراكت شەيئىنى چۈشىنىش ئىقتىدارى، يەنە بىرى، كونكرېت شەيئىدىن تەسىرلىنىش ئىقتىدارى. ئالدىنقىسى ھەر خىل شەيئى- لەر مۇناسىۋىتىدىن پەيدا بولغان ئاڭدىكى مەنتىقە. كېيىنكىسى بولسا بۇ مەنتىقىنىڭ چوڭقۇر ئىچكى ئاساسى. مەيلى ھاياتنىڭ ئازابى ياكى ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسى ھەققىدىكى تونۇش بولسۇن، ئۇ ئالدى بىلەن شەيئىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىش ئاساسىدىكى ھېسسىياتتىن پەيدا بولىدۇ. ھېسسىيات ئىنساننىڭ تەقدىرىگە باراۋەر ئورۇندا تۇرالايدۇ. چۈنكى ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئارزۇ- ئىنتىلىشلىرى ھېسسى- ياتنىڭ يۆلەنچۈكى، ھېسسىيات— ئىنسان ھاياتىنىڭ ئايرىلماس ھەمراھى، ئۆز نۆۋىتىدە ھاياتلىقنىڭ گۆركارى. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بارلىق سەنئەتكارلار، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىگە ھاياتىي كۈچ، مەزمۇن، جان ئاتا قىلغۇچى؛ ئۇ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت ئىدېئولوگىيە شەكلىدە ئىنساننىڭ مەۋ- جۇتلۇق ئېڭىنى بەدىئىي تۇستە جانلىق، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۇ- رۇپ بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل.

مەيلى قانداق شەكىلدىكى گۈزەللىك ھېسسىياتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خىيال ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، ئىنسان غايى- سىنىڭ ئەركىن مەنزىرىسى بىلەن رېئال دۇنيانىڭ ھايات تەجرى- بىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ زىددىيەت كۈرىشى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئىنساننىڭ ئازابى، دەرد - قايغۇ ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسى تۈگىمەيدۇ. مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆزىنى قۇربان قىلىش شەكلىدىكى تراگېدىيىلىك ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەچكە، سەنئەتتە ھاياتلىق - ئۆ-

لۇم، تەقدىر، قىساس، ئەركىنلىك، ھايات قىممىتى، روھنىڭ
مەڭگۈ ياشىشى دېگەندەك مەسىلىلەر تولىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئېتىد-
دۇ. «گۈزەللىك» ۋە «رەزىللىك» نىڭ كۈرىشى، تاللىشى ۋە
ئاقىۋىتى بەدىئىي رەۋىشتە تىپىكلەشتۈرۈلۈپ، يۇقىرى ئېستې-
تىك پوزىتسىيە ۋە ئېستېتىك قىممەت يارىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاسا-
سى دەل بۇنداق تراگېدىيە ئازابلىرىغا، ھالاكەتلىك ئىسەنكىرەش-
لەرگە تولغان دەۋر رېئاللىقىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتلىك
ھادىسىلەر — ئۇرۇش، قان تۆكۈلۈش، تاجاۋۇزچىلىق، تەبىئىي
ئاپەت، كېسەللىك، زۇلۇم قاتارلىقلاردۇر. قەدىمكى شىراق،
تۇمارىس قاتارلىق قەھرىمانلىق تراگېدىيىلىرىدىكى تىپلارنىڭ ئا-
زاب - ئوقۇبىتى، دەرد - ھەسرەتلىك سەرگۈزەشتلىرى ئاشۇ دەۋر
تارىخىدىكى رېئال ھادىسىلەرنى مەنبە قىلغان بولسا، «مەڭگۈ
تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى» دىكى تارىخىي قەھرىمان شەخسنىڭ
دۆلەت، خەلق تەقدىرى ھەققىدىكى ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى-
نى كۆك تۈرك خانلىقىدىن كېيىنكى قەدىمكى ئۇيغۇر دۆلىتى
يولۇققان تارىخىي قىسمەتلەر ئاتا قىلغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى-
نىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىش خەۋپى «قۇتادغۇبىلىك» بەدىئىي غايى-
سىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈمرانلى-
قى دەۋرلىرىدىكى مۇرەككەپ سىياسىي تارىخىي رېئاللىقلار
«گۈل ۋە بۇلبۇل» ، «گۈل ۋە نەۋرۇز» ، «مۇھەببەتنامە ۋە
مېھنەتكام» ، «پەرھاد - شېرىن» ، «لەيلى - مەجنۇن» ،
«رابىيە - سەئىدىن» ، «نۇزۇگۇم» غا ئوخشاش قەھرىمانلىق ترا-
گېدىيىلىرى، تەقدىر تراگېدىيىلىرى، تارىخىي، سىياسىي تراگې-
دىيىلەرگە مەنبە بولغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئۆت-
مۈشى «ئىز» ، «ئويغانغان زېمىن» ، «ئاخىرەتتىن كەل-
گەنلەر» ، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» گە ئوخشاش ئەدەبىيات نەمۇنى-
لىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. شۇڭا ئازاب ئېگى ئىنساننىڭ تۈپ

يــوشۇرۇن پسخىك ئالىي قاتلىمى بولۇپ، سەنئەتتە تراگېدىيە ژانىرىنى ئالدى بىلەن مەيدانغا كەلتۈردى ۋە ئۇنى ئۆلۈم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ يۇكسەك ئېستېتىك گۈزەللىك ياراتتى. شۇنىڭدەك ئازاب ـ رىيازەت چېكىش، ئۆلۈم ـ ھالاكەت ئىچىدە شــەخس مەۋجۇتلۇقىنىڭ يوقىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن ئازاب ـ ھەسرەت ۋە ئەسلىمە قېلىپ قالىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللەتنىڭ يەنە مەۋجۇت بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلدى.

دەرۋەقە، بەزىلەر بۇگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ھەققىدە توختال-غىنىدا، ئەدەبىياتنىڭ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭىنى ئىپادىلە-شى — زامانىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى بىر چوڭ ئىزدىنىش دەپ قارىشى مۇمكىن. دەرھەقىقەت، ئىنساننىڭ ئېڭى ئۇنىڭ شەخس ھاياتلىق مەۋجۇتلۇقىنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئادەمنىڭ شەخسي ھاياتىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن رول ئــوينايدۇ. بىز ئەدەبىياتنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەنمىز، ئۇنداقتا ئۇ-نىڭ پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدا مەۋجۇتلۇق ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلەشمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. سەنئەت مەزمۇنى-دىن شەكلىگىچە ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەسىلىسى بىلەن زىچ باغلانغان. سەنئەتتىكى رىتىم سەنئەتنىڭ شەكلى بىلەن بەدىئىي تەسىر كۈچىنىڭ بىر مۇھىم ئامىلى بولالىشىدىكى سەۋەب، ئۇ بىر تەرەپتىن، ئادەمنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان تەرتىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى قاتارلىق رىتىمدارلىق ھادىسىسىنىڭ ئىنكاسى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەمنىڭ ئۆز جىسمىدىكى فىزىئولوگىيىلىك نەپەسلىنىش، ھەرىكەت، تىنچلىنىش، ئىل-گىرىلەش، چېكىنىش قاتارلىق رىتىمدارلىق ھادىسىسىنىڭ ئىن-كاسى بولغانلىقىدۇر. بۇ ئىككى خىل رىتىمدارلىق ئادەم ئۆزى موھتاج بولغان ئىجتىمائىيلاشقان ھەرىكەتنى ساقلاش ھەم راۋاج-

لاندۇرۇش ئارقىلىق چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە يۈكسىلىدۇ. بۇ يەردە
بىرىنچى ئامىل بولسا ئەمگەك ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىدىن ۋە
ئەمگەكنىڭ يەڭگىللىشىدىن پەيدا بولغان شادلىق تۇيغۇسى بو-
لۇپ، ئەمگەك قىلغۇچىنىڭ بۇ خىل ئىنكاستىن پەيدا بولغان
شەخس ئېڭى ئۆزىنى قوغداش ۋە ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئېڭىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا سەنئەتتىكى رىتىم پەقەت مەلۇم مەز-
مۇنىنىڭ تاشقى شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا نىسپىي مۇستەقىللىق ۋە
مەۋجۇتلۇق بار. ئەمما ئۇنىڭ رېئال ئادەمنىڭ شەخس ئېڭى بىلەن
باغلىنىشىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنە ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭىنىڭ
مەلۇم شەكىلدە كۆرۈنىشىدۇر. سەنئەتنىڭ باشقا شەكىل ئامىل-
لىرىنىڭ گەرچە ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە
سۈپەت مۇقىملىقى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم-
نىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىدۇ. ئەدەبى-
يات بىلەن ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭى قەدىمدىن بېرى زىچ
باغلانغان. ئىلگىرى كىشىلەر ئەدەبىيات بىلەن ئىنساننىڭ مەۋ-
جۇتلۇق ئېڭىنىڭ باغلىنىشىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتە تەكىتلىمە-
گەنىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭىنىڭ
ئىپادىلىنىشىنى كۈچەپ تەكىتلەش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش، شۈبھى-
سىزكى، زامانىمىز ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى بىر خىل يېڭى-
لىق. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭىنى قانداق چۈشىنىش
كېرەك؟ بەزىلەر مەۋجۇتلۇق ئېڭى دەل ئىنسان ھاياتىدا بار بولغان
ئاڭدىن ئىبارەت دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭى
بىر خىل سىياسىي، دىن ۋە دېداكتىكىدىن ھالقىغان ئاڭ دەيدۇ.
ئىنسان ئېڭىنى بۇنداق تونۇش كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ.
گەرچە ئىنسان ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى شەخس ھاياتلىق مەۋجۇت-
لۇقىنى ئاساس قىلسىمۇ، لېكىن بۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇنا-
سىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى، ھەرگىزمۇ ھايات-

نىڭ ئۆزگىرىپ كېلىپ چىققان نەتىجىسى ئەمەس. ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭى باشقا بەزى ئىجتىمائىي ئاڭغا ئوخشاشلا پەقەت بىر خىل تارىخىي هالدا راۋاجلانغان نەرسە. ماهىيەتتە ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ ماددىي ئالماشتۇرۇشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان ئاڭ. شۇنداق بولغاچقا، ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭىنى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگەكىنىڭ راۋاجلىنىشى هەم ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇش تەرەققىياتى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىئولوگىك قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى، ئەمگىكى، ئۇلارنىڭ هاياتى بىلەن ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدىن جاۋاب تاپالايمىز. مانا مۇشۇ دەۋرلەردىكى ئىنسانلارنىڭ بېسىم ۋە ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇشى، ئەركىنلىك، تىنچلىق ۋە هوقۇققا ئىنتىلىشى ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭىنى ئىپادىلەيدىغان مۇهىم بىر تەرىپى بولۇپ كەلگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق شارائىتى مىسلىسىز كېڭەيدى هەم ياخشىلاندى. ئەمما ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى. سىنىپىي پەرق تۇپەيلىدىن ئېزىلىش، خورلۇق، ئۇرۇش، هۆكۈمرانلىق تالىشىش كۈچەيدى، ئەدەبىيات بولسا ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق هوقۇقىنى قوغداش، ئۇنى تەڭپۇڭ راۋاجلاندۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، بېسىم، چىرىكلىك، ئۇرۇش قاتارلىقلارنى رەهىمسىزلەرچە پاش قىلدى ۋە ئەيىبلىدى. مانا بۇ بىز ئادەتتە دەيدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئىپادىلەنگەن ئىنسانپەرۋەرلىك روهىدۇر. بۇ دېگەنلىك، ئىنسان تەبىئىتى، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭى قاتارلىقلار باراۋەر چۈشەنچە دېگەنلىك ئەمەس. ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭى ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روهىنىڭ يادرو-

سى؛ ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭىنىڭ تولۇقلىنىشى؛ شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خەلقچىللىق روھىغا باي ئەدەبىيات ئۆز نۆۋىتىدە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭىغا باي ئەدەبىياتتۇر.

ئالەم ئەبەدىيلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا كونا هايات ئوبيېكتلىرى يوقىلىپ، يېڭىلىرى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەملەر تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت يارالمىلىرىنى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ، ئېستېتىك ئېڭىنىڭ يارقىن، ئوبرازلىق نامايەندىسى سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتى ھەققىدىكى تۈپ قاراشلىرىنى، مەنىۋى روھىيىتىنى ھەم گۈزەل غايە ـ ئىستەكلىرىنى مەڭگۈگە داۋاملاشتۇرىدۇ.

# ئىككىنچى باب

## يىراق قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن ئازاب پسىخىكىسى ۋە ئۆلۈم تەسۋىرى

### 1. ئۆلۈم ئىڭى ۋە ئۇنىڭ ئىپتىدائىي سەنئەتتە ئىپادىلىنىشى

بىز تارىخنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىنلىرىنى بويلاپ، بۈگۈنكى دەۋردىن ئارقىمىزغا يېنىپ ئىنسانىيەتنىڭ يىراق قەدىمكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت يوللىرىغا نەزەر تاشلىساق، يىراق قەدىمكى دەۋرلەر سەنئىتىنىڭ سىرلىق مەنزىرىسى بىزنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلىۋالىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي هاياتى ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا باي تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا دەسلەپكى سەنئەت شەكىللىرىنى ياراتتى.

ئىپتىدائىي ياشاش مۇهىتىنىڭ مۇشكۈل ۋە مۇشەققەتلىكلىكى ئادەملەرنىڭ ماددىي ئېهتىياج ـ تەلەپلىرى ئۈچۈن جىسمانىي ئەمگەك بىلەن سىجىل شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ئوبيېكتلىرىغا تەقلىد قىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، دەسلەپكى دىنىي چۈشەنچىلىرى، پېرىخونلۇق، سېهرىگەرلىك، ئوۋچىلىق،

ئۆرۈش ۋە دىنىي مۇراسىملار ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت ئىجادىيەت تارىخىدا ئۆلۈم ئىپتىدائىي ئىنسان ھاياتىنى ئەڭ تەسىرلىك نامايان قىلىپ بېرىدىغان ھادىسە. ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئۆلۈم ئەمەلىيىتى ئىپتىدائىي ئۆلۈم ئېڭىنى پەيدا قىلغان ئالدىنقى شەرت.

فىروئىد: «ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئۆلۈمدىن تەشۋىشلىنىشى ئۇنىڭ ئۆلۈم ھەققىدىكى زىددىيەتلىك ئېڭى. ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشى بىرىنچى سەۋەب، ئۇلارنىڭ يات ئادەمگە، دۈشمىنىگە ھەم ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە تۇتقان ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيىسى ئۆلۈم ئېڭىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىككىنچى سەۋەب»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ.

ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى گېرمانىيىنىڭ نېئاندىرت دەرياسى بويىدىكى غاردىن كىشىلەر ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر «قەدىمىي ئادەم» نىڭ جەسىتىنى بايقىغان. ئارخېئولوگلار نېئاندىرت ئادىمى دەپ ئاتىغان بۇ جەسەتنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 50 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ جەسەت 1908 - يىلى تېپىلغاندىن كېيىن پۈتۈن ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان[2]. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئارخېئولوگلار ۋە ئىنسانشۇناسلار ئۆلۈم ئېڭى بىلەن ئۆلۈمدىن ھالقىشقا ئىنتىلىش ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئەڭ تۈپكى پسىخىكىسى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ تەبىئەتتىكى باشقا جانلىقلاردىن يۇقىرى ئىجتىمائىي تۈركۈمنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى دەپ قارىغان. بۇ جەسەت ئۇخلاۋاتقان قىياپەتتە، يەنى بېشى ئوڭ بىلىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، بەدىنىنىڭ تۆۋىنى سەل ئېگىلگەن ھالەتتە ياتقۇزۇلۇپ، يېنىغا ھايۋان سۆڭەكلىرى ۋە تاش پالتا قويۇلغان. بۇنىڭ-

---

① فىروئىد (Freud): «ئىجادىيەت كۈچى ۋە ئاڭسىزلىق»، يۈزلىنىش نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 225 - بەت.

② جاۋ يۈەنپىڭ: «ئۆلۈمنىڭ سەنئەتتە ئىپادىلىنىشى»، چۈنيەن نەشرىياتى، 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

دىن تەخمىنەن 30 ~ 40 مىڭ يىللار بۇرۇن ياشىغان بەزى
ئىپتىدائىي ئىنسانلار جەسەتنى دەپنە قىلىدىغان قەبرىگە ھەر خىل
رەڭلەرنى ئىشلەتكەن ھەمدە جەسەتكە گىرىم قىلىنغان. دۇنيانىڭ
كۆپ جايلىرىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئىنسانلاردا ئۆلگۈچى-
نىڭ جەسىتىگە قىزىل رەڭلىك ھاك تېشىنى سۈركەش ئادىتى
بولغان. بەزى جەسەتلەرنىڭ يۈز قىسمى قوڭۇر رەڭدە بويالغان.
قىزىل - قوڭۇر رەڭلەر بىلەن جەسەتنى بوياش مەلۇم جەھەتتىن
ئۆلارنىڭ ئوت ۋە قانغا بولغان چۈشەنچىسىگە باغلانغان. ئوت
ئىنسان ھاياتلىقىدا ئىسسىنىش، ئۆزىنى قوغداش، يېمەكلىك پى-
شۇرۇپ يېيىشتە كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە. قان ئۆلۈم بىلەن
مۇناسىۋەتلىك. قان ۋە ئوتنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ رەڭگى قى-
زىل ياكى قوڭۇر رەڭدە. شۇڭا ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىگە قىزىل
رەڭ سۈركەش ئۇنى ھاياتقا چاقىرىش مەنىسىنى بىلدۈرۈشىمۇ
مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، جەسەتنىڭ خۇددى ئۇخلاپ قالغان
ھالەتتە تۈجۈپلەپ يېنىچە ياتقۇزۇپ قويۇلۇشى، ئەتراپىغا ماددىي
بۇيۇملارنىڭ قويۇلۇشى ئۆلارنىڭ ئۆلگۈچىنى ئۇخلاپ قالغان، ئۇ
مەلۇم بىر چاغدا ئويغىنىدۇ، شۇ چاغدا يېنىغا قويۇلغان ماددىي
بۇيۇملارنى ئىشلىتىدۇ دەپ قارىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ خىيال- تەپەككۇر ۋە ئەقلىي بىلىش-
نىڭ ئېستېتىكىلىق ئاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىشى ئۆلۈم ۋەھىمىسى
ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىش ئېڭىنى كۈچەيتتى.

ئىپتىدائىي ئۆلۈم ھادىسىسى ئىنساننىڭ ئەڭ دەسلەپكى
ئىجادىيەت تەسەۋۋۇر كۈچىنى قوزغىغان. ئىنسانىيەت ھاياتلىقى-
نىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشىغا ۋە ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىپتى-
دائىي سەنئەت پېرىخونلۇق، پەرھىز ۋە دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك
بىلەن تەڭ قەدەمدە ئادەمنىڭ ئۆلۈم ھەققىدىكى دەسلەپكى ئاڭ،
تەپەككۇر ۋە چۈشەنچىلىرىنى مەركەزلىك ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆلۈم
سېھرىگەرلىك جىن - ئالۋاستى ئوبرازىنى پەيدا قىلغان بولسا،

دىنىي ئىلاھىيەت روھىنىڭ يوقالماسلىق چۈشەنچىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دىنىي پەرھىز - مۇراسىملار بولسا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا سېغىنىش ۋاستىسىدە ھايات كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق يولىغا بەلگە بېرىش رولىنى ئوينىغان.

ئامېرىكا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى، ئاۋستىرالىيە، ئافرىقا ۋە ئاسىيانىڭ كۆپ رايونلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي قەبىلە - جامائەتلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، دەپنە قائىدە - مۇراسىملىرى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ساددىلىقىنى، ئۆلۈم ھەققىدىكى تەشۋىش ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىشقا ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىپتىدائىي سەنئەتكارلار ئىپتىدائىي دەۋردىكى ھاياتلىقنىڭ سىرلىق ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىشقان. ئۇلار «ئۆلۈم تەبىئەتنىڭ چەكسىز ھاياتلىقنى يارىتىدىغان بىر خىل ماھارىتى» ئىكەنلىكىنى، چەكلىك ماكان - زامان ئىچىدىكى ئىنسان تەسەۋۋۇر قۇدرىتىنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلالايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئەگەر سەنئەتتە تەسۋىرلەنگەن سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسىنى ئىنساننىڭ ئالىي ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىساق، ئۇنداقتا مۇھەببەت تېمىسىنىڭ سەنئەتكە كىرىپ كېلىشى خېلى كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى. ئەمما ئۆلۈم تېمىسى ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلاپ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆلمەس تېمىسى بولۇپ كەلدى.

سەنئەت — مەلۇم جەھەتتىن ماھارەت دېگەنلىكتۇر. ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ھاياتلىق ماھارىتى ئۇنىڭ ئۆلۈم ماھارىتىنىمۇ ياراتقان. باشقا جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق ماھارىتىگە قارىغاندا، ئىنساننىڭ ھايات - ئۆلۈمنى ئىپادىلەش ماھارىتى تېخىمۇ يۇقىرى ۋە مۇكەممەل. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ۋە نازۇك ھېسسىيات دولقۇنلىرىنى، شادلىق ۋە قايغۇسىنى قول - پۇتلىرىنىڭ چاققان رىتىملىق ھەرىكىتى، بەلگىلىك شەكىل ۋە رەڭلەر ئارقىلىق

ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ چاغدا سەنئەت ئۆزىنىڭ ماكان ـ زامان، رەڭ، شەكىل جەھەتلەردىكى تەبىئىي تەسىرچانلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى دىنىي ئىلاھىيەت، جادۇگەرلىك، پەرھىز قاتارلىق شەكىللەر ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللاردا ئۆلۈم تەسەۋۋۇرلىرىنى ياراتقان. بۇ ئۆزگىچە تەسەۋۋۇرلار ئىنسان هاياتىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى ئالدىدا بۇ دۇنيالىق هاياتنى تولۇقلىماقچى بولىدۇ. ئىنسانىنىڭ پانىي دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئىستىكى ئۇلارنى جىن ـ شاياتۇنلاردىن، دىۋە ـ پەرىلەردىن، ئىلاھتىن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مەدەت تىلەيدىغان هالغا كەلتۈرۈپ قويىغان. دىن، سېھىرگەرلىك ۋە پەرھىز ئىپتىدائىي سەنئەت ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ، باقىي دۇنيادىكى غايىۋى مەنزىلگە يۈزلىنىش تەسەۋۋۇرىنى يېڭىچە شەكىلدە قىممەتكە ئىگە قىلدى. شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر، ئېپوس ـ داستانلار ۋە خەلق چۆچەكلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل بەدىئىي فانتازىيە دۇنياسىدا هايات ئاخىرلاشمايدۇ. ئاللىقاچان ئۆلگەن ئەجدادلار «مەبۇد» شەكلىدە ياشاۋېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەۋلىيا، خېزىر، مۇئەككەللەر ۋە ئىلاھلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئىنساننى ئۆلۈم تەھدىتىدىن قوغداشنى ئارزۇ قىلىشقان.

گېئولوگلارنىڭ هۆكۈم قىلىشىچە، هازىرقى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئىلگىرى هاۋاسى ياخشى قۇرۇقلۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن 10 ~ 15 مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇ قۇرۇقلۇقتا چوڭ ئاپەت يۈز بېرىپ دېڭىزغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىكەن. ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا پەيدا بولغان مىسىر ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، گرېك ئەپسانىلىرى، «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان» دىكى هېكايىلەر ئىچىدە كەلكۈن، ئوت، چاقماق، يەر تەۋرەش، تاغلار پارتلاشقا ئوخشاش مەزمۇنلار كۆپ خاتىرىلەنگەن. بۇ شۇبهىسىزكى، تارىختا يۈز بەرگەن ئۆلۈم ـ هالاكەت سەزگۈزەشتىلىرىگە

مۇناسىۋەتلىك. سەنئەت بۇ ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەن، خالاس.

ئىپتىدائىي سەنئەت ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ جەننەتتىن قوغلانغاندىن كېيىن زېمىندا مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى، زېمىن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كۆپىيىشى ۋە راۋاجلىنىشى جەريانىنى سىمۋوللۇق ئەكس ئەتتۇردى. ئۆلۈمنىڭ ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدە بىۋاستە رول ئوينىغانلىقى سەۋەبىدىن، مىسىر پىرامىدىلىرى، ھىندىستاندىكى مەشھۇر «تاج ـ ماھال» مەقبەرىسى، «شاھى ـ زىندا» قەبرىسى، پارىژدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋى، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى چىن شىخۇاڭ قەبرىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھون ـ تۈرك قەبرىلىرى سەنئەتنىڭ ئىنسان ھايات ـ ئۆلۈمنى چۈشىنىش ۋە قايتا ئىپادىلەش يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇقەددەم تارىخ دەۋرلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن قىيا تاش، ئويما نەقىش، غار رەسىملىرى تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى دەل ئۆلۈمدىن ھالقىش ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەلپۈنۈشنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

ئالتامىرا غار رەسىملىرى كونا تاش قورال دەۋرىدىكى رومانلارنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۆتكۈر بىسلىق تاش پىچاق بىلەن ھايۋان شەكىللىك ئايلانما سىزىقچىلارنى ئويۇپ چىقىپ، ئۇنى قورام تاشنىڭ يۈز قىسمىغا نەقىشلىگەن. تۆمۈر، تۇچ، مىس، قەلەي قاتارلىق ماددىلاردىن قىزىل، يېشىل، سېرىق، قوڭۇر ۋە قارا رەڭلەرنى ياساپ چىققان، بۇ رەڭلەر بىلەن ھايۋان سۆڭىكى ۋە ئومۇرتقىلىرىنى بوياپ، ئۇنىڭدىن جانلىق رەسىملەرنى سىزغان[1]. بەزىلەر ئۇنىڭدا پېرىخونلۇق مەنىسى بار دەپ قارايدۇ.

---

① جاۋ يۈەنپىڭ: «ئۆلۈمنىڭ سەنئەتتە ئىپادىلىنىشى»، چۈنيەن نەشرىياتى، 1993-يىل خەنزۇچە نەشرى.

ئەگەر راستىنلا پېرىخونلۇق ئۈچۈن بىر قونچاقنى تەستە ياساپ پىچاق بىلەن ئۇنى كېسىۋەتسە ياكى ئوتقا تاشلىسا، بۇ خۇددى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قۇمغا بىرەر ھاشاراتنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئوينىغاندەك ئەرزىمەيدىغان بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىپتىدائىي دەۋردىكى غار رەسىملىرى ۋە قىيا تاش رەسىملىرىنى سىزغۇچى سەنئەتكارلار ۋاقتىنچە ھوزۇرلىنىش بىلەن قانائەتلەنمىگەن، بەلكى ئۇزاققىچە ساقلىنالايدىغان مۇستەھكەم ئوبرازلىق سەنئەت ئەسەرلىرىنى ياراتقان.

ھوندۇراستىكى بىر جايدىن كىشىلەر قەدىمكى مايالىقلارنىڭ ئىلاھ تاختىغا ئويۇلغان «ئۆلۈم ئىلاھى»نىڭ باش ھەيكىلىنى تاپقان. قەدىمكى مايالىقلار مەدەنىيىتى ھەقىقىي مۇقەددەم تارىخ مەدەنىيەتى بولۇپ، ئۇنى شۇ دەۋرنىڭ سەنئەت ئەسىرى دېيىشكە بولىدۇ①. «ئۆلۈم ئىلاھى»نى «ئادەم يەيدىغان ياۋايى ھايۋان» ياكى «ياۋايى قۇش» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. چۈنكى يىراق قەدىمكى ئىنسانلار ئۆلۈمنىڭ ئىنسانىيەت ھايات يولىدىكى بىر خىل تەبىئىي ۋە مۇقەررەر ئاقىۋەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۆلۈمنى مەلۇم بىر خىل تاشقى ھۇجۇمنىڭ ئاقىۋىتى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇلار ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ، تالاي قېتىم ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولۇشتەك ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. ئابستراكت ئەقلىي ئىقتىدارى تېخى كونكرېت ھادىسىدىن تولۇق كۆتۈرۈلەلمىگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاڭ ـ چۈشەنچىسىدە، مەلۇم «ئۆلۈم ئىلاھى»نىڭ ئوبرازى شەكىللەنسە ھەم شۇ ئاساستا «ئۆلۈم ئىنسانىيەتكە يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ» دەيدىغان تونۇش تۇغۇلسا، ئۇ چاغدا ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ «ئىلاھ»نىڭ بىر خىل ياۋايى «ئادەم يەيدىغان ۋەھشىي ھايۋان»

① جاۋ يۈەنپىڭ: «ئۆلۈمنىڭ سەنئەتتە ئىپادىلىنىشى»، چۈنيەن نەشرىياتى، 1993-يىل خەنزۇچە نەشرى.

قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىشىگە ھەيران قالغىلى بولمايدۇ.

مۇبادا تاغ ئۆڭكۈر ئادەملىرىنىڭ قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملار بىلەن سەنئەت بۇيۇملىرىنى پەقەت ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بىخلىرى دېسەك، ئۇنداقتا ئىسپانىيىنىڭ لېرىۋىت رايونىدىن تېپىلغان يىراق قەدىمكى دەۋرگە ئائىت قىيا تاشقا چېكىلگەن رەسىملەرنى ئۆلۈم ھەققىدىكى ھەقىقىي سەنئەت ئەسەرى دېيىش مۇمكىن.

بۇ رەسىم ئۈستى يۇز ۋە ئاستى يۇز دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. رەسىمنىڭ سول يۇقىرى تەرىپىگە بىر توپ ئادەمنىڭ ئىككى قاتار تىزىلغان رەسىمى سىزىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىلتىجا قىلىۋاتقان قىياپەتتە تۇرىدۇ. يەنە بىرسى بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇ ئېھتىمال غېرىبسىنغان، ئازار يېگەن ئۆلۈم ئالدىدىكى ئادەمگە ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. يىراقىراق جايدا ياتقان بىر نەچچە ئادەم ئېھتىمال ئۆلگەن ئادەمنىڭ سىمۋولى بولسا كېرەك. رەسىمنىڭ ئوڭ تۆۋەن تەرىپىدە يەرگە يىقىلغان بىر ئادەمنىڭ شەكلى ئېنىق سىزىلغان. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا بىر نەچچە سىزىق سىزىلغان. ئېنىقكى، رەسىم سىزغۇچى جازا كۆرۈنۈشى ئىچىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغۇچىنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرگەن. ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى ئۆڭكۈردىن كىشىلەر مىلادىيىدىن 7000 يىل بۇرۇنقى ئىپتىدائىي مەھەللە ئىزلىرىنى بايقىغان. تاشتىن ياسالغان بۇ كونا ئۆڭكۈر ئىچىدىن كىشىلەر ئۆلگۈچىنىڭ باش سۆڭىكىدىن ياسالغان تاش ئادەم ھەيكىلىنى بايقىغان. بۇ «نەقىش بۇيۇمى» قىلىنغان، بەزىلىرىنى تامغا ئاسقان، بەزىسىنى تەكچىلەرگە قويغان؛ بۇنداق قىلىش ئۆلگۈچىنى ئەسلەش ئۈچۈن بولۇپ، شۇ چاغدا ئادەمنىڭ روھى باش قىسمىدا تۇرىدۇ دەيدىغان چۈشەنچە بولسا كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيىنىڭ ئاناتولىيە ئېگىزلىكىدىن كى-

شىلەر بىر ئىپتىدائىي بۇتخانىنى تاپقان. بۇتخانا ئىچىگە «ئۆلۈم ئىلاھى» تەسەۋۋۇر قىلىنغان بىر ھوقۇش سۈرەتلىك ھايۋاننىڭ جەسەتلىرنى يەۋاتقانلىقى سىزىلغان. قارىغاندا، بۇ ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئۆلۈمنى مەلۇم بىر يىرتقۇچ ھايۋان كەلتۈرگەن دەپ قارايدىغان ساددا خىيالى بولسا كېرەك. بۇ جەسەتلەرنىڭ بېشى ئېھتىمال ھايۋانغا يېگۈزۈشتىن ئىلگىرىلا كېسىۋېلىنىپ، «باش ھەيكەل» ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر راست شۇنداق بولسا، بۇ رەسىمدە ئەمەلىي تۇرمۇش ۋەقەلىرى سىمۋوللۇق تەسۋىرلەنگەن بولىدۇ. ئۆلۈم ئېڭى تارىخقا قانچە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، سەنئەتتە شۇنچە كۈچلۈك ئىجادچانلىق ۋە سىرلىقلىقنى ئىپادىلەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دۇنخۇاڭ تاشكېمىر سەنئىتى، تۇرپان ۋە كۇچاردىكى مىڭ ئۆي رەسىملىرى، گرېتسىيىنىڭ كۆركەم ھەيكەلتىراشلىقى، مىسىرنىڭ شىر تەنلىك ئادەم ھەيكىلىگە ئوخشاش يىرىك سەنئەت ئەسەرلىرى ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەڭگۈلۈككە تەلپۈنۈش، روھىي ھالقىشنى ئەڭ تىپىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن سەنئەت ئىزلىرىدۇر. قەدىمكىلەر مۇشۇ ئارقىلىق ئۆلۈغ كىشىلەرنى مەڭگۈلۈك خاتىرىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەدىمكى ئىنسانلار ئۆز ھاياتى بىلەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى بىرلەشتۈرگەن، يۇلتۇزلار ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئالەمدىكى ئورنى ھەققىدىكى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. يورۇق، چوڭ يۇلتۇزلارنى ئادەمنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە تىمسال قىلغان. دېمەك، تەبىئەت بىلەن ئادەم بىر ـ بىرىنى قايتا يارىتىش، ئۆزگەرتىش جەريانىدا چەكلىك ھاياتلىقنى چەكسىز ئەبەدىي سەنئەت ئىجادىيىتىگە ئەكىرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ جاھالەت ۋە قاراڭغۇلۇق قاپلىغان دىلىغا ئۆچمەس نۇرلۇق چىراغ ياققان.

ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئۆلۈم بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن باردىغان باقىي دۇنيا ھەققىدىكى سىرلىق ئېڭى مەزمۇن قىلىنغان ئەپسانە، مۇراسىم، پەرھىز، ئېتىقاد قاتارلىقلار بۇ نۇرلۇق چىراغ

ئارقىلىق ئىنساننى تەرەققىيات ۋە يېڭىلىققا، مەڭگۈلۈك ھاياتقا يېتەكلىدى. ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ تەرەككۇر راۋاجىدىن قارىغاندا، ئۆلۈم ئېڭىنىڭ سەنئەتتىكى ئىپادىلىنىشى: (1) روھ چۈشەنچىسى، (2) باقىي دۇنيادا قايتا تىرىلىش چۈشەنچىسى، (3) جەننەت ـ دوزاخ چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلاملىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ چۈشەنچىلەرنى يىراق قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرى، پەرھىزلىرى، دىنىي ئېتىقاد، قائىدە ـ مۇراسىملىرى، قىيا تاش سەنئىتى، ئەپسانە ۋە ئېپوسلىرىدىن تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرەلەيمىز.

## 2. يىراق قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى ئىزلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ئېڭىغا نەزەر

### 1. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى ۋە ئۆلۈم ئېڭى

قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئەجدادلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا كەڭ دالىلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا بوستانلىقلىرىغىچە بولغان بىپايان مەدەنىيەت بەلۋېغىدا ياراتقان تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىدىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تەرەككۇرى ۋە روھىيىتىنى چۈشىنەلەيمىز.

قەدىمكى تارىملىقلار سۇيى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆپلىرى مول، ھاۋاسى تىرىكچىلىككە باب كېلىدىغان بوستان ـ ئوتلاقلار، قار ـ مۇزلۇق دەريا ـ ئېقىنلاردا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ بىپايان كەڭرى ماكاندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ زېمىن ئۇلارنىڭ ھەممە بەخت ۋە كۈلپەتلىرىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ كەلگەن. مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 2000 ـ يىللاردىن تارتىپ بۇ جايدا ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئەجدادلار مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى V ئەسىرلەردىن تارتىپ مۇئەييەن يېزىق ـ بەلگىلەر ئارقى-

لىق ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر قاتار قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى، ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى ھەم كۆپ خىللاشقان خەلق سەنئىتى ئارقىلىق مەرىپەت دەۋرىنى كۈتۈ ـ ۋالغان. قۇدرەتلىك سىياسىي ھاكىمىيەتلەر بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇ ـ شۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى جانلاندۇرغان. ئۇلار ياراتقان تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلار، يەنى تىل ـ يېزىق مەدەنىيىتى، ئالەم، ئىنسان ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى، گۈزەل، رەڭدار كۆپ خىل شەكىللىك نەپىس ھۈنەر ـ سەنئەتلىرى، ئويما نەققاشچىلىق، ھەيكەلتىراش ـ لىق، ئىمارەتچىلىك سەنئەت نەمۇنىلىرى، يادا تاش، بالبال، مىڭ ئۆي تىزما رەسىملىرى، تىل ـ يېزىق بەلگىلىرى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ قەدىمكى سەنئەتنىڭ بىزگە بېرىدىغان ئەڭ چوڭ تەسىرى شۇكى، ئۇلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم ئېڭى ۋە كۆز قاراشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. خۇددى گېرمانىيە كلاسسىك پەيلاسوپى گېگېل قەدىمكى مىسىر ئېھرام ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ھەققىدە ئۆزىنىڭ «تارىخ پەلسە ـ پەسى» ناملىق ئەسىرىدە «بۇ سەنئەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قىلىنغان بولۇپ، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالا ـ ھىدە جەلپ قىلىدۇ.» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، تارىم مەدەنىيىتى ئىزلىرىدىن تېپىلغان بۇ سەنئەت مىراسلىرى تارىملىقلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ھايات ـ ئۆلۈم چۈشەنچىسىنىڭ تىپىك بەدىئىي تەسۋىرى بولۇپ، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. قەدىمكى سەنئەت ۋە تارىخنى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پەلسەپە ۋە ئىدېئولوگىيىنى شەرھىيلەيدىغان ھەرقانداق سەنئەتكار ياكى مۇتەپەككۇر بۇ مىراسلارنىڭ مەزمۇنى ۋە قىممىتىنىڭ ئۆلۈم مەسىلىسى بىلەن باغلىق ئىكەنلىكىنى رەت قىلمايدۇ.

ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى سەنئىتىدە ئەكس ئەتكەن ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەڭگۈلۈك چۈشەنچىلىرىنى چۈشە ـ

نىشتە، مۇشۇ رايونلارنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەت ئىزلىرى توغرىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايى- نىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ قەدىمكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى، مىللىي، دىنىي پەرھىز، مۇراسىم ئەنئەنىلىرىدىن پايدىلىق تارى- خىي پاكىتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XX ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ساھە- سىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرى كىشىنى خۇشاللاندۇرارلىق ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى.

جۇڭگودا غەربىي رايون مەدەنىيىتى، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، تارىم مەدەنىيىتىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن تېزلىكتە قانات يېيىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. جۇڭگو ـ چەت ئەلنىڭ ئارخېئولوگ ۋە تارىخشۇناسلىرى قەدىمكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىزلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھاياتلىق ۋە ئىجادىيەت مۇساپىلىرىنى، تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى پەلسەپە ـ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇ- تۇپ بېرىدىغان بىر مۇنچە دەلىللەرنى تېپىپ چىقىپ، مەدە- نىيەت ـ سەنئەت ئەكس ئەتكەن ھاياتلىق پەلسەپە قاراشلىرى ھەققىدە بىزنى قىممەتلىك پاكىت ۋە ئۇچۇرلارغا ئىگە قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى قەدىمكى قەبى- رىلەرنى قېزىش ـ تەكشۈرۈشتە بايقالغان قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈش، ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ۋە دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىدىن ئىبارەت.

نۆۋەتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە مە- دەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەھلىللەر مەركى-

زىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ئاسار ئەتىقە، خارابە ئىزلىرىنىڭ مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار تەڭ ئىش- لىتىلگەن دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئارخېئولو- گىيىلىك دوكلاتلارغا ئاساسلانغاندا، قۇمۇل، ئاراتۇرۇك، بارد- كۆل، پىچان، تۇرپان، بايىنغۇلىن، ئۈرۈمچى، خوشۇت، كو- چا، گۇما، قەشقەر، مارالبېشى، توققۇزاق، گۇچۇڭ، مورى، نىيە، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردىكى قەبرىستانلىق ياكى خارابىلەردىن تېپىلغان ياكى قېزىۋېلىنغان رەڭلىك، رەڭسىز سا- پال بۇيۇملار، توقۇلمىلار، زىننەت بۇيۇملىرى، تۇرمۇش بۇيۇم- لىرى قاتارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى ھون ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئالدىن- قى دەۋرلىرىگىچە سۈرۈلىدۇ دەپ قارالماقتا. ئۈرۈمچىدىكى يۇ- ئېرگو جىلغىسىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ تۈزۈلۈش، دەپنە قىلىش شەكلى، قوشۇپ كۆمۈلگەن بۇيۇملار ۋە جەسەتنى خىمى- يىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى بۇ ئۇنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزى ئىكەنلىكىنى ئىسپات- لىدى. مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كونا تاش قورال دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە. تاشقورغاندىن تېپىل- غان چوقۇپ ياسالغان ئەمگەك قوراللىرى بىلەن بىر قاتاردا ئارخې- ئولوگلار ۋە ئانتروپولوگلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق بۇنىڭدىن 10 ~ 30 مىڭ يىللار بۇرۇنقى 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى دەپ بېكىتىلگەن ئاتۇشتىن تېپىلغان تاشقاتما تارىم ۋادىسىنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسان تۈركۈمى ۋە مەدەنىيەت دەرد- جىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. برونزا (تۇچ) قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بىرمۇنچە سەنئەت ئەسەرلىرى ئەجدادلارنىڭ ئېستېتىك ئاڭ - تەپەككۇر دەرىجىسىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشى- ۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

1983 - يىلى ئارخېئولوگلار تاشقۇرغان ناھىيىسىدىن ئۇ-

روۋپ ياسالغان چاناش - يانجىش قورالى ۋە ئۇچلۇق قوراللار، يۇنۇش قورالى، تاش ئۇزەكلەر، تاش ياپراقلار، تاش ئوق ئۇچى، تاش پىچاق قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى تاپقان[1]. تاشقورغاندىكى جىرغالدىن تېپىلغان خارابە ۋە توپا ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان هايۋان سۆڭىكى، سىلىق، ئۇچلۇق تاش ئەسۋابلار كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەپ قارالغان.[2]
بۇ بۇيۇملار غەربىي تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن بىللە تەدرىجىي دېهقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇقىم دېهقانچىلىق، ئىپتىدائىي قول هۈنەرۋەنچىلىك سانائىتىنى يارىتىشقا باشلىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. بۇ قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى هەم قول هۈنەرۋەنچىلىكنىڭ باشلىنىشى، تارىملىقلارنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسى، تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ بىر بالداق ئۆسكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. تاش قورال ۋە كونا تاش قورال دەۋرلىرىگە ئائىت هەر خىل بۇيۇملار قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەتتە قۇدۇق ئىزى، بايىنبۇلاق ئىزى ۋە قەبرىستانلىقى، ئاستانە لاپچۇق قەبرىستانلىقى، شىرىنزى بالباللىق ئىزى، ئۇرۇمچىنىڭ غەربىدىكى ئالغوي ۋە ئىۋىرغول قەبرىستانلىقى قاتارلىق قەدىمىي ئىز ۋە قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسىملىرى قەدىمكى قەبرىلەرنى قازغاندا چىققان بولۇپ، ئاخىرەتلىك بۇيۇملار سۈپىتىدە جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان. بۇنداق بۇيۇملار قەدىمدە مىسىرلىقلار، گرېكلار ۋە ياكى ئوتتۇرا - يېقىن شەرقتىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك جەسەت دەپنە قىلغاندا قوشۇپ كۆمىدىغان «باقىي دۇنيالىق بۇيۇم» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل بۇيۇملار تۈرلۈك

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - 1989 - يىللىق ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە سانلىرىدىكى شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەر هەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىغا قارالسۇن.

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1993 - يىللىق 2 - سان، 99 - بەت.

ئاممىۋى مۇراسىم بۇيۇملىرى، كۇندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، سايمان ـ جابدۇقلار، بېزەكلەر، قورال ـ ياراغ، قۇشلار، ئادەم ياكى جىن ـ ئالۋاستىغا تەقلىد قىلىنغان ھەيكەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەر ئارىسىدا جەسەت دەپنە قىلغاندا ئۆلگۈچىنىڭ سالاھىيىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىغا ئاساسەن، ئەرلىرى ئۆلسە ئاياللىرىنى ياكى قۇللىرىنى بىللە قوشۇپ كۆمۈش ئادىتى ئۇزاق داۋاملاشقان. كېيىنچە بارا ـ بارا ئادەمنى قوشۇپ دەپنە قىلىشنىڭ ئورنىنى قىممەتلىك بۇيۇملارنى، ئەرۋاھلارغا تەقلىد قىلىنغان قونچاقلارنى ۋە ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قوشۇپ كۆمۈش ئادىتى ئالغان.

1979 ـ يىلى، لوپنۇر كىروران تەۋەسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە قېزىۋېلىنغان قەدىمكى جەسەتلەرگە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ھەم جەسەت دەپنە قىلىش شەكىللىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ قەبرىلەرنىڭ بىرىنچى خىلى ئاددىي، تىك قىلىپ تېيىز كولانغان، ئىككى تەرىپىگە ئىككى تال يايسىمان تاختاي بىر ـ بىرىگە قارىتىپ تىكلەپ قويۇلغان، ئۈستى بىرقانچە تاختاي بىلەن يېپىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستى قوي تېرىسى، يۇمشاق تېرىلەر، ئۆسۈملۈك تالاسىدىن توقۇلغان نەرسىلەر بىلەن يېپىلغان. بەزى گۆرلەرگە ئىككى ـ ئۈچ ئەر بىللە كۆمۈلگەن، بەزىلىرىگە بىردىن كۆمۈلگەن. جەسەتنىڭ پۇت ـ قوللىرى تۈز قىلىنىپ، ئوڭدا ياتقۇزۇلۇپ بېشى غەربكە قارىتىلىپ، يۇڭ توقۇلما بىلەن ئوراپ دەپنە قىلىنغان. بېشىغا ئۇزۇن ئۈچلۈق قالپاق (بەزىلىرىگە قۇش پېيى قىستۇرۇلغان)، پۇتىغا ئۆتۈك (قالغان ئەزايى يالىڭاچ) كىيگۈزۈلگەن. سول كۆكرىكىنىڭ ئۈستىگە بىر تۇتام چاكاندا قويۇلغان، يەنە سېۋەتمۇ بار بولۇپ، ئىچىگە بۇغداي دانلىرى سېلىپ قويۇلغان. جەسەتنىڭ بىلەك، بەل، بويۇنلىرىغا قاشتېشى، سۆ-

ڭەك مونچاق، ياغاچ ياكى تاشتىن ياسالغان قونچاق، تاۋاق، چۆچەك، مۈڭگۈزدىن ياسالغان جام (قەدەھ)، هايۋان مۈڭگۈزى، تاش قورال (ئوق ئۈچى) قاتارلىقلار قويۇلغان[1]. ئىككىنچى خىلدىكى قەبرىلەر يەرگە چەمبەر شەكلىدە يەتتە قۇر خادا ياغاچ قېقىلىپ ياسالغان بولۇپ، جەسەت پۈت، قولللىرى تۈز قىلىنىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە قارىتىلىپ دەپنە قىلىنغان، ياغاچ قونچاق بىللە كۆمۈلگەن. 1980 - يىلى لوپنۇر دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان «كىروران گۈزىلى»[2] دەپ ئاتالغان قەدىمكى جەسەتكە قوشۇپ كۆمۈلگەن بۇيۇملار بىلەن قۇمۇل قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن[3] قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئايالنىڭ جەسىتىگە قوشۇپ كۆمۈلگەن بۇيۇملارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، بىرىنچىدىن، بۇ جەسەتلەرنىڭ ياتقۇزۇلۇش شەكلىنىڭ بىردەكلىكىنى (ئومۇمەن بېشى غەربكە ياكى شەرققە قارىتىلغان)؛ ئىككىنچىدىن، ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە ياغاچ قونچاق، هەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى بىللە يەنە پىچاق، ئوق ئۇچى، قەدەھ قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ قوشۇپ كۆمۈلگەنلىكىنى چۈشىنىش مۇمكىن. ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، بۇ ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ دۇنيادا ئىشلىتىشى ئۈچۈن قويۇلغانلىقىنى هەمدە قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ روهنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۆلمەسلىكى ۋە باقىي دۇنيادا ئەبەدىلئەبەد هايات ياشايدىغانلىقى هەققىدىكى ساددا قارىشىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. جەسەت بېشىنىڭ شەرق ياكى غەربكە قارىتىلىشى ۋە چەمبەر شەكىللىك قەبرە تۈزۈلۈشىنى قەدىمكى تارىملىقلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، كۈنگە چوقۇنۇشىنىڭ ئىنكاسى دېيىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ خىلمۇ خىل ماددىي سەنئەت بۇيۇملىرىنى جەسەتكە قوشۇپ كۆمۈشىدىن ۋە

---

[1] [2] [3] «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1990 - 1991 - يىللىق ئومۇمىي سانلىرىغا قارالسۇن.

جەسەتنىڭ بېشىنىڭ غەرب ياكى شەرققە قارىتىپ قويۇلغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمنىڭ مەنبەسى — سىرى ھەققىدىكى سادىدا چۈشەنچىسىنى، يەنى كۈننىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە ئولتۇرۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەڭگۈلۈك تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمىنى ماھىيەتلىك ھالدا باغلىيالىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ھاياتقا تەلپۈنۈشى ياكى ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغانلىقىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن. ئەگەر بۇ بىر تاسادىپىيلىق بولسا ئۇ باشقا گەپ. ئېنىقكى، بۇ قەبرىلەر بۇنىڭدىن 3 ~ 4 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇ مۇقەددەم تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەجدادمىزنىڭ ھاياتلىقىقا باغلانغان ئازاب پىسخىكىسى بىلەن ئۆلۈم ئېڭىنى مەلۇم دىن، ئىلاھىيەت، پەرھىز ۋە سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلىگەن دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغان 29 قەبرىنىڭ ھەممىسى تىك كولانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بىردىن جەسەت يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ، پۇت - قوللىرى جۈپلەپ قويۇلغان. جەسەت بىلەن بىللە تېرە ۋە يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكتىن باشقا، ئازراق ياغاچ ئەسۋاب، تاش قورال، رەڭدار ساپال قاچا، قۇلۇلە ۋە مىس زىننەت بۇيۇملىرى قوشۇپ كۆمۈلگەن. جەسەتنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز تۇماق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن جۇۋا ۋە كۆك چاپان، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ پۇتىدىكى ئۆتۈكلەردە مىس بېزەكلەر بار. ئۇلارغا قىزىل، بېغىررەڭ، يېشىل، قارا يىپلاردا چوڭ - كىچىك چاقماق گۈل ۋە كەڭ - تار يوللۇق گۈل چىقىرىلىپ توقۇلغان رەڭدار كۆڭلەكلەر كىيگۈزۈلگەن. بىر ئايال جەسەتنىڭ ئۇچىسىغا سېرىق يىپ بىلەن ئۈچ بۇرجەكلىك كەشتە تىكىلگەن قىزىل رەڭلىك ماشروپ چاپان كىيگۈزۈلگەن. مۇبادا ئۇلارنى راستىنلا جەسەتنى دەپنە قىلىشنى بىلگەن، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى

ئاشۇ چاغدىكى ئەمەلىيەتنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى دەپ قارىساق، ئۇنداقتا جەسەتكە قوشۇپ كۆمۈلگەن تېرە، يۇڭ ۋە ھايۋان ئۇستىخانلىرى، تېرىق، نان، ئارپا باشاقلىرى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جەسەت بىلەن بىللە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ قويۇلۇشى، جەسەتكە ھەر خىل رەڭدىكى كىيىملەرنىڭ كىيدۈرۈلۈشى، جەسەتنىڭ يېنىچە ياتقۇزۇلۇشى ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى ئادەمنىڭ بىر خىل ھوشسىزلىنىشى، خۇدىنى يوقىتىشى ياكى ئۇخلاپ قېلىشى دەپ چۈشىنىدىغان ئىپتىدائىي ئۆلۈم ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن. چۈنكى ئادەم ھايات بولغاندا يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىتەلەيدۇ. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، بۇ ئادەملەر راستىنلا ئۆلگەن بولماستىن، بەلكى خۇدىنى يوقاتقان، ھوشسىزلانغان، ئەگەر ئېسىگە كەلسە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنىدۇ؛ ئەگەر ئويغانمىسا ئۆلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى جەسەتلەرنىڭ پېشانە، قولاق ۋە ئېڭەكلىرىگە قىزىل، قوڭۇر ۋە سېرىق رەڭلەردە گىرىم قىلىنغان. بۇ يەردە قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئۆلۈم ۋە رەڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە زىچ باغلانغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇلارنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردىكى دەپنە ئادەتلىرى، سەنئەت ۋە پەرھىز مۇراسىمىدا رەڭلەرنىڭ رولىدىن قارىغاندا، قىزىل، يېشىل رەڭلەر كۆپىنچە ھاياتقا، يورۇقلۇق ۋە ئۈمىدكە، قارا ۋە سېرىق رەڭلەر ئاجىزلىق، ئۆلۈم ۋە زۇلمەتكە سىمۋول قىلىنغان. كۆزنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە ھەرىكىتى — تىرىكلىكنىڭ بېشارىتى. ئادەم ئۇخلاپ قالسا كۆزى يۇمۇلغىنىدەك، ئۆلسىمۇ كۆز يۇمۇلىدۇ. بۇ ھال ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمنى ئۇخلاپ قالغانلىق دەپ قارايدىغان ئېڭى بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، ئارخېئولوگلار شىنجاڭ مۇزېيىغا ئېلىپ كەلگەن كىچىك بالا جەسىتىنىڭ ئىككى كۆزىگە تاش بېسىلغانلى-

قىمۇ بۇ پىكرىمىزگە بىر تولۇقلىما بولالايدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ ئالغۇي جىلغىسىدا 73 قەدىمىي قەبرە تاش تىزىلغان تىك گۆر بولۇپ، جەسەتلەر توپ دەپنە قىلىنغان. ئارخېئولوگلار بۇ قەبرىلەر مۇشۇ رايوندا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ دەپ قارىماقتا. ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق، باينغۇلىندىن تاپقان قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان بۇيۇملارنى يېڭى تاش قورال بىلەن مىس قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋردە، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللارغىچە ئىشلىتىلگەن ماددىي بۇيۇملار[1] دەپ قارىدى. بۇ قەبرىلەرنىڭ بىرىنچى خىلى، يەر يۈمىلاق كولىنىپ، ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان، قەبرە ئەتراپىغا قوزۇق قېقىلىپ، يەتتە قۇر چەمبەر ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. ئېگىزدە تۇرۇپ قارىسا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشايدۇ. بۇنداق قەبرىلەر لوپنۇر رايونى، چەرچەن، تاتراڭ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئىككىنچى خىلى، يەر چاسا كولىنىپ، گۆر ئىچى تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئۈستى تاش بىلەن يېپىلىپ، چۆرىسىگە تاش تىزىلىپ يۈمىلاق دائىرىگە ئېلىنغان. ئۈچىنچى خىلى، قەبرە بېشىغا بالبال (تاشتىن ياسالغان ئادەم ھەيكىلى) ئورنىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى قەبرىلەرگە توغراق ياغىچى ئۇقۇر قىلىنىپ ئىچىگە جەسەت قويۇلغان ۋە قەبرە ئەتراپىغا قوزۇق قېقىلىپ چەمبەر ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن.

گەرچە ھەرقايسى جايلارنىڭ شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى، قۇملۇقلار، ئورمان ـ يايلاقلار، كىلىمات پەرقى، دىنىي قائىدە، يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش، يېپىلىش شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ،

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانى، خەنزۇچە 1985 ـ يىللىق 4 ـ سانى، ئۇيغۇرچە 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانى ۋە 1993 ـ يىللىق 2 ـ سانلىرىدىكى قەدىمىي قەبرىلەر ھەققىدىكى دوكلاتقا قارالسۇن.

ئەمما قوشۇپ كۆمۈلگەن ماددىي بۇيۇملار بىلەن قەبرە ئىچىدىكى قىياپەت، ھالەتلەر ئورتاقلىققا ئىگە. مەسىلەن، چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى، كۆنچى ۋادىسىدىكى قەبرىستانلىق[1]، بۈگۈر چومپاق قەبرىستانلىقىدىكى بۇيۇملار قەدىمكى كىروران خارابىسىدىن چىققان بۇيۇملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆنچى ۋادىسىدىكى قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى[2] يەر يۈزىگە چەمبەر شەكلىدە يەتتە قات قوزۇق قېقىلىپ دائىرىگە ئېلىنغان، خېجىڭ ناھىيەسىدىن قېزىلغان قەبرىلەرگىمۇ يەتتە قات تاش تىزىلىپ چەمبەر شەكلى ھاسىل قىلىنغان. چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىكى جەسەتلەرنىڭ چېكىسىگە قۇياش شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگە رەڭ سىزىلغان[3]. بۇ ئالاھىدىلىك شۇ چاغدىكى تارىملىقلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنۇش ئېتىقادى ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى مەڭگۈلۈككە ئىنتىلىشلىرىنى سىمۋوللاشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن.

ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ دالا - جىلغا، غار تۇرمۇشى، يايلاق - ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ۋە ئېكىنچىلىك - بوستانلىق تۇرمۇشى مۇساپىسىغا ماس كەلگەن بىناكارلىق ۋە قەبرە مەدەنىيىتىدە زامان، ماكان ۋە مۇھىت مەنىدارلىقى ھەم ئۆز دەۋر روھىيىتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ بوستان - يايلاق مەدەنىيىتى باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن چەمبەر شەكىللىك ئۆيلەر بىلەن چەمبەر شەكىللىك گۈمبەزلەر ھەمدە قۇياشقا سىمۋول قىلىنغان قەبرىلەر ۋە دەپنە قائىدىلىرى نوقۇل ھالدا ئۇلارنىڭ سەنئەت ئېستېتىك ئېڭىنى مەزمۇن قىلىپلا قالماي، يەنە يىراق قەدىمكى ساك - تۈركىي خەلقلەر توپىنىڭ ئالەم قاراشلىرىنى ئىپادە قىلغان. ئۇلار ئىپتىدائىي ئېتىقاد بويىچە ئاسمان تەڭرىلىرىنىڭ پاناھىدا يەر ئاستىدىكى جىن - ئالۋاستى-

①②③ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق سانلىرى.

لارنىڭ زەخمىتىدىن خاتىرجەم ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ، يەر ئاستى، ئاسمان ۋە زېمىندىن ئىبارەت «ئۈچ دۇنيا» نى بىرلەشتۈرۈش چۈشەنچىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ رايونلاردا چارۋىچىلىق ۋە ئېكىنچىلىك ئىشلىرىنىڭ بالدۇر ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەمدە ھەر خىل زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلەتكەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارى خېلى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن.

قەدىمكى كىشىلەر ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىخ سۈرۈش، ئۆسۈش، مېۋە بېرىش، ئاخىرىدا سارغىيىپ قۇرۇپ كېتىش قانۇنىيىتى بويىچە، جان ـ جانىۋارلارنىڭمۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇش، پىشىپ يېتىلىش، ئاخىرىدا ئۆلۈشتەك تەبىئىي مۇقەررەرلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پاتقاندا قاراڭغۇ چۈشۈشتەك جەريانىنىمۇ تونۇپ يەتكەن. بارلىق تەبىئىي جانلىقلارنىڭ ھاياتى بىلەن قۇياشنىڭ مۇناسىۋىتىدىن تۇغۇلغان پىكىر ئۇلارغا ئىنساننىڭمۇ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ، قورامىغا يېتىپ، ئاخىرىدا ئۆلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىردەكلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدۇرغان. ئېھتىمال، تەبىئەتنىڭ بۇ قانۇنىيىتىدىن ئۇلار ئادەمنىڭ تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈش يولىنى بىلگەن، ھەتتا ئۇنى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە ئېنىق ئىپادىلەپ، ئىنساننىڭ ئۆلۈمىنىڭ خۇددى نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەلپۈنگەن. قەبرە ئالدىغا ئادەمنىڭ تاش ھەيكىلى (بالبال) نى ئورنىتىش ئەنئەنىسى ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەلپۈنۈش تۇرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن. تارىملىقلارنىڭ ئىنساننىڭ ھايات ـ ئۆلۈمنى يۇقىرىقىدەك چۈشىنىپ سەنئەت تېمىسىغا ئايلاندۇرۇشى مىسىرلىقلارنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ «ئۆلۈم ئىلاھى» ۋە مەڭگۈلۈككە تەلپۈنۈش تەسۋىرلەنگەن سەنئەت ئىجادىيەتلىرى بىلەن يېقىن تۇرىدۇ.

مىسىرلىقلارنىڭ جەسەتنى مومىيا قىلىش، ئېھرام ـ پىرامىدىلىرى، شىر تەنلىك ئادەم ھەيكەللىرى پۈتۈنلەي مەڭگۈلۈككە تەلپۈنۈشنى سەنئەتلەشتۈرگەن ئىدى. قازاقىستاندىكى ئېسىك قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان تۈرك شاھزادىسىنىڭ جەسىتىگە قوشۇپ كۆمۈلگەن ماددىي بۇيۇملار ۋە زىننەتلەر تۈركلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادى ساكلار دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمىسى، ئادەملەرنىڭ تەبىقە پەرقلىرى ۋە ئۆلۈم ـ دەپنە رەسىم قائىدىلىرىنى چۈشىنىشىمىزدىكى كۈچلۈك پاكىت. قەدىمكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى يىلتىزداش، قېرىنداش خەلق بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەت «ئېسىك قەبرىسى» دىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە دائىر بۇيۇملار يىراق قەدىمكى ئۇيغۇر ئېتنىك تۈركۈمىنىڭ تارىخى، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت ئىدېئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تارىختا جۇڭگونىڭ غەربىدىكى دۇنخۇاڭ ـ چىلەنشەن تېغى ئارىلىقىدا ياشىغان تۇخارلار دەسلەپ ھون ـ تۈرك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان، مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى چاغلاردا ئافغانىستان رايونىدا تۇخارىستان ئېلىنى قۇرغان. ئارخېئولوگلار تۇخارلارنىڭ تىللا تېغى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇن ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ئىچىدە ئارشاك، تۇخار، ھىندىلار قاتارىدا ساكلارغا تەۋەلىرىمۇ بار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ قەبرىدىن چىققان ماددىي بۇيۇملار مەدەنىيەت جەھەتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە، يۇنان ـ رىم مەدەنىيىتىگە، تۇخارىستان مەدەنىيىتىگە، ھىندى مەدەنىيىتىگە تەۋە. ئالتۇن ياپراقلاردا رىم ـ يۇناننىڭ قەدىمكى ساددا ئىنسان تەبىئىتى ئاساسىدىكى ئۆلۈم ۋە مەڭگۈلۈك ئەقىدىلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان قاناتلىق يالىڭاچ بالىنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن قاداق رىم رىۋايەتلىرىدىكى ئەر مۇھەببەت ئىلاھى كوپىدونىڭ ئوبرازىدىن ئىبارەت. 2 ـ نومۇرلۇق

قەبرىدىكى بىر ئالتۇن ھەيكەلدە رىم ئايال ئىلاھى ۋېناسىنىڭ يالىڭاچ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن. 3 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى كىچىك ئىزناكتا قولىدا نەيزە - قالقان تۇتقان ئايال جەڭچىنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەندىن باشقا، يېنىغا يۇنان ئۇرۇش ئىلاھى ئاتېنانىڭ ئىسمى يۇنان يېزىقىدا پۈتۈلگەن. 5 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئىزناكقا يۇنان - رىم رىۋايەتلىرىدىكى ئۆلۈمگە تىمسال قىلىنغان قوش باشلىق، شىرتەنلىك، جۈپ قاناتلىق غەيرىي مەخلۇق گالفىنىنىڭ قورقۇنچلۇق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ تارىم قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتە قەدىمىي قەبرىلەردىن كۆپلەپ تېپىلغان مۇئەككەل ھايۋانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ قەبرىستانلىقتىن زازۇئاستىر (ئوتپەرەسلىك) ئېتىقادىغا ئائىت كۆپلىگەن بۇيۇملار قېزىلغان. ساكلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارمۇ ئۇزاق ۋاقىت ئوتقا چوقۇنغان. بۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ بىر مۇنچە ئەپسانە، رىۋايەت، ئېپوس ۋە مۇراسىملىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. مەيلى دىنىي ئېتىقاد، پەرھىز، مۇراسىملىرىدا بولسۇن ياكى دەپنە ئادەتلىرى جەھەتتە بولسۇن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن قېزىلغان ماددىي بۇيۇملار بىلەن تارىم مەدەنىيىتى ئىزلىرىدىن بايقالغان قەبرىستانلىق، خارابە، ئىزلار مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە ماس كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار تەبىئەتكە چوقۇنغاندا جەسەتنى ئېگىز جايلارغا دەپنە قىلىپ روھنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئىنتىلگەن. ئوتقا چوقۇنغاندا بولسا، جەسەتنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى دالىغا چېچىۋەتكەن. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە جەسەتنى كىيىم كىيدۈرۈپ ئاخىرەتلىك بۇيۇملىرى بىلەن ساندۇققا سېلىپ دەپنە قىلغان. مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە بۇ جەسەت ساندۇقىنى «قابىرچاق» دەپ ئاتىغان[1].

---

[1] مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى. I توم 652 - بەت.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار-
نىڭ ئىلگىرىكى دۇنيا قارىشىدا بار بولغان قەدىمكى ئادەت ۋە
قاراشلار ئۆزگەردى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئىدېئولوگى-
يىسى ئالدى. بەزى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئىسلام پېرىنسىپى
ئاستىدا قىسمەن ئۆزگىرىپ مەۋجۇت بولۇپ قېلىۋەردى. ئۇيغۇر-
لارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئەخلاق ۋە
ئېستېتىك ئېڭى، قىممەت قارىشى، مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە
مائارىپ كۆز قاراشلىرى پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى
بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

ئىسلامىيەتنىڭ مۇقەددەس ئەقىدات - تەلىماتلىرى ھەر بىر
مۇسۇلمان بەندىنىڭ ئاڭلىق ئىشىنىش ۋە بويسۇنۇشى ھەمدە
ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى
تەشەببۇس قىلىدىغان باقىي دۇنيادىكى مەڭگۈلۈك «جەننەت» كە
يېتىش ئۈچۈن، مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» دە
بۇيرۇلغان ناماز، زاكات، رامزان قاتارلىق پەرز ۋە سۈننەتنى
پۈتكۈل نىيەت - ئىخلاسى بىلەن ئادا قىلىشىدۇ. پاكىزلىق،
خالىسلىق، بىلىم، ھۈنەر- كەسىپ ۋە ئىسىل روھىي خىسلەتلەر
بىلەن ياشاپ، بۇ دۇنيادىكى قىسقا ھاياتنى مەنىلىك ئاخىرلاشتۇ-
رۇپ، باقىي دۇنيادا روھنىڭ ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشىشنى ئۈمىد
قىلىدۇ. جەننەت - دوزاخ مەنزىرىسى ئىسلام دىنىدا مۇكەممەل
سىستېمىلىق ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن غايىۋى يۈكسەك مەن-
زىل. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ جەننەتكە كىرىش ئارزۇسىنى كۈچەيت-
كەن. ئۇ ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەلپۈنۈشتىن ئىبارەت
دىنىي ھالقىش ئېڭىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ
بەرگەنلىكتىن، ھاياتلىق قارىشىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپلا قالماي،
ئۆلۈم ھاياتنىڭ بىر پۈتۈن ئاخىرلىشىشى ئەمەس، پەقەت ئۆتكۈن-
چى پانىي دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىشى، ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈك ھايا-
تى باقىي دۇنيادا دەپ قاراپ، ئۆلۈشتىن ئانچە ۋەھىمە يېمەيدىغان

پسخىك ئاڭنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپنە قىلىش ئادەتلىرى، پەرھىز ۋە مۇراسىم قائىدىلىرى بويىچە ئۆلۈم ئۇزىتىش، دەپنە قىلىش مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىسلام شەرىئەتى قائىدىسىدە، بىرەر مۇسۇلمان ئۆلسە، دىنىي قائىدىلەرگە ئاساسەن ئالدى بىلەن جەسەت سۇغا ئېلىنىپ ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. پاكلانغاندىن كېيىن بۆز رەختتە كېپەنلىنىدۇ. بىرەر كىشى ئۆلسە (ئەگەر ئۆلگۈچى كېسەل بولۇپ سەكراتقا چۈشكەن بولسا ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئاتا ـ ئانا ياكى پەرزەنتلىرى رازىلىق سورايدۇ)، شەرىئەت قائىدىلىرى بويىچە مەزىن ياكى مەخسۇس مېيىت يۇغۇچى موللا (ئۆلگۈچى ئايال زاتى بولسا بۇۋىملەر) نىڭ باشچىلىقىدا جەسەت پاكىز سۇدا ئۈچ نۆۋەت يۇيۇلۇپ غۇسلى قىلىنغاندىن كېيىن يېڭى ئاق بۆز رەخت بىلەن (ئۆلگۈچى ئەر زاتى بولسا ئۈچ پارچە رەخت بىلەن، ئايال زاتى بولسا بەش پارچە رەخت بىلەن) كېپەنلىنىدۇ. ئاندىن ئۈستىگە خۇشبۇي (كافىرۇنغا ئوخشاش) نەرسىلەرنى چېچىپ جىنازىغا سېلىپ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتكە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسچىتتە ئالدى بىلەن «ئىسقات» (يەنى ئۆلگۈچىگە ئاتاپ بېرىلگەن ئاخىرقى سەدىقە) قىلىنىدۇ. ئارقىدىن جامائەت سەپراس تۈزۈپ موللامغا ئەگىشىپ مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن مېيىت قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە قىلىنىدۇ، ئاخىرەتلىك بۇيۇملار قوشۇپ كۆمۈلمەيدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بىرسىقىمدىن توپىنى مېيىتنىڭ ئۈستىگە چېچىپ ۋىدالاشقاندىن كېيىن موللام قىرائەت ۋە دۇئا قىلىدۇ. جامائەت ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان بۇ بەندىنىڭ گۆر ئازابى تارتماي ئەززائىلنىڭ قىيىن سوئال ـ سوراقلىرىغا ئاسان جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن دۇئا ۋە مەدەت بېرىشىدۇ. جەسەت كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قەبرە بېشىغا بىر تال گۈل ياكى ياغاچ قاداپ بەلگە قىلىنىدۇ.

شەرىئەتتە مېيىتنى يەرلىككە قويۇشقا پەقەت ئەرلەرنىڭلا بېرىشى مۇۋاپىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ھازىدارلار دەپ قارىلىپ، بېلىگە ئاق باغلاپ قارىلىق تۇتىدۇ. ئاياللار بىلىگە ئاق باغلىغاندىن باشقا 40 كۈنگىچە بېشىدىن ئاق رومالنى ئالماي قارىلىق تۇتىدۇ. ئۆلگۈچى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھازىدارلار تەسىرلىك قوشاقلارنى توقۇپ يىغا - زار قىلىشىپ، ئۆلگۈچىدىن ئايرىلىشقا كۆز قىيالماسلىق، سېغىنىش ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى چوڭ ئادەم ياكى ئائىلىنىڭ باشلىقى بولسا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يەتتە كۈن قارىلىق تۇتىدۇ. ئۆلگۈچىگە بولغان چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن 40 كۈنگىچە ئەرلەر چاچ - ساقال ئالدۇرمايدۇ، ئاياللار باش تارىمايدۇ. نەغمە - ناۋا، ناخشا - ئۇسسۇل، كۈلكە - چاقچاق بار جايدا تۇرمايدۇ. مېيىت ئۆزىغاندىن كېيىنكى 3 - ، 7 - ، 40 - كۈنلىرى ۋە يىل توشقاندا جامائەت چاقىرىلىپ چوڭ نەزىر ئۆتكۈزۈلىدۇ، قارى - ئۆلىمالار تەكلىپ قىلىنىپ قۇرئان ئوقۇتۇلۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەتلەر قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ روھىنىڭ قورۇنۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە مېيىت يۇيۇلغان جايغا يەتتە كۈنگىچە نوكچا يېقىلغاندىن سىرت، بۇ ئۆينىڭ چىرىغى 40 كۈنگىچە ئۆچۈرۈلمەيدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ئۆلگۈچىنىڭ قېرىنداش - تۇغقانلىرى پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى ۋە ھەر يىلى ھېيت - ئايەملەردە زاراتگاھلىققا بېرىپ قەبرىلەرنى يوقلايدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ روھىنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تىلەپ دۇئا ۋە سەدىقە قىلىدۇ. ئۆيلەردە خەتمە - قۇرئان، مەۋلۇت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

مۇبادا، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك دەپنە قائىدىلىرىدە ئۇلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆلۈمگە بولغان لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىپادىلەنگەن دېسەك، ئۇنداقتا قەبرە ئالدىغا ھەيكەل

تىكلەش بىلەن جەسەتكە مۇئەككەل ھايۋان ۋە ھۆر قىز قونچىقى (جىن قونچىقى) غا ئوخشاش بۇيۇملارنىڭ قوشۇلۇپ كۆمۈلگەنلىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى سەنئىتىدىكى ئۆلۈم چۈشەنچىلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇپ بېرىدۇ.

2. ئۆلۈم پەرھىزى: بالبال، سىنتاش ۋە قەبرە مۇئەككىلى

بالبال (تاش ھەيكەل) ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى تۈركىي - ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ دەپنە مەدەنىيىتىدىكى بىر خىل ئەنئەنە. بۇ مەدەنىيەت ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتقا قارىتا ئۈمىدۋار تەلپۈنۈشلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ تىپىك خاتىرىلەش ئەنئەنىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۆلگۈچىنى ئەسلەش ۋە ئۇنىڭ نامىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن قورام تاشقا ئۆلگۈچىنىڭ ئوبرازى ئويۇلغاندىن كېيىن قەبرە ئالدىغا بالبال ئورنىتىلىدۇ.

قەبرە ئالدىغا تىكلەنگەن بالبال، سىنتاشلار يالغۇز تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىپلا قالماستىن، بەلكى تۈركىي خەلقلەر ياشىغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي رايونى، قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، موڭغۇلىيە، سىبىرىيە قاتارلىق جايلىرىدىنمۇ تېپىلغان[①]. جۇڭگو، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى بۇ بالباللارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «مىلادىيە VI ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان تۈركلەرنىڭ قەبرە ئالدىغا تىكلەنگەن بەلگىسى»[②] دەپ بېكىتكەن.

خېلى زور كۆپچىلىك بالباللار مىلادىيە VII ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرگە تەئەللۇق. شەرقىي تارىمدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق ئالدىدا بۇ ھەيكەللەرنىڭ بولغانلىقىدىن قارىغاندا، بالبال ۋە

---

① كېسلىف: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باستۇرغان، خەنزۇچە.

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 - يىللىق 1 - سان، 12 - بەت.

سىنتاش تىكلەش ئەنئەنىسى ئۇيغۇرلاردا VII ئەسىردە ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىمۇ ئادەتكە ئايلانغان. ھەيكەل ئويمىچىلىقى سەنئىتى بۇددا دىنىنىڭ بۇت ياساپ دىنىنى تەرغىب قىلىش، كېڭەيتىشتىكى ئاساسلىق ۋاسىتىسى سۈپىتىدە، مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە ھىندىستاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا كىرگەن. قەدىمكى گرېك ئۇستىلىرى گرېتسىيە - يۇناننىڭ قەدىمكى ھەيكەلتىراشلىق ئۇسلۇبىنى بۇددا دىنىنىڭ بۇت ئويۇش سەنئىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قەندىھار دېگەن جايدا دۇنياغا مەشھۇر گرېك - يۇنان ئۇسلۇبىدىكى ھىندى بۇت ئويمىچىلىق سەنئىتى — قەندىھار بۇددىزىم سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەندى. ئەنە شۇنىڭ تۈرتكىسىدە، مىلادىيە V ، VI ئەسىرلەردىلا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا بۇت ياساش ئاساسىدىكى ھەيكەل ئويمىچىلىقى ئەۋج ئالغان. ئەمما قەبرە ئالدىغا ئورنىتىلغان بۇ بالبال، سىنتاشلار بولسا دىنىي مەجبۇرىيەتتىن ئەمەس، بەلكى ئەجداد روھىنىڭ ئۆچمەسلىكىگە ئىنتىلىش ئارزۇسىدىن ياسالغان. بالبال ئورنىتىشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بەزى تەتقىقاتچىلار شۇ چاغدىكى سەركەردە - قەھرىمانلار ئۆزى يەڭگەن ۋە ئەل قىلغان دۈشمىنىنىڭ ھەيكىلىنى ئۆز قەبرىسىنىڭ ئالدىغا ئورناتقان دەيدۇ[①]. ئەمەلىيەتتە «مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى» دا، تۈرك - ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئۆزى ئەل قىلغان دۈشمىنىنى بالبال قىلىپ تىكلىگەنلىكى قەيت قىلىنغان[②].

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بالبال ئىككى مەقسەتتە تىكلەنگەن: بىرى، مەلۇم قەھرىماننىڭ قەبرىسى ئالدىغا رەقىبىنىڭ ھەيكىلىنى

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى باستۇرغان، 1985 - يىل خەنزۇچە.
② «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»غا قارالسۇن.

تىكلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى نامايان قىلىش؛ يەنە بىرى، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆز قەھرىمانلىقى ۋە ئەبەدىي ئۆچمەس روھىنى نامايان قىلىش. بالبالنىڭ بۇ خىل مەقسەتتە تىكلىنىشىدە رېئاللىق ئىككى بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىرلىكىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ خۇددى قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ۋە مەڭگۈلۈك ھايات ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدە ئۆلۈم تېمىسىنى ئوبرازلىق، ھەيۋەتلىك پىرامىدا بىلەن كۆركەم سېھىرلىك تۇسكە كىرگۈزگەنلىكىگە ئوخشايدۇ.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىدىن تېپىلغان بۇددا دىنى ھەيكەللىرى، ھەر خىل قىياپەتتىكى تاش ھەيكەللەر، بالباللار، سىنتاشلار ئىپادىلىگەن ھاياتلىق مەنىسى بىلەن قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ھەيكەللىرىدە ئىپادىلەنگەن مەنىلەرنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئىگە بولۇشى بىزنى ھەم ھەيران قالدۇرىدۇ، ھەم قىزىقتۇرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر قەبرىلىرى ئالدىغا ئورنىتىلغان بالباللار ۋە سىنتاشلار مىسىر ئېھراملىرىدەك ياكى ئىلاھىي تۇس ئالغان ئادەم باشلىق شىر تەنلىك ھەيكەللەردەك ناھايىتى نەپىس ھەم ھەيۋەتلىك قىلىپ ياسالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ بالبال، سىنتاشلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆلۈمنى ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك دەپ چۈشەنگەنلىكىنى، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشىيالايدۇ دەپ تونۇغانلىقىنى بىلەلەيمىز. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىر تەرەپتىن جەسەتنى نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملار بىلەن قوشۇپ كۆمۈپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ دۇنيادا ئاشۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ ھايات كەچۈرۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى قەدىمكى مىسىرلىقلاردەك ئۇنىڭ تۇرقىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ تاشقا ئويۇپ قەبرە يېنىغا ياكى لەھەت تېمىغا مەڭگۈلۈك ئورناتقان.

دىيارىمىزدىن تېپىلغان بالباللارنىڭ ئۆلچىمى، ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە ياراتقان ئوبرازلىرى ئۆزئارا خېلى روشەن پەرقلىنىدۇ. بەزى بالباللار ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر-

دىن ئاشىدۇ، بەزىلىرى بىر مېتىردىن ئاشىدۇ[1]. ئۇلارنىڭ يۈزى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ. ھەيكەللەرنىڭ قىياپىتى، بەدىئىي ئوبرازى خېلىلا روشەن بولۇپ، ئۇلاردا بىر خىل مەردلىك ھەم ساددىلىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل بالباللاردىن شىخونىڭ غەربىدىكى موتتۇ دېگەن سايدىن تېپىلغان بالبال (ئېگىزلىكى 85cm)، باينگو فېرمىسى ئەتراپىدىكى بالبال (75cm) ۋە باينگو فېرمىسى يايلىقى ئەتراپىدىكى بالبال (1.20cm)، دۆربىلجىننىڭ ئېمىلغول موڭغۇل يېزىسىنىڭ ئېمىل سۇ ئامبىرىدىن تېپىلغان بالبال (1.20cm)، تولى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تېپىلغان بالبال (1.65cm) قاتارلىقلار بار. بۇ بالباللار تۈرقى، شەكلى جەھەتلەردە ئاساسەن بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ دۆربىلجىن ناھىيە نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كۆك تالدىن تېپىلغان قوش بالبال بىلەن ئوغرى قاچار تېغىنىڭ كۆك تال جىلغىسىدىن تېپىلغان بالبالنىڭ تۆت ئەتراپى كەڭ كەتكەن ئوتلاق بولۇپ، بۇ بالباللار ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3 مېتىر، كەڭلىكى 2.30 مېتىر كېلىدىغان بىر تاش تاۋۇتلۇق قەبرىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە تىكلەنگەن، قەبرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تىكلەنگەن بالبالنىڭ يۈزى شەرققە قاردتىلغان. بالبالنىڭ باش قىسمى كىچىكرەك، گەۋدىسى چوڭ، كۆزلىرى يوغان، بۇرنى ئۇزۇن بولۇپ، قاڭشارلىق. ئۇنىڭ قۇلاق، قاش، كۆز ئاستىدا ئەگمە شەكىللىك بۇرۇت ۋە ئۇزۇن ساقاللىرى بار. بۇ بالباللار ئەينى چاغدىكى ئۇستىلار تەرىپىدىن ناھايىتى كۆركەم ھەم ستېرېئولۇق كۆرۈنۈشتە چېكىلگەن. بالبالنىڭ غەربىدىكى تاش تاۋۇتلۇق قەبرىنىڭ غەربىي تېمىدا يەنە بىر بالبال بولۇپ، ئۇنىڭ باش قىسمى گەۋدىسىدىن ئاجرىتىلغان ھالدا ئىككى پارچە بولۇپ يەردە دۈم ياتقۇزۇلغان. ئىككىنچى

---

① ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.

بالبالمۇ بىر ياش ئەر كىشىنىڭ گەۋدىسى بولۇپ، راست ئادەمگە تامامەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 1.15 مېتىر، كەڭلىكى 0.50 مېتىر. بالبال سىپتا، يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا يۈز قىسمى پارقىراق ھەم قاپارتما شەكىلدە چېكىلگەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان ھەم ئۇزۇن، كۆز قارىچۇقى يوق (كۆزى يۇمۇلغان)، قاش بەلگىلىرى ئېنىق. پېشانىسى ئۈستىدە ئارقىسىغا قارىتىلغان چاچ بەلگىسى بار. ئىككىلا قۇلىقىغا شار شەكىللىك ھالقا ئېسىلغان، بۇرنى يوغان ھەم قاڭشارلىق، شاپ بۇرۇت، ئېغىز ۋە ساقاللىرى پۈچۈلۈپ كەتكەن، ھەيكەلنىڭ گەۋدە قىسمىدا ئالدى تەرىپىدىن ئىزمىلىنىدىغان كىيىم ئورنىدىكى سىزىقچىلار بار. ھەيكەلنىڭ سول قولى تۆپتۈز قىلىنىپ، ئەگرى قىسقا خەنجەر سېپىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان (خەنجەر تۇتقان) ھالەتتە، ئوڭ قولى ئېغىزى چوڭ، تۆۋى كىچىك قەدەھنى كۆتۈرگەن ھالدا كۆكرىكىگە قويۇلغان. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى خونقاي يايلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئېگىزلىكى 1.90 مېتىر، كەڭلىكى 56cm كېلىدىغان تاش ھەيكەلنىڭ ياسىلىشى، شەكلى ۋە بەدىئىي ئوبرازى يۇقىرىدىكى ھەيكەللەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

بۇ خىلدىكى تاش ھەيكەللەردىن يەنە تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن كۆپ تېپىلغان. ۋ. س. سولوفيېف بۇ بالباللار ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان[1]. ئۇ بۇ بالباللارنىڭ جايلىشىشى، ياسىلىشى ۋە قۇرۇلمىسى، ئوبراز قىياپىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ۋ. س. سولوفيېف ئۆزى تاپقان بىر بالبال ئۇبۇكىك (obukuuk) دەريا ئېقىنىنىڭ پەلەمپەيلىك جايىدىكى تەكشىلىكتىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ بالبالنىڭ باش قىسمى بىلەن گەۋدە قىسمى تېپىلغان

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1987 - يىللىق 1 - سان 58 - بەت ۋە 1990 - يىللىق ئومۇمىي سانلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك دوكلاتلارغا قارالسۇن.

ئارىلىق 100 مېتىر كېلىدۇ. بۇ بىر ئەرنىڭ باش ھەيكىلى بولۇپ، راست ئادەمگە ئوخشايدۇ[1]. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 22cm ، كەڭلىكى 18cm ، سىلىق ياسالغان، كۆزلىرى يوغان ھەم ئۇزۇن، كۆز قارىچۇقى يوق (كۆزى يۇمۇلغان) ، گەۋدە قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 61cm ، كەڭلىكى 30cm كېلىدۇ. ھەيكەلنىڭ بىر قولى قورساقتا، يەنە بىر قولى كۆكرىكىگە قويۇلغان. ك. ئاكېشىۋ بۇ ھەيكەللەرنى «بۇددىزم ۋە تۇخارىستان ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنى ئىپادىلەيدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە بۇ ھەيكەللەردىكى قەدەھ ھەم قورال - ياراغنىڭ بولماسلىقىدەك ئەھۋالدا قولنىڭ يۇقىرىقىدەك قويۇلۇشى ئېھتىمال ھەيكەل ھالىتى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ ھالىتىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يۇقىرىقى بالباللاردىن تاشقىرى، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىن شەكلى خىلمۇ خىل ھەم مۇئەييەن ئوخشاشلىقلارغا ئىگە خېلى كۆپ سىنتاشلارمۇ تېپىلغان. بۇ سىنتاشلار بالباللارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بالبالدىن كىچىك، ياسىلىشى ئاددىي، پەقەتلا ئادەمنىڭ باش قىسمىنىڭ ئىزلىرىلا چىقىرىلغان. بىر قىسىم قەبرىلەر، بولۇپمۇ تاش تاۋۇتلۇق قەبرىلەر ئالدىغا ئاددىي تاش ھەيكەل تىكلەنگەن. ئېگىز تۆپىلىكلەردىكى ھەيۋەتلىك قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا تىكلەنگەن چوڭ، مۇرەككەپ ياسالغان بالباللار ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمىنى ھەيۋەتلىك، يۈكسەك دەپ قارىغانلىقىنى كۆرسەتسە، سىنتاشلار تىكلەنگەن كىچىك قەبرىلەر ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمگە بولغان پوزىتسىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس، ئايرىم، ساددا دىنلىرى بار ئىدى؛ ئۇلار يەر-

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1987 - يىللىق 1 - سان 58 - بەت ۋە 1990 - يىللىق ئومۇمىي سانلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك دوكلاتلارغا قارالسۇن.

نىڭ، كۆكنىڭ يەنە پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىنسانغا ئەڭ مېھرىبان بولالىشىغا ئەقىدە قىلىپ ئۇلارغا ئېتىقاد قىلغان. شۇنداقلا يەر، سۇ، دەل ـ دەرەخ، تۆمۈرگە ئوخشاش شەيئىلەرنى ئۇلۇغلىغان. بۇ شەيئىلەر ئىچىدە تۆمۈرنىڭ تۇرمۇش، مەئىشەت ۋە جەڭ، ئۇرۇش ئىشلىرىدا ياردىمى چوڭ بولغانلىقتىن، ئۇنى بەكرەك ئۇلۇغلايتتى... ئۇلار ۋاپات بولغانلارغا قۇربانلىق قىلاتتى ۋە ناھايىتى قاتتىق قايغۇراتتى. قەبرىگە تاشلارنى قويۇش بىلەن بىللە، ئۇلۇغراق ئادەملەرنىڭ تاشلىرىغا ئۇلارنىڭ تىرىك ۋاقتىدىكى ياخشىلىقلىرىنى يېزىپ قالدۇراتتى»، «تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش ئىشلىرىغا ھەۋىسى بەك كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرىلىرىگە شۇ ئۆلگەن كىشى ئۆمرىدە (جەڭ ـ ئۇرۇشلاردا) نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، قەبرىگە شۇنچە تاشنى تىزىپ قوياتتى ياكى تاشقا ئۇنىڭ ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى پۈتۈپ قوياتتى...»[1].

بۇ بالبال، سىنتاشلارنىڭ بەزىلىرى قەددى ـ قامەتلىك ۋە سالاپەتلىك بولۇپ، ئۇلاردا ھەر خىل قىياپەت ۋە ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن. روشەنكى، بۇ بالباللارنىڭ ياسىلىشىدىكى بۇنداق پەرق قانداقتۇر قەدىمكى ئاپتورلارنىڭ ئىلھامىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، ئۇ ئېھتىمال دەۋر، قوۋم، رايون ياكى تەبىقە قاتارلىق ئامىللاردىكى مەلۇم پەرقلەرنى كۆرسەتسە كېرەك. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر تەرەپ شۇكى، بۇ بالباللارنىڭ ھەممىسى ئەرلەرنىڭ بولۇپ، ئاياللارنىڭ ھەيكىلى ئۇچرىمايدۇ. بۇ پاكىت بىر تەرەپتىن، ئاشۇ چاغلاردىكى ھايات كىشىلەر ئەرلەرگىلا ھەيكەل ئورنىتىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى، ئەبەدىي ئۆچمەسلىكىگە ئىنتىلگەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاياللارنىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىش ئادىتىنىڭ بولمىغانلىقىدىن دېرەك

---

[1] ئەھمەد زەكى ۋەلىدى: «تۈرك ـ تاتار تارىخى»، قازان باسمىسى، 1912 ـ يىل نەشرى، I توم، 17ـ، 19 ـ بەتلەر.

بىردۇ. بۇنىڭدىن ئاياللارنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈم مەسىلىلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكىنى، ئاتىلىق ھۆكۈمرانلىق چۈشەنچىسىنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن. بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلار قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ھەم پائالىيەت رايونىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەينى چاغدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆلۈم چۈشەنچىسىنى، ئۇلارنىڭ قەدىمكى سەنئەت ـ ئىجادىيەت تەسەۋۋۇرىدا «ئۆلۈم» نى بەدىئىي ئىپادىلەپ، مەڭگۈ تاشلارنى ئورناتقانلىقىدىن ئىبارەت ئادەت ئەنئەنىسىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، قەبرە ئالدىغا تاش ھەيكەل تۇرغۇزۇش ئالدى بىلەن قەدىمكى تۈرك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل دەپنە قائىدىسى، بىر خىل تۇراقلاشقان ئادەت، بىر خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، شۇنىڭدەك بىر خىل سەنئەت ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى «ئۆلۈم» نى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

«قەبرىگە مۇئەككەل ھايۋان» ۋە «ھۆرقىز قونچىقى» قەدىمكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا سەنئىتىنىڭ ئۆلۈم تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر تارىخىي ئۇچۇرى. ئۆز نۆۋىتىدە ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىلىك، سىرلىقلىق ئالامەتلىرىنى ساددا تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن جىن ـ ئالۋاستى، «روھ» دېگەن مەزمۇنلارغا مۇجەسسەملىگەن ھەمدە ئۇنى مېيىتنى دەپنە قىلىشتا قوللانغان. بۇ ئارقىلىق «ئۆلۈم» ھەققىدىكى پەرھىزنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇنىڭ بىر مىسالى دەل «قەبرىگە مۇئەككەل ھايۋان»[1] ھېسابلىنىدۇ.

«قەبرىگە مۇئەككەل ھايۋان» نىڭ بېشى يولۋاسنىڭكىگە،

---

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1990 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

گەۋدىسى يىلپىزنىڭكىگە، قۇيرۇقى تۈلكىنىڭكىگە، تۇۋىقى كالىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. قورسىقىنىڭ ئىككى يېنىدا قاتار - قاتار ئېرىقچىلاردەك سىزىقلار بار. ئىككى يېنىدا چەكچىيىپ تۇرىدىغان يۇمىلاق ئىككى كۆزى بار. مۇرە قىسمىدا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ياسالغان تىك - تىك تۈكلىرى خۇددى ئۆتكۈر نەيزە - خەنجەرلەردەك پارقىراپ تۇرىدۇ. چىرايى ياۋۇز، بەتبەشىرە بولۇپ، كىشىنى ئەيمەندۈرىدۇ.

«قەبرىگە مۇئەككەل ھايۋان» لار گۆرنىڭ ئالدىغا ئويۇپ چىقىرىلغان قەبرە دالانچىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئۇيۇققا قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار مېيىتلار ئۈچۈن جىن - شەيتانلارنى ھەيدەپ بېرىدىغان «مۇھاپىزەتچىلەر»، قەبرىلەرنى قوغدايدىغان تىلسىم مەخلۇقلار دەپ قارىلىدۇ. «قەبرىگە مۇئەككەل ھايۋان» نىڭ جىن - ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ، مېيىتلارنى مۇھاپىزەت قىلىشتەك ئىلاھىي تىلسىملىق ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ياسىغۇچىلارنىڭ ماھىرلىقى ۋە نىيەت - مەقسەتلىرى بۇ ئوبرازدا تولۇق ئىپادىلەنگەن. ئۇنى جەسەتكە قوشۇپ كۆمۈش شەرقىي ۋە غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، دەسلەپ بىرسى قويۇلغان بولسا، كېيىنچە ئىككىسى قويۇلغان. بۇنىڭ بىرى ئادەم باشلىق ھايۋان تەنلىك، يەنە بىرى ھايۋان باشلىق ئادەم تەنلىك بولغان. تاڭ دەۋرىدە «قەبرىگە مۇئەككەل ھايۋان» لار بېشىدا مۈڭگۈزى بار، مۈرىسىدە قانىتى بار ياكى قولىدا يىلان تۇتقان ھالەتتىكى ئاجايىپ - غارايىپ ۋەھىمىلىك قىياپەتتە ياسالغان. بۇنداق دەپنە ئادەتلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ، دەپنە ئادەتلىرىدە ساقلىنىپ قېلىشى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى مەلۇم تاشقى قۇدرەتلىك ياۋۇز كۈچنىڭ پەيدا قىلىدىغانلىقى، تەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ دۇنيادا ئادەمنىڭ قايتىدىن تىرىلىپ روھىنىڭ ئەبەدىي ياشايدىغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ روھى تىرىلگۈچە بولغان ئارىلىقتا تەننى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ

ھۇجۇمىدىن قوغداش لازىملىقى توغرىسىدىكى خىيالىنىڭ ئوبرازلىشىشىدىن ئىبارەت. ئۇ ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي ئۆلۈم تەشۋۇشىنى خېلى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ غايىۋىيلىكى، تەبىئەت جانلىقلىرىغا ئوخشايدىغانلىقى ھەم بىر خىل كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئۇنىڭدا نامايان قىلىنىشى ئۇنىڭ ئۆزىدە بىر خىل ئىلاھىي سىرلىق كۈچنى پەيدا قىلغان ھەمدە «ئىلاھىي ھايۋان» ئوبرازىنى ياراتقان. شۇڭا ئۇنى ئىپتىدائىي ئىنسان ئېڭىدىكى مەلۇم تەبىئەت روھى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنىدىغان ئاخىرەتلىك سەنئەت بۇيۇمىدىن بىرى «ھۆرقىز قونچىقى» دەپ ئاتىلىدىغان جىن قونچىقىدىن ئىبارەت. ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن بىر مۇنچە غەيرىي سەنئەت بۇيۇملىرى مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە پسىخىك ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ياسالغان. قونچاق دەل شۇنداق سەنئەتنىڭ بىر مىسالى.

دېمەك، جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان «قەبرىگە مۇئەككەل ھايۋان» بىلەن «ھۆرقىز قونچىقى»نىڭ ھەر ئىككىسى ئۆلگۈچىگە ھەمراھ قىلىپ بىللە دەپنە قىلىنغۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى ئىپادىلىگەن. تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان ئادەم سىياقىدىكى ياغاچ قونچاقلار، لاي قونچاقلار، ئۇچار قۇشلار سىياقىدىكى قونچاقلار مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى VI ئەسىرلەردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ ئەينى چاغدا مۇشۇ ماكاندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ھەمدە ھايات - ئۆلۈم ھەققىدىكى ساددا ئېڭىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ قونچاقلار ناھايىتى قەدىمىيلىكى بىلەن نىسبەتەن قوپالراق، تازا تەكشى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزگىچە يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. تېخىمۇ مۇھىمى، تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان قونچاقلارنىڭ قىياپەت، تۈرى، ياسىلىش ئۇسلۇبى قاتارلىقلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى سەنئەت

ئىجادىيىتىدە ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەيكەللەرنىڭ كۆزىنىڭ يۇمۇلغان ھالىتى بىلەن يۈزىنىڭ شەرققە قارىتىلىشى ئىپتىدائىي ئېتىقاد بىلەن بىرلەشكەن ئۆلۈم ئېڭى ۋە پەرھىزىنىڭ جانلىق تەسۋىرلىنىشىدۇر.

«قەبرىگە مۇئەككەل ھايۋان» بىلەن «ھۆرقىز قونچىقى» قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دەپنە ئادىتىنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە ئۇزاق ئەسىرلەر داۋام قىلغان ئەنئەنىسى. بۇ خىل سەنئەت ئەسەرلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەسەتكە ئېتىبار بىلەن قارىشىنىڭ ھەم تەن ۋە روھ چۈشەنچىسىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى. بۇ سەنئەت بۇيۇملىرىغا قەدىمكىلەرنىڭ ئۆلۈم قىممىتى، ئەھمىيىتى ھەققىدىكى ساددا تەبىئەت قارىشى چوڭقۇر سىڭگەن. پېرىخونلۇق، سېھىرگەرلىك — ئۆلۈم تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بىر پەرھىز بولۇپ، ئۇ باخشى، پېرىخونلۇق، جادۇگەرلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە قەدىمكى تارىخىي دەۋردىكى خەلق سەنئەتكارلىرى، دانىشمەن، ئەقىلدارلىرىنىڭ ئالەم، تەبىئەتنى ۋە تۈرلۈك تەبىئىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئىلاھىيلاشتۇرىدىغان، سىرلىقلاشتۇرىدىغان بىر خىل ئىپتىدائىي ئاڭدىن پەيدا بولغان، كۆككە (ئاسمانغا)، روھقا ئىلتىجا قىلىپ پالاكەت، كېسەللىك، ئاپەت، ئۆلۈم، بەختسىزلىكلەردىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىدىغان بىر تۈرلۈك پسىخىك مۇداپىئەلىنىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كونكرېت شەكىللىرى رەم سېلىش، پېرىخونلۇق قىلىش، روھ چاقىرىش، روھنى جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە ئادەم شەكلىگە تەقلىد قىلىپ قونچاق ياساپ، بۇ قونچاقلارنى يەرگە، دەرەخ تۈۋىگە، بوسۇغا ئاستىغا كۆمۈش قاتارلىقلاردۇر.

جادۇگەرلىك — ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئەڭ قەدىمكى دىنىي ئىبادەت پائالىيىتىنىڭ بىر خىل

ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. يىراق قەدىمكى دەۋر كىشىلىرى جادۇگەرلىك ئارقىلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى (بالايىئاپەتنى) ئۆزگەرتىپ، تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، بۇ خىل ئەقىدىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋردىكى دىنىي ئىشەنچ، پەرھىزلىرىنىڭ بىر مەزمۇنى. بۇ بىزنىڭ قەدىمىي تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ۋە «مەڭگۈلۈك ھايات» ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى، ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قىياتاش ۋە تاشكېمىر سەنئىتىدە ئۆلۈم تەسۋىرى

مەلۇمكى، ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت ئىجادىيەتلىرى ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭىنى ئىپادىلەشنى يادرو قىلىپ، ئادەمنىڭ ھايات كەچۈرۈش، قۇدرەت تېپىش ۋە تەرەققىيات ئاساسىدا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە قاراپ ئۆرلەشتىن ئىبارەت ماھىيىتىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا، سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلاپلا مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە، ئىنساننىڭ تۇرمۇش ۋە ياشاش مەسىلىسىگىچە بىۋاسىتە باغلانغان.

رىتىم — تۇرمۇشىمىزنىڭ مەقسەتدارلىق ئاساسىدىكى تەرتىپچانلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمى — ئادەم بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆسۈش، ئۆزگىرىش جەريانىدىكى زىددىيەتلىك مۇناسىۋەت قانۇنىيىتىنى ئىپادىلىگەن رىتىمدارلىقنىڭ مەھسۇلى. قەدىمكى سەنئەت ئەسەرلىرى بۇ خىل جىددىي، كەسكىن ھايات رىتىمىنى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىر ياقتىن چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە بولغان

مەپتۇنلۇقىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر ياقتىن ساختىلىق، خۇنۇك-لۇك، رەزىللىكنى ئىنكار قىلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر تەسۋىرىي سەنئىتى — قىيا تاش رەسىملىرى ۋە مىڭ ئۆي سىزمىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئازابلىق پىسخىك قاتلىمى، ئۆلۈم ھەققىدىكى ۋەھىمە - تەشۋىش ۋە ئۆلۈمنى سىرلىقلاشتۇرۇشتىن پەيدا بولغان مەۋجۇتلۇق پەل-سەپىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ بېرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال. قىيا تاش ۋە تاشكېمىر سەنئىتى قىيا ئۆڭكۈرلەر، قىيا تاشلارغا سىزىلغان رەسىملەر، يەككە قورام تاشلارغا چېكىلگەن رەڭلىك رەسىملەر، سىزىقچىلار، قاپارتما رەسىم، ئويما رەسىم ھەمدە بۇددا غار ئۆڭكۈرلىرىگە سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر[1]. ئۇ كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا يارىتىلغان. بەزىسى برونزا ۋە تۆمۈر قوراللار دەۋرىگىچە ياسالغان. بۇ رەسىملەرنىڭ بىر خىلى تۈرلۈك ئوبرازلارنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى تاشقا ئويۇش ئۇسۇلى بىلەن سىزىلغان. ئىككىنچى خىلى تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ پۈ-تۈن گەۋدىسىنى ئويۇپ چىقىش ياكى بوياقتا سىزىش ئۇسۇلىدا ئىجاد قىلىنغان.

قىيا تاش سەنئىتى ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەم تارىخىي دەۋر-لىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيا قىتئە-سىنىڭ شىمالىي، شەرقىي ۋە غەربىي جەنۇبىي رايونلىرى، ئىس-پانىيىنىڭ شەرقى، ئىتالىيىنىڭ جەنۇبى، شىمالىي ئامېرىكا، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي سەھرايى كەبىر چۆلى قاتار-لىق كەڭ رايونلاردىكى قىياتاش سەنئىتىدە قەدىمكى ئاسىيا، ياۋروپا ئىرقىدىكى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئەسلىي جۇغراپىيىلىك

① كېسلىق: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باستۇرغان نۇسخا، خەنزۇچە I ، II تومدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا قارال-سۇن.

جاي، ماكان شارائىتلىرى، قەبىلىلەر تۇرمۇشى، دىنىي ئىشەنچ،
پەرھىز ۋە مۇراسىم، ئۇرۇش ـ جېدەللىرى، ئەپسانىۋى قەھرىمان ـ
لارنىڭ تىپىك بەدىئىي ئوبرازلىرى چۈشۈرۈلگەن.

تارىم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى ئارخېئولوگلارنىڭ
تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، ھازىرقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى،
شەرقى ۋە شىمالىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى ئىپتىدائىي
جەمئىيەتنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىدىن دەسلەپكى ئوتتۇرا ئە ـ
سىرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا يارىتىلغان. بولۇپمۇ بۇ ئىپتىدا ـ
ئىي سەنئەت نەمۇنىلىرى تەڭرىتېغى، ئالتاي تاغلىرى ۋە قۇرۇم
تاغلىرى رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. ئارخېئولوگلار ۋە تەتقىقاتچى ـ
لارنىڭ قارىشىچە، بۇ تەسۋىرىي سەنئەتلەر شىنجاڭدا ياشىغان
ساكلار، توخرىلار (ياۋچىلار)، ھونلار، ئۇيسۇنلار، تۇركلەر،
تېلىيلار (تۇرالار)، سىيانپىلار، جۇرجانلارغا ئوخشاش قەدىمكى
مىللەتلەرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك سەنئەت خەزى ـ
نىسى بولۇپ، بۇ خىل رەسىم چېكىشنى ئەڭ دەسلەپ مۇشۇ
سەنئەتنى ئىگىلىگەن ھونلار باشلاپ بەرگەن①. ئالتاي تاغلىرىدىن
تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىدە ئوۋچىلىق، نەزىر ـ چىراغ،
تەڭرىگە چوقۇنۇش، ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىش پائالىيەتلىرى تەس ـ
ۋىرلەنگەن. تەڭرىتېغىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە ئوۋچىلار بى ـ
لەن پادىچىلارنىڭ پائالىيەتلىرى گەۋدىلىكرەك بولۇپ، ئادەم
ئوبرازىنى يارىتىش ئاساس، ھايۋان ئوبرازىنى يارىتىش قوشۇمچە
قىلىنغان. ئوۋچىلارنىڭ ئوقيا ئېتىۋاتقان، ئوۋ غەلىبىسىنى
تەبرىكلەپ ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقان شاد ـ خۇرام قىياپىتى سۈرەت ـ
لەنگەن. رەسىملەرنىڭ بەزىلىرىدە يالغۇز، يەنە بەزىلىرىدە كول ـ
لېكتىپ قورشاپ ئوۋ قىلىۋاتقان، ئوۋچىلار ئىت قاتارلىق ھاي ـ
ۋانلاردىن پايدىلىنىپ مال ـ چارۋا تۇتۇۋاتقان، ۋەھشىي ھايۋان ـ

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان
79 ـ بەت، 1985 ـ يىللىق خەنزۇچە سانلىرى.

دىن قوغدىنىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر جانلىق، تەسىرلىك ھەم ئېنىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ خىل قىيا تاش رەسىملىرى ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغ، ئالتۇنتاغ، قۇرۇم تاغلىرى، بارىكۆل قاتارلىق جايلارغا كۆپلەپ تارالغان بولۇپ، كۇجەي پەنجىرە تاغ بىلەن بارىكۆل قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ تارىخى تېخىمۇ ئۇزۇن، مەزمۇنى كۆپ خىل، ئۇسلۇبى ئۆزگىچىلىككە ئىگە[1]. بارىكۆلدىن تېپىلغان بىر يۇرۇش ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن قىيا تاش رەسىملىرىدە، بىر ئادەمنىڭ كامالەك تارتىپ چوڭ مۈڭگۈزلۈك ئارقارنى ئاتماقچى بولۇۋاتقانلىقى، سول يان تۆۋەن تەرەپتىكى ئوۋچىلارنىڭ قولىدا بىر نەرسە تۇتۇپ ئارقا پۇتى يارىلانغان بىر ھايۋاننى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر پارچە رەسىمدە بىر توپ ئوۋچىلار بىر ياۋا كالىنى ئورۇۋالغان، ئارىسىدىكى بەستلىك كەلگەن بىر ئوۋچى ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ كالىنى نىشانغا ئېلىۋاتقان، يۇقىرى تەرەپتە يەنە بىر ئوقيا بەتلەكلىك تۇرغان، ئوڭ ياقتا بىر ئادەم كالىغا نەيزە سانجىۋاتقان، بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ كەينىدە بىر ياۋا كالىنىڭ سىرتماقنى ئۈزۈۋەتكەن قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن[2]. ئارخېئولوگلار بۇ بىر قاتار تەسۋىرىي سەنئەتنى ھون ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئىجاد قىلىنغان، ھەتتا بەزىلىرىنى قەدىمكى كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھونلار، ساكلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىجاد ئەتكەن دەپ مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە[3]. بۇ قىيا تاش رەسىملىرىدە قەدىمكى تۈرك ـ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۇتېم قىلغان بۆرە، ئېيىق، جەرەن، كېيىك، ئات، ئىت، كالا، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان 79 ـ بەت، 1985 ـ يىللىق خەنزۇچە سانلىرى.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە.

③ ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.

ئوبرازىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك يارىتىلغان. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يۇقىرىقى قىيا تاش رەسىملىرىدە مۇشۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتلىق ئىزدىنىشلىرى باش تېما قىلىنغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن بولغان تەبىئىي كۈرەشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن. قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوۋچىلىق ۋە ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىش تەسۋىرلەنگەن بۇ رەسىملەردىن قارىغاندا، ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۆز ئەتراپىدىن ئۈركۈتۈۋېتىشلا ئەمەس، بەلكى يىراقلارغا قوغلىۋېتىشى، ئۇلارنى زەخىملەندۈرۈپ ئۆچ ئېلىشى، تۇتۇۋېلىشى، ئايرىملىرىنىڭ گۆشىنى يەپ سۆڭەكلىرىنى قورال قىلىپ ئىشلىتىشى ئىپتىدائىي ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى ئىپادىلەپلا قالماي، بەلكى يەنە مەنىۋى ئېستېتىك تەلىپىنىمۇ ئىپادىلىگەن. بۇ ئەمەلىي ئېھتىياج ئوقيا، پىچاق، نەيزە، چۆماق، كالتەك قاتارلىق ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە قوغدىنىش بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلىشقا تۈرتكە بولغان. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمۇ بۇ خىل سايمانلارنى دەستىلەپ ياساپ ئىشلەتكەن. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخان ئوقيا بىلەن ۋەھشىي ھايۋانلارنى يوقىتىدۇ، كېيىن ئوقيانى دۆلەتنىڭ سىمۋولى قىلىدۇ.

ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئەجدادلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش شەكلى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا نېمىدىن قايغۇرۇش، نېمىدىن شادلىنىش، نېمىدىن قورقۇشنى بەلگىلىگەن تۈپ ئامىل ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا تەبىئەت قوينىدىكى ئۆزگىچە ھالاكەتلىك تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان بارلىق دۈشمەننى يوقىتىپ ھاياتىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن. ئۇلار پسىخىك جەھەتتە ھەممىدىن بەك «ئۆلۈم» ھەققىدە تەشۋىشلەن-

گەن، ۋەھىمىلەنگەن ۋە ئۇنى سىرلىقلاشتۇرغان، ئۆلۈمدىن ھال-
قىغان بىر خىل كۈچ - قۇدرەتكە ئىنتىلگەن. ئوقيا، نەيزە،
پىچاق، ياردەمچى ھايۋانلار ھەم پېرىخونلارنىڭ كۈچىنى ئىلاھىي-
لاشتۇرۇپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن كاپالەت تاپماقچى بولۇشقان.
ئۆلۈم ھەققىدىكى بۇنداق ۋەھىمە پسىخىكىسى كۆپلىگەن قەدىمكى
سەنئەتلەردە ئىپادىلەنگەن. ئىپتىدائىي ئازاب پسىخىكىسى بىلەن
ئۆلۈم ئېڭىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى ھەققىدە روھىي ئانالىزچى-
لىق ئىلمىنىڭ ئۇستازى سىگمۇند فىروئىد «ئىپتىدائىي ئىنسان-
لارنىڭ ئۆلۈمدىن تەشۋىشلىنىشى ئۇلارنىڭ ئۆلۈمنى زىددىيەتلىك
چۈشىنىۋېلىشى» دەپ قاراپ، «ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئۆلۈم-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى ۋە ئۇنىڭ ۋەھىمىسىنى
ئازايتىشقا ئۇرۇنۇشى بىرىنچى سەۋەب، ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ
ياتلارغا، دۈشمەنلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشىمىغان پوزىت-
سىيىلەردە بولۇشى ئىككىنچى سەۋەب»[1] دەيدۇ. بىر ئادەم ئۆزى
بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتسىز باشقا بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇن-
چە بەك قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۆزى بىلەن بىۋاستە مۇنا-
سىۋەتلىك بولغان ئايالى، بالىلىرى، دوستلىرى، قېرىنداشلى-
رىنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان پوزىتسىيىسىدە جىددىي توقۇنۇش يۈز
بېرىدۇ. ئۆز دۈشمىنىنىڭ ئۆلۈمىگە ياكى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتكەن
نەرسىگە قارىتا پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا چۆمسىمۇ، يېقىن كى-
شىسى ياكى ئۆزى ئۆلۈمگە دۇچ كېلىۋاتقان پەيتتە قاتتىق ئالاق-
زادە بولىدۇ، كۆڭلىنى ۋەھىمە قاپلايدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيت-
ساق، ئىنساننىڭ ئۆلۈم تەشۋىشى ۋە ۋەھىمە پسىخىكىسى ئالدى
بىلەن يېقىن كىشىسى ياكى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى قايغۇ-
رۇش، ئازابلىنىش ھېسسىياتىدىن باشلىنىدۇ. بۇ پسىخىكىلىق
قاتلامدىن پەيدا بولغان ئىدراكىي ئاڭ تەدرىجىي كېڭىيىپ ئۆلۈم-

---

① فىروئىد: «مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى»، ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1996 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

ـنى سىرلىق چۈشىنىش پسىخىكىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پەلسەپىۋى مەنىدىكى ئۆلۈم ئېڭىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۆلۈم — مەلۇم مەنىدە تەبىئەت ۋە ئالەمنىڭ بىر خىل تەبىئىي قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇ ئىنسان ھاياتىنى چەكلەپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىنتىلىش ئىرادىسى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلىدۇ. بۇندىن 5 ~ 10 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋر ئادەملىرىنىڭ جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان تۇرمۇش ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ بىخلىرى دەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ساددا، قوپال ئىجاد ئېتىلگەن مۇقەددەم تارىخ دەۋرىدىكى قىيا تاش، ھەيكەل، ئويمىچىلىق ۋە تاشكېمىر سەنئىتىنى «ئۆلۈم تېمىسى» بىلەن ئالاقىدار باغلانغان سەنئەت ئىجادىيىتى دېيىشكە تولۇق ئاساسىمىز بار.

دۇنيادىكى قەدىمكى ئىرق، مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭىنى ئىپادىلىگەن مەدەنىيەت، دىن، ئۆرپ - ئادەت ۋە سەنئەتنىڭ شەكلى پەرق قىلىسىمۇ، ئەمما ماھىيىتى بىردەك. يەنى ئۆلۈمنىڭ تەشۋىش ۋەھىمىسى ئالدىدا ئۇنى سىرلىقلاشتۇرۇش ھەمدە ئۆلۈمگە قارشى تۇرۇش روھىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. مۇبادا ئۆلۈم ۋەھىمىسى بولمىغان بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆلۈم مەدەنىيىتى — دەپنە ئەنئەنىسى بولمىغان بولاتتى.

1973 - يىلى يازدا موڭغۇلىيىنىڭ قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ قىيا تاش رەسىملەر شۆبە ئەترىتى ئى. ئا. نوۋگودوۋا بىلەن م. شېنىخ قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە غەربىدىكى سەھرالار ئارقىلىق ئالتاي ۋە قوبدۇ ئۆلكىلىرىدىكى موڭغۇل تاشلىق رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن ھەمدە ئۇيىنچ ناھىيىسىنىڭ يامائىۇس جىلغىسىدىكى خانىمخاد قىيالىقىدىن يېڭى قىيا تاشلارنى تېپىپ چىققان.

خانىمخاد تېغىنىڭ يۈزى پۈتۈنلەي قىيا تاش رەسىملىرى

بىلەن قاپلانغان بولۇپ، نوۋگورادوۋ بىلەن ژىنىشىۋ بۇ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى، ئۇسلۇبىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان دەۋر-لەرگە ئايرىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆت قورال دەۋرىگە مەنسۇپ قىيا تاش رەسىملىرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1000 - يىلنىڭ باشلىرىغىچە) ئۇرۇشنى نۇقتى-لىق تېما قىلغان بولۇپ، ئۇرۇش هارۋىلىرى ۋە قولىغا قارا سۇق (Kapacyk) ئۇسلۇبىدىكى ئۇرۇش پالتىسى بىلەن ئوقيا تۇتقان كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار بۇ قىيا تاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈپ كېلىپ، تۈركلەر دەۋرىگە ئائىت بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاستىنقى قەۋەت سول تەرەپكە جايلاشقانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئۇلاپلا «قەدىمكى تۈرك رەسىمچىلىكى بىلەن باشقا رەسىملەرنىڭ پەرقلىق يېرى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ تۇم قارىلىق دەرىجىسىنىڭ نىسبەتەن سۇس بولۇ-شىدىن ئىبارەت» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇ قىيا تاش رەسىم-لىرىدە ئات ئۇستىدىكى چەۋەندازلارنىڭ رەسىملىرى گەۋدىلىك سىزىلغان. چەۋەندازلار ئۇشىنىسىگە ئوقدان ئاسقان، قولىدا چول-دۇر تۇتقان. بۇ قىيالىقنىڭ بىر قىسمىدىن تۈرك - رونىك يېزىقىدىكى ئىككى قۇر ئويما خەت تېپىلغان. بۇ خەتلەر يۇقىرى-دىن تۆۋەنگە قارىتا ئويۇلغان بولۇپ، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا - ئافرىقا مىللەتلىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسو-رى ئى. ر. ژېنىشىۋنىڭ باشچىلىقىدا يېشىپ ئوقۇلغان. ئەسلى تېكىستىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى مۇنداق:

I : künq[a]cüsü[a]r[i]z, b[a]rr[i]d[i]m

II : t[a]m[i]c[i]n : tur[u]r : urt[i]m

مەنىسى:

I : كونا پاتقاندا قوشۇنلارنى باشلاپ چىق، مەن ئاغرىپ قالدىم.

II : مەنكى تامچىن، تامغامنى باستىم.

يۇقىرىقى ئىككى قۇر خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، تامچىن خان پەرمان چىقىرىپ، ئۆز تەخت ۋارىسى (ياكى سەركەردىسى) نىڭ قوشۇن باشلاپ چىقىپ دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىشىغا بۇيرۇق بەرگەن. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ژىنىشۇ: «بۇ سۆز ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى كىشىلەرگە نامەلۇم بولغان بىر قېتىملىق تراگېدىيىدىن مەلۇمات بېرىدۇ» دەيدۇ. دېمەك، خانىمخاد قىيا-لىقىدىن تېپىلغان تۈركىي قوۋملار تارىخىغا ئائىت بۇ قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن خەتلەر ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ پائالىيەت جەر-يانلىرى، تەبىئەت ۋە يات قوۋملار بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرىنى ھەمدە ئۆز دۈشمەنلىرىنى يوقاتمىسا ئۆزلىرىنىڭمۇ ھايات قالالماي-دىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەبىئەت كۈچلىرى، قەبىلە، جامائە ۋە قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىقاد كۆرۈشى ۋە مەنپەئەتپە-رەسلىك تۈسىنى ئالغان جېدەل ـ ماجىرالار، تىنچسىزلىق، ئې-چىنىشلىق قان تۆكۈلۈشلەر جەريانىدا چوڭقۇرلاشقان ئازاب پىسى-خىكىسى بىلەن ئۆلۈم ئېڭىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

مۇبادا قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى سەنئىتىدە تەسۋىرلەن-گەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، تۇتېمىزم ۋە شامان ئەقىدىلىرىنى مەنىۋى ئاساس قىلىپ، روھىي دۇنياسىدىكى ئازاب تۇيغۇسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش-لىرىنى ئېچىپ بەرگەن دېسەك، ئۇنداقتا V ، VII ئەسىرلەردىن باشلاپ بارلىققا كەلگەن بۇددىزم مەزمۇنىدىكى مىڭئۆي تام رەسىم-لىرى دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بۇددىزم ئىدېئولوگى-يىسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر پەلسەپىۋى ئاڭ قاتلىمىنى، بۇددا دىنىنىڭ ئازاب ھېسسىياتىنى ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى ئىدراكلىق تونۇشىنى كۆرستىپ بېرىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ يارالمىش ھېكايە-لىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆي، بايدى-كى قىزىل مىڭئۆي، كۇچادىكى سىمسىم مىڭئۆيى، قىزىل قاغا ئۆڭكۈرى قاتارلىق جايلارغا يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سى-

ـزىلغان.

كۇچا سىمسىمدىكى بۇددىزم غارىنىڭ تام رەسىملىرىدە بۇددا دىنىنىڭ يارالمىش قىسسىلىرى سۈرەتلەنگەن. يەنى پادىشاھ مايمۇن ماكاكانىڭ ئۆز تېنىدىن ۋاز كېچىپ، پۇقرا مايمۇنلارنى ئازابتىن قۇتقۇزغانلىقى (11 - غارنىڭ غەربىي تەرىپىدە)، ئىككى شاتۇتنىڭ تۆت ئەئىپال (مۇشەققەت، شاپائەت، تەرىقەت، ئاقىۋەت) نومىنى ئاڭلىغانلىق قىسسىسى (30 - غارنىڭ شىمالىي بۆلىكىدە) تەسۋىرلەنگەن. باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆي 17 - غارىنىڭ تورۇسىغا رومبا شەكىللىك كاتەكچە چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن يارالمىش ھېكايىلىرى سىزىلغان.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بەكرەك گەۋدىلەندۈرۈلگەن رەسىم كەمبەغەلنىڭ لەھەڭگە ئايلىنىپ پۇقرالارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغانلىقى، پادىشاھ ساتۋادارانىڭ پۇقرالارنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئۆز گۆشىنى قۇزغۇنلارغا شۇلۇپ بېرىشى، توشقان پادىشاھىنىڭ ئۆزىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ تەڭرى ئىرادىسىگە نەزىر قىلغانلىقى، شاھزادە دارماگانىڭ ئەقىدە ئۈچۈن ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغانلىقى، چانگانىۋارى راجانىڭ ئۆز تېنىنى تىتىپ مىڭ چىراغ ياققانلىقى، شاھزادە ماخاساتۋى تىگېنىنىڭ ئاچ قالغان چىشى يولۋاس ۋە ئۇنىڭ كۈچۈكلىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆزىنى تىتىپ بەرگەنلىكىدەك بىرمۇنچە دىنىي قىسسىلەردىن ئىبارەت.

بۇددا دىنىنىڭ تۈپ پەلسەپىۋى تەلىماتى «بۇ دۇنيا ئازاب دېڭىزىدۇر» دېگەن كۆز قارىشىدىن پەيدا بولغاچقا، بۇددا دىنىدا بۇ دۇنيادىكى قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى سانسارادىن قۇتقۇزۇش، يەنى بۇ دۇنيادىكى تۇغۇلۇش، ئۆلۈشنىڭ ئازابلىق قاينىمىدىن قۇتقۇزۇپ، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ھەم يوقالمايدىغان غايىۋى مەنزىلگە — نىرۋاناغا يەتكۈزۈش كېرەك دەپ قارىلىدۇ[1]. بۇ قاراش بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

① ئىقبال تۇرسۇن: «ھېكمەت ئۈنچىلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1997 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

تەبىئەت، ئالەم ۋە ئىنسان ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرىنى كۆپ قاتلاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئېتىقاد، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت شەكىللىرىدىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ياراتقان. ئۇيغۇر بۇددىزم ئەدەبىياتىدىكى «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئىككى تىگىن ھېكايىسى»، «ئالتۇن يارۇق»، «ماخاساتۋى تىگىن ۋە چىشى يولۋاس ھېكايىسى» قاتارلىق دىنىي قىسسە ۋە ھېكايىلەردە دۆلەت، خەلق تەقدىرىدىن قايغۇرۇش، ئىنسان ھاياتى ۋە دۇنيا رىيازىتىدىن قايغۇرۇپ خەلقنى مۇقەددەس بىلىش، مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى جانلىقلارنى قۇتقۇزۇشقا تەقدىم قىلىش، شەخسىي ھاياتىنى ھالقىش شەكلىدىكى ئازاب پسىخىكىسى ۋە ھالقىغان ئۆلۈم ئېڭى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدىكى «ماخاساتۋى تېگىن ۋە چىشى يولۋاس ھېكايىسى» قىزىل مىڭئۆيدىكى 8 - غار ئوڭ بۆلەككە ۋە 38 - غار ئوڭ تەرەپتىكى تامغا كۆركەم قىلىپ سىزىلغان. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى «ئىككى تىگىن ھېكايىسى» دىكى شاھزادە ئاق نىيەت تىگىننىڭ خەلقنى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دېڭىزغا كىرىشكە تەۋەككۈل قىلىپ، ئەلنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى تېپىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى سۈژىت 14 - غارنىڭ ئوڭ بۆلىكىگە ئېنىق سىزىلغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرى بىر قەدەر ئاددىي ھەم قوپاللىقتىن خالىي بولالمىغان. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئازاب پسىخىك قاتلىمى بىلەن مەۋجۇتلۇق پەلسەپە چۈشەنچىلىرىنى سەنئەت شەكلىدە تەسۋىرلەپ بەرگەن.

خۇددى قەدىمكى پارس قەبىلىلىرىنىڭ ئىلاھى ئاھۇرمازدا مىدىيەدىكى ماگ قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى كۈچەيتىش كۈرىشى جەريانىدا، دۈشمەن قەبىلىلەرنى زۇلۇم، قاراڭغۇلۇق مەنبەسى

جىن ـ شەيتان، دىۋە ـ پەرىلەر دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنگە ئوخشاش، قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تاجا-ۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ ئۆز زېمىنىنى قوغداش ئىدىيىسى، ئــۇيغۇر مانىي مۇخلىسلىرىنىڭ تۇۋبانامىسى «خۇاستۇئانفىت» (HUASTUANIFIT) داستانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان[1].

بۇ ئەسەرنى دوكتور ستەيىن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيدىكى ئىبادەت-خانىدىن تاپقان بولۇپ، داستان 388 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە Ⅴ، Ⅵ ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قاتار تارىخىي كەچۈرمىشلىرى زەردۇشىزم پەلسە-پىۋى تەلىماتلىرى ئاساسىدا بايان قىلىنغان.

«خۇاستۇئانفىت» داستانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مانىزم ئېتىقادى ئاساسىدىكى تۇپ ھايات پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى سىڭدۈرۈل-گەن. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ مۇستەقىللىق رو-ھى يورۇقلۇق ۋە ئىلاھى ئوبرازى قىلىنىپ، ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغان كۈچلەر زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق، جىن ـ ئالۋاستى دەپ بەدىئىي ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ، يورۇقلۇق ۋە نۇر ئىلاھىنىڭ قاراڭ-غۇلۇق ۋە زۇلمەت ئۇستىدىن غەلىبە قازانغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەل، بەخت ـ سائا-دەتلىك ھايات، تەرەققىيات ۋە ھوقۇق ئۇچۇن كۈرىشىش روھى تــەۋسىيە قىلىنىدۇ. داستانىنىڭ قىسقىغىنە بىر پارچىسىدا بۇ كۈرەش مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ.

ترانسكرىپسىيىسى:

1. خورمۇزتا ت (ە) ڭرى بىش ت (ە) ڭرى ـ ى
2. بىرلە قام (ا) غ ت (ە) ڭرىلەر سۈزنىلۈك (ۈ) ن.
3. يەككە سۈڭۈشكەلى ك (ە) لتى ى ـ.
4. ئىنتى ئانىخ قىلىنچا (ـ) غ شىمنۇلۇغۇن.
5. بىش تۇرلۇگ يەكلەر لۇگۇن سۆڭۈشدى.

---

[1] قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

6. ت (ە) ڭرىلى - [ي] ەكلى ي(ا) رۆقلى ئول.
7. ئۆدۆن قا(ا) تىلدى خورمۆزتا ت(ە) ڭرى - ى.
8. ئوغلان [ى - ى] بىش ت(ە) ڭرى - بىزنىڭ ئۆزۆت(ۆ)
مۆز.
9. سۆئىن ي(ەك) لۆگۆن سۆڭۆشۆپ بال(ى) غ باشل(س)
غ.
10. بولتى ي(ە) مە قام(ا) غ يەكلەر ئۆل(ۆغ) لار.
11. تۆتۆنچىسىز ئوۋۆتسۆز سوق يەك [بىرلە؟].
12. يۆز ئارتۆقى قىر[ق] تۆمەن يەك [ي(ا) ۋلاق].
13. بىلگىنگە قاتىلىپ ئۆگسۆز كۆڭۆل تۆغمىش قىلىن-
مىش.
14. سۆزك(ە) نتۆ، -ۆ تۆغمىش قىلىنمىش.
15. مەڭگۆ ت(ە) ڭرى يىرىن ئۆنتۆ - ئۆ ئىتىددى.

تەرجىمىسى:

1. خورمۆزتا تەڭرى بەش تەڭرى.
2. بىلەن بىللە بارلىق تەڭرىلەرنىڭ پاكلىقىغا تايىنىپ
3. جىنلار بىلەن سوقۇشقىلى كەلدى.
4. (ئاسماندىن) چۈشتى يامان قىلىق شىمنو بىلەن
5. بەش تۆرلۆك جىنلار بىلەن سوقۇشتى.
6. تەڭرى بىلەن جىن، يورۇقلۇق (بىلەن قاراڭغۇ-
لۇق؟) شۇ
7. چاغدا (بىر- بىرى بىلەن) قوشۇلۇپ كەتتى، خورمۆزتا
تەڭرىنىڭ
8. ئوغۇللىرى بولغان بەش تەڭرى (يەنى) بىزنىڭ روھى-
مىز.
9. گۇناھكار جىنلار بىلەن سوقۇشۇپ باشلىرى
10. يارىلاندى، يەنە جىنلارنىڭ بارلىق باشچىلىرى
11. يەنى تويماس، ئۇياتسىز، ئاچكۆز جىنلار بىلەن بىللە
12. بىر يۈز قىرىق تۈمەن جىن يامان

13. ئويلارغا پېتىپ، ئۆك - سۆلىسىز.
14. كەلدى (ئۇلار) ئۆزلىرىنى ياراتقان، تەربىيىلىگەن
15. مەڭگۈلۈك تەڭرى يېرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى.

بۇ داستاننى ئىنگلىز تۈركشۇناسى دوكتور ليۇنكوخۇن: «بۇ ئەسەر V ، VI ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل بەدىئىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئىران ۋە ۋىزانتىيىلىكلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى دەلىللەيدىغان يادىكارلىق» ① دەپ مۇئەييەنلەشتۇرگەن.

داستان ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىي ئېتىقادىنىڭ مەنىۋى تۇۋرۇكى بولغان مازداھلىق پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئوبرازلىرى ۋاسىتىسىدا بەدىئىي ئېستېتىك غايىگە ئايلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

دېمەك، «ئاۋېستا» ئەپسانىلىرىدىكى ياخشىلىق، يامانلىق مەنبەسى، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئىلاھىنىڭ ئۇرۇشۇشى، ئاخىرىدا يورۇقلۇق، ياخشىلىقنىڭ زۇلمەت ۋە يامانلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىدەك ھەقىقەت، ئەمەلىيەتتە ئۆلۈمنىڭ ۋە ھالاكەتنىڭ قەدىمدە بىر خىل جاجىسىنى يېيىش، جىنايەتكە بېرىلگەن جازا دەپ قارالغانلىقىنىڭ، ياخشىلىق ئارقىلىق ھاياتنى ئەبەدىيلەشتۇرۇشكە ئىنتىلگەنلىكىنىڭ ئەڭ جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىسىدۇر. ئەلۋەتتە بۇ ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغۇچى قەدىمكى تۇرك - ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ بىر مۇنچە ئەپسانە - رىۋايەتلىرى، بولۇپمۇ قۇياش، ئاي ئېتىقادچىلىقى ئەنئەنىلىرىگە ھەم بۇ ئېتىقاد ئاساسىدىكى ھاياتلىق پەلسەپىۋى قاراشلىرىغا بىۋاسىتە ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

---

① «تىل، تارىخ، ئەدەبىياتقا دائىر»، ئالمۇتا پەن نەشرىياتى نەشرى، 17 - بەت.

## 4. ئۆلۈم ۋەھىمىسى، سىرلىقلاشتۇرۇش ۋە ئېستېتىك يۈكسەكلىك قەدىمكى ئۆلۈم ئېڭىنىڭ پسىخىك ئاساسى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياراتقان سەنئەت يارالمىلىرىدىكى ئازاب
پسىخىكىسى بىلەن ئۆلۈم ئېڭىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىزنى ئويغا
سالىدۇ. بۇ دەل ئۇلارنىڭ ئەسلىدىلا ئۆلۈمنى بىر خىل تەھدىت
ۋە ۋەھىمە ھېس قىلىشى، سىرلىقلاشتۇرۇپ چۈشىنىشى ئاساسى-
دا ئېستېتىك گۈزەللىك ئېڭىغا ئايلاندۇرغانلىقىدۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ ھايات - ئۆلۈم ھەققىدىكى ۋەھىمە تۇيغۇسى-
نىڭ زادى قاچانلاردىن باشلاپ پەيدا بولغانلىقىغا ئېنىق بىرنېمە
دېيىش تەس. ئەمما ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئىنسانىيەت مەدەنى-
يەت - سەنئەت ئىزلىرىغا نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم توغرى-
سىدىكى كۈچلۈك ۋەھىمە ھېسسىياتى ۋە سىرلىقلاشتۇرۇش پسى-
خىكىسى ئاساسىدا ھايات - ئۆلۈم تېمىسىنى سۈرەتلىگەنلىكىنى
بايقايمىز.

تارىم ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىيا تاش سەنئىتى
بىلەن تەبىئەت ئىلاھچىلىقى، شامانىزم ئېتىقادى مەزمۇن قىلىن-
غان ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ھەمدە مانى ۋە بۇددا دىنى يازما ئەدەبىي
يادىكارلىقلىرىدا ئىپتىدائىي ئازاب پسىخىكىسى ۋە ھايات - ئۆلۈم
تېمىسى باشتىن - ئاخىر گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

مانى دىنىغا ئائىت «خۇئاستۇئانفېت» قاتارلىق ئەسەرلەردە
ھاياتلىق ۋە يورۇقلۇق بىلەن ھالاكەت ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈرە-
شىدە ئىنساننىڭ ۋە ھاياتلىق ئالىمىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقىنى
بىلىمىز. «گىلگامىش»، «ئالپامىش»، «دەدەقۇرقۇت»،
«گۆر ئوغلى»، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق قەدىمكى بابىلون، ئوتتۇرا
ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىگە مەنبەداش قەھرىمانلىق داستانلى-

رى بىلەن شىراق، تۇمارىس، بەگقۇلى، ئالىپ ئەرتوڭا رىۋايەتلەرىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن غايەت زور دەۋر خاراكتېرلىك پاجىئە، ۋەقەلەرنى، ئۆلۈم- ھالاكەت تۇغقان ئېغىر تەھدىت، ۋەھىمە ۋە ئۇنى سىرلىق چۈشىنىش پسىخىكىسىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ئەسەرلەردىكى بەدىئىي قەھرىمان سىمۋوللارنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان قەھرىمانلىق سېھرىي كۈچى يېرىم ئىلاھىي، يېرىم ئىنسان قىياپىتىدە سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ ئېستېتىك يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىنغان. ئازاب پسىخىكىسى بىلەن ئۆلۈم ئېڭىنىڭ مۇنداق پسىخىكىلىق ئىپادىلىنىش شەكلى يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ غايەت زور ئېستېتىك جەلپ قىلىش كۈچى ھەم تەسىرلەندۈرۈش ئۈنۈمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ھايات - ئۆلۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىپتىدائىي سەنئىتىنىڭ باش تېمىسىغا ئايلىنىشى ۋە مۇرەككەپ مەدەنىيەت پسىخىك ئامىللىرىغا باغلىنىشچانلىقى، بىر ياقتىن ئۇيغۇر- تۈركىي خەلقلىرىنىڭ كۈچلۈك ئۆلۈم تەھدىت ۋەھىمىسى ئىچىدە ياشىغانلىقى بىلەن باغلىق بولسا، يەنە بىر ياقتىن ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىپتىدائىي ئىشەنچ، ئۆرپ- ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە ھايات ۋە ئۆلۈمنى تولىمۇ زىددىيەتلىك، سىرلىق چۈشەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ پسىخىك ھېسسىيات ۋە كەيپىيات ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن سەنئەت ئېستېتىك تەپەككۇرىنى بىخلاندۇرغان تۈپ مەنىۋى ئاساس.

ئەمەلىيەتتە، ئىنسانىيەت يەر يۈزىگە ئاپىرىدە بولغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۆلۈمنىڭ قورقۇنچ ۋەھىمىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ كەلدى. ھاياتنى قەدىرلەش ھېسسىياتى بىلەن ئۆلۈمدىن تەشۋىشلىنىش پسىخىكىسى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمدىن ئەندىشە قىلىش ھېسسىياتىنىمۇ ئۈزلۈكسىز بىللە كۈچەيتىپ باردى.

يىراق قەدىمكى زامان ھاياتىدا ئىنساننىڭ تەبىئەت، ئالەم
ۋە ئىنسان بىلەن بولغان مەنپەئەتدارلىق مۇناسىۋىتى بىر خىل
ئومۇمىي مەۋجۇتلۇق ۋە ھاياتلىق كاپالىتىنى ئىزدەشنى يادرو
قىلغان. يەنى ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان
توقۇنۇشى ئارقىلىق ئۆلۈم، ھالاكەتتىن ساقلىنىپ ھاياتلىق يارد-
ىتىش مەقسەت ھېسابلىنىدىغان دەۋر ئىدى. ئادەمنىڭ ئەقلىي
بىلىشنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئىنساننىڭ ئۆلۈم
ھەققىدىكى ۋەھىمە، تەھدىت تۇيغۇسى ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپ قات-
لاملىشىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ، ئۇنىڭ ھاياتلىق ۋە مەۋجۇتلۇق
ئېڭىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگەن. ئىنساننىڭ ھاياتلىققا، ئۆز تەقدىرى-
گە باغلانغان مەڭگۈلۈك رىشتىسى گويا باھار شامىلى بىلەن كەچ
كۈزنىڭ سارغايغان گىياھلىرىنىڭ ئادەم روھىنى ئۆزگىچە ھايات
ھېسلىرىغا ئەسىر قىلغىنىدەك، ئادەم قەلبى بىلەن ئالەمنى تۇ-
تاشتۇرىدۇ، ئادەمنىڭ ھاياتلىقتىكى مەقسەت، ئىرادىلىرىنى تاۋ-
لاپ چىقىدۇ. ئىجادچانلىق روھىمىزنى كۆكلىتىدۇ.

قەدىمكى غەرب ئىدىيە ـ تەپەككۇر تارىخىدىكى خرىستوس
ئەيسا، سوقرات، پلاتون، ئارىستوتېل، ئاۋغۇستىنوس، ئىدگار،
كانت، ھېگىل قاتارلىقلار بىلەن تەڭ شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيامە-
دەنىيەت ئىدىيە سەھنىسىدىكى بۇددىست ساكىيامونى، زەردوشت
مانى، مۇھەممەت پەيغەمبەر، كومراجىۋا، فارابى، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ، سەئدى، ئىبن سىنا، گەنجىۋى، فىردەۋسى، ئەلىشىر
نەۋائىلارغىچە ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئابىدىسىگە ئايلانغان پەيغەم-
بەرلەر، پەيلاسوپ مۇتەپەككۇر، ئۆلىمالار، ئەدىب ـ سەنئەتكارلار
ئۆز ھاياتى، ئىدىيە تەلىماتى، ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئۆلۈمنىڭ
تەھدىت ۋەھىمىسى بىلەن سىرلىقلىقىنى، ھەيۋەتلىك ۋە كۆر-
كەملىكىنى تەسىرلىك نامايان قىلغان. شۇنىڭ بىللە، يەنە
ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئالدىدا ھايات ـ ئۆلۈم سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن
ئىزدىنىپ، ھاياتلىقنىڭ ئاتقان ئوقتەك، ئاتقان تاڭدەك، ئاققان

سۈدەك تېز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى، قىسقا ۋە چەكلىكلىكىدىن قاتتىق ئازابلانغان ھالدا دۇنيا بىلەن خوشلاشقان.
سەلتەنەت تەختىدە دەۋران سۈرگەن شاھ، بەگلەر، باتۇر - ئەزىمەتلەر، قانچىلىغان كىشىلەرنى جان تەسەددۇق ئەيلەشكە مەجبۇر قىلغان ھۆر - پەرى سۈپەت گۈزەل نازىنىنلار تۇرمۇش سەھنىسىدە ھاياتنىڭ مۇشكۈل سوئاللىرىغا دۇچ كەلگەندە، كۆپىنچە ھايات ۋە بەختنىڭ قىسقا بولۇشتەك چەكلىك ھاياتلىق تەھدىتى، خېيىمخەتەر ۋە ئۆلۈمنىڭ قەرەلسىزلىكىدىن تەشۋىشلەنگەن، ۋەھىمىگە چۆمگەن، قاتتىق مۇڭلانغاندى.
ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق قىسمەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۆلۈم خۇددى شەپقەتسىز ئوۋچىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ھەر قاچان، ھەر جايدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ جېنىنى ئوۋلاپ كېتەلەيدۇ. ئۆلۈم بىسى يالتىراپ تۇرغان شەمشەرگە ئوخشايدۇ. ئۇ ھەر بىر جاننى تەندىن جۇدا قىلالايدۇ. ئۆلۈم گويا ئوقۇقا ئوخشايدۇ. بۇ تەقدىر ئوقى كىمگە بولمىسۇن ئۇشتۇمتۇت تېگىدۇ ۋە ئۇنى مەڭگۈلۈك يىقىتىدۇ. قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە باتۇر ئوغۇزخان ئۆزى باشچىلىق قىلىپ دۆلەت قۇرغاندا، ئوقيانى دۆلەتنىڭ ئاساسى ھەم مەۋجۇتلۇقىغا سىمۋول قىلىشىدا ئېھتىمال مۇشۇ سەۋەبمۇ بارمىكىن؟ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز يېشىنى ساناشنى قاچانلاردىن بېرى بىلگەنلىكى نامەلۇم، شۇغىنىسى بىر ئادەمنىڭ مەيلى قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان بىر كۈنى ئۆلۈم ئەزرائىلى بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. بۇ، ئۆلۈم مۇقەررەرلىكى پەيدا قىلغان ئۆلۈم ۋەھىمىسى پسىخىكىسىنىڭ ئاساسى. لېكىن مەيلى ياش - قېرى، مەيلى شاھ ياكى گاداي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قاچان، نەدە، قانداق شەكىلدە، نېمە سەۋەبتىن ئۆلىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ بىلەلمەيدۇ. مانا بۇ ئىنسان ھاياتىدا ھەر دائىم بىللە بولىدىغان ئۆلۈم تەھدىتىنىڭ ۋەھىمىسى.

بۇنداق تەھدىت ـ ۋەھىمە پىسخىكىسى ھەر بىر دەۋردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى، شائىر ـ ئەدىبلەرنىڭ ھاياتلىق تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىجادىيىتىنىڭ ئىلھام ۋە پىكىر بۇلىقىنى ھاسىل قىلغان. «كۆلتىگىن مەڭگۇ تېشى» ئابىدىسىنىڭ تېـ كىستىنى يازغۇچى قەھرىمان سەركەردە كۆلتىگىنىنىڭ جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ھاياتىنى ئۆز خەلقى، ئۆز ئېلىگە ئاتىغانلىـ قىدىن يۇرىكى ئازابتىن پۇچۇلانغاندا، يەنە ھايات ـ ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تونۇپ، «ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۇچۇن تۆرەلـ گەن» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى. ھاياتلىقنىڭ بۇ ئەسلىي قانۇنىيىتىنى پارس شائىرى ناسىر خىسراۋ مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئالەمدە ھەر كۇنى بار ھامان زاۋال،
ئەبەدىي قالمايدۇ بۇ ھۆسن ـ جامال.

ئەمما ئىنسان بۇ تەبىئىي ھاياتلىق قانۇنىيىتى ئالدىدا پاسـ سىپ، ئىرادىسىز ھالغا چۈشۈپ قالماسلىق، ئۆزىنى تونۇپ، چۈشىنىپ، ھاياتلىق ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ بېرىش، ھاياتنى ئىجاد ۋە يېڭىلىق بىلەن قىممەتلىك ۋە ھەمـ مەتلىك ئۆتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە. شۇ چاغدا ئۆلۈم ـ تەھدىت ۋەھىمىسى ھاياتلىقنىڭ يېڭىلىنىشىغا چەكلىمە ھەم تو- سالغۇ ئامىلى بولالمايدۇ. بۇ مۇتەپەككۇر شائىر ئابدۇراخمان جامىنىڭ مۇنۇ بېيىتلىرىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ:

يادىڭدىمۇ بەلكى سەن تۇغۇلغان ئاسان،
ھەممە كۇلگەن ئىدى سەنلا يىغلىغان.
شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،
ھەممە يىغلاپ قالسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.

ئىنسان ھاياتتا ئىرىكچىلىك، كەسىپ قاتارلىق ئىشلاردىن زادىلا ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ھايات ۋە ئۆلۈم تەشۋىشى تەبىئىي تۇغۇلىدۇ ۋە بىللە ھەمراھ بولىدۇ. ھېچكىممۇ ئۆزىنى مەن تۇرمۇشتا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىغان، ۋەھىمە ھېس قىلىپ باقمىغان، بىرەرسىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرمىگەن دېيەلمەيدۇ. ئەمما تۇرمۇش يەنىلا مۇھەببەتكە تولغان. مۇھەببەت رىشتىسى — ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق زەنجىرىنىڭ ھالقىسى. پەقەت مۇھەببەتلىك ھاياتنىڭلا مەنىسى بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى دەل ھايات كۆرەشكە تولغانلىقىدا. مۇھەببەت ۋە نەپرەت كۆرەشتە ئايرىلىدۇ. ھاياتقا، ئىنسانغا، تەبىئەتكە بولغان مۇھەببەت ماھىيەتتە ئۆلۈم ـ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىشتۇر. شۇڭا ئۆلۈم ۋە تەھدىت رەڭگارەڭ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ، ھاياتنى قەدىرلەش بىلەن ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئىنساننىڭ مەدەنىيلىكى بىلەن جاھىللىقىنى ئايرىشنىڭ چېگراسى. قەدىمكىلەرنىڭ ئۆلۈم تەھدىت ـ ۋەھىمە ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدىغان پسىخىك ئامىللار مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىرىنچىدىن، ئادەم بەدىنى ۋە روھىغا تاشقى تەسىرنىڭ زەربە ۋە بېسىم ئېلىپ كېلىشى، يەنى تەبىئىي بالايىئاپەت، ئۇرۇش، يۇقۇملۇق كېسەل، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، جىنايەت، جازا ھەم تاسادىپىيلىقلار ئادەمنىڭ ھاياتىغا تەھدىت، بېسىم، ۋەھىمە كەلتۈرۈپ، ھاياتلىق ۋە تۇرمۇش مەۋجۇتلۇق ئاساسىدىن ئايرىلىپ قېلىش تۇيغۇسىدىن، تەبىئىي ھالدا تەھدىت ۋە ۋەھىمە ھېسسىياتى پەيدا بولغان. ئىككىنچىدىن، شەخسنىڭ ھاياتلىق مەقسىتى ۋە ئىرادىسىنىڭ سۇنۇشى ياكى تەۋرىنىپ قېلىشىدىن تەھدىت ـ ۋەھىمە كەيپىياتى كۆچىيىپ، ھاياتلىق كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە ئىشەنچىسى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ھالاكەت، يوقىلىش خىيالى شەخسنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغان. ئۈچىنچىدىن، ئۆلۈم ـ ھالاكەتكە باغلىق شەيئى ۋە ھادىسىلەر،

ئۆلۈم ئەمەلىيىتىنىڭ شەخس روھىغا بولغان بېسىمى ئۆلۈم ۋەھىمە پسىخىكىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتكەن. ئادەم تۇرمۇشتا تەبىئىي ياكى سۇنئىي ئۆلۈم ھادىسىلىرى، يەنى قەبرىستانلىق، مېيىت، كېپەنلەش، سەكراتتا ياتقان ئادەم، گۆر، جىنازا نامىزىغا ئوخشاش ئالاھىدە بەلگىلەر بىلەن ھەر دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. قەبرە، مېيىتنى سۇغا سېلىش، كېپەنلەش، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ھەيۋەتلىك ئەمما سىلىق ئۆزىتىپ يەرلىككە قويۇش، ئۆلگۈچى روھىغا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش، قەبرە قاتۇرۇش، قەبرە بېشىغا گۈل - گىياھ تىكىش ... لەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم ۋەھىمىسى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەش، ئۆلۈمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئىپادىسى. بۇ بەلگىلەر ھەر ۋاقىت كىشىلەرگە ئۆلۈمنى ۋە ئۆلۈم ئارقىلىق ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ. تۆتىنچىدىن، كېسەللىك، قېرىلىق، ئاجىزلىق ۋە يېقىن كىشىلەر ئۆلۈمىنىڭ زەربىسى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسى ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئاغرىماسلىقى، روھىنىڭ چۈشكۈنلەشمەسلىكى، قېرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇ، ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتى مۇساپىسىدىكى ئۆلۈم ۋەھىمە ھېسسىياتىنىڭ ئۇنىڭغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشىدۇر. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرى، يېقىن كىشىلىرىنىڭ كېسەل بولۇشى ياكى خىلمۇ خىل ئۆلۈمى بولسا شەخسنىڭ ئازاب ۋە ئۆلۈم تەھدىت - ۋەھىمە پسىخىكىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىر ئادەم ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە ھاياتى، تەسىراتى جەريانىدىكى ئازاب ۋە ئۆلۈم ئېڭى بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى باشقىلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن بەختسىزلىك، قايغۇ ۋە ئۆلۈمنى بىر گەۋدە قىلىپ ئۆز ھاياتى ۋە تەقدىرى توغرىسىدا قايغۇرىدۇ، ئويلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئەپسانە - رىۋايەت،

ھېكايە ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئازاب پسىخى-
كىسى بىلەن ئۆلۈم ئېڭىنى شائىر ـ يازغۇچىلار بەدىئىي يۈكسەك-
لىكتە نامايان قىلغان. بەشىنچىدىن، ۋاقىت ھەم پەسىللەرنىڭ
ئىنسان روھىغا تەسىر كۆرسىتىشى ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ئېلىپ
كېلىدىغان كرىزىس ۋە تەھدىت تۇيغۇسىنىڭ يېتىلىشىگە قارىتا
رول ئوينىغان. تەبىئەتتە ھەر گۈلنىڭ چېچەكلەيدىغان ۋە خازان
بولىدىغان پەيتلىرى بار. تومۇزنىڭ ئاپتىپى بىلەن زىمىستان
قىشىنىڭ جۇتلىرى ئالمىشىپ تۇرىدۇ. تۆت پەسىل ئۈزلۈكسىز
دەۋر قىلىپ ئاي، يىللار ۋە دەۋرلەرنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ.
كائىنات سەييارىلىرى بىلەن تەبىئەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى
توختىماي ھەرىكەتلىنىپ، ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ
ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتى ئىنسانىنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆ-
سۈپ قۇرامىغا يېتىشى، قېرىپ ئاجىزلىشىشى ۋە ئاخىرىدا تۇپ-
راققا ئايلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، تەبىئەت پەسىللى-
رى، ۋاقىت ھەم زامانىنىڭ دەۋر قىلىنىشى ئىنسان ھېسسىياتى
ۋە تەپەككۇرىغا تەسىر قىلغاندا ئىنسانىنىڭ ھاياتلىق مەنزىلى،
ئۆلۈم تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئادەم تەبىئەت پەسىللىرى ۋە ۋاقىت ئۆزگىرىشلىرىدىن
ھاياتلىق رىتىمىنى، ئۆز تەقدىرىنى، ئاقىۋىتىنى كۆرىدۇ. مانا
بۇ ئاخىرىدا سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر،
شائىر ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى، ئىدىيە ھېس-
سىياتى ھەمدە بەدىئىي ئوبرازلىرىنىڭ نەپىسلىك ۋە ئۆزگىچىلى-
كىنى يارىتىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بەخت، شادلىق،
مۇرات ـ مەقسەتلەرنىڭ ھاسىل بولۇشىنى نۇرلۇق تولۇن ئاي،
بۇلۇتسىز ئاسمان، نۇرلۇق قۇياش، گۈزەل باھار، ياز پەسىللىرى
بىلەن باغلاپ تەسۋىرلىسە، زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق دەۋرلىرىنى
زىمىستان قىش، كەچ كۈز، قار ـ شىۋىرغان، سۇرلۇك جۇت،
بۇلۇتلار ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن.

ئىپتىدائىي ئازاب پسىخىكىسى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم ئىككىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى يۇقىرىقى ئامىللار ئادەتتە شەخسىنىڭ شەيئىي ۋە ھادىسىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە تەئەججۈپلىنىش، ھەيران قېلىش، بېسىم ۋە تەھدىت ئالدىدىكى ئازارلىنىش، قارغىش ھەمدە غەزەپ ـ نەپرەت، قارشىلىق قاتارلىق پسىخىك تۇيغۇ ـ ھېسسىيات جەريانلىرىدىن ئۆتۈپ، ئازاب ئىچى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئادەمنىڭ ئۇلۇغ تەرىپى شۇكى، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ـ تەھدىت ۋەھىمىسى ئالدىدا تەئەججۈپلەنسىمۇ، ئۇنىڭدىن ۋەھىمىگە چۈشسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا دادىل ۋە مەردانە يۈزلىنىپ، ئۆلۈمنى نامايان قىلالايدۇ. ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ھاياتلىققا ئايلاندۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنەلەيدۇ. بويسۇنۇش، تېكىرقاش، ۋەھىمە قوينىدىن رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ.

غــەرب پەلسەپە تارىخىدا بىر مۇنچە پەيلاسوپلار ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭ ۋەھىمىسى ھەققىدە خىلمۇ خىل، ھەتتا تولىمۇ مۇجمەل تونۇشلاردا بولۇپ كەلگەن.

روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، ئاۋستىرىيە پەيلاسوپى سىگموند. فرويد ئىپتىدائىي دەۋر ئادەملىرىنىڭ ئۆلۈمگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە توختىلىپ، «ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ئىپادىلەيدىغان ھېچكىم يوق» دېسە، قەدىمكى گرېك مۇتەپەككۇرى ئــېپىگرۇس: «ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ قورقۇنۇچلۇق ئاپەت بىزگە نىسبەتەن ئۇنچىلىك ئېغىر ئىشمۇ ئەمەس. چۈنكى بىز تىرىك چاغدا ئۆلۈم بىزگە ھەمراھ بولالمايدۇ، ئەگەر ئۆلۈم بىزگە يېقىنلاپ كەلسە، ئۇ چاغدا بىزمۇ مەۋجۇت بولالمايمىز. شۇڭا مەيلى تىرىكلەر ياكى ئۆلۈكلەر بولسۇن، ئۆلۈم بىلەن مۇناسىۋەتسىز. چۈنكى تىرىك چاغدا ئۆلۈمنى ئويلىنىش ھاجەتسىز، ئۆلگەندىن كېيىن بولسا ئۆلۈمنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز» دەيدۇ. قەدىمكى رىم مۇتەپەككۇرى لوكرېتىئوسمۇ ئوخشاش قاراشتا بول‐

غان. ئۇلار ئۆلۈم بىلەن ئادەمنىڭ ھازىرقى كىشىلىك ھاياتى
مۇناسىۋەتسىز، كەلگۈسىدە ئۆلۈش بولسا كېيىنكى مەسىلە،
ئۇنىڭ ھازىر بىلەن ئالاقىسى يوق، ئەتە ئۆلسىمۇ بۈگۈن بىلەن
مۇناسىۋەتسىز، ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن بولسا ھېچنېمىنى تۇي-
مايدۇ، شۇڭا ئۆلۈمنى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئويلاشنىڭ ھاجى-
تى يوق دەپ قارىغان. ئۆلۈمنى مۇنداق چۈشىنىش ئىنسانىيەت-
نىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىنىڭ
تەرەققىيات ئامىللىرىنى يېشىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئەم-
ما قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ غەربنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيەت تارىخى
شارائىتىدا ياشىغان بەزى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھايات ھەققىدىكى
پەلسەپىۋى قاراشلىرىدىكى ئۆزگە خاس قىممەت يۈزلىنىشىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس.

خۇددى بىز قەدىمكى تارىم ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ
يىراق قەدىمكى دەۋر مەدەنىيەت - سەنئەت خارابىلىرى، دەپنە
ئادەتلىرى، پەرھىز، قىيا تاش سەنئىتى ھەمدە تەبىئەت ئىلاھچى-
لىقى، تۇتېمىزم، شامانىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلىرىنى تەھلىل
قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ قەدىمكى سەنئەت ۋە دىنىي تەسەۋ-
ۋۇرلار تۈركىي - ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئازاب پسىخىكىسى بىلەن
ئۆلۈم ۋەھىمىسى ھەم سىرلىقلاشتۇرۇش پسىخىكىسى ئاساسىدا
سىرلىق سىمۋوللۇق سەنئەت ئوبرازىغا ئايلىنالىغان.

مۇبادا ئۆلۈم تەھدىت - ۋەھىمە پسىخىكىسى بولمىغاندا،
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆلۈم مەدەنىيىتى ۋە تەسەۋۋۇرغا
باي سەنئەت ئىجادىيىتى بولمايتتى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى بولمىسا،
ئۇيغۇرلار جاھىلىيەت تۇپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى
چۈشىنەلمەي، بۆرىدىن ئىبارەت ئەسلىي تەبىئىتى ياۋۇز، ۋەھ-
شىي، يىرتقۇچ ھايۋانغا ئۆزىنىڭ ئەجدادىنىڭ يارىتىلىشىنى باغ-
لاپ، بۆرىنى ئەجدادىمىز دەپ سىرلىقلاشتۇرۇپ چوقۇنمىغان
ھەمدە ئەپسانىلىرىدە گۈزەللىك سىماسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئۇ-

نىڭ جىسمىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىزدەپ ئاۋارە بولمىغان بولاتتى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى بولمىسا قۇياش، ئاي ئوبرازلىرى، يارالمىش ئەپسانىلىرىمۇ خەلقىنىڭ روھىيىتىدە ئۇنچىلىك مۇقەددەس ئورۇن تۇتالمايتتى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى بولمىغاندا ئىدى، شىراق، تۇمارىس، بەگقۇلى، ئافراسىياپ، ئوغۇزخانلار خەلق قەھرىمانلىقىنىڭ بەدىئىي سىمۋوللىرىغا ئايلانمايتتى، ئەگەر ئۆلۈم ۋە ھالاكەت تەھدىت ۋەھىمىسى بولمىغىنىدا ئىدى، دۆلىتى مۇنقەرز بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچمەيتتى؛ ئوخشاشلا ئۆلۈم ۋەھىمىسى بولمىسا، روھ چۈشەنچىسى، باقىي ئالەمدىكى مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەلپۈنۈش، «جەننەت» ۋە «دوزاخ» تەلىماتىمۇ بارلىققا كەلمەيتتى.

ئۆلۈم ـ تەھدىت ۋەھىمىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتلىق ئىقتىدارى ۋە ئىرادىسىنى چېنىقتۇردى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ـ ئىقتىدار تالانتى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى ياراتتى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە پسىخىكىسىنى تاۋلاپ، روھىنى پاكلاپ، جەسۇر، قەھرىمان قىلىپ تەربىيىلىدى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ ئەخلاقى، ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىدى ۋە سىستېمىلاشتۇردى. ھاياتنى ئۈمىد، يېڭىلىق ئاتا قىلدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆلۈم ۋەھىمىسى خۇددى ئىنساننىڭ تەن ھەم ۋۇجۇدىنى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر باغرىغا سۈمۈرۈپ ئەكىرىپ كېتىۋاتقان دولقۇنلۇق قىيان ياكى قايىنامغا ئوخشايدۇ. ئۇ سىرلىق، ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈكلۈكى بىلەن ئەقىل ۋۇجۇدىمىز ۋە ھاياتلىقىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ گاھ غەزەپ، گاھ ئازاب، گاھ كۆرەش چۇقانلىرىنى توۋلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇڭلۇق، غەزەپلىك چاقىرىقلىرى بىر ئۆرلەپ بىر پەسىيىپ، ھاياتلىق كېمىسىنى ئاخىرقى مەنزىلگە قاراپ سىلجىتىدۇ.

ئىنساننىڭ ئاڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈمنىڭ تەھدىت ۋەھىمىسىدىن ھالقىپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە

تولغان ھەم ئۇنى سىرلىقلاشتۇرۇپ چۈشەنگەن ئادەمنىڭ ئۆزى ماددىي ھەم روھىي جەھەتتىن ھەقىقىي ئەركىنلىككە چىقالمايدۇ. سەنئەت ئەسەرلىرى بولسا مانا مۇشۇ جىسمانىي تەھدىت ـ ۋەھىمە، روھىي بېسىم ۋە قاراڭغۇلۇقتىن بىر قەدەر ھەقىقىي بولغان مەنۋى ئەركىنلىككە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان. بۇ خىل ئېستېتىك ئىنتىلىش ۋە تەسەۋۋۇردىن ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي ئۆلۈم ۋەھىمە پسىخىكىسى ۋە سىرلىقلاشتۇرۇش ئۆلۈم ۋە ھالاكەتكە قارشى تۇرۇپ ۋەھشىيلىكنى يوقىتىشقا ئۈندەيدىغان، ئىجادچانلىق روھىنى يېتىلدۈرىدىغان يوشۇرۇن ھېسسىياتتۇر.

بۇ ھېسسىيات ئىپتىدائىي دەۋر سەنئىتى، ئەپسانە ـ رىۋايەت، چۆچەك ـ ھېكايىلەر، قەھرىمانلىق داستان ـ قىسسىلىرىدىكى ئوبراز، شارائىت، دېتال، كەيپىيات ۋە سىمۋوللۇق ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىللەپ، ئىنسانىنىڭ بۇ خىل ھېسسىيات ۋە پىكىر خاھىشىنى سەنئەتتە تولۇق ئىپادىلەش ۋاستە ـ ئۇسۇللىرىنى يارىتىدۇ. «شىراق رىۋايىتى»، «تۇمارىس رىۋايىتى»، «چىن تۆمۈر باتۇر چۆچەكلىرى»، «ئوغۇزنامە»، «بۆكۈخان رىۋايىتى»، «توۋنامە»، «ئورقۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرى» قاتارلىقلار سۈژىت ئوبرازلىرىدىكى بۇ خىل ئۆلۈم ۋەھىمىسى، ئازاب پسىخىكىسىنى مۇرەككەپ ئەڭ سىمۋوللۇق سۈرەتلەپ بەرگەن بەدىئىي ئىجادىيەتلەردۇر.

ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ دۇنيا، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ سىرلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جاھىل، مەنۋىيىتى چەكلىمىسىدىن توغرا چۈشىنىپ يېتەلمەي قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېلىشى ئۇلارنى بۇ ھەقتە ئىنچىكىلەپ ئويلىنىشقا يېتەكلىدى. ئۆلۈم ئۇلارنىڭ قەلبىنى خۇددى ئەرۋاھ كۆلەڭگىسىدەك ۋەھىمىگە سېلىپ، ئۇلارغا ئەنسىزلىك، بېسىم ۋە ئازاب ئېلىپ كەلگەن سىرلىق مەنبە ئىدى. زامان، ماكاندىن ھالقىغان بۇ ئۆلۈم

كۆلەڭگىسى پەيدا قىلغان تەھدىت، ۋەھىمە ھەم ئازابتىن مەلۇم ۋاستە ئارقىلىقلا قۇتۇلۇپ مەنىۋى ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشىشكە موھتاج بولغان ۋە تەلپۈنگەنىدى. بۇنداق مەنىۋى ئېھتىياج ئۇلارنىڭ ئازاب- ۋەھىمە پسىخىكىسىنى، ئاجىز- بىچارىلىقىنى ئەمەس، ئەكسىچە ھاياتقا بولغان ئوتلۇق ھېسسىيات ۋە ئىرادىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۆلۈمگە تاقابىل تۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىق ئاساسىنى مۇستەھكەملەيدىغان ھۇجۇمچانلىق پسىخىكىسىنى ۋە ھاياتلىق ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى خىلمۇ - خىل كۈچلەر بىلەن ھايات - ماماتلىق كۈچ سىنىشىش، باخشى، پېرىخونلۇق، پەرھىز شەكىللىرى، ئىپتىدائىي دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك تەسەۋۋۇرلىرىنى ناخشا - ئۇسسۇل، مۇراسىم، ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىق دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرىدە ئىپادە قىلىشتى. بۇ روشەنكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدا غايەت زور كۈرەشچانلىق، قۇدرەتلىك ئىجادىيەت ھاياتىي كۈچىنى يارىتىپ، قىممەتلىك ماددىي - مەنىۋى مەدەنىيەتنى، تەپەككۇر ھېكمىتى ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلار ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى ۋەھىمىلىك چۈشەنگەندە، ئۆلۈم ئادەم ھاياتلىقىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى دەپ ئويلىماي، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ روھى باشقا شەكىلگە كىرىپ مەۋجۇت بولۇۋېرىدۇ دەپ قارىغان. ئۆلگەندىن كېيىن روھنىڭ مەڭگۈلۈك ياشىشى ھەققىدىكى بۇنداق دىنىي ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشى بۇ ئۇلارنىڭ ئۆلۈمنى سىرلىقلاشتۇرۇشىنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

ئۆلۈمنى بۇنداق كەڭ ۋە مۇرەككەپ قاتلام ئىچىدە چۈشىنىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، مىللىي كۆچۈشلەر، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تەھدىت - ئاپەتلەر، دىنىي توقۇنۇشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان قەبىلە ۋە مىللەت دۇچ كەلگەن

خەۋپ، تەھدىت ۋەھىمىسىگىچە باغلانغان. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئۆلۈم ۋە ھالاكەت ۋەھىمىسى ئىلكىدىن ھاياتلىق ئىزدەپ جاھاننىڭ تۆت تەرىپىدە سۇ، ئوت، چۆپ قوغلىشىپ زېمىننى قولغا كەلتۈرۈش، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئۆز غەلىبىسىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش داۋامىدا روھىيىتىدىكى «ئۆزلۈك ئېڭى» نى كۈچەيتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ئوغۇزخان، تۇنيۇقۇق، كۆلتېگىن قاتارلىقلار ئۆز قەبىلە ۋە ئېلىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتىغا ئۆزلىرىنى بېغىشلىدى. شۇنداقلا بۇنداق ھاياتلىق ئىرادىسىنى تۈرلۈك يېرىم ئىلاھىي، يېرىم ئادىمىي قەھرىمانلار، ئىلاھ، تەڭرىلەر، ئاجايىپ - غارايىپ قۇدرەتكە ئىگە تىلسىم كۈچلەر، ئادەم تىرىلدۈرىدىغان ئالاھىدە ئۇسۇل، ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

مۇبادا، ئىنسان ئۆلۈمگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتىدىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ ئالدىدا چۈشكۈن، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قېلىپ ھېچنېمە قىلمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تۇرمۇشى بىر ئىزىدا توختاپ قالىدۇ. ئىنسانغا ئۆلۈم پەيتى قانچە يېقىنلاپ كەلسە، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئازابىنىمۇ شۇنچە كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا قاراپ ماڭغانسېرى، پىسخىك جەھەتتە ھاياتقا، بۇ دۇنياغا ۋە خۇشاللىق، بەختكە بولغان ئىنتىلىش، سېغىنىش شۇنچىلىك كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇ جەھەتتىن قەدىمدىن بېرى غەربلىكلەر بىلەن شەرقلىقلەرنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسى توغرىسىدىكى پىسخىكىسى ھەم كۆز قاراشلىرىدا ئەنئەنە تۇپەيلىدىن بەزى روشەن پەرق ھەم ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات - ئۆلۈم پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ بىر پۈتۈن شەكىللىنىش تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىدە ئۆلۈمنى ۋەھى-

ـمىللەشتۇرۇش، سىرلىقلاشتۇرۇپ چۈشىنىش ئەجدادلارنىڭ دۇنيا
قارىشى، كىشىلىك ھايات قارىشى ۋە ھېسسىيات قۇرۇلمىسىدىكى
ئىلغار يۈزلىنىشنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا
مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك ئاڭ - ئىدىيىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىدە
تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىنكاسى، شۇڭا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە
ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي ھالقىشىغا توغرا
كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈمنى سىرلىق-
لاشتۇرۇشىدىن ئۇنى ئىدراكىي پەلسەپىۋى ئاڭغا ئايلاندۇرۇشى-
غىچە بولغان مەدەنىيەت مۇساپىسى تولىمۇ ئەگرى - توقاي ۋە
ئۇزاقتۇر.

# ئۈچىنچى باب

# قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرىنىڭ تارىخي مەدەنىيەت قاتلىمى

## 1. تەبىئەت پەسىللىرى تۇغقان ئەسلىي ئازاب پسىخىكىسى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق ئېڭى

قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلىرى ياۋايىلىق ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدىن مەرىپەت دەۋرىگە كىرىش مۇساپىسىدا ياراتقان مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىدە ئەڭ دەسلەپكى ھاياتلىق ئېڭىنى ئەكس ئەتتۇرگەندى.

ئالدىنقى مەزمۇنلاردا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى، دەپنە قائىدە - مۇراسىملىرى ۋە ئىپتىدائىي دىنىي ئىلاھىيەتچىلىكى مەزمۇندىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ئىپادىلەنگەن ھايات - ئۆلۈم ئېڭى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت پسىخىك قاتلىمىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ۋە ھاياتلىق قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ، ھايات ۋەھىمىسى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئارزۇسى ھەققىدىكى ئويلىنىش، قايغۇرۇش ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ

ھاياتلىق ھەققىدىكى ئازاب ئېڭىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىۋى تۇرتكە كۈچى تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ھاياتلىق ھادىسىلىرى شەخسنىڭ قەلبىدە قوزغىغان ھېسسىيات پىكىر ۋە پوزىتسىيىدىن ئىبارەت. تەبىئەت پەسىللىرى تۇغقان ئەسلى ئازاب پسىخىكىسى قەدىمكىلەرنىڭ تىپىك ھاياتلىق ئېڭىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىغا قەدىمكى دانىشمەنلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى، ئەتراپىدىكى دۇنيانى مۇئەييەنلەشتۇرۇش، ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستىكى يوشۇرۇنغان[1]. ئازاب ماھىيەتتە ئىنساننىڭ بىر خىل ھاياتلىق ئىرادىسى ۋە ھاياتلىق ئېڭىنىڭ كۈچكە ئايلىنىشىدۇر. ئازابنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنساننىڭ ھاياتى ۋە تەقدىرى ھەققىدە ئەڭ كۆپ ئويلانغان، ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇ پىكىرلىرىنى ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە ئېچىپ بەرگەن ئىجادىيەتتۇر[2].

كوللېكتىپچانلىق — ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئادەملەر كەڭ تەبىئەت قوينىدا ياشىغانلىقتىن، غايەت زور ۋە قەبىھ تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ھادىسىلىرى بىر ياقتىن ئىنساننى تەبىئەتكە ماسلىشىش، تەبىئەتكە بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلغان بولسا، يەنە بىر ياقتىن، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقلىنى ئۆستۈرۈپ، ئەتراپىدىكى دۇنيانى ئىلگىرىلەپ تونۇش، تەبىئەت ۋە ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش، دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدىكى سىر، ھېكمەتلەرنى بايقاش ئاساسىدا پايدىلىنىش ھەم بويسۇندۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ دەۋرلەردە ئەجدادلارنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى پۈتۈنلەي تەبىئەتكە تايانغان

---

① ② ئىقبال تۇرسۇن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي تىپلىرى»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان.

بولغاچقا، تەبىئىي ئوزۇقلۇقلارغا ئېرىشىش ھاياتلىقنى بىلدۈر-
سە، تەبىئىي ئوزۇقلۇقلاردىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇلار ئۈچۈن
ھالاكەت ۋە ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى ئىدى. ھالبۇكى، قۇدرەتلىك
تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ تەھدىت - ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ ئىستىخ-
يىلىك تۇرمۇش ۋە ساددا ئېڭىغا ھەر ۋاقىت ۋەھىمە تۇغدۇراتتى.
ئۇلار ئاسماندىكى قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنىڭ قانۇن-
يىتىنى تېخى ئىلمىي چۈشەنمەيتتى ۋە كۈن، ئاينىڭ چىقىش،
پېتىش، تۇتۇلۇشى، يۇلتۇزلارنىڭ كېچىسى كۆرۈنۈپ كۈندۈزى
غايىب بولۇشى، ساقىشى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشى-
شى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى پەسىللەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى،
قار - يامغۇر، چاقماق چېقىش، جۇد- بوران، بۇلۇت ۋە تۇمانلى-
شىش، يېشىل ئوتلاق ۋە چىمەنلەرنىڭ سارغىيىپ قۇرۇپ كېتى-
شى، مۆلدۈر ۋە دەريا تاشقىنلىرى، يەر تەۋرەش، قۇرغاقچىلىق
قاتارلىق خىلمۇ خىل سىرلىق تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرىگە نىسبەتەن
ھەيران قېلىش، تەئەججۈپلىنىش، قورقۇش، تەھدىت - ۋەھىمە
ھېس قىلىش، سىرلىقلاشتۇرۇپ چۈشىنىشتىن ئىبارەت مۇرەك-
كەپ ۋە زىددىيەتلىك تونۇشلاردا بولغان ئىدى. دەرەخ ياپراقلىرى-
نىڭ تۆكۈلۈپ، گۈل - چىمەنلەرنىڭ سارغىيىپ خازان بولۇشى،
كۈز پەسلى كېتىپ قىشنىڭ كېلىشى بىلەن ئىللىق ۋە گۈزەل
ياز پەسلىنىڭ پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىشى قەدىمكىلەرگە ھاياتلىقنىڭ
تەبىئىي ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغان.
بولۇپمۇ كۈز پەسلىنىڭ تۆت پەسىل ئىچىدە ئالاھىدە ئورنى بار
بولۇپ، كۈز پەسلى ئۆزىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى ئەسلىي مەزمۇ-
نىدىن ھالقىپ چىقىپ، تەبىئەت ۋە ھاياتلىقنىڭ باغلىنىشىدا
پەسىللەر ئىچىدىكى ئالاھىدە ئورنىنى گەۋدىلەندۈرگەن. باھار ۋە
ياز پەسىللىرى كۈز ۋە قىش پەسىللىرى بىلەن باغلانسا، كۈز
پەسلى بارلىق پەسىللەر ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلانغان. كۈز پەس-
لى كىشىگە ھاياتنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرغان

بولسا، تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ئىنساننىڭ پۈتكۈل ھاياتلىق ھەققىدە ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولغان.

شۇڭا ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئەجدادلارنىڭ ھاياتلىق ئېڭىدا كائىنات سەييارىلىرى ۋە سارغىيىپ تۆكۈلگەن ئوت - چۆپلەر تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئاسمان - زېمىن سىرلىرىنى ئىپادىلەپلا قالماي، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۆزىدىكى قايتىلىنىش، ئىچكى دۇنياسىدىكى خىيال، زېرىكىش ھەم ئويلىنىشنى قوزغىغان. كۈز پەسلى ئادەمگە ھاياتلىق ھەققىدە باغلانما تەسەۋۋۇر، خىيال ۋە پىسخىك ئىلھام ئاتا قىلىدۇ. تەبىئەتتە باھار، ياز، كۈز ۋە قىش پەسىللىرى ھەر دائىم نۆۋەتلىشىپ ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئىنسان ھايات كەچۈرۈۋاتقان تەبىئەت دۇنياسى ۋە ھاياتلىقنىڭ ئۆزىدىكى مۇنداق دەۋرلىنىش ئادەمنى ئۆز ھاياتى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ھەمدە ھاياتلىق قىممەت نىشانى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھايات بىخلىنىش، ئۆسۈش، ۋايىغا يېتىش، قېرىش، ئاجىزلاشتىن تاكى ئۆلۈشكىچە چېكىنىپ بارىدىغان ئۇلانما جەريان. بۇ جەريان باھار، كۈز، ياز، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، مەغلۇبىيەت، چېكىنىش ئاجىزلاپ ھالاك بولۇۋاتقان ھاياتنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ تەبىئەتنىڭ پەسىل ئۆزگىرىشلىرىنى ئازاب دەپ چۈشىنىدىغان ئىپتىدائىي ئازاب پىسخىك ئېڭىنى يارىتىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز بىر پەسىل بىلەن شادلانسا، يەنە بىر پەسىل كېلىشى بىلەن غەم - قايغۇغا چۆمگەن. بەزى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ياز پەسلى سۆيۈنۈش، شادلىق ئىچىدە ماختالسا، قىش ۋە كۈز پەسىللىرى تەسۋىرلەنگەن قوشاقلاردا پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن غېرىبسىنىش، ياز كېتىپ قىشنىڭ يېتىپ كېلىشىگە نىسبەتەن ئارامسىزلىنىش، باھار پەسلىگە بولغان ئىنتىزارلىق ۋە باھار پەسلى ئېلىپ كەلگەن ھاياتلىقنىڭ تەنتەنىسى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىـ

ـدىكى ئەمگەك، جەڭ، ئوۋچىلىق، پەسىل ـ مۇراسىم ۋە مۇھەبـ
بەت قوشاقلىرىدا بۇ خىل ھېسسىيات باشتىن ـ ئاخىر قەدىمكى
ئەجدادلارنىڭ ھاياتلىق ئېڭىنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ
قەدىمكى دەۋرلەردىكى بايرام ۋە مۇراسىم تۈسىنى ئالغان ئەنئەنىـ
ۋى ئاممىۋى مۇراسىملىرى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئازاب پىسخىك
قاتلىمى ۋە ھاياتلىق ئېڭىنىڭ يەنە بىرخىل كۆرۈنۈشى بولۇپ،
ئىپتىدائىي دىنىي مەدەنىيەت شارائىتىدا شەكىللەنگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچمەن ئوۋچىلىق ۋە
چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا يېتىلدۈرگەن ئېستېتىك گۈزەللىك ھېسـ
سىياتىنى قىيا تاشلارغا ئوبرازلىق نەقىشلەپ يادنامە قىلغان بولـ
سا، دەسلەپكى ئوۋچىلىق مۇراسىمى ۋە تەنتەنە پائالىيەت شەكىلـ
لىرى ئارقىلىق ئۇنى جانلىق ئويناپ، قوشاققا قېتىپ ئاخىرىدا
بىر خىل مىللىي ئەنئەنىۋى پائالىيەت مۇراسىملارغا
ئايلاندۇرغانىدى.

بىز بۈگۈنكى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ئويۇنلىش
تەرتىپى ۋە مەزمۇنىغا دىققەت قىلساق، بۇ ئويۇننىڭ بىر پۈتۈن
جەريانىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن ئېلىشىش، ئۆز دۈشـ
مەنلىرىنى يوقىتىپ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىش، پەخىرلىنىش
ۋە شادلىق ھېسسىياتىنى ئوچۇق كۆرىمىز. بۇ ھال مەشرەپ ـ
مۇقام كۈي ئاھاڭىنىڭ دولقۇنسىمان، جىددىي رىتىمىدا، شۇـ
نىڭدەك شېئىرىي تېكىستلاردىمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ. دولان مەشـ
رەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ «باياۋان»، «سىم باياۋان»، «چۆل بايا-
ۋان» دېگەندەك نامىلاردا ئاتىلىشى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىكى
«ئىراق»، «بايات»، «ئۆزھال»، «سىگاھ» ناملىرىدا ئاتالغان
مۇقاملارنىڭ دەسلەپ كۈچلۈك ئازاب، مۇڭلۇق ھېسسىياتنى ئىـ
پادىلەپ، ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىشىش، توقۇنۇش مەزمۇنىـ
دىن، ئاخىرىدا جەڭگىۋارلىق، غەلىبىنى ئىپادىلەيدىغان شادىيانە
كۈي بىلەن ئەۋجىگە چىقىشتەك ئۆزگىچىلىكى بىزگە ئۇيغۇرلارـ

نىڭ تەبىئەت ۋە ھاياتلىق تۇغقان كۈچلۈك ئازاب، مۇڭ ۋە ھەسرەتلىرىنى قەدىمدىلا كۈي، ئاھاڭ، مېلودىيە ۋە ناخشىلىرىدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىزھار قىلىپ كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ[1].

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز قۇياش، ئاي تۇتۇلۇپ جاھان قاراڭغۇلاشقاندا، چاقماق چېقىپ قارا بوران ھۆركىرەپ، كەلكۈن باسقان ۋە ياكى قۇرغاقچىلىق بولۇپ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ھاياتقا خەۋپ ئېلىپ كەلگەندە بىر جايغا توپلىنىپ ئىلاھقا، تىلسىم كۈچلەرگە سېغىنىپ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىدىن بالايىئاپەتنى كۆتۈرۈۋېتىشنى، يامغۇر، قار ياغدۇرۇپ نېمەت ئاتا قىلىشنى ئىلتىجا قىلىشقان. تۇرمۇش كاپالەتكە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ تەڭرى بەرگەن نېمەتكە تەشەككۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، تەڭرى ۋە روھلارغا سېغىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەخت ۋە شادلىقىغا تەنتەنە قىلىشقان. مۇشۇنداق ئاممىۋى پائالىيەتلەر ئاستا - ئاستا دىنىي ئاممىۋى مۇراسىم، پەرھىز بولۇپ شەكىللىنىپ، خەلق بايرام ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى سۇمۇز ئويۇنى ئاساسىدا پەيدا بولغان «نورۇز بايرىمى»، «كۆك مەشرىپى» قاتارلىقلار ئىپتىدائىي ئېتىقاد، مىللىي، دىنىي، پەرھىز چۈشەنچىسى ئاساسىدىكى ھاياتلىق جەريانلىرىنى كونكرېت، جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەندى.

ئۇيغۇر قەدىمكى شېئىر - قوشاقلىرى ۋە كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرىدە باھارنىڭ يازنى ئېلىپ كېلىشى ئىنساننىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىن ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويۇشىغا، ياز پەسلى ئىنساننىڭ ياشلىق نەۋقىران چاغلىرىدىكى مەنىلىك ھايات شادلىقىغا، كۈز پەسلى پىشىپ يېتىلىش ۋە

---

① ئىقبال تۇرسۇن: «دولان مەشرەپ مۇقاملىرىنىڭ تارىخ مەدەنىيەت قاتلىمى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، 1996 - يىللىق 1 - سان.

توختىشىغا، قىش پەسلى ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، ھاياتلىقنىڭ چېكىنىپ ئۆلۈمگە يۈزلىنىشىگە تىمسال قىلىنغان. ئەدىب - شائىرلار، سەنئەتكارلار ۋە مۇتەپەككۇرلار دۆلەتنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىق، خەلقنىڭ پاراۋان، جەمئىيەتنىڭ سائادەتمەنلىكى ئىشقا ئاشقان دەۋرلەرنى ھامان باھار، ياز پەسىللىرىگە ئوخشاتسا، خارابلىققا يۈز تۇتقان، گۈللىنىشتىن چېكىنىشكە، ياخشىلىقتىن بۇزۇلۇشقا يۈزلەنگەن مەزگىللەرنى كۈز پەسلىگە، زۇلمەتلىك، قاراڭغۇ دەۋرلەرنى بولسا قىش پەسلىگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن. ئۇيغۇر قەدىمكى ئازاب پسىخىكىسى ۋە ھاياتلىق ئېڭى ئالدى بىلەن تەبىئەت ۋە ھاياتلىق تۇغقان ئازاب پسىخىكىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مەزگىللى بىلەن باغلانغان. شەخسنىڭ ھايات كاپالىتىدە فىزىئولوگىيىلىك ساغلاملىق مۇھىم بولغانلىقتىن، ئادەمنىڭ ئۆزىگە قويغان تەلىپى بىلەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ توسقۇنلۇقى ئازاب پسىخىكىسىنىڭ تۆۋەن قاتلىمى، بۇ خىل ئازاب ۋەھىمىسى زامان - ۋاقىت ئېڭى بىلەن بىرلىشىپ ئىجتىمائىي ئاڭغا ئايلانغاندا كۈز پەسلىدىن، يەنى ماكان ۋە زاماندىن قايغۇرۇشقا ئايلىنىدۇ - دە، ھاياتلىق ھەققىدىكى ئازاب پسىخىكىسىنىڭ ئىدىيە قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەيلى تەبىئەت ۋە ھاياتلىق ھەققىدە ئازابلىنىش بولسۇن ياكى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن تۇغۇلغان ئازاب ھېسسىياتى بولسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى پەسىللەردىن قايغۇرۇش پسىخىكىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. شۇڭا پەسىللەردىن غېرىبسىنىش بىر پۈتۈن ھاياتلىق، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى مەسىلىلىرىگىچە تەسىر قىلغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازاب پسىخىكىسى بىلەن ھاياتلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپلا قالماي، ھاياتلىق ئىرادىسى، جاسارىتىنى ئاشۇردى. ئالەم سەييارىلىرى، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ھەممىسى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. پەقەت

زىددىيەت — كۈچ بىلەن كۈچنىڭ ئېلىشىشى ئارقىلىقلا يېڭى باراۋەرلىك يارىتىلىدۇ. «ھاياتلىق ئىنكارنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئازابى ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. پەقەت قارىمۇ قارشىلىق ۋە زىددىيەتنى يوقىتىش ئارقىلىقلا ھاياتلىق ئۆزىنىڭ ئەسلىي مۇئەييەنلىكىگە ئېرىشىدۇ. مۇبادا ئۇ نوقۇل زىددىيەتتە توختاپ قالسا، زىددىيەتنى ھەل قىلالمىسا، ئۇنداقتا ئۇ مۇشۇ زىددىيەت ئىچىدە ھالاك بولىدۇ.» ①

تەبىئەت دۇنياسى بىلەن قەدىمكى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بىرخىل قارىمۇ قارشىلىق ئىچىدىكى بىردەكلىك ۋە ماسلىشىشچانلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق ئېڭى قانداقتۇ تەبىئەت بىلەن ھاياتنىڭ زىددىيەت كۆرۈنىشىنىلا ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ئادەم ۋە تەبىئەتنىڭ بىللە راۋاجلىنىشىدەك بىردەكلىك پرىنسىپىنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. تەبىئەت ۋە ئىنسان ھاياتى ھەققىدىكى ئازاب، غېرىبسىنىش، ھەسرەت، ۋەھىمە تاشقى جەھەتتە ئەجدادلارنىڭ مۇئەييەن ھايات قارىشى ۋە پرىنسىپىنى ئىپادىلىسە، ئىچكى ماھىيەت جەھەتتە ھاياتقا، جەمئىيەتكە، خەلق تۇرمۇشىغا بولغان چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، تەبىئەت ۋە ھاياتلىق تۇغقان ئازاب پىسخىك ئېڭى قەدىمكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ زىددىيىتى، ھاياتلىق مۇھىتىنىڭ چەكلىمىسى ھەم تۇرمۇشنىڭ ئېغىر مۈشكۈللۈكى بىلەن ئىنسان ئەقلىنى ساددىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، كائىناتنىڭ ئازادە، ئەركىن يورۇقلۇقنى ھېس قىلدۇرۇپ، ھاياتنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ھەم رېئال قىممىتىنى تونۇتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر خىل كۈچلۈك جىددىيلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ، شەخسنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ھەم جاسارىتىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئۇ يالغۇز ئۇيغۇر

---

① گېگېل: «ئېستېتىكا»، سودا نەشرىياتى، 1982- يىل خەنزۇچە نەشرى، 124- بەت.

ئەنئەنىۋى قاراشلىرى بىلەن پىسخىكىسىغا تەسىر قىلىپلا قالماي،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچىنى يارىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ پەسىللەردىن غېرىبسىنىش شەك-
لىدىكى ئازاب پىسخىكىسى ۋە ھاياتلىق ئېڭى مەسىلىسىنىڭ پەقەت
بىرلا تەرىپى.

ئىپتىدائىي ئۇيغۇرلار ۋەھشىلىك ۋە سىرلىق تەبىئەت قوي-
نىدا ھايات - ئۆلۈم ھەققىدە قانداق بەدىئىي تەسەۋۋۇرلارنى
مەيدانغا چىقارغان؟ دېگەن مەسىلە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات-
لىق ئېڭىنى چۈشىنىشىنىڭ مۇھىم تەرىپىدۇر. قەدىمكى
ھايات - ئۆلۈم ئېڭىنى مەلۇم مەنىدە ئىپتىدائىي تەبىئەت ۋە
ھايات ئۇيغۇرلارغا بەخش ئەتكەن دىنىي ئىلاھىي ھېسسىياتنىڭ
ئىپادىلىنىشى دېيىش مۇمكىن.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار تارىخىدا چوڭ
ئۈزۈلۈش بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما دىنىي، سىياسىي ئۆزگى-
رىش، تەبىئىي بالايىئاپەتلەر قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى-
دىن كەڭ كۆلەملىك مۇساپىر بولۇپ كۆچۈش، باشقىلارغا ئارى-
لىشىپ كېتىشتەك ئەھۋاللار داۋاملىق يۈز بەرگەن. بۇ ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىگە مەلۇم تەرەپتىن يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىش ئېلىپ
كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھاياتلىق تارىخىمىزدا ئۇزۇلۈشسىزلىق
ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. مۇشۇنداق ئۇزاق ھايات كەچۈر-
مىشلىرىدە ئازاب ئېڭى ماھىيەتلىك پەلسەپىۋى ئاڭغا كۆتۈرۈلدى.
ھەربىر دەۋر كىشىلىرى بۇ ئاڭنى ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسى-
نىڭ مەنىۋى تۈرتكىسىگە ئايلاندۇردى.

روشەنكى، تەبىئەتتىكى بارچە جانلىقلار ۋە شەيئىلەردە ئۆزىگە
خاس تەن ۋە روھتىن تەشكىللەنگەن ھاياتلىق ئىقتىدارى بار.
ئادەمدە ھايۋاندىن پەرقلىق تىل، تەپەككۇر، ئەقىل - ئىدراك
ئىقتىدارى بار. ئەجدادلار تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قوينىدا ئۆزىنىڭ
پەخىرلىك ئورنى ۋە سالاھىيىتىنى ئىلگىرىلەپ ھېس قىلغانسې-

ـرى، مەدەنىيەت ئىگىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۆز شەخ-
سىيىتىنى ۋە ئەجدادچانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بايقايدۇ. ئىپتىدا-
ئىي ساددا تەسۋىرى سەنئەتتە ئۇلار ئۆز تۇرمۇش شەكلى، ئىستې-
تىك تۇيغۇسى ئاساسىدا ھاياتلىق، مەۋجۇتلۇق ۋە ئۆلۈم ھەققى-
دىكى ئويلىرىنى داۋام قىلدۇرغان ئىدى. ئىپتىدائىي دەۋر كى-
شىلىرىنىڭ ئېڭىدا ھايات ـ ئۆلۈم چۈشىنىش قىيىن بولغان،
ئەمما قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت ئىدى. شۇنىڭ
بىلەن ئادەم ئازابلانغان ھالدا ھايات ـ ئۆلۈم سىرىنى ئاچماقچى
بولىدۇ. ئىپتىدائىي ئەجدادلار ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆلۈش
مەسىلىسىنى ساددا چۈشەنگەنىدى. ھاياتلىق شارائىتىنىڭ مۇش-
كۇللۇكى، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە كۈچلەرنىڭ ئىنسان ھاياتىغا
تەھدىت سېلىشى ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر-
نىڭ ساددا تۆۋەنلىكى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى
جىددىيلەشتۈرگەن، خاتىرجەمسىزلەندۈرگەن ئىدى. ئىپتىدائىي
ئېتىقاد ۋە چوقۇنۇش ئادەمنىڭ ھاياتلىق مەۋجۇتلۇقى بىلەن
تەبىئەت كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنى ياراش-
تۇرغۇچى، ماسلاشتۇرغۇچى روھىي ئامىل بولغانلىقتىن، ئىپتى-
دائىي ئادەملەر كائىنات ۋە تەبىئەتتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى
ئادەملەشتۈرۈپ ئۇنى ئىلاھ دەپ تونۇدى. بارا ـ بارا بىر يۈرۈش
ئېتىقاد سىستېمىلىرى ئەخلاق ۋە پەرھىز پرىنسىپلىرىنى بارلىققا
كەلتۈردى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇر-
مۇشى داۋامىدا جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە تەبىئىي بالايىئاپەت-
لەرنىڭ تەھدىت، ۋەھىمىسىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش
يوللىرىنى ئىزدىگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى تولۇق
ئېچىلمىغاچقا، ئاجايىپ ـ غارايىپ سىرلىق ھادىسىلەر، ۋەھشىي
يىرتقۇچ ھايۋانلار، خۇش ئاۋازلىق گۈزەل قۇشلار، ھەيۋەتلىك
دەرەخ ـ ئورمانلار، تاغ ـ دەريالارنىڭ بەزىسىدىن قورققان، تەش-

ۋشلەنگەن، بەزىسىنىڭ كۆچىگە ھەيران بولغان، يەنە بەزىلىرىگە
مەھلىيا بولغان ھەمدە ئۇلارنى مەلۇم سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ
سىمۋولى دەپ ئىلاھىيلاشتۇرغان؛ بۇ ئىلاھىي ئوبيېكتلىرىنى
مۇقەددەس بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ، ئۆزلىرىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت
تىلىگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادچىلى ـ
قى، روھ قاراشلىرى ۋە توتېمىزم ئېتىقادىنىڭ شەكىللىنىشىدە
رول ئوينىغانىدى. دەل مۇشۇنداق پىسخىك ئاڭ ھەم تەسەۋۋۇر
نەتىجىسىدە، بۆرىگە ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ ۋەھشىي تەبىئىتى
بىلەن ئوزۇق تېپىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ يارى ـ
تىلىشىنى بۆرىگە باغلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان بولسا، ئات كالا،
ئىت قاتارلىق بىر قىسىم ھايۋانلارغا ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشى
پائالىيىتى بىلەن ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئاساسىدا چوقۇن ـ
غان. بۇلبۇل، قارلىغاچ قاتارلىق بىر قىسىم قۇشلارنىڭ گۈزەل ـ
لىكى، كۆركەملىكى ۋە ئادەم بىلەن يېقىن ئۆتۈشىگە ئاساسەن
ئۇلارنى ئىززەتلىگەن. قۇياش، ئاي، تاغ، دەرەخلەرنىڭ ئىلاھ
ياكى مۇقەددەس روھ دەرىجىسىگە بېرىشىمۇ ئۇنىڭ ئىپتىدائىي
تەبىئەتتىكى ھاياتلىقنىڭ ئاساسى بولغانلىقىدىن ئىدى. شۇڭا،
ئۆلۈم ۋە روھ چۈشەنچىسىگە ئائىت قەدىمكى دىنىي، ئىدىيىۋى
قاراشلاردا تەبىئەت ۋە ھاياتلىقنى سىرلىقلاشتۇرۇش ۋە گۈزەللەش ـ
تۈرۈشتىن ئىبارەت ساددا ئاڭ رول ئوينىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
ھاياتلىق مەۋجۇتلۇقى بىلەن تەبىئەتنىڭ توقۇنۇش، ماسلاشما ـ
لىقىنى ھەل قىلىشىنىڭ چارىسى سۈپىتىدە تەبىئەتنىڭ ماھىيىتى ـ
نى ئادىملەشتۈرۈپ، تەبىئەتتىكى شەيئىلەرنىڭ مەنىۋى كۈچ ـ
قۇدرىتى — روھنى تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇ ئېستېتىك ھېسسى ـ
يات بىلەن دىن ھېسسىياتىنىڭ بىرلەشكەنلىكى ئىدى. ئۇلار
تەبىئەتتىكى شەيئىلەردە روھ بار دەيدىغان چۈشەنچىگە ئاساسەن،
ئادەم ئۆلسە تەندىن ئاجراپ مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدىغان روھ بار
دەپ ئىشەنگەن. روھ چۈشەنچىسىگە ئەگىشىپ روھنىڭ ئۆلمەس ـ

لىكى، تىرىلىش، مەڭگۈلۈك ھاياتتىن ئىبارەت ھاياتنىڭ ئايلى-
نىش، يېڭىلىنىش، يۆتكىلىش ۋە ئەبەدىيلىك چۈشەنچىلىرىمۇ
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ۋە ھاياتلىق ھەرىكىتىدە، ئەخلا-
قىي قىممەت قاراشلىرىدا داۋاملىشىپ كەلدى. ئەمما ئادەم ئۆل-
گەندىن كېيىن، يەنى روھ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق قەپىزىدىن ئاي-
رىلغاندىن كېيىن تەننى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ۋە روھقا قانداق
مۇئامىلە قىلىشتا تۇرلۇك دىنىي ۋە تارىخىي شارائىتلارنىڭ ئوخ-
شىماسلىقى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرى
ۋە مەدەنىيەت ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرى شەكىللەنگەن.
دەپنە قىلىش، ھازا تۇتۇش ۋە ئۆلۈم ئۆزىتىش شەكىللىرى ھەم
ئۇسۇللىرى ئارىلاشما ۋە كۆپ خىل بولغان. دەل ئازاب ۋە ئۆلۈم
ھەققىدىكى بۇ ئۇلۇغ ئويلىنىش قەدىمكىلەرنىڭ تەپەككۇر روجى-
كىنى ئېچىپ، ئىجادچانلىقىنى قوزغاتتى. ئۆزىنىڭ ھاياتلىق
ئىزدىنىشلىرىنى تۇرلۇك مەدەنىيەت ۋە سەنئەت شەكىللىرىدە ئوب-
رازلىق نامايان قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ھاياتنىڭ بەدىئىي كۆ-
رۈنۈشى بولغان بەدىئىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقىلىق
ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش داۋامىدا، ئەڭ قەدىم-
كى خەلق تەپەككۇر ھېكمەتلىرى ۋە ئەدەبىيات شەكىللىرىمۇ بار-
لىققا كېلىشكە باشلىدى.

## 2. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇياش، ئايغا تېۋى- نىشى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم چۈشەنچىسى

ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم ئېڭى
ئالدى بىلەن ئالەمنىڭ يورۇقلۇقى ۋە قاراڭغۇلۇقىنىڭ ۋاقىت
ئۆزگىرىشى بىلەن بىۋاسىتە باغلانغانىدى. ئۇلار قۇياشنىڭ شەرق-
تىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىشتەك دەۋرىيلىنىش ھەرىكىتىدىن
كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك قاراڭ-

غۇلۇق، يورۇقلۇقنىڭ تەكرارلىنىشىنى چۈشەنگەن. بۇنداق ئاس-
ماﻥ سەيياﺭﻟﯩﺮﻯ ھەﺭﯨﻜﯩﺘﻰ جەريانىدا بەزىدە كۆپكۆك ئاسمان
گۈمبىزىدە كېچىلىرى يۇلتۇزلارنى چاقناتسا، كەڭ تەبىئەتنىڭ
ئۆزىدىمۇ پەسىللەرنى ئۆزگەرتكەن. قار، يامغۇر، بوران، تۇمان
قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ تەبىئىي ھالدا قۇياش،
ئاي، يۇلتۇزنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا سىرلىق نەرسىگە ئايلان-
دۇرغان.

ئادەتتىكىچە قارىغاندا، قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پاتىدۇ. قۇياش ئولتۇرغاندىن كېيىن غەربتىن ئاي كۆتۈرۈلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كېچە - كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى بىلەن پەسىللەر ئۆزگىرىپ ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش نۆۋەتلىشىپ بارىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، تەبىئەتتە شەيئىلەر پەيدا بولىدۇ، ئۆسىدۇ، پىشىپ مېۋە بېرىدۇ ۋە ئاخىرىدا قۇرۇپ تۈگەيدۇ. بـۇنداق ئايلىنىش ھەققىدە ئەجدادلىرىمىز ھەرخىل خىياللارنى قىلىشقان. ئۇلار ئاي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى، قۇياش نۇرىنىڭ كۈ-
چىيىش - ئاجىزلىشىدىن ۋاقىتنىڭ تېزلىكىنى ھېس قىلىپ، قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى ھاياتنىڭ باشلىنىشىغا ئوخشاتسا، قۇ-
ياشنىڭ پېتىشىنى شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشىغا، ھالاك بولۇشىغا، ئۆز مەنزىلىگە قايتىشىغا ئوخشاتقان. شۇنداقلا بۇ جەرياندىن ھا-
ياتلىقنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، توتېمىزم، شامانزم دىنىي ئىلاھىيەتچى-
لىك دەۋرلىرىدە تەبىئەتتىن ھالقىغان روھنى تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇلار جىن - ئالۋاستىلارغا، ئەرۋاھلارغا، ھەرخىل تەڭرى ۋە مۇئەككەللەرگە، توتېم ھايۋانلىرىغا، ئاتا - بوۋىلارغا ھەمدە سې-
ھىر - جادۇگەرلىككە چوقۇنغان ۋە ئېتىقاد قىلغان ئىدى. ئۇلار سىغىنغان ھەم تېۋىنغان شەيئىلەر ئىچىدە قۇياش، ئاي، يەر ۋە سۇ تەڭرىلىرى ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ۋە ھالاكەت، ياخشىلىق ۋە

يامانلىق، بەخت ـ شادلىق، گۈزەللىك بىلەن زۇلمەت ۋە قىس-
مەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە
رول ئوينىغان.

بىز قەدىمكى تارىم مەدەنىيەت ئىزلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئەج-
دادلارنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم ئېڭىنى بايان قىلغاندا دەپ ئۆتكىنى-
مىزدەك، بىر مۇنچە قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن يىراق قەدىمكى
دەۋرگە ئائىت قەبرىلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئۇيغۇر ئەجدادلى-
رىنىڭ قۇياش، ئايغا چوقۇنغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. كۆنچى
دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان بۇندىن ئۈچ مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋر-
گە ئائىت قەدىمكى قەبرىلەرگە يانتۇ قىلىپ خۇددى نۇر چېچىۋات-
قان قۇياشقا ئوخشاش قوزۇقلارنىڭ قېقىلغانلىقى بىلەن چەرچەن
زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىكى قۇياشقا سىمۋول قىلىنغان مەشئەل-
لەر بۇنىڭ جانلىق پاكىتىدۇر.

تارىخنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، «تەڭرى» سۆزى مىلادىيىدىن
بۇرۇنقى چاغلاردىلا ئىشلىتىلگەن ھونچە سۆز بولۇپ، «كۆن»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. «ھون تەڭرىقۇتلىرى ئۆزلىرىنى قۇ-
ياش ئوغلى ھېسابلاشقان. قۇياشنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ بۇرۇلۇپ
ئولتۇرغان. قۇياش كۆتۈرۈلگەندە قۇياشقا، ئاي چىققاندا ئايغا
سالام قىلىش ئادىتى بولغان، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە قۇياش
تەڭرىسى مىترانىڭ قاراڭغۇلۇق دىۋىسى ئەھرەمەنگە قارشى كۈ-
رەشلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە ساقلانغان»①.

سىماچيەننىڭ «تارىخنامە» سىنىڭ «ھونلار تەزكىرىسى»
دە، ھونلارنىڭ ھەر يىلى 9 ـ ئايدا قۇياشقا سېغىنىپ كۆككە
ۋە قۇياش ئىلاھىغا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدىغانلىقى قەيت قىلىن-
غان. تەبىئەتكە، كۆككە چوقۇنغاندا ئەجدادلىرىمىز سۇ، ئوت،
يەرنى ئۇلۇغلىغان. ئۇلار يورۇقلۇق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى
ئىككى ئوت يۇلتۇزنى ئىلاھىنىڭ سىمۋولى دەپ ئۇلۇغلىغان.

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى، 1997 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 28 ـ بەت.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ئىككى چوڭ يۇلتۇزنىڭ بىرى ئاي، يەنە
بىرى قۇياش ئىدى. ئۇلار قۇياش، ئاينىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن پە-
سىل ئالمىشىشىنى كۆزەتكەن. قۇياش نۇرىنىڭ كۈچىيىپ ھاۋا-
نىڭ ئىسسىشى بىلەن ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىد-
لىشى باھار پەسلىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ياز پەسلىنى ئېلىپ كەلگەن-
لىكىنى ھېس قىلغان. يازدا كۈندۈزى ئۇزۇن، كېچىنىڭ قىسقا
بولۇشى، ئاينىڭ تولۇشىدىن ۋاقىت ھەم پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىپ
كۈز پەسلىدىكى مول ھوسۇلچىلىقنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈ-
شەنگەن ھەم مۇشۇ ئاي ـ كۈنلەرنى مەمۇرچىلىق ئېيى دەپ
قاراپ، كۆزلۈك ھوسۇل يىغىپ ئۇنى تەبرىكلەپ، مول ھوسۇل
ئىلاھلىرىغا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭغا تەشەككۈر ۋە سېغىد-
نىشىنى بىلدۈرگەن. بەنگونىڭ «خەننامە» 94 ـ جىلد «ھونلار
تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، ھونلار ئايغا بەكرەك چوقۇنغان.
ئۇلار دائىم ئاي تولغاندا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاي كىچىكلىگەندە
ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرگەنىكەن. بۇ دەۋرلەردە تۈركلەر قۇياش
ۋە ئاينى مۇقەددەس بىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە تېۋىنغان. بەن-
شۈنىڭ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 ـ جىلد «تۈركلەر
تەزكىرىسى» دە بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «تۈرك-
لەرنىڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكى شەرققە قارايتتى. ئۇلار كۈن چىد-
قىش تەرەپنى ئۇلۇغلايتتى.»

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئەجدادلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان
ساكلارنىڭ ئادىتىمۇ ھون ۋە تۈركلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ،
ئۇلار قۇياشقا بەكرەك چوقۇنغانىكەن. «ئۇلارنىڭ ئاتنى ئۇلۇغ-
لاشتىكى مەقسىتىمۇ ئادەمزات ئارىسىدا ئەڭ تېز يۈگۈرەلەيدىغان
ئاتلار ئىلاھلار ئىچىدە سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان قۇياشقا يېتىشە-
لەيدۇ» ① دەپ قارىغانلىقىدىن ئىدى. تەبىئەت ئېتىقادچىلىق
دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار قۇياش ئىلاھىنى ئالەمنىڭ ئىگىسى دەپ

① ھىرادوت: «تارىخ»، ۋاڭ باۋچۈەن تەرجىمە قىلغان، سودا نەشرىياتى، 1960 ـ يىل
خەنزۇچە نەشرى، 274 ـ بەت.

تونۇغان. ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادىدىن بولغان تىلىلار (تۇرالا-ر) بەگ، خانلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا كۈن، ئاي سۆزلىرىنى قوشۇپ ئاتاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ① ئۇلار مۇشۇ دىنىي ئىلاھىيەتچىل قاراشلىرى بويىچە ئىنسانىيەت، هاياتلىق، يېمەك - ئىچمەك، هوقۇق، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ هەممىسىنى تەڭرى ئاتا قىلغان هەم ئۇ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن دەپ چۈشەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆككە، ئايغا، يەرگە، سۇغا چوقۇنۇشى قۇياش تەڭرىسىگە مەركەزلەشكەن. دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەڭرىگە يىغىنچاقلاپ، قۇياش تەڭرىسىنى يورۇقلۇق ئالىمى مەۋجۇتلۇقى هەم هاياتلىق ئالىمىنىڭ مەنبەسى دەپ قارىغان.

شۇڭا ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى توتېمىزم، شامانىزم، مانىزم ۋە بۇددىزم دىنىي ئېتىقادچىلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ هاياتلىق ۋە ئۆلۈم ئېڭىنىڭ ئوخشىمىغان ئەنئەنىۋى شەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى. كۆككە چوقۇنۇش ۋە شامانىزم ئېتىقادىدا قۇياش تەڭرى، كۆك تەڭرى، ئاي تەڭرىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولسا، بۇ ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىدىكى يورۇقلۇق ۋە هاياتلىق ئىلاهى بىلەن قاراڭغۇلۇق ۋە هالاكەت ئىلاهىنى، مانىزم ئېتىقادىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئىلاهنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ هايات - ئۆلۈم قاراشلىرى مانى دىنىنىڭ ئىلاهى «مانى بورهان» نامىدا، بۇددا دىنىدا بولسا بۇدساتۋا «بورهان تەڭرى» نامىدا، ئوتپەرەسلىك ئېتىقادىدا «هورمۇزتا» تەڭرىسى نامىدا ئىسلام دىنىدىكى «ئاللا» ئوبرازىغا تۇراقلاشتى.

قەدىمكى قۇياش ۋە ئايغا تېۋىنىش ئەنئەنىسىدە ئەجدادلارنىڭ هايات - ئۆلۈم ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇهىم بىر تەرەپ ئۇلارنىڭ روهى چۈشەنچىسىدۇر.

---

① ليۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار هەققىدە تەتقىقات»، تەيبېي جىڭجۇڭ كىتابخانىسى نەشرى، 134 - بەت.

روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن تىرىلىش چۈشەنچىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات ــ ئۆلۈم ئېڭىغا باغلىق دىنىي ئىلاھىيەتچىل قاراشلىرى ھەم ئەنئەنىۋى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرىدە بىردەكلىك- كە ئىگە قىلىنغان. ئۇلار بەزىدە ئۆز ھاياتىنىڭ ئەبەدىي مەڭگۈ- لۈك بولۇشىنى، باقىي دۇنيادا قايتا ياشىشىنى ئارزۇ قىلغان بولسا، بەزىدە ھاياتلىقنىڭ چەكسىز، ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقى، ئادەمنىڭ بىچارە ۋە چارىسىزلىقىدىن ئازابلانغان. بۇ خىل پىسى- خىك ئاڭنىڭ تەسىرىدە ئۇلار ھاياتنى ئىككى قىسىمغا، يەنى پانىي دۇنيادىكى ھايات بىلەن باقىي دۇنيادىكى مەڭگۈلۈك روھىي ھايات- تىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا ئايرىغان. ئۇلارچە ماددىي (تەن) جەھەتتىكى ھايات قىسقا، چەكلىك ۋە ئاجىز، ئادەم ئۆلسە چى- رىيدىغىنى تەن، قايتا تىرىلىپ مەۋجۇت بولىدىغىنى روھ دەپ قارىغان ھەمدە ئۇلار روھ ۋە ئۇنىڭ باقىي ئالەمدىكى قايتا تىرىلى- شىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن.

ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ئىگىلىكىدىن تېرىقچىلىق ئىگىلىكى- گە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەجدادلىرىمىز ئادەمنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلى- شى ۋە روھىنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكىگە ئىنتىلىپ، ئۇنى خاتىرىلەي- دىغان بىر مۇنچە ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي مۇراسىملارنى شەكىل- لەندۈرگەن. ئەپسانىلەر ۋە ھېكايەتلەردە بۇ دىنىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئائىت ھەرخىل دورا ـ دەرمەك، ئادەمگىياھ مېۋى- سى، ئابىھايات، يادا تاش ۋە سېھىرگەرلىك ـ جادۇگەرلىك پائالىيەتلىرى ئۆلۈم، تىرىلىش ۋە روھقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ بۇيۇملار بىلەن سۇ، ئوت، تۇپراق، ھاۋا قاتارلىقلارنىڭ ھەمـ- مىسى ھاياتلىق ۋە قايتا تىرىلىشنىڭ شەرتلىرى دەپ قارالغانىدى.

دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھاياتنى سۆيۈپ، ئۆلمەسلىك ياكى ئۇزاق ياشاشنىڭ ئامالىنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ تونۇغان، شۇنىڭ بىلەن چەكلىك ھايات ۋە ئۆلۈمدىن ھالقىپ مەڭگۈ ياشايدىغان مەنىۋى

ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. بۇ بىر خىيالىي تەسەۋۋۇر بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش، پىسخىك خاراكتېرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنىڭ بىر بەلگىسى ئىدى.

قۇياش، ئايغا چوقۇنۇشنىڭ سىمۋوللۇق، تەسۋىرى «ئاۋىستا» دىن باشقا بۇددىزم ۋە مانىزم دىنلىرىغا ئائىت ئەدەبىي يادىكارلىقلاردىن «قەسىدە»، «مانىغا مەدھىيە»، «خۇئاستۇ ئانافىت» («تۆۋبىنامە») قاتارلىق ئەسەرلەردە ھەمدە قوچۇ دەۋرىدىكى شېئىرلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ[1]. مەسىلەن:

قۇياش تەڭرى كۆردىڭىز،
قوغداپ قېلىڭ بىزنى سىز.
ئاي تەڭرىمۇ كۆرۈندى،
ۋاي! قۇتقۇزۇڭ بىزنى سىز.

مانىزم ئېتىقادى مەزمۇن قىلىنغان بۇ شېئىردا، تاڭ تەڭرىسىگە مەدھىيە ئوقۇش ۋاستىسى ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە قۇياش، ئاي بىلەن ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ ئىچكى بىردەكلىكى ئىپادە قىلىنغان. بۇ دەۋردىكى يازما يادىكارلىقلاردا «پاراسەت ئىلاھى»، «نۇر ئىلاھى»، «قۇياش ئىلاھى، «ئاي ئىلاھى»، «ياخشىلىق ئىلاھى» قاتارلىق ئىلاھلار «تەڭرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. بۇددىزم مەزمۇن قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن «ئالتۇن يارۇق»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئىككى تىگىن ھېكايىسى» قاتارلىق قەھرىمانلىق داستانلىرى ۋە بۇددا نوم ھېكايىلىرىدىكى قەھرىمانلار بىلەن ئىلاھلار كۆپىنچە قۇياش، ئاي بىلەن باغلانغان. بۇ ئەسەرلەردىكى قەبىلە باتۇرى چىستانى ئىلىك بەگ، پاراسەتلىك شاھزادە ئاق نىيەت

---

① ئابدۇقىيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

تىگىن قاتارلىقلار ئۆز شەھىرى ۋە قەبىلىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلانغان ھالدا جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىپ، خەلقنى يۇقۇملۇق كېسەل، ئۆلۈم ۋەھىمىسى، شۇنداقلا ئاچلىق ـ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردۇ. ئۇلار كوللېكتىپنىڭ ھاياتى ۋە مەنپەئەتىنىڭ تىمساللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇياش ۋە ئاي تەڭرىلىرى ھەمدە بۇددا ئىلاھلىرى ئۇلارغا مەدەت بېرىدۇ. شامان ئېتىقادىدا قۇياش تەڭرى ھەممىنى بەلگىلەيدۇ. قۇياش تەڭرى ھاياتلىق بەرسە، ئاي تەڭرىسى يورۇقلۇق ۋە نۇر بېرىدۇ. ئۆلۈم تەڭرىسى ھاياتلىقنى ئېلىپ كېتىدۇ دەپ قارىغانلىقتىن، قۇياش ۋە ئاي ھايات سۇرئىتىنىڭ تېز، مەنزىلىنىڭ قىسقىلىقىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان. ئاتاقلىق فولكلورشۇناس جوڭ جىڭۋېن ئەپەندى «كۋافۇنىڭ قۇياشنى قوغلىشى» ئەپسانىسى ھەققىدە توختىلىپ: «قەدىمكى كىشىلەر ئاينىڭ يۇمىلاق، كەمتۈك بولۇشىنى ئادەمنىڭ ھاياتى ـ ئۆلۈمگە ئوخشاتقان... ئاي پەرىسىنىڭ مەڭگۈ ياشايدىغان ئاي ئىلاھى بولالىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆلمەسلىك دورىسىنى يېگەنلىكىدىن دەپ چۈشەندۈرۈش ئەمەلىيەتتە قەدىمكىلەرنىڭ ئاي ئۆلمەيدۇ دېگەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇردىن كېلىپ چىققان.»① دەپ ئىزاھلايدۇ.

غەربنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم ۋە قايتا تىرىلىشكە سىمۋول قىلىنغان گرېك قۇياش ئىلاھى ئاپوللو، ھاياتلىق ئىلاھى پىرومېتى، زېۋس، مىسىرلىقلارنىڭ قۇياش ئىلاھى سوفە، ئۆلۈم ئىلاھى ئوشىرىسى، جازا ئىلاھى ئانوبىس قاتارلىقلار بىلەن تۈركىي ۋە فارس خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى قۇياش ئىلاھى مىترا، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق ئىلاھى ئاناختا، ئۇرۇش ۋە ھاياتلىق ئىلاھى مىررىخ، مانى دىنىدىكى يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىق ئىلاھى ھورموزتا

---

① «جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخى»، 1979 ـ يىللىق 2 ـ توپلام، 90 ـ بەت.

تەگرى قاتارلىقلار ئوخشاش ماھىيەتكە ئىگە.

ئومۇمەن، قۇياش ۋە ئايغا تىۋىنىش ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئۇسۇللاردا ئوخشاش بىر مەسىلىنى، يەنى قەدىمكى ئەجدادلار-نىڭ ھاياتتىن شادلىنىش، ئۆلۈمدىن قورقۇش، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ، مەڭگۈلۈك نام قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ھاياتلىق ئىنتى-لىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلا-ھىيەتچىلىكى دىنىي ھېسسىياتى بىلەن ئېستېتىك تەسەۋۋۇر بىر-لىشىپ ئىنساننىڭ ئومۇمىي ھاياتلىق ئىستىكىنى نامايان قى-لىپ، قەدىمكى ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ تېما ۋە ئىدىيىسىگە مول ئىدىيە ئاتا قىلغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىدا قۇياش ۋە ئاينىڭ ھەرىكىتىنى ئىنسان ھاياتىغا باغلاپ، قۇياش ۋە ئاينى كىشىلىك ھايات ھەم ۋاقىتنىڭ مۇساپىسىگە ئوخشىتىپ تەسۋىر-لەيدىغان سىمۋوللۇق پىكىر قىلىش ئەنئەنىسىنى بارلىققا كەلتۈر-گەن.

## 3. ئۇيغۇر خەلق پەلسەپىۋى ھېكمەتلىرى ۋە شېئىر - قوشاقلىرىدا ھايات - ئۆلۈم ئېڭى

قەدىمىي مەدەنىيەت يوللىرىنى بويلاپ بۈگۈنكى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئىجادىيەت تەرەققىيا-تىدا تەبىئەت، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن تۇغۇلغان ئوي - خىياللىرىنى ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەقلىي يەكۈنلەپ، ئۆز-گىچە ھاياتلىق پەلسەپە قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

بىرنەچچە مىڭ يىللىق مىللىي مەدەنىيەت مۇساپىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى ئىدېئولوگىيىسى مەخسۇس شەرھلەنگەن بىرەر نەزەرىيىۋى ئەسەر دۇنياغا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما قە-دىمكى خەلق قوشاقلىرى، داستان - ئېپوسلار، ئەپسانە - رىۋايەت-

لەر، ماقال ـ تەمسىللەر، مەسەللەر، خەلق پەلسەپىۋى ھېكمەت-
لىرى، تۇرمۇش پەرھىزلىرى بىرلىشىپ ئۇيغۇر پەلسەپە دۇنيا
قاراشلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق ئىدىيە سىستېمى-
سىنى ياراتتى.
ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى
ۋە كېيىنرەك بۇددىزم مىڭ ئۆي تىزما رەسىمچىلىكىگە ئوخشاش
سەنئەت شەكىللىرىدە ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئەجدادلارنىڭ
پەلسەپە ـ ئېستېتىك ئىدىيىلىرى تۈرلۈك مەرىپەت ھېكمەتلىرى
بىلەن جانلىنىپ، خەلق پوئېتىكىسى ۋە پەلسەپىۋى ھېكمەتلىرى-
دە بەدىئىي يوسۇندا تېخىمۇ چوڭقۇر، شۇنداقلا ئوبرازلىق ئوتتۇ-
رىغا قويۇلدى.
ئۇزاق تارىخىي كەچۈرمىشلەردە خەلقىمىز پاراسىتىنىڭ جەۋ-
ھىرى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى
ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى
بىلىش، تەبىئەتنى مۇۋاپىق بويسۇندۇرۇش ھەمدە قىسمەن ئۆز-
گەرتىش تەجرىبىسىدىن تۇغۇلغان پىكىرلەر جەۋھىرىدۇر. گەرچە
ئۇنى مۇكەممەل ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئىنكاسى دېگىلى
بولمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇ ئۇيغۇر قەدىمكى ھاياتلىق پەلسەپە
قاراشلىرىدا مۇھىم بىر مەزمۇننى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق
ھېكمەتلىرى ئۇيغۇر ھاياتلىق تارىخىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا پەي-
دا بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئېتىقادى، تۇر-
مۇش شەرت ـ شارائىتلىرى ھەمدە مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلىرىگە
چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. سىرلىق تۈس ئالغان ئەپسانىۋى
تەسەۋۋۇرى، سەزگۈ ـ ئىدراكلىرى كائىناتنىڭ مەنبەسى، ئىن-
سان تەبىئىتى، ماھىيىتى، ھاياتلىق ئىرادىسى ۋە ئادەمنىڭ
ئىجادىيەت قۇدرىتى ھەققىدىكى مەنتىقلىق چۈشەنچىلىرىنى شە-
كىللەندۇرۇپ، مەنىۋى جاھالەت قوينىدىن سائادەتلىك ھايات
گۈلشىنىگە قەدەم قويۇشىغا ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بو-

لۇپ خىزمەت قىلغان. مۇرەككەپ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا، ئۇيغۇرلار تەقدىر بىلەن تەدبىرنىڭ دىئالېكتىك باغلىنىشى ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن. ئۇلار ھەر قانداق بىر ئىشتا دانا تەدبىر بولسا پارلاق مەنزىلگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى بىلگەن، تۇرمۇشتا خۇشاللىق بار يەردە قايغۇنىڭ، جان بار يەردە قازانىڭ بىللە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تونۇغاندا «ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دەپ ئۆزلىرىگە تەسەللى بەرگەنىدى. بۇ ماقالدا ئادەمنىڭ ئون قېتىم كۈلۈپ، بىر قېتىم يىغلىشى كېرەكلىكى دېيىلمەستىن، بەلكى كۈلكىنىڭ ئاساسى بولغان قەلب شادلىقى، ئارام ھېسلىرى ئىچىدە يىغىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى بولغان ئارامسىزلىنىش تۇيغۇسى بار ئىكەنلىكىنى دېيىش ئارقىلىق، بەخت ۋە شادلىق ئىچىگە قايغۇ - ئازاب يوشۇرۇنىدىغانلىقى ھەققىدە مەنتىقىي يەكۈن چىقىرىلغان. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىنسان ۋە ھاياتلىقنىڭ بىر-بىرىنى شەرت قىلىپ مەۋجۇت بولۇشى، خارلىق ۋە ئەزىزلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ بىرخىل تەبىئىي قانۇنىيەت، مۇقەررەر ئاقىۋەت ئىكەنلىكىنى ماھىيەتلىك تونۇپ، «دۇنيادا ئىككى ئۆلۈش يوق، ئۇندىن قۇتۇلغان ھېچكىم يوق» دەپ قارىغاندا، بۇ پىكىرلىرىنى خەلق قوشاقلىرىدا تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلىگەن:

بىر سەر ئالتۇن ئون مىسقال،
بىر پۇڭ كەملەپ كەتكەن يوق.
يەتتە كۈنلۈك ئالەمدە،
مۇرادىغا يەتكەن يوق.

ئەمەلىيەتتە، ئانا قورسىقىدىن زېمىنغا چۈشكەن دەقىقىدىن تارتىپ بىزنىڭ ھاياتلىق ئورگانىزمىمىزدا كۆزگە كۆرۈنمەس ئۆلۈش

ئامىللىرىمۇ ھەرىكەتلىنىشكە باشلايدۇ. گويا پەسىللەرنىڭ ئالمى-
شىشى گۈللەرنى خازان قىلغىنىدەك، ھايات مۇساپىسىدىكى ئۇ-
رۇش، تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل، جۇدالىق، ھىجران،
ئەرك، ھوقۇق ۋە ھەققانىيەت يولىدىكى ئىسسىق قانلار، چۆللەر-
دە قالغان جەسەتلەر ۋە ياكى كۆرەش داۋانلىرىدا ھەققانىيەت رە-
قىبلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە پىنھان تۆھمەت، سۇيىقەستلىرى قاتار-
لىق سۇنئىي ئۆلۈم ئاقىۋىتى بىزنىڭ ھېسسىيات دۇنيايىمىزدىكى
يوشۇرۇن ئازاب، غېرىبسىنىش، تەشۋىش، ۋەھىمىنى كۈچەيتى-
ۋېتىدۇ. ئىشقىلىپ، «جان بار يەردە قازا بار» دەيدىغان ۋەھىمە
پۈرىقى بىزنى ھەر ۋاقىت ھالاكەت كۆلەڭگىسى ئارقىلىق سەگەك-
لەشتۈرۈپ، ئېرۋىلىرىمىزنى غىدىقلاپ، كىشىلىكنى يوقىتىپ
قويماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇلار «قالاشنى بىلسە قارمۇ كۆيە-
دۇ» دېيىش ئارقىلىق قانۇنىيەتنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆز
مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش ھەم بويسۇندۇرۇش مۇمكىنلى-
كىنى تونۇغان بولسا، «تاغدەك ئىشنىڭمۇ تېرىقتەك تۈگۈنى بار»
لىقىنى چۈشىنىپ، ھايات گۈلشىنىنى مېھنەت تەرى ئارقىلىق
ياشنىتىشتا ھەربىر ئارزۇ - ئىستەكنىڭ ئىچكى ئامىلىنى ئىگى-
لەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى شەرھلىگەن. ئۇ-
لار بەختسىزلىكنى بەختكە، ھالاكەتنى ھاياتلىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ
ئاچقۇچىنى چىڭ تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگەن. «سەۋەب
قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ»، «تەدبىرىڭ قانداق بولسا،
تەقدىرىڭ شۇنداق بولار» دېگەن ماقال شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى
ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەب - نەتىجىلىك دىئالېكتىكىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى بىلەن
جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ھەتتا پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىنىڭ
ھەممىسى بەلگىلىك يۆنىلىشتە مەقسەتلىك، مۇكەممەل ئىرادە،
مىزان، قاتتىق پرىنسىپ ۋە ئۆلچەمدە ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇ قانۇنى-
يەتنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن كىشى جاھاندارچىلىق كوچىسىدا

«كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» ئىكەنلىكىنى شەكسىز ئۇچۇق تونۇغان، كۆرۈنۈشتە ئادەم ھاياتتا قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئۆلۈمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماسلىقنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى، شۇڭا قانۇنىيەتنى تونۇش ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. خەلقىمىز بۇنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ھېس قىلىپ قوشاقلىرىدا ئىزھار قىلغان.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
يا ئاقمايدۇ تاشمايدۇ.
ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە،
ياش ـ قېرىغا باقمايدۇ.

بىز ھەرقانداق بىسىم، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇ، بەختسىزلىكلەردىن ئامال قىلىپ قېچىپ قۇتۇلالىساقمۇ، ئەمما بەخت ئىچىدىكى بەختسىزلىك، قايغۇ ئىچىدىكى شادلىق، ئۆسۈش ـ چۈشۈش، ياشاش ـ ئۆلۈشنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغان مۇقەررەر قانۇنىيىتىدىن ساقلىنالمايمىز. مانا بۇ ھەقىقەتنى ھەقىقي تۈردە ئېتىراپ قىلساق ۋە ئۇنىڭغا مەردانە يۈزلىنەلىسەكلا، تۇرمۇش سەھنىمىزدە مەردانە، ئۈمىدۋار رول ئويناپ، چۈشكۈنلۈكنى ئۈمىدكە، ئاپەتنى ئامەتكە، خاپىلىق، ئازابنى خۇشلۇق كۈلكىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىمىزنى ئىجاد مېھنىتىمىز بىلەن نامايان قىلالايمىز. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «كەشلەر ساڭا باقمايدۇ، يولۇڭغا باقىدۇ»، «ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن، ئاتاڭنى كۆرگەنلەر ئۆلمىسۇن» دەپ بىر شەخس ۋە بىر كوللېكتىپنىڭ ھاياتلىق قىممىتى ئۇنىڭ نېمە مەقسەتلەر ئۈچۈن تىرىشقانلىقى، ئۆزلىرىنى نېمىلەرگە بېغىشلىغانلىقى بىلەن باغلىق بولىدىغانلىقىنى، ئالدىنقىلار دۇنيادىن ئۆتسە، ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزلىرى، تۆھپە ـ شەرىپى ۋە ئىبرەتلىرىنىڭ ھامان دەۋر-

داشلارنىڭ ئاغزىدا ئەۋلادلارغا ئۇزۇلمەي يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى،
ئۆتمۈشكە ۋەكىللىك قىلغۇچىنىڭ تارىخىي ئورنى بىلەن قىممىتى
چوقۇم ئۇنىڭ ھاياتىدىكى قەدەم پائالىيەتلىرى بىلەن بەلگىلىنى-
دىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىشىلىك ھايات قانۇنىيەتلىرى
ئىلمىي خۇلاسىلەنگەن بۇنىڭدەك ھېكمەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ كۇنسې-
رى بېيىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى دۇنياسىدىكى كۆپ خىل يۇزلىنىش
بىلەن ئوبيېكتىپ رېئال دۇنيانىڭ ھەرىكەت مىزان- قېلىپلىرىنى
كۈچلۈك بىردەكلىككە ئىگە قىلغان. بۇنداق پىسخىك ئىچكى
بىردەكلىك ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلاردا ھاياتنىڭ مەنتىقىسىنى ئىل-
مىي بىلىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتىدىغان ۋە ئىلگىرى سۇرىدىغان ھاياتـ-
لىق تەدبىر - پاراسەتلىرىنى يېتىلدۇرگەنىدى.
بىز ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىردىكى ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىمى
مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۇرك»
تە خاتىرىلەنگەن خەلق قوشاقلىرى، ماقال- تەمسىللەر ۋە شېئىر
پارچىلىرىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلى-
رىدا ئىپادىلەنگەن كائىنات، جەمئىيەت ۋە ئىنسان ھەققىدىكى
پەلسەپىۋى قاراشلىرى، قەدىمكى ھايات قاراشلىرى ۋە دىنىي
ئېتىقاد قاراشلىرىغا باغلىق نەزەرىيىۋى چۇشەنچىلەر ئوتتۇرىغا
قويۇلغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.
ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى ئۆز ئەسىرىدە سۆز- ئىبارى-
لەرنى ئىزاھلاش ئۇچۇن بىر مۇنچە قەدىمىي قوشاقلار، ماقال-
تەمسىللەر، شېئىر ۋە داستان پارچىلىرىدىن مىسال كەلتۇرگەن.
بۇ ئارقىلىق قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋر-
لەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەم قاراشلىرى، ئەقىل، بىلىم، مېھ-
نەت، پاراسەت - ئەخلاق، مۇھەببەت، گۇزەللىك، ئادالەت،
ھاكىمىيەت قاتارلىق پەلسەپە، ئېتىكىلىق ھەم ئېستېتىكىلىق ئى-
دىيىلىرىنى سۇرەتلەپ بېرىدۇ. خۇددى پروفېسسور ئاكادېمىك
ئەزىز نارىنبايېۋ يازغاندەك، ئۇلار شۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ دۇنيا

قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ، شۇنى دەلىللەيدۇكى، ئالىم ھايات مەسىلىلىرى توغرۇلۇق چوڭقۇر، جىددىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن، بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشقا، ئۆز زامانداشلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىغا تەسىر قىلىشقا تىرىشقان①. مەھمۇد قەشقىرى ئالەم ياكى دۇنيا سۆزىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ. بىرىنچىدىن، دۇنيا — بۇ ئەتراپىتىكى بارلىق مەۋجۇدات، يەر ھەم قۇياش قاتارلىق باشقا يۇلتۇزلار ئالىمى بولۇپ، تۈركلەر قەدىمدە ئالەمنى مەڭگۈلۈك بارلىق دەپ قارىغان. ئىككىنچىدىن، جاھان زېمىندىكى ھاياتلىقنى كۆرسىتىدۇ. موھتاجلىق ئىچىدە ياشايدىغان ئادەملەر زېمىندا ھېچ ۋاقىت رىيازەتسىز ئۆتەلمەيدۇ. ھايات پۈرسىتى قولدىن كېتىدۇ، لېكىن كىشىلەر ھاياتنىڭ راھىتىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمەيدۇ. ئالىم يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئەت قاراشلىرى ئاساسىدا ھايات پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئىزاھلايدۇ. تەبىئەتنىڭ ئايلىنىشى، يىل، ئايلارنىڭ دەۋر قىلىشى، زامانلارنىڭ ئۆزگىرىشى، ئالەم سەييارىلىرىنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، يىل ئايلىنىشىدا ئون ئىككى يىلنىڭ ھايۋانات سىستېمىسىنى قوللىنىپ، سەييارىلەر ۋە يۇلتۇزلار ئاسمىنىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئالەم ۋە ھاياتلىق قانۇنىيىتىنى ئىزاھلايدۇ.

پروفېسسور ئەھمەد زەكى ۋەلىدى (توغان) نىڭ قارىشىچە، ئەجدادلىرىمىز ئون ئىككى يىل سىكلىنى بۇندىن تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرى قوللانغان، ھەربىر يىلغا بىر ھايۋاننىڭ نامى بېرىلگەن. ئۇلار ئادەملەرنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، ئۇرۇش، توپلىنىش، ئۆلۈش، يېڭىلىش، دۆلەت قۇرۇش قاتارلىق ۋەقەلەرنى خاتىرىلەپ كەلگەن. بۇ كېيىنرەك ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا كىرىپ ئۆزلەشكەنلىكى مەلۇم. مۇشۇ ئاساستا ئۇلار ھاياتلىق ھادىسىلى-

---

① قازاقىستاندا چىقىدىغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1992 - يىللىق نويابىر سانلىرى.

رى ھەققىدە تۆتلۈك چۈشەنچىسى (تۆت زات، يەنى سۇ، ئوت، تۇپراق، ھاۋا) ۋە ئون ئىككى مۇچەل سىستېمىسى بويىچە ئاجايىپ يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى، گۈزەل ئەپسانە- رىۋايەت، ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلغان. يىل، پەسىل، ئايلارنىڭ، كۈن ۋە تۈننىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇيغۇرلار قۇياش ۋە يۇلتۇزلار سەييارىلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق تەبىئەت ئۆزگىرىشىنى كۆزەتكەن ۋە تەسەۋۋۇر قىلغان بولسا، ئۈركە تۈپ يۇلتۇزىدىن پايدىلىنىپ تۆت پەسىلنى ئايرىغان. ئەڭ يورۇق - چىرايلىق چولپان يۇلتۇزنى ئۆزلىرىنىڭ بەخت- سائادىتىگە سىمۋول قىلغان، سۇنبۇل يۇلتۇزىنىڭ پەيدا بولۇشى ئارقىلىق ياز ئاخىرلىشىپ، ئاشلىق- ھوسۇل يىغىشمۇ ئاخىرلىشىدۇ، ئادەملەر قىشقا تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇلار شۇڭىمۇ قۇياشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنى ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ مەنبەسى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭسىز زېمىندا ھاياتلىق بولمايدۇ دەپ چۈشەنگەن. بۇ پەلسەپىۋى ئاڭ تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر ئەپسانە - رىۋايەت، چۆچەك، ئېپوسلىرىدا «ئۈچ»، «يەتتە»، «توققۇز»، «قىرىق بىر» غا ئوخشاش سېھىرلىك سانلار ۋە بۇ سانلار بىلەن خاراكتېرلەنگەن بەدىئىي قەھرىمانلارنى ياراتتى.

قۇياش ئالەمگە ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق ئاتا قىلسا، ئاي كېچە قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتىدۇ، يۇلتۇزلار ئاسمان گۈلشىنىنىڭ زىننىتى بولۇپ، جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن بېشارەت بېرىدۇ. كۆك ئاسمان، كۆكتە نۇر چاچقۇچى قۇياش، ئاي ۋە چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلار ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈك كۈچ- قۇدرىتىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۆكۈلگەن نۇر — ھاياتلىق نۇرلىرى، بۇ مۇقەددەس مەۋجۇتلۇقنى تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت - سائادىتىنىڭ سىمۋولى دەپ ھېسابلىغان. مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كە كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ۋە ھېكمەتلەردە خەلقىنىڭ ئېزىلىش، مەھكۇملۇق ۋە مەنىۋى قاششاقلىققا قارشى ھەرىكىتىدە شەكىللەنگەن ئادىمىيلىك پرىنسىپ-

لارنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنى ئۇ ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەل-لىك، سەمىمىيلىك، تەڭلىك، كىشىلىك مىزان ئىچىگە ئادەمنى قويۇپ، ئادەمنىڭ ھاياتتىكى قىممىتى، ئورنى، كۈچ - قۇۋۋى-تى، قىزىقىش - ھەۋەسلىرى، بۈگۈنى ھەم كېلەچىكى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرۇلۇق پەلسەپىۋى مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدۇ. ئالىم «ئود كېچەر كىشى تۇيماس، يالغۇق ئوغلى مەڭگۇ قالماس» (ئـالەم ئۆتەر ئادەم تويماس، ئىنسان بالىسى دۇنيادا مەڭگۇ ياشىماس) دەپ قاراپ، شـەخسـنىڭ رولـى ۋە قـىمـمـىتى ھەرد-كەت - مېھنەتتە، يارىتىش - ئىجاد قىلىشتا ھەم يۇقىرى ئەخلا-قىي تاكامۇللۇقتا دەيدۇ ۋە پەقەت مۇشۇنداق ئادەملا ئەلگە كېرەك-لىك، ئۇ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق ھايات قىممە-تىنى ئىپادىلەپلا قالماي، ياخشى نامى كىشىلەر ئارىسىدا مەڭگۇ ئۆچمەيدۇ دەپ ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ ئالىم ئۆز ئەسىرىدە سىنىپ، تەبىقە، گۇرۇھلار ئارىسىدىكى زىددىيەت ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ فېئودالىزم تۈزۈمى شارائىتى-دا، دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەت، ئارازلىق، رەھىمسىزلىكلەرنى ئەيىبلەپ، قان - قېرىنداشلىقنى ساقلاشنى تەۋسىيە قىلىپ، «قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ» دېگەنىدى. يامانلىققا ياماذ-لىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەت ئارقىلىق، «يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى» ئىكەنلىكىنى، بۇ-نىڭ بىلەن تىنچلىق، خاتىرجەملىكنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىنلى-كىنى تەكىتلەيدۇ.

ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچى-لىرى ئۆلارنىڭ ئالەم، دۇنيا ۋە ھاياتلىق ئېڭىنىڭ نەزەرىيىۋى شەكلى سۈپىتىدە مىلادىيە V ، VI ئەسىرلەردىكى شېئىر - قو-شاقلاردا بىر قەدەر ساددا ئىپادىلەندى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا مەڭگۇ تاش ئابىدىلىرى ھەمدە «دىۋان» دىكى بەدىئىي تەسۋىرلەردە تەبىئەت مۇنازىرىسى، پەسىللەردىن قايغۇرۇش، ئۆلۈمگە ئېچى-نىش، ئاتا - بوۋىلارغا سېغىنىش، قىز - يىگىتلەر مۇھەببىتى ۋە جەمئىيەتتىن نارازىلىق قاتارلىق شەكىللەردە كۆپ خىل ئەكس

ئەتتۇرۇلگەن دىيىشكە بولىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان» دا يەنە خەلقنىڭ تىنچ، خاتىرجەم جەمئىيەتكە ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپ، باراۋەرلىك، سىياسىي، ئىقتىسادىي خاتىرجەملىك ئازاب ـ قايغۇنى يوقىتىشنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ. كىشىلىك ھاياتتىن قايغۇرۇش ئىنسان پسىخىك قاتلىمىدا ئەسلىي مەۋجۇت بولغان تىپ بولۇپ، سۆيگۈ تەلپۈنۈشى، جۇدالىق پەيدا قىلىدىغان ئازاب كەيپىياتىمۇ «دىۋان» دىكى قوشاقلاردا خېلى كۆپ تەسۋىرلىنىدۇ. «دىۋان» دىكى جەڭ، ئوۋ، پەسىل ۋە مۇراسىم قوشاقلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان شەخسلىرىگە سېغىنىش، ئۇلارنىڭ جەڭ جەريانىدىكى باتۇرلۇقى ھەم ۋاپاتىدىن چوڭقۇر قايغۇرۇش ھېسسىياتى ئىنتايىن تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. مەھمۇد قەشقىرىمۇ قوشاقلىرىدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋە ئىرانلىقلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى جەڭ قىلىپ، ئۆز ئېلىنى قوغداش يولىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان تۇران شاھى ئالىپ ئەرتوڭا (يەنە بىر نامى ئافراسياپ) ، تومارىس قاتارلىقلارنىڭ باتۇرلۇق خىسلىتىنى مەدھىيىلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە چوڭقۇر ئېچىنىدۇ:

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ئىسىز ئازۇن قالدىمۇ.
ئۆزلەڭ ئۇ چىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

بەگلەر ئاتىن ئارغۇرۇپ،
قازغۇ ئانى تۇرغۇزۇپ.
مەڭزى يۈزى سارغارىپ،
كۆركەم ئاڭار تۇر تولۇر[1] .

يەشمىسى:

---

[1] مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، I توم 59 ـ، 144 ـ بەتلەر.

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ.
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

بەگلەر ئېتىن ھارغۇزدى،
قايغۇ ئۇلارنى تورغۇزدى.
مەڭزى يۈزى سارغايدى،
خۇددى زەپىران سۈركەلگەندەك بولدى.

يۇقىرىقى شېئىردا، قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئالىپ ئەرتوڭا ۋاپاتىغا بولغان قاتتىق ھەسرەت ـ قايغۇسى خۇددى بەگلەرنىڭ ئېتى ھېرىپ، قايغۇدىن چىرايلىرى زەپىران سۈرتكەندەك سارغىيىپ كەتكەنلىكىگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەنسە، بۇ ئۆلۈمنىڭ ھەتتا ئەرلەرنىڭ قەلبىنى ۋەھىمە لەرزىگە سالغانلىقىنى:

ئۇلىشىپ ئېرەن بۆرلەيۇ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ.
سىقىرىپ ئۈنى پۇرلايۇ،
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۇلۇر[1].

يەشمىسى:
ئەرلەر بۆرىدەك ھوۋلىشىپ،
ياقا يىرتىپ ۋارقىرىشىپ.
ئۈنىنىڭ بارىچە چىرقىراپ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلۇر.

دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «دىۋان» دىكى بىر قىسىم

① مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى. I توم، 663 ـ بەت.

شېئىر ـ قوشاقلاردا سىياسىي، ئىجتىمائىي تىنچلىق، باياشاتلىق بىلەن خەلقنىڭ ئازاب ـ قايغۇسىنىڭ شەرت قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ، خەلق تۇرمۇشى خاتىرجەم، تىنچ ئاسايىشلىق بولسا ئەلدە مۇڭ ـ قايغۇ بولمايدۇ دېگەن قاراشنى مۇنداق ئىلگىرى سۈرگەن:

ئەندىك كىشى تەتىلسۇن،
ئەل تۆرۈ يەتىلسۇن.
توقا بۆرى قاتىلسۇن،
قازغۇ يەمە ساۋىلسۇن.

ئۆزلەڭ قامۇغ كۈۋرەدى،
ئەردەم ئارىغ ساۋرادى.
يۇنچىغ ياۋۇز تۈۋرادى،
ئەردەم بېگى جارتىلۇر[1].

يەشمىسى:
ئەخمەق هوشىنى تاپسۇن،
ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن.
توقلا بۆرى قېتىلسۇن،
قايغۇ يەنە تۈگىسۇن.

زامان پۈتۈنلەي ئاينىدى،
پەزىلەت پۈتۈنلەي بۇزۇلدى.
ياۋۇز كىشىلەر تەۋرىدى،
ياخشى بەگلەر يوقالدى.

---

① مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى. I توم، 254 ـ بەت.

يۇقىرىقىدەك «دىۋان» قوشاقلىرىدا جەمئىيەت رېئاللىقى ۋە كىشىلىك هايات توغرىسىدا قايغۇرۇش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭىنىڭ ئەسلىي بىر تىپى. بۇنىڭدىن باشقا، قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇهەببەت، سۆيگۈ هېسلىرى پەيدا قىلـ-غان كۈچلۈك ئازاب هېسسىياتىمۇ «دىۋان» دىكى شېئىر - قو-شاقلارنىڭ بىر مۇهىم ئىدىيە ئالاهىدىلىكىدۇر. تۆۋەندىكى شېئىر بۇنىڭ جانلىق مىسالى:

باردى كۆزۈم قانۇقى،
ئالدى ئۆزۈم قونۇقى.
قانداق ئەرىنچە قانىقى،
ئەمدى ئۇنىن ئوزغۇرۇر①.

ئۆزىك مەنى قۇمىتتى،
ساقىنچ ماڭا يۇمىستتى.
كۆڭلۈم ئاڭار ئەمىتتى،
يۈزۈم مەنىڭ سارغايۇر②.

يەشمىسى:
كۆزۈمنىڭ يورۇقى كەتتى،
جېنىمنى ئالدى.
ئۇ قەيەردە بولغاي،
ئەمدى ئۇيقۇدىن ئويغىتار.

① ② مەهمۇد قەشقىرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، Ⅱ توم، 94 -، 139 - بەتلەر.

سۆيگۈمنى ھاياجانغا سالدى.
سۆيگۈ ماڭا توپلاندى،
كۆڭلۈم ئۇنىڭغا باغلاندى.
يۈزۈم مېنىڭ سارغايۇر.

سۆيگۈ ـ ئىشق تولىمۇ نازۇك، گۈزەل بىر ھېسسىيات. ئەمما سۆيگۈ ئادەمگە كۆپ چاغلاردا شادلىق، ۋىسال ھەم بەختتىن كۆرە ئازاب، جۇدالىق، ھەسرەت ۋە كۆز يېشى بەخش ئېتىدۇ. جۇدالىق ۋە ئايرىلىش سۆيگۈ ـ مۇھەببەت كوچىسىدا ۋىسال ئىزدەپ ئازابقا مۇپتىلا بولغان ئادەمنى چۆللەرگە تاشلايدۇ. ئۇيـقۇدىن بىدار قىلىدۇ، كۆزلەرنى خىرەلەشتۈرىدۇ، روھىنى غېـرىبسىندۇرىدۇ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ۋە ئازابىنى تېخىمۇ چوڭقۇرـلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم تېمىسىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى تەسۋىرى «دىۋان» دىكى شېئىر قوشاقـلارغا مۇجەسسەملەنگەن. بۇ «دىۋان» دىكى مۇنۇ پارچىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

يەلكىنى بولۇپ باردۇقى كۆڭلۈم ئاڭار ياغلايۇ،
قالدىم ئەرىنچ بارغۇقا ئىشىم ئۇزۇن يىغلايۇ.

يەشمىسى: (سۆيگىنىم، مۇساپىر بولۇپ كەتتى، كۆڭلۈم ئۇنىڭغا باغلاندى. قايغۇ ـ ھەسرەتتە قالدىم، ئىشىم كەينىدىن يىغلاش بولدى.) خۇددى «دىۋان» دا: «ئۇرى قۇبسا ئوغۇش ئاقىلىشۇر، ياغى كەلسە ئىمرەن تەبرە شۇر» (پەرياد كۆتۈرۈلسە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يىغىلار، دۈشمەن كەلسە ھەممە تەڭ قوزغىلار) دېيىلگەندەك، مەيلى ئازاب، ئۆلۈم ياكى سۆيگۈ جۇدالىقلىرى

بولسۇن، رىشتە ـ مۇھەببەت ئازابىنى تۇغىدۇ. جۇدالىق ـ ئايرى-لىش مۇھەببەت ئازابىنى كۈچەيتىدۇ. ئۆلۈم ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىر-قى، شۇنداقلا ئەڭ يۇكسەك مەنزىلى. بىرخىل قۇتۇلۇش ياكى يەكۈن بولۇپ قالىدۇ.

دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر پەلسەپۋى خەلق ھېكمەتلىرى ۋە شېئىر ـ قوشاقلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئەجدادلارنىڭ ئازاب ئېڭى ۋە ھاايات ـ ئۆلۈم پەلسەپۋى قاراشلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ تېما، ئىدىيە ئاساسى بولۇپ قالدى.

## 4. ئۆلۈم ئېڭى ۋە تارىختىن يېتىلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسىخىكىسى

بىرنەچچە مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي ھايات تارىخىدا، ئۇيغۇر-لار كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا بوستانلى-قلىرىغىچە بولغان ئورقۇن ـ سېلىنگا، يەتتە سۇ ـ ئېرتىش، تارىم ـ زەرەپشان ۋادىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مەنبە يىلتىزى قىلىپ، پەيدا بولۇش، قۇدرەت تېپىش، مۇنقەرز بو-لۇش، مىللىي كۆچۈش ۋە قايتا كۆتۈرۈلۈپ چىقىشتەك ئەگرى ـ توقاي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى.

ئۇيغۇرلار ياشىغان بۇ كەڭ رايونلاردىكى يىل بويى قېلىن قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان خەتەرلىك تاغ تىزمىلى-رى، بىپايان دەشت ـ چۆللۈكلەر ئارىسىدا ئۇزاق ـ ئۇزاق جايلاش-قان يۇرت ـ مەھەللىلەر، مۇرەككەپ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشى بىلەن ئۆزگىرىشچان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى، ئىق-تىسادىي ئىگىلىك، ئىجتىمائىي تۈزۈم، سىياسىي تەشكىلات قۇرۇلمىسى، دىن، مەدەنىيەت ـ ئەخلاق قاتارلىق ئامىللار ھەربىر دەۋردە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە تەرەققىياتىغا بىۋاستە

ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

تاشقى موڭغۇل داللىرىدىن ئالتاي، جۇڭغار ۋادىللىرىغىچە، شەرقىي تەڭرىتاغلىرىدىن قارا قۇرۇم ئېتەكلىرىگىچە كۆككە تاقاشقان ھەيۋەتلىك تاغلار، كۆز يەتكۈسىز دەشت - باياۋان، سۇرلۇك قۇم داللىرىدىكى ئىزى ئۆچمىگەن كونا قورغان - خارابىلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى ھاياتلىق، مەۋجۇتلۇق يولىدا چەككەن رىيازەت - كۈلپىتى، يوقىتىش ۋە يوقىتىشقا قارشى كۈرەشتە تۆككەن قانلىرىنىڭ ئىزى تارىخىمىزنىڭ كۆمۈلمەس پاكىت - شاھىدى سۈپىتىدە ھېلىمۇ چاقناپ تۇرۇپتۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتلىق يارىتىش مۇساپىسىدىكى ئاچچىق كەچۈرمىشلەر روھىي دۇنياسىدىكى ئازاب ۋە تەھدىت - ۋەھىمە پىسخىك ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىپ، دەۋردىن دەۋرگە داۋاملىشىپ سىستېمىلاشتى ھەمدە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پىسخىك قاتلىمىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلدى.

ئورقۇن - سېلىنگا ۋە توغلا دەريا ۋادىلىرى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىر بۆلىكى ياشىغان قەدىمىي ماكان بولۇپ، بۇ جايلار تۈرك داللىسىنىڭ سۇ، ئوت - چۆپلىرى ئەلۋەك ھەم گۈزەل ماكانلىرى ئىدى. سېلىنگا دەرياسى قاڭغاي تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ تارام ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. ئورقۇن دەرياسى ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ سوخى باتور شەھىرىنىڭ شىمالىغا كەلگەندە (شۇنىڭغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقىلا 900 كىلومېتىر) سېلىنگا دەرياسىغا قوشۇلۇپ، ئاخىرىدا بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1200 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ جاينىڭ يەر شەكلى ئالاھىدە، سۇ ۋە ئوت - چۆپلىرى مول، ھاۋاسى ساپ ۋە بىر قەدەر نەم، ياشاشقا تولىمۇ باب كېلىدۇ.

جۇڭغار ۋە تارىم ئويمانلىقلىرى بولسا مەركىزىي ئاسىيا ئىچىدىكى قۇرغاقلۇق رايونلىرى بولۇپ، ئاساسلىق تاغ تىزمىلىرى

بىلەن دەريا ئېقىنلىرى شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان.
ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسى بىلەن ئىككى ئويمانلىق پاراللېل جايلاش-
قان. ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغى شىمالدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن
جەنۇبتىكى تارىم ئويمانلىقىنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ
تۇرىدۇ. شىمالدا ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرىتېغى ئارىسىغا جۇڭ-
غار ئويمانلىقى، جەنۇبتا تەڭرى تېغى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرى
ئارىسىغا خۇددى كۆزگە ئوخشايدىغان تارىم ئويمانلىقى جايلاشقان.
بۇنداق جايلىشىش ئالاھىدىلىكى ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىلىرىنىڭ
ئېكولوگىيىلىك شارائىتلىرى بىلەن ھەم ئوخشاشلىق، ھەم مە-
لۇم ئۆزگىچىلىكنى پەيدا قىلغان. ئىلى - چۆچەك ئېغىزلىرى
ئارقىلىق ئېرتىش - يەتتە سۇ تەرەپلىرىدىن كەلگەن غەربىي ئاتلان-
تىك ئوكياننىڭ نەم ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇرقۇن -
سېلىنگا، جۇڭغار ۋادىلىرىنىڭ ھۆل - يېغىنى كۆپ، ئۆسۈملۈك
ئوتلاقلىرى مول، ھاۋاسى نەم ۋە تازا بولغان بولسا، تاشقى
موڭغۇل تەرەپتىن شەرقىي تەڭرىتاغلىرى ئارقىلىق جەنۇبتىكى
ئالتۇن تاغ ۋە قۇرۇم تاغلىرىغىچە يېتىپ بارىدىغان قۇرغاق ھاۋا
ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، تارىم ۋادىلىرىنىڭ ھاۋاسى قۇرغ-
اق، ھۆل - يېغىنى ئاز، ئۆسۈملۈكلىرى شالاڭ، ئۇنىڭ ئۇستى-
گە بۇ جايلار دېڭىز - ئوكياندىن ناھايىتى يىراق، تۆت ئەتراپىنى
ئېگىز تاغ، تۆپىلىكلەر ئوراپ تۇرىدۇ. تارىم ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرى-
سىغا ئۇزۇنلۇقى 900 كىلومېتىر، كەڭلىكى 500 كىلومېتىر-
دىن ئاشىدىغان، دۇنيادا سەھرايى كەبىر چۆللۈكىدىن قالسىلا
«ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتىلىدىغان 2 - چوڭ قۇملۇق — تەك-
لىماكان قۇملۇقى جايلاشقان. ئورقۇن - سېلىنگا دەريا بويلىرى،
جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىلىرىنىڭ بۇنداق تىپىك ئىككى خىل ئېكولو-
گىيىلىك مۇھىت شارائىتى، بىر تەرەپتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ۋە سىياسىي،
ئىجتىمائىي، ھەربىي ھەرىكەتلىرىدە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينى-

ـغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ
كېچەك، تۇرالغۇ ۋە قاتناش ئالاقىلىرىدە بىرمۇنچە توسالغۇ ـ
قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كې-
سەل، قۇرغاقچىلىق، قۇم كۆچۈش، ئۇرۇش، تالان ـ تاراج
قاتارلىق ئاپەتلەرنىڭ زەربىسىدىن ئادەم ۋە مال ـ چارۋىلار قىرى-
لىپ، ئۇلارنى يۇرتنى تاشلاپ كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان
ۋە ئۆلۈم ـ ھالاكەت ۋەھىمىسىگە گىرىپتار قىلغان. ئۇيغۇرلار
مانا مۇشۇنداق ماكان شارائىتى ھەم تارىخىي كەچۈرمىشلىرىدە
ئۆزىگە خاس تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن،
ھېسسىيات ـ خاراكتېر پسىخىكىسىنى شەكىللەندۇرگەنىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك ماكان شارا-
ئىتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى، تارىخىي پائالىيەت-
لىرى ھەققىدە دەسلەپ خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرە قالدۇرۇلغان.
«تاڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 217 ـ بابىدا: «خۇيخېلارنىڭ ئەس-
لىي ئىسمى ياغلاقار ئىدى. ئۇلار سىر تاردۇشلارنىڭ شىمالىدا،
يەنى سېلىنگا دەرياسى بويىدا ياشايتتى» دەپ قەيت قىلىنغان.
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى» دا يەنە: «ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى-
دە باتۇرلۇق ۋە كۈچلۈكلۈك ئىززەتلىنىدۇ. پادىشاھ ـ سەركەردى-
سى يوق، تۇراقلىق جايى يوق. سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ
كۆچۈپ يۈرىدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. «تاڭ سۇلالىسى
يېڭى تارىخى» دا: «ئۇلار باتۇر، چەبدەس كېلىدۇ، دەسلەپتە
سەركەردىسى يوق ئىدى...» دەپ يېزىلغان. مەيلى مەجبۇرىيەت
ئاساسىدا بولسۇن ياكى ئىختىيارلىق بىلەن بولسۇن، تۈرك خان-
لىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت زېمىنى سېلىنگا دەريا-
سى ۋادىسىغا سۈرۈلگەن[1]. كۆك تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىدىن مەلۇ-

---

① ليۇجىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 39 ـ بەت.

مات بەرگۈچى مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ تارىخى ھەققىدە ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. «بىلگە
قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «ئۇلارنىڭ ئېلى سېلىنگا دەرياسى ۋادى-
لىرىدا ئىدى، خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا چارۋىچىلىق قىلىپ كەل-
گەنىدى» دەپ يېزىلغان بولسا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش
تارىخىغا دائىر «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا: «تەڭرىدىن بولغان ئەل
ئەتمىش بىلگە قاغان تولىس، ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلىنىڭ ئوتتۇر-
ىسىدا ئولتۇرىدىكەن، سۈيى سېلىنگا (دەرياسى) ئىكەن. ئۇ
يەردە ئەل ئەركىن... ياشايدىكەن، ئۇ يەردە قالغان خەلق ئون
ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ، ئورقۇن
دەرياسى، تۈرك، قىپچاق (خەلقى ئۈستىدە) ئەللىك يىل ئول-
تۇرغانىكەن.» [1] دەپ يېزىلغان.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئورقۇن ۋە سېلىنگا دەريا ۋادىلىرد-
نى تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق كۈچ-قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى، مۇقەد-
دەس ئىلاھىي زېمىن دەپ قاراپ، ئۇنى تەڭرى، مۇقەددەس يەر،
سۇ ۋە ئومايىنىڭ نامى بىلەن ئۇلۇغلاپ ئاتىغان ھەمدە تۈرك
بەگلىرى، تۈرك خەلقىم... بۇ خاقانىڭلاردىن، بۇ بەگلىرىڭلار-
دىن، (بۇ يەر) سۈيىڭلاردىن ئايرىلمىساڭلار ياخشىلىق كۆرەلەي-
سىلەر، ئۆيۈڭلارغا كىرەلەيسىلەر، قايغۇسىز بولالايسىلەر» دەپ
تەۋسىيە قىلغانىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز-خاراكتېر پسىخىكىسى بىر-
قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەخسىي ئېڭى بىلەن ئومۇ-
مىيلىق ئېڭى زىددىيەت ۋە توقۇنۇش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەل-
گەن. تارىخىنىڭ بەزى چاغلىرىدا شەخس مەنپەئەت ئېڭى قەبىلە
ۋە كوللېكتىپنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەت ئېڭىغا ماسلىشىپ ۋە ئۇ-
نىڭغا بويسۇنۇپ، شەخسىي ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كوللېكتىپ مەۋ-

---

(1) «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» غا قارالسۇن.

جۇتلۇقى ئاساسىغا قويغان. بۇنداق چاغدا ئۇلار ئۆملىشىپ بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە تىرىشىپ زېمىنلىرىنى ساقلاپ قالالىغان ۋە سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرالىغان. خەلق خاتىرجەم ۋە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرگەن. تارىخنىڭ يەنە بەزى چاغلىرىدا پىسخىكىدىكى باشباشتاقلىق، تار شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىك يامان ئىللەتى باش كۆتەرگەندە، شەخسىي ئېڭى بىلەن كوللېكتىپ ئېڭى ئاجرىلىپ ۋە توقۇنۇشۇپ، نەتىجىدە شەخس مىللەتنىڭ مەنپەئەتىدىن ۋاز كەچكەن. شۇ تۇپەيلىدىن مىللەت مەزھەپچىلىك، تەپرىقچىلىك، ئىچكى ئازار ۋە ئاداۋەتكە پېتىپ پارچىلانغان، ئاجىزلاشقان ھەتتا ھالاكەتكە يۈز تۇتقان.

«ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» دە: «دەسلەپتە ئۇيغۇرلار ساددىلىق ساداقەتمەنلىكىنى ئۆرپ ـ ئادەت قىلغان، پادىشاھلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا پەرق ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ھەمىشە غالىب ئورۇندا تۇرغانىدى» دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇرلار مىلادىيە Ⅶ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئولتۇراقلاشقان، مولۇكلارنى ۋە جامائەسىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتكەندىن كېيىن، خۇسۇسىي مۈلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي دەرىجە پەرقىنى روشەنلەشتۈردى. ئۇلارنىڭ شەخس ئېڭى بىلەن ئەنئەنىۋى كوللېكتىپچانلىق روھىنىڭ بۇرۇنقىدەك ماسلىشىشچانلىقى كۆرۈنەرلىك سۇسلىشىپ، شەخسىي پايدا ـ مەنپەئەت ھېسسىياتى كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مال ـ مۈلۈك، ئابرۇي، مەرتىۋە جەھەتتىكى تالاش ـ تارتىش، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرى قەبىلە بىلەن شەخسنىڭ ئاتا ـ بالا، ئۇرۇق ـ جەمەت، مەنسەپدارلارغىچە كېڭەيگەن. بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت كۈرىشىنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، پايدا ـ مەنپەئەت تالىشىش، ئارازىلىق، تەپرىقچىلىك، مەزھەپچىلىك، قۇتراتقۇلۇق، سۇيىقەست ۋە ساتقىنلىق قاتارلىق رەزىل، خۇنۇك قىلمىشلارنى كەلتۈرۈپ

چىقارغان. بۇ ھادىسىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە تارىخىي پائالىيەتلىرى داۋامىدا ھېسسىيات ۋە كەيپىياتىغا تەسىر قىلىپ، پەيدىنپەي ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىلىرىگە جۇغلىنىپ، ئومۇمىي مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە رول ئوينىغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېر پسىخىكىسى ۋە ئۇنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدا تولىمۇ ئەينەن ۋە تەسىرلىك بايان قىلىنغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاۋام خەلقتىن بەگ ـ مەنسەپدارلارغىچە بىلىم ۋە ئەخلاق سۇسلىشىپ، بەگلەر بىلەن خەلق، شەخس بىلەن كوللېكتىپ ئارىسىدا بىرلىك، ئۇيۇشچانلىق بولماي، ئەكسىچە ساداقەتسىزلىك، ئاراز ـ ئاداۋەت ئەۋج ئېلىپ، مەنپەئەتپەرەسلىك كۈنسېرى كۈچىيىپ كەتكەن. ئۆز قەبىلىسى ياكى مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ئەلا بىلمەيدىغان، يىراقنى كۆرمەي، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان يەڭگىلتەك، ئۆزەمچىل، باشباشتاق مىجەز ـ خاراكتېرى ئۇلارنى بىر مۇنچە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە، ھەتتا ئۆلۈمگە ئېلىپ بارغان.

بىر خەلقنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي شەرتى ئۇنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ، ئۆي ـ ماكانسىز قالماسلىقىدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى تىپىك ئوۋچىلىق ـ چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىنى ئاساس قىلغان ناتۇرال ئىگىلىك جەمئىيىتىدۇر. بۇنداق جەمئىيەتتە شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ تۇرمۇشى ھەم مەۋجۇتلۇقى سۇ، ئوت ـ چۆپ، مال ـ چارۋا، يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ ماكاندىن ئىبارەت ئەڭ ئاساسىي ماددىي ئېھتىياج ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ مۇۋاپىق يەر ـ زېمىنى، مال ـ مۈلكى، ئىقتىسادىي ئاساسى ھەم ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى

بولماي تۇرۇپ، قەبىلە ۋە ئايرىم شەخسنىڭ تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق ئېھتىياجى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. بىر پۈتۈن قەبىلە ياكى مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھوقۇقى ۋە ئاساسىي تۇرمۇش موھتاجلىقى قاندۇرۇلماي تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، نەسىل قالدۇرۇپ، ئەۋلادنى داۋاملاشتۇرۇش، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن، تەلىم - تەربىيە ۋە سەنئەت بىلەن شــۇغۇللىنىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. مانا بۇ، ئالاھىدە بىر تارىخىي شارائىتتا تۇرۇۋاتقان ئايرىم شەخس قەبىلە ياكى بىر مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى بىر گەۋدە دەپ قارىشى، شەخس ئومۇمنىڭ، يەنى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى مەركەز قىلىپ، ئۇنى دۆلەت بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ تۈپ ئاساسى دەپ تونۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كۆك تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىك مەنبەسى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بولۇپ قوي، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنى ئاساس قىلاتتى. ئۇلار بۇ ھايۋانلارنىڭ گۆش ۋە سۈتلىرىدىن پايدىلىنىپ، خىلمۇخىل تەبىئىي پىششىقلانغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپ ئۆز تىرىكچىلىكىنى داۋاملاشتۇراتتى. خىلمۇ خىل تەبىئىي بالايىئاپەتلەر ۋە ئۇرۇش، كۆچۈش، تالان - تاراج قىلىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاپەتلەر، تەبىئىي يېمەكلىكلەرنىڭ ئازلىقى بىلەن ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش ماھارىتىنىڭ قالاقلىقى قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ ھاياتىغا زور توسقۇنلۇق ۋە خەۋپ ئېلىپ كەلگەندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھېسسىيات، كەيپىياتى ھەم پوزىتسىيىسىنىڭ مۇرەككەپ زىددىيەتلىك بولۇشى ئۇلار ياشىغان جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر شارائىتى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تارىخىي ئىجتىمائىي سەرگۈزەشتىلىرى،

ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن، دىنىي ئېتىقاد، پەرھىز، ئەنئەنە ھەم باشقا ئىدېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر نىڭ بىرلەشىپ رول ئوينىغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

قەدىمىي ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ھاياتى بىلەن سۇ، ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ ياشايدىغان تۇرمۇش شەكلى، كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن دىنىي ئېتىقاد، تىل ـ يېزىق، مۇراسىم ۋە ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنى قورقماس، جەڭگەرلىك، چىدامچان، ھېرىسمەن، قىزىققان، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ساددا، تۈز كۆڭۈل، ئويۇن ـ كۈلكىگە ئامراق، ھېسسىياتچان، قىزغىن، دوستانە مىجەز ـ خاراكتېر ۋە ھېسسىياتقا ئىگە قىلىشتىن باشقا، يەنە ئۇلاردا باشباشتاق، ئۆزەمچىل، شەخسىيەتچى، مەھەللىۋاز، ئالدىراڭغۇ، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق، تېز قىزىپ، تېز سوۋۇيدىغان، ھەرقانداق ئىشنى يۈزە ـ ئاددىي ئويلايدىغان، كىچىك ئىشلارنى دەپ چوڭ ئىشلاردىن زىيان تارتىشقا كۆنۈك، ھاراق ـ شاراب، پاراغەت ۋە ئىشقىۋازلىققا ھېرىسمەن تىپىك مىجەز ـ خاراكتېرىنىمۇ شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل خاراكتېر ۋە پسىخىك ھېسسىيات تەبىئىي ئامىللار ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىللار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى مەۋجۇتلۇق ياكى ھالاكىتىنى بەلگىلەيدىغان بىرمۇنچە تارىخىي ئۆزگىرىش ۋە قىسمەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبچىسى بولۇپ قالدى.

قەدىمكى ئورقۇن ـ سېلىنگا ۋە تارىم ۋادىلىرىدا ھايات كەچۈرگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ھايات رېئاللىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر بىر قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەللىك، قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆلچىلىك، زور كۆلەملىك ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقتا نۇرغۇنلىغان مال ـ چارۋا ۋە ئادەملەر ئۆلۈپ، يايلاق ـ ئوتلاقلار، دەريا ـ ئۆستەڭلەر قۇرۇپ كەتكەن. بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تۇرمۇشى، ئەنئەنىۋى ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ھەم روھىي دۇنياسىغا قانچىلىك ئېغىر دەرىجىدە

بىسىم، بوزغۇنچىلىق، تەھدىت ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى
پەرەز قىلماق قىيىن ئەمەس. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە،
ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ، زىددىيەت
كەسكىنلىشىپ قالماي، ئاۋام خەلق بىلەن ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ
مەنپەئىتىمۇ توقۇنۇشقان. بەگ ـ ئەمەلدارلار ئۆز ئەخلاقىنىڭ
بۇزۇلۇشى، خەلق ئۇستىدىكى ئالۋاڭ ـ سېلىق بېسىمىنىڭ ئې-
غىرلىشىشى ئاۋامنىڭ ھۆكۈمرانلار ۋە دۆلەتكە بولغان ئىشەنچى-
سىنى تەۋرىتىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر قىلىپ،
ئەلنىڭ يىمىرىلىشى ۋە پارچىلىنىشىنى تېزلەتكەن. دەل مۇشۇن-
داق چاغدا، بەزى بىلىم ئىگىلىرى، ۋىجدانلىق بەگ ـ ئەمەلدار-
لارنىڭ پىسخىك خاراكتېرىدە دۆلەتكە، خەلققە، كوللېكتىپقا ئۆ-
زىنى بېغىشلاش مەجبۇرىيەت روھىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئەخلا-
قىي قىممەت قارىشى ھەم ئالىيجاناب كىشىلىك پەزىلىتى تەبىئىي
ھالدا ئويغانغان. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە
ئەخلاقىي روھىنىڭ بىر ئەنئەنىسى ئىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى تەشەب-
بۇسى ئادەمنى مەۋجۇت دۇنياغا، ھاياتقا، جۇملىدىن رېئال جەم-
ئىيەتتىكى ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق
ئەخلاقىي تاكامۇللۇق ۋە ئاكتىپ تۆھپە قوشۇش ھەرىكىتىگە
ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى مەنبە يىلتىزى ۋە روھىي
ماھىيىتى جەھەتتىن باشتىن ـ ئاخىر دىنىي ئېتىقاد تۈسى قويۇق
مەدەنىيەت. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەم، ئىنسان ۋە زېمىننىڭ
يارىتىلىشى، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى، تەقدىر، تۇغۇلۇش، ئۆ-
لۈش، روھ، ھاكىمىيەت ۋە خەلق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە
تەسەۋۋۇرلىرى قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، ئەجدادقا چو-
قۇنۇش، شامانىزم، مانىزىم، بۇددىزم ۋە ئىسلام دىنى ئېتىقادلى-
رى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

كۆك تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى زامانلىرىدا ئۇيغۇرلار بىرقانچە خىل دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدىكى تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەتنى ياراتقان بولۇپ، شامان ۋە مانى دىنىنىڭ ئالەم، جەمئىيەت ۋە ئىنسان قارىشى توتېمىزم مەزمۇنى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا قاراش، هايات قاراشلىرىنى كۆپ مەنبەلىك هالغا كەلتۈرگەن. بۇ كۆپ قاتلاملىق ئىدېئولوگىيىلىك چۈشەنچىسى بەزىدە ئىلاهىي قۇدرەتكە ئىگە سىرلىق ئەپسانىۋى شەيئىلەردە تەسەۋۋۇر قىلىنسا، يەنە بەزىدە قەبىلە قەهرىمانلىرى ئوبرازى ۋۇجۇدىدا ياكى دىنىي ئۆرپ ـ ئادەت قائىدە ـ مۇراسىملىرى هەم پەرهىزلىرىدە ئىپادىلىنەتتى. چۈنكى «دىنىي هېسسىيات بىلەن ئوبرازنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئادەمنىڭ دىنىي ئېهتىياجىنى ئىپادىلەپلا قالماي، يەنە ئادەمنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئادەم ئېتىقاد هەرىكىتىدە دىنىي كەيپىياتنىلا ئەمەس، بەلكى هېسسىيات ۋە ئېستېتىكىلىقىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن هالدا ئۆز روهىنى تەڭشەيدۇ.»[1] شۇنىڭ بىلەن دىنىي هېسسىيات بىلەن ئېستېتىك هېسسىيات بىر گەۋدىگە ئايلانغان سەنئەت شەكىللىرىدە چىنلىق، پاكلىق، گۈزەللىك، قەهرىمانلىق روهى بىلەن ساختىلىق، رەزىللىك، خۇنۇكلۇك ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش قەدىمكى ئۇيغۇر ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، قەهرىمانلىق ئېپوسلىرى، داستان ـ قىسسىلىرى ۋە شېئىر ـ قوشاقلىرىنىڭ سىمۋوللۇق بەدىئىي قەهرىمانلىرى هەمدە ئۇلارنىڭ روهىنى نامايان قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنى چىنىقتۇرۇش، كەيپىياتىنى تەڭشەش، ۋە تەربىيىلەش رولىنى ئوينىغانىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دىنىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇهىتىدا بارلىققا كەلگەن شەخسنىڭ بۇرچ هېسسىياتى دۆلەت ئەربابلىرى، سىياسىئونلار، پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار،

---

[1] ي. ئا. كىرۋېلوف: «دىن تارىخى»، خەنزۇچە، 34 ـ بەت.

شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك ھايات قارىشىدىكى ئالىيجاناب يۈزلىنىشىنى نامايان قىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەخلاق ئەنئەنىسىدىكى شەخسنىڭ تۆھپە قوشۇش، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دىن باشلاپ، شىراق، تۇمارىس، ئالىپ ئەرتوڭا، بەگقۇلى قاتارلىق قەھرىمانلىق تىمساللىرىنىڭ ئۆز يۇرتى ۋە قەبىلىسى ئۈچۈن كۆرسەتكەن باھادىرلىقى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. كۆك تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ يادنامىسى — مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدىكى بىلگە قاغان، تۇنيۇقۇق، كۆلتېگىن، بايانچۇر قاتارلىق ئۇلۇغ سىمالار بىلەن بىللە قوچۇ بۇددا تەرجىمە شەرھىچىلىك نەمۇنىلىرىدىكى قەبىلىۋى قەھرىمانلىق روھىنىڭ سىمۋولى چىستانى ئەلىك بەگ، ئاق نىيەت تېگىن قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ جىسمىدا تېخىمۇ يۈكسەك ئېستېتىك قىممەتنى جارى قىلدۇرغاندى.

قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قۇتلۇق بىلگە قاغان، بايانچۇر قاغانغا ئوخشاش يىراقنى كۆرەر شاھ- بەگلەر، دانىشمەن ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېر پسىخىكىسىدىكى خۇنۇكلۇكنىڭ ئاچچىق ئاقىۋەتلىرىنى چوڭقۇر تونۇغان. ئۇلار دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈلپەت، قايغۇ - ئەلەم ۋە بەختسىزلىكنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، پسىخىك سەۋەبلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئايرىم شەخسنىڭ بىر پۈتۈن قەبىلە ياكى مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى مەسئۇلىيىتى ھەم مۇھىم رولىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان، شەخسنىڭ ئۆزىنى كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە بېغىشلاش، قەبىلە، مىللەت ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنى ئويلاش، قايغۇسىغا ئورتاقلىشىش، شۇنداقلا ئۆزىنى ئاتاشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب ياشاش ئېتىقادى ھەم ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىي ھېسسىياتنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ خىل ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەت ۋە كوللېكتىۋىزملىق مەقسەت -

ئىرادىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۆز دۆلىتى ۋە خەلقى ھالاكەت خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە يۈكسەك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۆلەت تەقدىرى ۋە خەلق بەختىگە مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي بۇرچىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىر قىسمىتىگە قاتتىق ئېچىنغان، مۇڭلانغان، شۇنداقلا غەزەپلەنگەن ھالدا جاپا-مۇشەققەت ۋە ئۆلۈمگە قىلچە پىسەنت قىلماي، ئۆزلىرىنى ئومۇمغا بېغىشلىغان.

كۆك تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار بىر مۇنچە سىياسىي داۋالغۇش ۋە بەختسىز قىسمەتلەردىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ مىجەز - خاراكتېر پسىخىكىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تونۇپ يېتىپ ھېسسىيات ۋە كەيپىيات جەھەتتىن بىر قېتىم چېنىققان. ئەمما ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك پسىخىكىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ شەخس ئېڭى بىلەن كوللېكتىپ ئېڭى ئوتتۇرىسىدا تاشقى كۆرۈنۈشتە بىردەكلىك ۋە ماسلىشىشچانلىقى ئىشقا ئاشقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بۇ پەقەت ۋاقىتلىق كۆرۈنۈش ئىدى. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن باشلانغان ئىچكى زىددىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن قارىغاندا، ئايرىم شەخس بەزىدە ئۆز قەبىلىسى ياكى مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە باش قاتۇرغاندەك قىلسىمۇ، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئومۇمىي خەلقنىڭ كوللېكتىپ پايدا- زىيىنى توقۇنۇشقاندا، شەخسنىڭ ھېسسىيات پوزىتسىيىدە ئەۋرىشىملىك، مەۋقەسىزلىك، ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلىش ئىزچىل داۋام قىلغان. تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق ئېھتىياجى مەيلى توغرا ياكى ناتوغرا ئۇسۇل- ۋاسىتىلەردە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى بىرەر خەۋپ - توسالغۇغا ئۇچرىمىسىلا قەبىلە، جامائەت ياكى مىللەتنىڭ غۇرۇرى، نەپسى، ئىززەت - ھوقۇقى، پايدا - زىيى-

نى، شۇنداقلا ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش- بولماسلى-
قى بىلەن ئانچە كارى بولمىغان. ئۇلار تىنچ ۋە خاتىرجەم مۇھىتتا
ئۆزىنىڭ ۋىجدان غۇرۇرىنى ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتىنى،
شان - شۆھرىتىنى داۋراڭ قىلىشقا، باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى
گەۋدىلەندۇرۇشكە بېرىلگەن. لېكىن ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە
دۇچ كەلگەندە، ياكى ئۆز قېرىنداشلىرى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان-
دا ۋە ياكى ئۆز ۋەتىنى، پادىشاھ، سەركەردىلىرى ئېغىر تەھدىتكە
يولۇققاندا، ئايرىم شەخس ئۆز مەنپەئىتىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىشى-
دىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز كوللېكتىپى ۋە ھەققانىيەتتىن ئۆزىنى
چەتكە ئالغان، ئۆي - ماكان، شاھ ۋە بەگلىرىنى يېتىم قويۇپ
ھەر تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن ياكى توغرا تەرەپتە تۇرۇشنىڭ ئەك-
سىچە دۈشمەنلەرگە يانتاياق بولغان، ئۆزىنىڭ ئازغىنە مەنپەئىتى
ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتقىنلىق قىلغان، ھەتتا ساداقەتمەنلىكىنى
بىلدۈرۈپ دۈشمەنلىرىگە يول باشلاپ ۋە «ئەقىل» ئۆگىتىپ،
ئۆز يۇرت - شەھەرلىرىنى يوقىتىشقا «خىزمەت» كۆرسىتىپ، ئۆز
ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنى ساقلاشتەك بىر «جاھاندارچىلىق يولى» نى
داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن تولىمۇ زىددى-
يەتچان خاراكتېر پسىخىكىسى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زە-
ئىپلىشىشى ۋە گۇمران بولۇشىنى تېزلەتتى. بىر ئەسىردىن ئار-
تۇقراق ھۆكۈم سۈرگەن قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى IX ئەسىرنىڭ
باشلىرىغا كەلگەندە، چوڭقۇر ئىچكى زىددىيەت ۋە تاشقى بېسىمغا
دۇچ كېلىپ زەئىپلىشىپ يىمىرىلىشكە قاراپ ماڭدى. ئۇيغۇر
جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەتپەرەسلىك
كۈچىيىپ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ پەرقى زورىيىپ كەتتى. بۇ
ھال ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ زىددىيىتىنى
كۈچەيتىپلا قالماي، ھوقۇقپەرەسلەر ئىچىدىكى سۈيىقەست، تو-
زاق، مەزھەپچىلىك ھەمدە ئۆرۈش ئوتلىرىنى ئۇلغايتىپ باردى.

بۇ بىر مەزگىل مۇقىم تىنچ كېتىۋاتقان ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىپ ھالاكەت يولىغا ئىتتەرمەكتە ئىدى. «يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن سودا ئىگىلىكى ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. توقۇنۇشلار ئاخىرى بېرىپ ئۇيغۇر خانلىقىنى گۇللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈزلەندۈرگەن بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىسى بولۇپ قالدى.»[1] 837 - يىللارغا كەلگەندە ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى - تاشقى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. دۆلەتنىڭ ئەھۋالى «يىلدىن - يىلغا بەتتەرلىشىپ، چارۋا- دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى كېمىيىپ، شەھەرلىرى خارابلىشىپ كەتكەن»[2] ، «تۆت يىلدىن بېرى قار - يامغۇر ياغماي، دالىلار قاغجىراپ، چېكەتكە يامراپ، دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ كەتكەن. ئاچلىق، كېسەللىك دەستىدىن ئادەملەر ۋە چارۋىلارنىڭ يېرىمى ئۆلۈپ كەتكەن ... ئۇلارنىڭ ئىچىدە غەربىي رۇڭلارنىڭ ئېلى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن باشقىلىرى ئۇنى رەقىب دەپ قارىغان. قوشنا ئەللەر ئۇنىڭغا جازا يۈرۈش قىلىشنى خالايتتى»، «شۇ يىلى ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ چارۋا ماللار قىرىلىپ كەتتى، نەتىجىدە ئادەم ۋە چارۋىلار ھايات كەچۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ ھال ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جېدەل- ماجىرالارنىڭ ئۇلغىيىشىغا تۈرتكە بولدى»[3] ، ۋەزىر قارا بولۇق بىلەن قوتىكىن ئارىسىدىكى ئۇرۇشتا خاقان مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. قارا نىيەت ۋەزىر قارا بولۇق سىرتتىن قىرغىزلار بىلەن، ئىچىدىن بىر قىسىم مەنسەپپەرەس رەزىل بەگ- ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكتىن، تەبىئىي بالايىئاپەت ۋە قاز-

---

① ليۇجيشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - قىسىم، 32 - بەت.

② «لى ۋېينداۋ ئەسەرلىرى»، 2 - توم خەنزۇچە.

③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

لىق ئىچكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى پۈتۈنلەي مۇنقەرز بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئورقۇن - سېلىنگا بويىدىكى قەدىمىي ماكانىنى تاشلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ مەركىزىي ئاسىيا رايونىغا، يەنى شەرقىي تەڭرىتاغ ئې- تەكلىرى بىلەن تارىم ۋادىلىرىغا زور كۆلەملىك تارىخىي خاراك- تېرلىك كۆچۈشنى باشلىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى غەربكە — تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي، شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردە ياشاۋاتقان قان - قېرىنداشلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا تېزلا ماسلىشىۋالدى ھەم ئايرىم - ئايرىم ھالدا قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خانلىقنى قۇردى. دەسلەپتە بۇ ئىككى خانلىقنىڭ تۇرمۇش ۋە دىنىي ئېتىقاد، قائىدە - يوسۇنلىرى ئوخشاش ئىدى. مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قاراخانىيلار خانلى- قىنىڭ پايتەختى قەشقەر رايونىغا كىردى. قاراخانىيلار خانلىق- نىڭ شاھزادىسى سۇلتان سۇتۇق ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ دەۋتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قوز- غاپ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى. قەشقەرمۇ بۇددىزم مەدەنىيىتى مۇھىتىدىن ئىسلام مەدەنىيىتى مەزگىلىگە كىردى. شۇنىڭ بى- لەن، بەشبالىق ۋە ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان قوچۇ خانلىقىنىڭ بۇددا دىنىي ئېتىقادى ئاساسىدىكى مەدەنىيەت بىلەن قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام مەدە- نىيىتى بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەدە- نىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە راۋاجلاندى.

غەربكە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشتىن بۇرۇن، ئورقۇن ئۇي- غۇرلىرىنىڭ تىرىكچىلىك شەكلى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، تې-

-رىقچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلاتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك
ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرمىغانىدى. ئۇلار يېمەك - ئىچ-
-مەك، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن ئۆز ئىگىلىك
ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، پەرھىز ئانچە گەۋ-
دىلىك بولمىغان. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىر
تەرەپتىن كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىدىن ئولتۇراق
تۇرمۇش ۋە تېرىقچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتتى. بۇ ئىش تەقسىماتى
ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. يەنە بىر
تەرەپتىن بۇددا ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي
پەرھىز چەكلىمىسى كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ ئىسلام دىن شەرىئىتىدە
يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىدە
كۆپ ئىشلار «ھارام» دەپ چەكلەنگەچكە، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى-
غا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئىسلام شەرىئىتى ھۆكۈملىرىنى
مۇقەددەس دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بولدى.
شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، دۇنيا قاراش ۋە مەدەنىيەت
ئىدېئولوگىيىسى بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن تۈپتىن
پەرقلەنگەنىدى.

مەركىزىي ئاسىيادا بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلۇپ تەڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان ئىككى سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملى-
-نىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي -
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋ-
رىنىڭ تارىخىي ئاساسىنى ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنى-
-نىڭ كېڭىيىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، مۇسۇلمان ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئىسلام ئېچىش كۈرىشى ئۇزاققا سوزۇلغان ئىچكى
ئۇرۇش، زىددىيەت ۋە مەدەنىيەت توقۇنۇشىدىكى ۋەيران قىلىش
خاراكتېرلىك ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ھەمدە بۇ ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تارىخىي ئاداۋەت، مەزھەپ، تەپرىقچى-
-لىق ھېسسىياتىنى كۈچەيتىشتە رول ئوينىدى. ئىككى خانلىق-

نىڭ تۇرمۇش ۋە ئىگىلىك شەكىللىرى، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر ئەنئەنىسى، ھەر خىل سىياسىي تەبىقە - گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز - خاراكتېر پسىخىكىسىنى تېخىمۇ كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ ھالغا كەلتۈردى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېقىن جايلاشقانلىقى ھەمدە ئورتاق دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكتىن، تارىختا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئالاقىسىمۇ قويۇق بولغان. شۇڭا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش، دۇنيا قاراش ۋە مەدەنىيىتىدە بۇددا دىنىنىڭ تۈپ ئىدېئولوگىيىلىك تەلىماتلىرى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ تويىن دىنى، داۋجاۋ دىنى ئەقىدىلىرى يۇغۇرۇلۇپ، شامان ۋە مانى دىنىنىڭ ئىنسان، ھاياتلىق ۋە دۇنيا ھەققىدىكى ئازاب ئېڭى بىلەن ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇددا دىنىنىڭ تۈپ تەلىماتى دۇنيا ئازابتۇر دېگەن قاراشتىن كەلگەن. ئۇنىڭچە، بارلىق ھاياتلىق، ئىنسان ۋە ھاكىمىيەت پەقەت ئازاب - ئوقۇبەت بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى ئىنساننىڭ ئارزۇ - ئىستىكى ۋە نەپسى. شۇڭا ئىنسان ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز نەپسى - ھەۋەسلىرىنى تاشلاپ، بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىش، يەنى راھىبلىق يولىنى تۇتۇش كېرەك ئىدى. بۇ تەرىقەتچىلىكنىڭ ئۈچ ئۆچمەسلىك تۆھپە قوشۇش روھى بىلەن بىرلىشىپ، قەدىمكى قوچۇ بۇددىزىم نوم تەرجىمە شەرھىچىلىك ئەدەبىياتىدا «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئىككى تېگىن ھېكايىسى»، «ئالتۇن يارۇق» قا ئوخشاش ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ دۆلەت، خەلق، كىشىلىك ھايات ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ئازاب ئېڭى بىلەن ئۆلۈمدىن ھالقىش روھىنى چوڭقۇر نامايان قىلغانىدى.

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئەسىردە قاراخانىيلار تەرىپىدىن قوبۇل

قىلىنىپ تەدرىجىي مۇستەھكەملەنگەندىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ
پۈتكۈل تۇرمۇش سەھنىسىدىن روھىي دۇنياسىغىچە غايەت زور
بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئالەم، ئىنسان،
ھاياتلىق ھەققىدىكى تۈپ تەلىماتى ئۇنىڭ ئىدىيە تۈۋرۈكى بولغان
«قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» لەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىسلام
دىنىنىڭ قارىشىچە، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇدات تاسا-
دىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى بولماي، بەلكى ئۇ ئاللا تەرىپىدىن مەق-
سەتلىك، ئىرادە ۋە پىلان بىلەن يارىتىلغان. ئالەمدىكى سەييارى-
لەر، تەبىئەتتىكى جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يوقىلىشى،
ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى قۇدرەتلىك «ئاللا» ئىرادىسى بىلەن
لەۋھۇل مەھپۇزدا پۈتۈلگەن. ھەممە شەيئى «ئاللا» بەلگىلىگەن
قانۇنىيەت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئىنسان كائىنات ۋە
تەبىئەتتە ئەڭ ئۇلۇغ يۈكسەك يارىتىلغان بولۇپ، ھەر بىر مۇ-
سۇلمان ئەقلىي جەھەتتىن «ئاللا» نى دىلىدا تونۇپ، دىندا بەلگى-
لەنگەن پەرزلەرنى ئادا قىلىپ، پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا
سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن، يەنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا ھاياتىي دۇنيا-
دىكى ئىشلىرىدىن ھېساب بېرىپ «جەننەت» ياكى «دوزاخ» قا
ھۆكۈم قىلىنىشتىن بۇرۇن، شەرىئەت ۋە ئەخلاقىي شەرتلەرنى
ئورۇنداپ، بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەخلاق ئارقىلىق ياخشى
ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىش مۇسۇل-
مانلارنىڭ ئالىي مەنزىلى دەپ قارالغانىدى.

ئىسلام دىنى تەلىماتى كىشىلەرنى تەن ۋە روھىنىڭ پاكىزلى-
قىغا، تىنچلىق، بىرلىككە، باراۋەرلىككە، بىر ـ بىرىگە ياخشى-
لىق قىلىشقا چاقىرىپ، بىلىم، ئەقىل ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقى
بىلەن توغرا يولدا تۇرۇپ ياشاشنى تەرغىپ قىلغان. دۇنيا ئىشلى-
رىغا تەرەققىيات نۇقتىسىنەزەرىدە قاراپ، ئىنساننى يۇقىرى دەرى-
جىلىك ھايۋان ئەمەس، بەلكى ئۇنى دۇنيا ـ كائىنات تىلسىمىنىڭ
ئاچقۇچى قىلىپ ياراتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق، تەقدىر ـ

سەۋەبىنىڭ بىرلىكى بويىچە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا مەنپەئەتدار دۇنيا قاراش ھەم ئىدېئولوگىيە قىممەت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

بۇ خىل دىنىي ئىدېئولوگىيىلىك قاراش ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن ئەخلاقىي قىممەت قارىشىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىپ، ھەربىر دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب ـ شائىرلىرىنىڭ دۇنيا قاراش، كىشىلىك ھايات قارىشىنىڭ قويۇق ئىسلامچە تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىنى ياراتتى.

شۇڭا، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەھنىسىدىكى پەيلاسوپ فارابى «پەزىلەتلىك شەھەر خەلقىنىڭ قاراشلىرى» غا ئوخشاش ئەسەرلىرىدە، ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسىگە تويۇنغان شەرقچە «غايىۋى دۆلەت» ئۇتوپىيىسى (غايىۋى مەنزىل) ئارقىلىق دۆلەت، خەلق ۋە ھاياتلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلىگەنىدى. فارابىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» ئۇتوپىيىسى بىلەن تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىلاھىيەت ۋە ئىنسان نەزەرىيىسى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە تىپىك دۆلەت، خەلقتىن قايغۇرۇش ۋە «خەلق مەركەزچىلىك ئىدىيىسى» شەكلىدە سىمۋوللۇق ئىپادىلەندى. شائىر ئادىل پادىشاھ، ئادالەتلىك قانۇن باشچىلىق قىلغان، بىلىم ـ ئەقىل، ئەخلاق كامالەتكە يەتكەن تىنچ ـ ئاسايىشلىق «غايىۋى دۆلەت» نىڭ مودېلىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، دۆلەتنى مۇستەھكەملەش، خەلقنى تىنچ، بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتقا ئىگە قىلىش، شەخس كوللېكتىپقا تۆھپە قوشۇش، ئۆزىنى بېغىشلاش ئارقىلىق ھاياتلىق قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلدى.

بۇ خىل ئىدىيە XIII ئەسىردە ياشىغان ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدىن تارتىپ كېيىنكى

ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگىچە ئاساسلىق ئىستىپتىك غايە-سىنى تەشكىل قىلدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى زىددىيەتلىرى ۋە سۈيۈرغاللىق تۈزۈمى ئۇنى ئىككىگە پارچىلاپ، بۇ قۇدرەتلىك دۆلەت ئىچىدىن بۆلۈنۈش، تېشىدىن تاجاۋۇزچىلىق بىلەن گۇمـ-ران بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي مەدەنىيەت سەھنىسىدىكى بىر مەزگىللىك پارلاق دەۋرى ۋە سەلتەنىتىنى يوقىتىپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى.

چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سەككاكى، لۇتفى ۋە نەۋائى قاتارلىق ئىلىم ئەھلىلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدى-كى ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئەخلاقىي قىممەت يـۈنىلىشىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن كىشىلىك ھـاياتـلىقـنىڭ يـۈكسەك مـەنزىلـىنى ئـۆزگـىچە شـەكىلـلەردە ئىپادىلىدى.

تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى 2 ـ قېتىملىق، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم-ـلىق سەلتەنەت دەۋرى — يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىر قېتىملـىق مـەدەنىـيەت گـۈللەنـگەن مـەزگىـلىنـى كۈتۈۋال-دى. ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىللىق بېقىندىلىق، بۆلۈنمىچىلىك ۋە ئىقتىسادىي نامراتلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مىجەز ـ خاراكتېرى ۋە روھىي دۇنياسىنى يەنە بىر قېتىم بوران ـ چاپقۇن سىناقلىرىدا سەگىتىپ ھوشىغا كەلتۈرگەنىدى. يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىلىم ـ پەن، تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەدەنى-يەت ـ سەنئەتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، قەشقەر ۋە يەركەننى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنى-يەت ـ سەنئىتىنىڭ ئەڭ جانلانغان ۋە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن مەنزىرىسى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئەپسۇسكى، يەركەن خانلىقىنىڭ مۇشۇنداق گۈللىنىش پەسلى تېخى ئۇزاقراق تۇرمايلا ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) باشچى-لىقىدىكى سوپىلار جەمەتى ئەۋجىگە چىقارغان «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» تىن ئىبارەت دىنىي چۈمپەردىگە ئورالغان سىياسىي رەزىل كۈچلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىشى، خەلقنى ئالداپ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن بۇ خانلىقنىڭ مەدەنىيەت قۇياشى جاھالەت تۇمانلىرى قوينىدا تېزلا غايىب بولدى. ئاتالمىش «ئەۋلىيا» خوجىلارنىڭ تەرىقەتتى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدىن ئا-ۋامغىچە ئېزىقتۇرۇش، قايمۇقتۇرۇش، زەھەرلەش رولىنى ئوي-ناپ، خەلقنى مەزھەپچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، تەركىدۇنيالىق، تەقدىرچىلىك، چۈشكۈنلۈك، شەخسىيەتچىلىك پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي دۇنيا قارىشى، ھايات ۋە ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرى ئاساسىغا تىكلەنگەن ئەنئەنىۋى مەدە-نىيەت پىسخىكىسى ئىككى ۋە پەلسەپە قاراشلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلاپ، ياتلاشتۇرۇپ، سوفىزمنىڭ ئىلاھىيەتچىلىك ئىدىيە-سى بىلەن كىشەنلىدى. دۆلەت چەك - چېكىدىن پارچىلىنىپ، خەلق «ئەۋلىياپەرەسلىك» ئىس - تۈتەكلىرىدە لەيلەپ، رېئال دۇنيا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ قەلەندەرچىلىك، زاھىدلىق، تەر-كىدۇنياچىلىق يولىغا كىردى. دۆلەت - ھاكىمىيەت ئىشلىرى ھەتتا پادىشاھ، بەگلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت موھتاجلىقىدىن يۇز ئۆردى. شۇنىڭ بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت ۋە قۇدرەتلىك ھاكىمىيىتىنى ئۇيغۇرلار ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق، بەختسىز قىسمەت يولىنى يەنە «تاللىۋالدى» . ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن تارتىپ تا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىقتىسادىي نامراتلىق، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھوقۇقسىزلىق، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق، بېكىن-مىچىلىك، پسىخىك كەيپىيات جەھەتتە چۈشكۈن، شۇكرا-

نە، تەقدىرچى، شەخسىيەتچى، ئەۋلىياپەرەس، ئۆزەمـچىل، مەزھەپ ـ گورۇھۋاز ھالەتتە سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەھكۇملۇقى ئاسارىتىدە ياشىدى. بۇ تەبىئىي ھالدا مۇشۇ دەۋرلەردىكى ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ كۆچلۈك غېرىبلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈپ، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى چوڭقۇر ئازاب ئېڭى، ئۆلۈم ـ تراگېدىيە كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى مىڭ يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىر قاتار مۇرەككەپ سىياسىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت توقۇنۇشىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشى ھەمدە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي نامراتلىق، بېكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلالماي كەلگەن. ئىچكى ـ تاشقى ئۇرۇش ـ قىرغىنچىلىق، ئاراز ـ ئاداۋەت، سۇيىقەست، مەزھەپ ـ بۆلگۈنچىلىك، كۆچۈش ـ سەرگەردانلىق، ھايات ـ ماماتلىق تاللاش ئارىلىقىدا ئىسەنكىرەپ ئازاب پسىخىكىسىنى چېنىقتۇرۇپ، ھايات ـ ئۆلۈم ئەمەلىيىتىدە مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ تارىخىي تەقدىر قىسمەتلىرىنى چۈشىنىپ يەتكەن. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ نېمە بىلەن مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھاياتلىق پوزىتسىيىسىنى قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلىغان. تارىختا ئىسلام دىنىنىڭ تەشەببۇسلىرى بەزى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپ ۋە گورۇھلارنىڭ مەنپەئىتى تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنىپ، خەلقنى مەنىۋى قۇللۇق، تەقدىرچى چۈشكۈنلۈككە قالدۇرغان. بۇ بەزىلەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەقدىرى ۋە ئاقىۋىتىنى ئىسلام دىنىغا يۈكلەپ قويىدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشنى پەيدا قىلغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلار بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چۈشىنىش يولى بىلەن ئېتىقاد قىلماي، پەقەت شەكلەن ئېتىقاد قىلغان، ھەتتا پۈتۈنلەي قارشىچە ئىش تۇتقان، يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پسىخىكىسى بەلگىلەش رولىنى ئوينىغان.

# تۆتىنچى باب

## ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈمدىن هالقىش روهى

### 1. ئازاب ئېڭى ۋە هايات ـ ئۆلۈم تېمىسىنىڭ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا شەكىللىنىشى

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئازاب ئېڭى ئەدىب ـ سەنئەتكارلارنىڭ هاياتلىقتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر هەم ئىنسان تەقدىرىگە قايغۇرۇش ئېڭىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر. بۇ ئاڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ هەرقايسى ژانىر ۋە ئوبرازلىرىدا، شۇنداقلا دەۋر داۋالغۇشلىرى ئىچىدە ئۆتكەن ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىدا خۇددى دولقۇنلۇق قىياندەك شاۋقۇن سېلىپ تۇرىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئازاب ئېڭى ئىنسانىنىڭ كۈچلۈك ئۆزىنى بېغىشلاش روهى ۋە ئاڭلىقلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ پسىخىك هېسسىياتى بىلەن ماهىيەتلىك ئىچكى بىردەكلىككە ئىگە. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى ئىككى خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈچ ياكى گۇرۇهنىڭ كەسكىن توقۇنۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. هەر بىر دەۋردە ياشىغان ئەدەبىيات ئەهلىلىرى هامان ئۆتمۈش ۋە رېئاللىقتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك بۇرچىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز دەۋرىدىكى خەلق تۇرمۇشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇر تارىخىدىكى پەيلاسوپ-

لار، مۇتەپەككۇرلار ياراتقان بەدىئىي قەھرىمانلار ۋۇجۇدىدا بىر ئوتلۇق يۈرەك سوقۇپ تۇرىدۇ، ئىسسىق قان ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، قەلب دۇنياسىدا بىر جەڭگىۋار روھ دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆر- كەشلەپ تۇرىدۇ، بۇ يۈرەك، بۇقان ۋە بۇ روھنىڭ ھەممىسى شۇ ئەدىب - شائىرنىڭ ئازابلىق ئويلىنىشى تۇغقان مىللىي ئاڭ ۋە ئىدىيە سۈپىتىدە مىللەتنىڭ مەنىۋى كۈچ - قۇدرىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئازاب ئېڭى بىلەن ئۆلۈم تېمىسىنىڭ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا رەسمىي شەكىللىنىشىنىڭ بوسۇغىسىدا قەھرىمانلىق روھنى تەۋسىيە قىلىدىغان گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە خەلق داستانلىرى ياتىدۇ.

ئەپسانە ئىنسان روھىنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىنىڭ نەتىجى- سى. يونگ بۇ ھەقتە: «ئەپسانە بىر خىل خىيالىي تەسەۋۋۇرنىڭ ۋەكىلى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەنمۇ ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ پىسخىك تۇرمۇشى» دەپ توغرا ئېيتقان. ئەپسانىدە ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ تۇرلۇك تەبىئىي بالايىئاپەتلەر ۋە ياۋايى يىرتقۇچ ھاي- ۋانلارنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇ- نىڭدىكى ئوبراز ئادەم ياكى ئىلاھىي مەخلۇقلار بولۇپ، ئۇلار ئايرىم ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىن پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرىگە باغلىق ئىشلاردا رول ئوينايدۇ. بەزىسى ئادەمنى قاتتىق يامان كېسەلدىن قۇتقۇزسا، بەزىسى ئۆلۈم، ئاچلىق، ئۇسسۇز- لۇق قاتارلىق ھالاكەت گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋالىدۇ. يەنە بەزىسى ئادەمنىڭ ھاياتىغا ۋەھىمە سالىدىغان ئاپەتلىك قۇش - ھايۋانلار، دىۋە - يالماۋۇزلارنىڭ ئاپىتىدىن خەلقنى قوغدايدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى، توتېم ئەپسانىلىرى ۋە بىر قىسىم سېھرىي چۆچەك- لەر بۇنىڭ بىر مىسالى. ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئې- شەنچلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىت كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا ماددا تەسەۋۋۇرلىرىدىن پەيدا بولغاچقا، باشتىن تارتىپلا بۇ ئىدېئولوگىيىنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئورۇنداپ كەلگە-

ندى. شۇ تۈپەيلىدىن خىلمۇ خىل ئىلاھلار سەنئەت ۋە ئەدەبىيات بەدىئىي ئوبرازلىرىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەپسانىۋى سېھرىي كۆ- چىنى ياراتتى. ئەڭ دەسلەپكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە ئالەمنىڭ يارىتىلىش، ھاياتلىق، ياشاش ئىقتىدارى ۋە ئۆلۈم قاتارلىق كەڭ مەسىلىلەر ئاساسىي تېما قىلىنىپ، دۇنيادىكى ھەممە ئىرق ۋە مىللەت ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئاسمان»، «قۇياش»، «ئاي»، «ئوت» قاتارلىقلارنى ئىلاھلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن. خەلق ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىلىك شارائىت، مىل- لىي تىل ـ يېزىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى چوڭ ئومۇملۇققا ئىگە ئىپتىدائىي دىن ـ ئېتىقاد تەسەۋۋۇرلار شۇ مىللەت خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇش شارا- ئىتى، تارىخى، كەچۈرمىشلىرىگە يارىشا ئۆزىگە خاس يول بىلەن راۋاجلىنىپ، ئۆزىنىڭ روشەن مىللىيلىكىنى، ئۆزگىچە خاسلى- قىنى يارىتىدۇ. شۇ مىللىي ئاڭ مەركىزىنى تەشكىل قىلغان ئىلاھلار بارلىققا كېلىپ، ئەپسانە ـ رىۋايەت شەكىللىرىدە كىشى- لەرنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. مىسىرلىقلاردا ئوشى- رىس ئىلاھى، گرېكلاردا زېۋس، پارسلاردا ئاھۇرمازدا، خەنزۇلاردا «بۇدساتۋا» قاتارلىق ئىلاھ ئوبرازلىرى مۇشۇنداق بارلىققا كەل- گەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅷ ئەسىردە ھىسئود «ئانتاگونىيە» ناملىق شېئىرىي ئەسىرىدە گرېك ئىلاھلىرىنىڭ سىستېمىسىنى تۈزۈپ، بۇ ئىلاھلار بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ئۇرۇش ۋە ئىلاھلار بىلەن يېرىم ئىلاھلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارنى تەسۋىرلىگەن. گرېك شائىرى ھومىرىنىڭ «ئىلىيادا»، «ئودىسا» داستانىدىمۇ ئىلاھلارنىڭ كۆرىشى تەسۋىرلەنگەن. ھومىر بۇ سۈژېتلارنى خەلق ئېپوسلىرىدىن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ ئوبرازلىرى خۇدالار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خۇددى رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەم- لەرگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇشلاردا رىيازەت چېكىدۇ، بالا ـ قازالارغا ۋە بەختسىز قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ. گۇناھ ئۆتكۈزۈپ جازاغىمۇ

ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەردىن كۆپ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك بولۇپ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. داستاندىكى ئاگامېمنۇن، زېۋس، ئاخىللىس قاتارلىق ئوبرازلار گەرچە ئىلاھلار بولسىمۇ، ھەقىقىي ئادەمدەك ھېسسىياتقا ئىگە بولۇپ، گرېك — يۇنان خەلقىنى يېتەكلەپ زور تۆھپىلەرنى يارىتىدۇ. ئاخىللىس داستاندا ئەڭ باتۇر، قەھرىمان، مېھىر - مۇھەببەتلىك ئىلاھ بولۇپ، ئۇ پاتروكلىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈلگەن تەزىيىدە ئاقساقال فىستو-روغا چوڭقۇر ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ھېسداشلىق قىلغان-دىن كېيىن، دۈشمەن گېكتورنىڭ جەسىتىنى جەڭ ھارۋىسىنىڭ كەينىگە باغلاپ سۆرىتىپ، تروياً سېپىلىنى ئۈچ قېتىم ئايلاندۇ-رۇپ، ئاندىن ئاقساقالنىڭ چېدىرى ئالدىغا ئەكىلىپ تەزىيە بىل-دۈرىدۇ. دېمەك ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئادەمگە خاس ئازاب تۇيغۇسى ۋە قەھرىمانلىق روھى ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. «ئىلىيادا»، «ئودىسا» قاتارلىق قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىغا ئوخ-شاشلا، ئۇيغۇر قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە»، «بۆكۈخان رىۋايىتى»، «باتۇر تەڭرىقۇت ھەققىدە رىۋايەت»، «بۆرە توتېم رىۋايىتى» قاتارلىقلار بىلەن مىلادىيە Ⅳ، Ⅴ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن «خۇاستۇئانىفت» (مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋبىنامىسى)، «چىستانى ئىلىك بەگ» قاتارلىق ئېپوس، ئەپسا-نە، رىۋايەت قەھرىمانلىرى دەل ئاشۇنداق سېھرىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىلاھ ياكى يېرىم ئىلاھلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈم، ھالاكەت يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ، ئۇيغۇرلارغا ھاياتلىق يارد-تىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئاسمان جىسىم-لىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇناتتى. قەبىلچىلىك دەۋرى-دىن مىللەتكە تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا ئۇلار باشقا ھايۋانلار قاتارىدا بۆرىنى ئاساسلىق توتېم قىلدى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېپتىدا-ئىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ۋە توتېمىزم ئورنىنى بىر ئاللا قارد-

شى ئالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار قۇياش، ئاي، يۇل-
تۇزنى ئۆزلىرىنىڭ بەلگىسى قىلىپ قاريدى. ئۇيغۇرلار جەمئىيە-
تىدە كۆپ خۇدالىق دىن ئورنىنى بىر خۇدالىق دىن ئالغاندىن
كېيىن ئۇيغۇرلار ئىزچىل هالدا «ئاللا» غا ئېتىقاد قىلدى. ئۇي-
غۇرلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان تەبىئەتتىكى جانلىقلار ۋە شەيئى-
لەر، بۇددىزم ئېتىقادىدىكى بۇدساتۋا، بورهان، قۇياش تەڭرى،
ئاي تەڭرى، هورمۇز تەڭرىسى، ئاهۇرمازدا ۋە خۇدالار هەققىدە
بىرمۇنچە ئەپسانە- رىۋايەت، ئېپوسلارنى ئىجاد قىلدى. بۇ ئەپسا-
نە - رىۋايەت ۋە ئېپوسلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت كۈچلى-
رى بىلەن بولغان قارشىلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزلىرى بىلەن باشقا
قەبىلە - ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنى
ساقلاش ئارزۇسىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇنداق يارد-
لىش، تىرىلىش ئەپسانىلىرىدە ئۇيغۇرلار ئۆز تەسەۋۋۇرى ئارقى-
لىق تەبىئەت كۈچلىرىدىن غالىب كەلگەن. قەهرىمانلىق ئەپسانى-
لىرىدىكى ئۆلۈش، تىرىلىش، قايتا هايات كەچۈرۈش مەزمۇن
قىلىنغان ئەپسانىلەر ئەجدادلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىن-
تىزارلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ رەزىل،
خۇنۇك مەۋجۇتلۇق مۇهىتىدىكى ئالاقزادىلىكى ۋە ئازاب پىسخىك
قۇرۇلمىسىنى ئىپادىلەيدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يىراق
قەدىمكى قۇياش ۋە ئايغا چوقۇنۇش، تەبىئەت هادىسىلىرىگە، يەنى
تاغ - دەرياغا چوقۇنۇشى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يارىلىشىنى ئىپادى-
لەيدىغان نۇردىن يارىلىش ئەپسانىسى، دەرەختىن يارىلىپ كۆپى-
يىش ئەپسانىسى ۋە بۆرە بىلەن كۆپىيىپ مىللەتكە ئايلىنىش
هەققىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئەركىن
يولۋاس»، «قەهرىمان ئەلى قۇربان» قاتارلىق ئەپسانە- رىۋايەت
ۋە هېكايىلىرى تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ياۋۇز، ۋەهشىي كۈچ -
قۇدرىتى ۋە ئۇنىڭ خەلققە ئېلىپ كېلىدىغان ۋەهىمىسى ئارقىلىق
ئۆزلىرىگە هاياتلىق كاپالىتى يارىتىشقا ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت

قەدىمكى ئازاب پسىخىك ئىڭىنىڭ مەھسۇلىدۇر. قەدىمكى ئۇي-غۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىپوسى «ئوغۇزنامە»دىن باشقا، يەنە ئۇيغۇر قەبىلىچىلىك دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن تارىخىي رىۋايەت — «شىراق رىۋايىتى»، «تۇمارىس رىۋايىتى»، بەگقۇلى، ئالىپ ئەرتوڭا قاتارلىقلار ھەققىدە توقۇلغان ئەپسانە ۋە قوشاقلار ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئىڭى ۋە ھايات- ئۆلۈم قارىشىنىڭ يازما ئەدەبىياتتا شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەنبەدۇر. ئۇي-غۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن ئەپسانە - رىۋايەت، ئىپوسلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ ئۆزىنى باشقىلارغا تونۇتقانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار-نىڭ قەھرىمانلىق روھىنى نامايان قىلدى. بۇ شىراق، تۇمارىس، ئافراسياپ ھېكايىلىرىدە قەھرىمانلارنىڭ ئۆز دۆلىتى ۋە ئانا تۇپرى-قىنىڭ مەنپەئىتى پىداكارانە ھالدا جەڭگە چىقىپ ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەندى.

مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋان»دا، مىلادىيە Ⅳ، Ⅴ ئەسىرلەردە تۇرانىيلارنىڭ ئىرانىيلارغا (پرسىيىلىكلەرگە) قارشى ئۇرۇشىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ قۇربان بولغان ئافراسياپ (ئالىپ ئەرتوڭا) ھەققىدىكى قايغۇلۇق مەرسىيىلەرنى يازغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماسساگىتلار قەبىلىسىنىڭ پادىشاھى باتۇر مەلىكە تۇمارىس ھەققىدىمۇ توختالغان. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئېيتىشى-چە، ئافراسياپ مەرۋى شەھرىنى تومارىس ئۆلۈپ ئۇچ ئەسىردىن كېيىن سالدۇرغان، بۇنىڭدىن تۇمارىسنى مىلادىيىدىن ئىلگىرى-كى Ⅵ ئەسىرلەردە ئۆتكەن دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. ماسسا-گىتلار قەبىلىسىنىڭ باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك يولباشچىسى مەلىكە تۇمارىس باشچىلىقىدا پارسلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەش قىلغانلىقىنى قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ھىرادوت (Hiradot) ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە يازغان. تۈركىي خەلقلەردىكى ئەپسانىۋى ھېكايىدە تۇمارىس ئىنتايىن ئە-

قىلىق، كەسكىن، تەدبىرلىك، مەردانە تەسۋىرلىنىدۇ. مىلادى-يىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە ئۆز ئەتراپىدىكى بىر نەچچە ئەل-لەرنى بېسىۋالغان پارس پادىشاھى ئۇلۇغ كىر II (كاي خىسراۋ، 552 - 486 B.C.) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قەبى-لىلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ ئۇيغۇر، تۈرك خەلقلىرىنىڭ زېمىنىنى ئاياغ ئاستى قىلغان. دارا ماساگېتلار قەبىلىسىگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىغاندا، تۇمارىس ماساگېتلار ئېلىنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن باھادىرلارچە ئۇرۇش قىلىدۇ. تۇمارىس ئۆز ئېلى قەبىلىسىگە ئوتتەك مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قارايدۇ. تاجاۋۇزچىلارغا قارشى قاتتىق غەزەپ - نەپرەت بىلەن ئاتلىنىدۇ. ھېكايىدە تۇمارىسنىڭ مەردانە، قورقماسلىقى، ھەقى-قىي ئىنسانىي خاراكتېرى شۇ قەدەر تەسىرلىك ئىپادىلىنىدۇكى، ئۇ كاي خىسراۋغا مۇنداق دەيدۇ: «... بىز بىلىمىزكى، سەن تىنچلىقنى خالىمايسەن، شۇ سەۋەبتىن ئەگەر مەسلىھەتىمىزگە كۆنمەي ماساگېتلار بىلەن توقۇنۇشنى خالىساڭ، كۆۋرۈك ياساي-مەن دەپ ئاۋارە بولمىغىن، بىزگە ئېيتساڭ بىز ساڭا كاشىلا بولماي دەريادىن ئۈچ كۈنلۈك نېرى يەرگە كۆچۈپ كېتىمىز. ئۇ چاغدا بىمالال دەريادىن ئۆتىسەن، ئاندىن بىز يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئۇرۇشىمىز. ئەگەر بىز بىلەن دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدا ئۇرۇشماق-چى بولساڭ، ئۇنى بىزگە ئېيت! بۇنىڭغىمۇ بىز رازى بولىمىز. ئەمما نامەردلىك قىلما!...» لېكىن نامەرد، مەككار كاي خىسراۋ مۇنداق مەردانىلىك ئالدىدا روھىي جەھەتتە ئاللىقاچان ئەل بول-سىمۇ، ئۆز ھەيۋىسىنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن تۇزاق قۇرۇشقا كى-رىشىدۇ ۋە سۈھبەتتە تۇمارىسنىڭ ئوغلى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنى مەست قىلىپ قويۇپ ئەسىر قىلىۋالىدۇ. مەلىكە تۇمارىس قاتتىق ئازابلانغان ۋە غەزەپكە تولغان ھالدا ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي قانخور كاي خىسراۋ، قىلغان ئىشىڭ بىلەن ماختىنىپ يۈرمىگىن، سەن مېنىڭ ئوغ-

لۇمنى يۇزمۇ يۇز جەڭدە يەڭگىنىڭ يوق. ئۇنى مەككارلىق قى-لىپ شاراب ئىچكۈزۈپ قولغا چۈشۈردۈڭ. ئەمدى مېنىڭ ئوغ-لۇمنى قايتۇرۇپ بېرىپ، كەلگەن يېرىڭگە زىيان ـ زەخمەتسىز قايتىپ كەت. ئەگەر سۆزۈمگە كىرمىسەڭ، ماساگىتلار تەڭرىسى قۇياش نامى بىلەن قەسەمياد قىلىمەنكى، مەن سەندەك ئاچ كۆز قانخورنى قان بىلەن سۇغىرىمەن.» ئەمما كاي خىسراۋ شاھزادىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مەلىكە تۇمارىس ئوغلىدىن جۇدا بولۇپ، قەلبى بىھېساپ دەرد ـ ھەسرەت بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز دۆلىتى ۋە خەلقى ئۈچۈن ئۆزىنى يوقاتمايدۇ. بەلكى جەڭ ئىتىغا ئۆزى مىنىپ ئۇرۇشقا چىقىدۇ. ئۇ كاي خىسراۋنىڭ بېشىنى قان بىلەن تولغان كوزىغا سېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي نا-مەرد، جەڭدە سېنى ھالاللىق بىلەن يېڭىپ چىققان بىر ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ پەرزەنت داغىدا كۆيدۈر-دۈڭ، سەن ئۆمرۈڭ بويى قانغا تويمىدىڭ، مەن ئۆز قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ سېنى قان بىلەن سۇغاردىم. بىرەر ئەلنىڭ يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ جازاسى ئەنە شۇ...»

بۇ ئەپسانىۋى ھېكايىدە، تۇمارىسنىڭ زالىم تاجاۋۇزچى كاي خىسراۋنى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق، بىر ياقتىن ئۇيغۇر ئەجداد-لىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھاياتلىق چۈشەنچىسىدە ھەقىقەتنىڭ غالىب كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر ياقتىن ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنىڭ زۇلۇم، ھالاكەت، قاراڭغۇلۇق يىلتىزىنى يوقىتالايدى-غانلىقىنى كۆرستىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قە-دىمكى قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىدىن بىرى «شىراق رىۋايىتى» ھې-سابلىنىدۇ. بۇ ھېكايە گرېك تارىخچىسى فوللىنىنىڭ «ھەربىي ھېيلىلەر» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پرسىيىلىكلەرنىڭ كاي خىسراۋدىن كېيىنكى پادىشاھى دارا I نىڭ ساكلارغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەشكە ئۆز ھايا-تىنى ئاتىغان ئەل ئوغلى شىراقنىڭ پائالىيىتى سۆزلىنىدۇ. ئاساسى

قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

ھېكايىدە ئۆز خەلقى ۋە تۇپرىقىنى قىزغىن سۆيىدىغان پادىچى يىگىت شىراقنىڭ تاجاۋۇزچىلارنىڭ بېسىپ كىرىپ قەبىلىنىڭ ھاياتىغا ئېغىر تەھدىت كەلتۈرگىنىدىن قاتتىق قايغۇرۇپ، ئۆز ھاياتىدىن كېچىش بەدىلىگە قەبىلىسىنى ياتلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ دارانىڭ لەشكەر بېشى رانۇسپاتىنىڭ قوشۇنىنى ئالداپ سۇسىز دەشت چۆلگە ئەكىرىپ، پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىدۇ. دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا قىلچىنى تەڭلەپ تۇرغاندا قىلچە تەۋرەنمەستىن دۈشمەنلەرگە شۇنداق دەيدۇ: «مەن يەڭدىم، يالغۇز ئۆزۈم پۈتۈن بىر چوڭ قوشۇننى يەڭدىم. جانجان قەبىلەم ساكلارنىڭ ۋە ئانا تۇپرىقىمىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتنى دەپنە قىلىپ، تاجاۋۇزچى ئىران لەشكەرلىرىنى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدىم. تۆت تەرەپنىڭ ھەرقايسىسى يەتتە كۈنلۈك يول. خالىغان تەرەپلىرىڭلارغا كېتىۋېرىڭلار. بەربىر ھەممىڭلارنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە مېنىڭ قېنىم بولسا مۇشۇ يەرگە تۆكۈلىدۇ.» بىز بۇ خىتابتىن بىر ۋەتەنپەرۋەر قەبىلە قەھرىمانىنىڭ جەڭگىۋار خاراكتېرىنى كۆرىمىز. گىيوتى «پايدىسىز ياشىغاندىن بىۋاقىت ئۆلۈم ئەۋزەل» دېگەنىدى. شىراق باشتىن ــ ئاخىر ئۆز قەبىلىسىگە ھەمنەپەس بولۇپ، زېمىنى ئۇچۇن ئۆزىنى ئاتاپ، ئۆلۈمدىن باش تارتمىدى. بۇ يەردە شەخسنىڭ ئازاب ئېڭى شەخس ئېڭى بىلەن كوللېكتىپ ئاڭنى بىرلەشتۈرىۋەتكەن. ھاياتنىڭ قىممىتىنى قانداق يارىتىش ۋە ئۇنى قانداق نامايان قىلىش بولسا قەھرىمانىنىڭ بەختسىزلىكىگە تۇرتكە بولغان. ئەدەبىياتىمىزدىكى ئازاب ئېڭىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولغان ھايات تراگېدىيىسى ئېڭى ئەپسانە ــ رىۋايەت ئەسەرلەردىكى شەخسنىڭ ھايات ئىرادىسى بىلەن كۆپ باغلىنىشقا ئىگە بولغاچقا، مۇئەييەن دەرىجىدە تراگېدىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. پەقەتلا شەخسنىڭ ھايات تراگېدىيىسى پۈتكۈل دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ زامان، ماكانىغا قويۇلغاندا، شەخسنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى، دۆلەت تەقدىرى ۋە مىللەت

تەقدىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئايلان-
دۇرۇلسا، شۇ قەدەر كىشىنى تەسىرلەندۇرەلەيدىغان ھايات تراگې-
دىيىسى ئېڭى بولىدۇ. قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا ئەدەبىيا-
تىدىكى «ئېيدا»، «ساجا»، فىنلاندىيىنىڭ «قەھرىمان
دۆلەت»، فرانسۇزلارنىڭ «روللان ناخشىسى»، گېرمانلارنىڭ
«نىبلوگىن ناخشىسى»، «قۇبلاندى باتۇر»، ئىسپانىيىنىڭ
«ئېيدى ناخشىسى»، رۇسلارنىڭ «ئىگور يىراققا سەپەر خاتىرد-
سى» قاتارلىقلار بىلەن شەرقتىكى ھىندىلارنىڭ «ماھايانا»، «ما-
خاپخاراتا»، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە»، قىرغىزلارنىڭ
«ماناس»، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر» قاتارلىق قەھرىمانلىق ئې-
پوسلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ «شىراق»، «تۇمارىس» رىۋايىتى ۋە
«ئوغۇزنامە» ئېپوسى قاتارلىقلار ناھايىتى يۇكسەك ئېستېتىك
قىممەتنى ئىپادىلىگەن ئەسەرلەردۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەپسانە - رىۋايەت ھېكايىلىرىدە، بىرخىل
قەھرىمانلىق روھنى، يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاھىي كۈچ- قۇدرەت-
كە ئىگە ھەيۋەتلىكلىكنى نامايان قىلىپ جەڭگىۋارلىق روھنى
چېنىقتۇرغان. بۇ تېما ۋە ئىدىيىلەر ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ
ئاساسىي مەزمۇنى سۈپىتىدە خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى شەكلىدىن
ئۆتۈپ، ئاستا - ئاستا يازما ئەدەبىياتنىڭ چىن ھېسسىيات ۋە
ئوبرازلىرىنى يارىتىشقا تۈرتكە بولدى.

## 2. قەدىمكى مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىق- لىرىدا دۆلەت، خەلقتىن قايغۇرۇش ۋە ئومۇملۇق ئېڭى

قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئازاب ئېڭى
ۋە ئۆلۈم تېمىسى ئىپادىلەنگەن نادىر ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر
خانلىقىدىن قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقىغىچە بولغان دەۋرلەرگە ئائىت
تۈرك (ئۇرقۇن - يېنسەي) يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىق-
لىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «چىستانى ئىلىك

بەگ» ، «ئىككى تىگىن رىۋايىتى» ، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق بۇددىزم ۋە بىر قىسىم مانى دىنى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرى بولۇپ، ئومۇمەن ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى ئەدەبىياتقا قارىتىلىدۇ.

قەدىمكى مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرى ئورقۇن ـ سېلىنگا ۋادىلىرىدا مىلادىيە VI ئەسىردىن IX ئەسىرلەرگىچە ئىلگىرى ـ كېيىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كۆك تۈرك خانلىقى (552 ~ 744 ـ يىللار) بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى (746 ~ 840 ـ يىللار) نىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىدىن، خۇسۇسەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىن ۋە ئىدېئولوگىيە ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرگۈچى قىممەتلىك يازما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يادىكارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىغا تارقالغان بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن تېپىلغان ۋە يېشىپ ئوقۇلغان، شۇنداقلا تەتقىق قىلىنغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار سان جەھەتتىن ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئالىملار بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلغان جايىغا قاراپ ئۇلارنى يەتتە رايونغا بۆلگەن. بۇ يادىكارلىقلار مەزمۇن جەھەتتىن سىياسەت، قانۇن، تارىخ، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق كەڭ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر مەڭگۈ تاشلار تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى، كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى، بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدىن ئىبارەت. بۇلار قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللانغان تۈرك (ئورقۇن) يېزىقى ① بىلەن يېزىلغان. بۇ يازما يادىكارلىقلار تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي ئەھۋاللىرىنى بىلدۈرىدىغان مۇھىم

① قەدىمكى تۈرك يېزىقى 38 دىن 40 گىچە ھەرپتىن تۈزۈلگەن. ئوڭدىن سولغا قاراپ يېزىلىدۇ، بۇ يېزىقتا يېزىلغان ئابىدىلەر موڭغۇلىيىنىڭ ئورقۇن ـ يېنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغاچقا، بەزىدە ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتالغان. بۇ يېزىقنىڭ شەكلى يەنە قەدىمكى گېرمانلارنىڭ رونىك يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، ئۇنى بەزىلەر تۈرك ـ رونىك يېزىقى دەپمۇ ئاتاپ كەلمەكتە.

تارىخىي ھۆججەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە شۇ دەۋرلەر-
دىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ دۆلەت، خەلق تەقدىرىگە قايغۇرۇش
ھېسسىياتى ۋە تۇپ دۇنيا قارىشىنى چىن، تەسىرلىك ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

بۇ مەڭگۈ تاشلاردا كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇ-
لۇش، گۈللىنىش ۋە ھالاك بولۇش جەريانلىرى، تونيۇقۇق،
بىلگە قاغان، كۆلتېگىن، قۇتلۇق بىلگە قاغان (بايانچۇر) لار-
نىڭ جاپالىق ھەربىي يۈرۈشلىرى، ئۇلارنىڭ خەلقنى ئۇيۇشتۇ-
رۇش، دۆلەت قۇرۇش، ھاكىمىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەم
قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا چەككەن ئازاب - ئوقۇبەت رىيازەتلىرى،
خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئېڭى ۋە خاراكتېر پسىخىكىسىنىڭ
تەقدىر - قىسمەتلىرى نەپىس گۈزەل شائىرانە تىل بىلەن جانلىق
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر قەھرىمان شەخسلى-
رىنىڭ تۆھپىسى تارىخقا يادنامە قىلىنغان بۇ خاتىرە ئابىدىلىرد-
نىڭ ھەربىر قۇرلىرىدا، ئۇيغۇر ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پارچىلىنىپ
كەتكەن ئۇششاق قەبىلە، خەلقلىرىنى كۈچلۈك بىر سىياسىي
ھاكىمىيەتكە ئۇيۇشتۇرۇپ، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى
گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا بۇ يازمىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ
ھايات - ماماتلىق قانلىق جەڭلەردە ياۋ بىلەن ئېلىشىپ ئەل -
يۇرتنى قوغدىغان ياكى مەردلەرچە ھاياتىنى تەقدىم قىلغان باھادىر
شاھ، بەگ ۋە سەركەردىلىرىگە مەدھىيىلەر ئوقۇلغان.

بۇ پىكرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندد-
كى بىر قانچە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ۋە
پېرسوناژلارنى كونكرېت تەھلىل قىلىمىز. «تونيۇقۇق مەڭگۈ
تېشى» ① دانىشمەن ۋەزىر، ھەربىي ئىستراتېگىيىچى تونيۇقۇق-
نىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرىنى كۈچلۈك ئەدەبىي تىل بىلەن

---

① «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» — بۇ مەڭگۈ تاش 1897 - يىل موڭغۇلىيىنىڭ ئۇلانباتور شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىن چوقتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان. ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا ئويۇلغان بولۇپ، جەمئىي 62 قۇر. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستىنى تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا ئۆزى يازغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ مەڭگۈ تاش مىلادىيە 712 - 716 - يىللىرى ئارىلىقىدا قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان.

ھېسسىياتلىق، جانلىق، ئوبرازلىق بايان قىلىپ بەرگەن يادىكارلىق. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ تەزكىرە ئەسىرىنى قۇرۇلما جەھەتتىن مۇقەددىمە، ئاساسىي تېكىست ۋە خاتىمە بۆلەكلىرىدىن تۈزۈلگەن دەپ قارايدۇ. تۇنيۇقۇق كۆك تۈرك خانلىرىنىڭ قاغانلىرىدىن ئىلتەرىش قاغان (682 ~ 691-يىللار)، قاپاغان قاغان (ۋاپاتى 716-يىل) ۋە بىلگە قاغان (ۋاپاتى 734-يىل) قاتارلىقلارغا باش ۋەزىر ھەم ھەربىي قوماندان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش ئىشلىرىدا تۆھپە كۆرسەتكەن. تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشىدا تۇنيۇقۇقنىڭ خانغا ئەگىشىپ ئېلىپ بارغان جاپالىق ھەربىي يۈرۈشلىرى، ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن يوقسۇز خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت تىكلەش يولىدا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرى، چەككەن ئازاب-قايغۇسى، ئۇچرىغان ۋەھىمە-ئەندىشىسى ھەمدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇق-نەتىجىلىرى خاتىرىلەنگەن. تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشىنىڭ بېشىدىلا تۇنيۇقۇق ئۆزىنىڭ خەلق ۋە دۆلەت ھەققىدە قايغۇرۇپ، ئۆلە-تىرىلىشىگە باقماي تىرىشىشىدىكى سەۋەبنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىلگە تۇنيۇقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ ئىلىدە[1] ئۆستۇم. (ئۇ زامانلاردا) تۈرك خەلقى تابغاچقا قارايتتى. تۈرك خەلقىنىڭ خانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تابغاچتىن ئايرىلدى ۋە (ئۆزلىرىگە) خان تىكلىدى. (كېيىن) خانىنى تاشلاپ يەنە تابغاچقا تەۋە بولۇپ قالدى. تەڭرى مۇنداق دېگەنىكەن: سىلەرگە خان بەردىم، خانىڭلارنى تاشلاپ تابغاچقا يەنە تەۋە بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن تەڭرى سىلەرگە ئۆلۈم بەردى. (شۇڭا) تۈرك خەلقى ئۆلدى. ھالاك بولدى، يوقالدى، تۈرك-سىر خەلقى يېرىدە ئادەم بويى قالمىدى.

تۇنيۇقۇقنىڭ قەلبىدىكى ئازابلىق ھېسسىيات بىلەن ھالا-

① تابغاچ — مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرىدا تاڭ سۇلالىسىغا قارىتىلغان.

كەت ۋەھىمىسى دۆلەت، خەلق تەقدىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەت-
كەن. بۇ ئالىق ئۇنى پۇتۇن كۈچ بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاشقا تۈرتكە
بولغان. مەڭگۈ تاشنىڭ ئاخىرىدا، ھەرقانداق بىر خەلقتە مۇشۇن-
داق ئاڭغا ئىگە ئادەملەر بولسا ئۇ خەلقنىڭ نام- نىشانى ئۆچمەي-
دىغانلىقى، غەم- قايغۇ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق
كۆرسىتىدۇ:

مەن قاپاغان قاغانغا ياردەملىشىپ ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇز-
دۇم. تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىمىدىم، كۈندۈزلىرى خاتىرجەم
ئولتۇرالمىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم، قارا تەرلىرىمنى ئاق-
تۇردۇم، مەن (دۆلەت) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم.
مەن ئۆزۈم يەنە ئاتلىق قوشۇن چىقاردىم. مەن ئوردا قاراۋۇللىرد-
نى كېڭەيتتىم. يېنىپ- يېنىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى بويسۇن-
دۇردۇم. خاقانىم بىلەن بىرگە كۆپ قېتىم جەڭگە قاتناشتىم.
تەڭرى ساقلىدى. مەن تۈرك خەلقى زېمىنىدا تولۇق قوراللانغان
دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم. بەلگىسى بار ئاتلارنىڭ ھەممىلا يەردە
چېپىپ يۈرۈشىگە يول قويمىدىم. ئىلتەرىش خاقان تىرىشمىغان
بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمىغان بولسام، دۆلەت ۋە
خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن دۆلەت يەنىلا دۆلەت بولدى.
خەلق يەنىلا خەلق بولدى، ئۆزۈم قېرىدىم، ئۇلۇغ بولدۇم. ھەر
قانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە مەندەك ئادەم بولىدىكەن،
ئۇلاردا نېمە غەم بولسۇن؟

تۇنيۇقۇقنىڭ شەخس ئېڭىدىكى كوللېكتىپقا ئۆزىنى بېغىش-
لاش، تۆھپە قوشۇش روھى ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقىي خىسلىتى
دەل ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ يۇقىرى ئىجتىمائىي قىممىتىنى ياراتقان.
ئا. سوخوملىنىسكى «بىر كوللېكتىپ ھەرگىز ئادەتتىكى ئېنىق-
سىز توپ ئەمەس، بەلكى ئۆز شەخسىي ئېڭىغا ئىگە ئايرىم
شەخسلەردىن قۇرۇلغان باي خەزىنىدۇر» دەپ ئېيتقاندەك،

ماركس بىر ئادەمنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان ئىرق ۋە دۆلەت ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچى ھەققىدە توختىلىپ: «ئادەم مەۋھۇم، قانداقتۇر بۇ دۇنيانىڭ تېشىدا ياشايدىغان يەككە مەۋجۇتلۇق شەكلى بولماستىن، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەت ئالىمى، دۆلىتى ۋە جەمئىيەتتىدۇر.»[1] دەپ كۆرسەتكەنىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەخس ئېڭى بىلەن كوللېكتىپ ئېڭىنىڭ زىددىيەتلىك ماسلىشىشچانلىقى ھەمدە شەخسنىڭ دۆلەت، خەلق ۋە كوللېكتىپقا باغلانغان چوڭقۇر ئازاب ئېڭى «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»[2] دا تېخىمۇ تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

بۇ مەڭگۇ تاش تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى كۆلتېگىننىڭ دۆلەت قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ جەڭدە ۋاپات بولغانلىقىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ، بىلگە قاغاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قەبرە ئالدىغا تىكلەنگەن. مەڭگۇ تاشتا بىلگە قاغان ۋە كۆلتېگىننىڭ مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، ئۆلە-تىرىلىشكە قارىماي تىرىشىپ دالىلاردا ئاچ-يالىڭاچ، ئۆي-ماكانسىز تېنەپ يۈرگەن خەلقنى بىرلەشتۈرۈپ دۈشمەنلىرىنى باش ئەگدۈرۈپ، خەلقنى ئۆي-ماكان، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە خاتىرجەم مۇھىتقا ئېرىشتۈرگەنلىكىدەك جەريان ئىنتايىن كۈچلۈك ئازابلىق ھېسسىيات ئىچىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى چاغدىكى پسىخىك خاراكتېرى، شەخس ئېڭى بىلەن كوللېكتىپچانلىق ئېڭىنىڭ ئاجرىلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان تارىخىي ئاقىۋەت-قىسمەتلىرى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇ ئارقىلىق دۆلەت بىلەن شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ بىردەكلىكىنىڭ زۆرۈرلۈكى

---

① «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، 1979-يىل خەنزۇچە نەشرى.

② كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى 1889-يىل موڭغۇلىيىنىڭ ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى خوشۇ سايدام دېگەن جايدىن تېپىلغان. بۇ مەڭگۇ تاش تېكىستى بىلگە قاغاننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن تەرىپىدىن يېزىلىپ، 732-يىللىرى قەبرە ئالدىغا ئورنىتىلغان.

ئۇتتۇرىغا قويۇلغان. تۈرك- ئۇيغۇر قەبىلىلىرى سىرتقى كۆرۈنۈ-
شىدە ئۇيۇشچاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما جاھىل، ئۆزەمچىل،
شەخسىيەتچى، دىمىقى ئۈستۈن، شۆھرەتپەرەس، ئۆزىنى كۆر-
سىتىشكە ئامراق، بىر - بىرىنى ھىمايە قىلىشماي، ئەكسىچە
دائىم بىر- بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ تەپرىقچىلىق، مەزھەپ-
چىلىك بىلەن كۆپ شۇغۇللانغان. ئۇلار يىراقنى كۆرمەي، بۇر-
نىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، ھەرقانداق ئىشنى يۈزەكى ئاددىي
ئويلاپ مۇئامىلە قىلىدىغان مىجەز - پىسخىكىسى تۈپەيلىدىن،
دائىم ئۆزخان- بەگلىرى، ئۆز ھاكىمىيەتلىرى، يۇرت- ماكانلى-
رى ھەم مەنپەئەت - ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانىدى.
كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىدا ئۇلارنىڭ بۇ مىجەز - پىسخىكىسىنىڭ
مەلۇم تەرەپلىرىنى مۇنداق بىلدۈرگەن:

تۈرك خەلقى، سىلەر قانائەتچانسىلەر، ئاچ - توق قالىدىغى-
نىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، تويغان ۋاقتىڭلاردا ئاچ قالىدىغانلى-
قىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، شۇنداق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭ-
لارنى بېقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي ھەر تەرەپكە
پىتىراپ كەتتىڭلار. (نەتىجىدە) ئۇ يەرلەردە ھالسىزلاندىڭلار،
جېنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار، قالغانلىرىڭلار سەرگەردان بولۇپ ئۆ-
لۈم گىردابىغا بېرىپ قالدىڭلار. تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈ-
چۈن، ئۆزۈمنىڭ بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن خاقانلىققا ئولتۇر-
دۇم. خاقان بولۇپ يوقسۇل خەلقنى يىغدىم، يوقسۇللارنى باي
قىلدىم. ئازلىقتىن كۆپ قىلدىم. مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدە يالغان-
چىلىق بارمۇ؟ تۈرك بەگلىرى ۋە تۈرك خەلقى بۇ گەپلەرنى
ئاڭلاڭلار! مەن بۇ يەرگە تۈرك خەلقىنى يىغىپ ئەل تۇتقانلىقىڭ-
لارنى ئويدۇردۇم. سىلەرنىڭ يېڭىلىپ (خاتالىشىپ) ئۆلگەنلى-
كىڭلارنىمۇ بۇ يەرگە ئويدۇردۇم. قانداق سۆزۈم بولسا مەڭگۈ
تاشقا ئويدۇردۇم. بۇنى كۆرۈپ بىلىڭلار، ھازىرقى تۈرك خەلق
ۋە بەگلىرى، تەختكە قارايدىغان بەگلەر، سىلەر يەنە خاتالىشامسى-

لەر؟ !

بۇ پىكىرلەر خەلقىنىڭ ئەخلاق ۋە خاراكتېرىنىڭ خۇنۇكلۇكى، پۈتكۈل دۆلەت ۋە خەلق ھاياتىغا ئېلىپ كەلگەن پاجىئە، ئېغىر تەھدىت ۋەھىمىسىنى تولىمۇ جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. ئازابلىق ئېچىنىش، غەزەپ ۋە كىنايىلىك سوئال ئاشۇ شارائىتتىكى ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچ ۋە ئالىيجاناب كىشىلىك خاراكتېرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كۆك تۈرك خانلىقى ئىچىدىن بۆلۈنۈپ زەئىپلەشكەنلىكى، يۇقىرى تەبىقىدىن ئاۋامغىچە «ئۇزاقتىن بېرى زالىملىق ھۆكۈم سۈرگەنلىكى، ئائىلە ئەدەپ - ئەخلاقىدا شەپقەتسىزلىك قىلغانلىقى، تاغا - جىيەن، ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ھوقۇق تالىشىپ بىر - بىرىدىن گۇمان قىلىشقانلىقى، ئۆز ئالدىغا قوشۇن توپلاپ ئۆزلىرىنى خان دەپ ئاتاپ، ھەرقايسىسى بىر تەرەپنى ئىگىلەپ بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىشقانلىقى»[1] سەۋەبلىك، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ سەمىمىيەتسىزلىك، شەپقەتسىزلىك، سۇيىقەست، بۆلگۈنچىلىك، باشباشتاقلىق، مەنمەنلىك، ئاداۋەت - ئازار كۆچەيگەن. ئايرىم شەخس ياكى بىر كوللېكتىپنىڭ خاراكتېرى، ئەخلاقىنىڭ خۇنۇكلۇكى پۈتكۈل خەلق، دۆلەتكە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك تەقدىر - قىسمىتىنى تارىخنىڭ تاسادىپىي ئۇدۇل كېلىشى دېگەندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ قەدىمكى مىجەز - خۇلق، خاراكتېرى پسىخىكىسىغا لايىق تەقدىرىگە پۈتۈلگەن قىسمىتى دېگەن تېخىمۇ مۇۋاپىق. ھەرقانداق بىر خەلق ياكى مىللەت جاھىلىيەت، تەپرىقچىلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ ئۆز ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە روھىنى پاكلىماي تۇرۇپ، شۇنداقلا بىر - بىرىنىڭ قايغۇسىغا يىغلايدىغان، شادلىقىغا

---

[1] «سۇي سۇلالىسى تارىخى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قارالسۇن.

ئورتاقلىشالايدىغان ئالىيجاناب كەيپىيات، ئۈملۈك، ئۈيۈشۈش-
چانلىقنى هاياتقا قىبلىنامە قىلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئامەت ۋە
بەخت نېسىپ بولمايدۇ. تۇرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز- خاراكتې-
رىدىكى ئاجىزلىقلاردىن دۈشمەنلىرىنىڭ قانداق پايدىلىنىپ مەن-
پەئەتلەنگەنلىكى، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ياخشى بىلىشنىڭ،
يۇرت - ماكان ۋە ئۆز ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىشنىڭ
مىللەت مەۋجۇتلۇقىدا قانچىلىك مۇهىم ئىكەنلىكى مەڭگۇ تاشتا
بايان قىلىنغان. بۇ بايانلاردىن بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىيا-
سىي - ئىجتىمائىي ئېڭى، ماددىي مەنپەئەت بىلەن باغلانغان
مىجەز كەيپىياتىغا ئائىت بىر مۇنچە تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئىگە
بولىمىز. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلى-
رىنىڭ ماددىي ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە دۆلەت، كوللېكتىپ
مەنپەئىتىدىن ئالاهىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. ئەرلەر
هاراق - شاراب، ساهىبجامال قىز، ئات- ئۇلاق، مال- چارۋىلا-
رغا ئالاهىدە هەۋەس قىلغان. ئۇلار تاۋار - دۇردۇن، قىز -
ئايال، هاراق - شاراب، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئاز - تولا
ئەمەل - مەنسەپ ئۈچۈن يات قوۋمگە ساداقەت كۆرسىتىپمۇ
ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە، ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلمەي-
دىغانلىقىنى ئويلىمىغان. دۈشمەنلەرگە يانتاياق، يېقىنچىلىق،
ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ ئۆز هاياتىنى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداپ
قالالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار نادانلىقىنى تونۇپ يەتكەندە بولسا
ئالىلىبۇرۇن پۇرسەت كېتىپ قالغان ياكى بالا - قازا ئۇنىڭغا
يامىشىپ بولغان. بىلگە قاغان ۋە يوللۇق تىگىن قاتارلىقلار
مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ خاراكتېرى، رو-
هىي دۇنياسىنى چۈشەنگەن يىراقنى كۆرەر دانىشمەنلەر. ئۇلار
خەلقنىڭ تەقدىر - ئاقىۋەتلىرىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ ۋە تەهلىل
قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ توپ يولىنى
كۆرسىتىپ بەرگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي جەمئىيىتىدە ئايرىم شەخس ۋە كوللىكتىپنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى دەرۋەقە ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي، مال - چارۋا قاتارلىق ماددىي مەنپەئەت ئۇستىگە قۇرۇلغان. ئەمما شەخس ياكى ئۇ تەۋە بولغان كوللېكتىپنىڭ يەر - زېمىن، ئىقتىساد ۋە ياشاش ھوقۇق كاپالەتكە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتنى كاپالەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ھالبۇكى شەخس بىلەن كوللېكتىپ ئايرىلمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى، ھاياتى تەھدىتكە ئۇچرىسا، شەخسمۇ ئوخشاشلا تەھدىت - خەۋپكە ئۇچرايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئايرىم شەخس ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياج مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كوللېكتىپتىن ۋاز كەچمەسلىكى، كوللېكتىپ ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى كېرەك. بۇ شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇتلۇقى، شەخسنىڭ ھالاكىتى بىلەن دۆلەتنىڭ ھالاكىتى باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەقدىرىدە مۇقەددەس بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلاردا بۇ ئالىي يېتەرلىك تىكلەنمىگەن. ئۇلار جاھىل، شەخسىيەتچى، باشباشتاقلىقى تۈپەيلىدىن داۋاملىق ئۆز ئېلىدىن، ھاكىمىيىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، ھەر تەرەپكە پىتىراپ ئاچ - يالىڭاچ، ئۆي - ماكانسىز قېلىپ، دوست - قېرىنداشلىقنى قويۇپ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگە خىزمەت قىلغان. تارىخنىڭ تاسادىپىيلىقلىرى ئىچىدىن مۇقەررەرلىك كېلىپ چىققىنىدەك، مەلۇم خەلقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېغىر ھالاكەت دوقمۇشىدا توختاپ قالغاندا ھامان ئۇ ئۆز تارىخىنىڭ مۇقەررەرلىكى سۈپىتىدە قەھرىمانلارنى ۋە پەرەز قىلالمىغۇدەك تاسادىپىي مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئورقۇن خانلىقى دەۋرىدىكى ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان، بىلگە قاغان، كۆلتېگىن ۋە قۇتلۇق

بىلگە قاغانلار ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە ئاشۇنداق تارىخىي تاسادد-
پىيلىقلار تۇپەيلىدىن مەيدانغا چىققان قەھرىمانلار ئىدى. شەخس-
نىڭ ئازاب پىسخىكىسى ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن
قارىغاندا، مەلۇم شەخسنىڭ روھىي جەھەتتىن قاتتىق بېسىم
ھېس قىلىشى، ئۆلۈم ۋە ھالاكەت ۋەھىمىسىگە چۆكۈشى ماھد-
يەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پىسخىك ئېڭىدىن باشقا يەنە تاشقى بېسىم،
توسالغۇ، ئۆز قېرىندىشى ۋە يېقىن كىشىلىرىنىڭ بەختسىزلىكى
قاتارلىقلاردىن روھىي جەھەتتە ئازابلىنىش، ئۆزىنى يوقىتىپ
قويۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. يەنى شەخس «مەن» نىڭ جەم-
ئىيەتتىكى مەنپەئىتىدىن مەھرۇم بولۇشى ياكى دەخلى- تەرۇزگە
ئۇچرىشى، «مەن» نىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئامراق كىشىسى
ياكى نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، سىرتقى كۈچنىڭ «مەن»
نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھاياتىغا تەھدىت تۇغدۇرۇپلا قالماي، ئۇنىڭ
كېلەچىكى، ئۈمىدى ۋە يولىنى ئۈزۈۋېتىشى ۋە ياكى «مەن» نىڭ
جاپالىق كۈرەش بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنىڭ بىر-
دىنلا باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىشى ياكى ۋەيران قىلىۋېتد-
لىشى قاتارلىق ئامىللار بىرلىشىپ شەخسىي «مەن» نىڭ ئازاب،
غېرىبسىنىش، خورسىنىش ھېسسىياتىنى كۈچەيتىپ، ھاياتلىق
ئىنتىلىشلىرىنى بېسىم، تەھدىت- ۋەھىمىگە ئۇچرىتىدۇ. ھېس-
سىيات كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ھەتتا چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا
پاتۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ياكى يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئازاب ئۆلۈم
ۋەھىمىسى شەخسنىڭ ئاكتىپ قارشىلىق روھىغا ئايلىنىپ، ئۇ-
نىڭ جەڭگىۋار، ئىسيانكار ھاياتىي كۈچ - قۇدرىتىنى تاۋلاپ
چىقىشىمۇ مۇمكىن. دەل مۇشۇنداق پەيتتە، ئۆز دەۋرىنىڭ ئويد-
غاق، سەزگۈر، يىراقنى كۆرەر دانىشمەن، ۋىجدانلىق كىشىلىرى
ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەل - يۇرتنىڭ خانىۋەيران بولۇپ، خەلقنىڭ
ئاچ - يالىڭاچ مەھكۇملۇقتا قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ بىر
چەتتە قاراپ تۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇنداق ئالا-

ھىدە شارائىتتا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر دانىشمەن ئىلىم ئىگىلىرى ئۆز خەلقى، ۋەتىنىگە بولغان يۈكسەك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېسىل ئالىيجاناب كىشىلىك خاراكتېرى ۋە ئەخ- لاقىي گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تارىخ سەھنىسىگە چىققان. ئۇلار شەخسنىڭ پۈتۈن مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ پايدا مەنپەئىتىنى بىرلەشتۈرۈپ قاراش، ئايرىم شەخستىن كوللېكتىپقىچە دۆلەت بىلەن خەلقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قاراش، ئۇنى ئاساس قىلىش، كوللېكتىپ ۋە دۆلەت قايغۇسىغا ئورتاقلىشىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى- غا ئۆزىنى بېغىشلاش، شۇ ئارقىلىق ئۆز مىللىتى ۋە خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت مەقسەت ئىرادىسىنى تىكلىگەن ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرى پۈتۈن ھاياتىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى بېغىشلىغان. بۇ ئىدىيىنى بىلگە قاغان ۋە يوللۇق تىگىنلەر كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

مەن روناق تاپقان خەلق ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم، بەلكى يې- گىلى ئېشى يوق، كىيگىلى كىيىمى يوق، يوقسۇل بىچارە خەلق- نىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. ئىنىم كۆلتېگىن بىلەن سۆزلەش- تۇق. ئاتام، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ نام - ئابرۇيى- نىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى ئۈچۈن، تۈنلىرى (خاتىرجەم) ئۇخلىمىدىم. كۈندۈزلىرى (خاتىرجەم) ئولتۇرمى- دىم. ئىنىم كۆلتېگىن بىلەن بىللە ئۆلەر - تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم. ئاشۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ خەلقنى ئىناق قىلدىم. مەن خاقانلىققا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا، ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەت- كەن خەلق ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي پىيادە يېلىڭ - يالىڭاچ ھالدا قايتىپ كەلدى. خەلقنى باقاي دەپ شىمالدا ئوغۇزلار، شەرقتە قىتان، تاتابى خەلقى تەرەپكە، جەنۇبتا تابغاچقا زور قو- شۇننى باشلاپ ئون ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلدىم. ئاندىن تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەختىم - تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈزدۈم. يالىڭاچ خەلقنى

تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم. ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم، كۈچلۈك دۆلىتى بار، كۈچلۈك خاقانى بار خەلقلەردىنمۇ ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم.

كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى بىلەن بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى[1]دا قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن سوغدى، قارلۇق، ئوغۇز ۋە توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلەر، زىددىيەت ۋە پايدا - مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى بىر قەدەر تەپسىلىي سۆزلەنگەن. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا: «توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى. جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋە ئىچىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە دۈشمەن بولدى.» دېسە، بىلگە قاغان ئىچكى جېدەل - ماجىرالار تۈپەيلىدىن ھەر تەرەپكە چېچىلغان خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇش، بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت قۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلەردە ئىنىسى كۆلتېگىننىڭ تۆھپىسىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

«كۆلتېگىن بولمىغان بولسا، ھەممىڭلار ئۆلگەن بولاتتىڭلار، ئىنىم كۆلتېگىن قازا تاپتى. ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم، كۆرەر كۆزۈم كۆرمەستەك بولدى، ئەقىل - ھوشۇمدىن ئاداشقاندەك بولدۇم. ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم، زامان، تەڭرى ياشايدۇ (ئۆلمەيدۇ)، ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن. شۇنداق ئويلىدىم. كۆزۈمگە ياش كەلسە ئۆزۈمنى باستىم. مەن چەكسىز ھەسرەتلەندىم.»

بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ دۆلەتنى مۇستەھكەملەش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش جەريانىدىكى جاپا - مۇشەققەت، رىيازەتلىرى، شۇنداقلا دۆلەت، خەلق تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قوشقان

---

① بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوخشاش بىر جايدىن تېپىلغان. ئۇ مىلادىيە 735 - يىلى، يەنى بىلگە قاغان ۋاپاتىدىن بىر يىل كېيىن قەبرە ئالدىغا ئورنىتىلغان.

تۆھپىسى توغرىسىدا پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ:
«نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قارايدۇ. مۇشۇنداق
كۆپ خەلقنى مەن ئۇيۇشتۇردۇم. ئەمدى ئۇلارغا يامانلىق يوق.
تــۈرك خەلقى ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرۇۋەرسە ئەلدە مۇڭ ـ قايغۇ
بولمايدۇ. مەن شۇنچە كۆپ جايغا قوشۇن تارتىپ باردىم. ئۆتۈ-
كەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن. ئەلنى ئىدارە قىلى-
دىغان جاي ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن.»
قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ئەل ئەتمىش قۇتلۇق
بىلگە قاغان (مويۇنچۇر) VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئورقۇن ـ
سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىق شەھىرىنى بىنا قىلغان[1]. كې-
يىنكى چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى بوگۇ قاغان ئۆتۈكەن ۋادىسىدا بوگۇ
قاغان بالىق، ئـوردۇ بـالىق ۋە نـۇرغـۇن سـارايلارنى بىنا قىل-
غان[2]. شۇنىڭدەك ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدىمۇ
بىر قانچە «خانبالىق»[3] لارنى قۇرغان. قەدىمكى ئۇيغۇر خانلى-
ـقىـنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر بايانچۇر ( I ) مەڭگۇ تېشىدا[4]
بايانچۇر (مويۇنچۇرمۇ دېيىلىدۇ) قاغانىنىڭ ئۆتۈكەن ۋادىسىدا
ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش پائالىيىتى
بايان قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىكچى-
لىك، چارۋىچىلىق پائالىيىتى ۋە سىياسىي ئىشلىرىدا ھالقىلىق
ئورۇن تۇتقان. ئوت ـ چۆپلىرى مول، سۇلىرى ئەلۋەك، ھاۋاسى
سالقىن ۋە نەم ئۆتۈكەن ۋادىلىرىدا ئەل قۇرۇپ خەلقنى خاتىر-
جەم، تىنچ تۇرمۇشقا ئىگە قىلىپ، چـارۋىچـىلىق ۋە ئـىجتـىما-
ئـىي ئـىگىلـىكـىنى راۋاجـلاندۇرغـانلـىقى مـۇنداق بايان قى-

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»، 225 ـ 226 ـ جىلد، «يېڭى تاڭنامە.
ئۇيغۇرلار» 111 ـ جىلد.
② «دوسان موڭغۇل تارىخى»، I ـ توم 181 ـ بەت، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 37 ـ
جىلد.
③ ۋاڭ يەندى: «قوچۇغا ئەلچىلىك خاتىرىسى»، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى».
④ بۇ مەڭگۇ تاش 1909 ـ يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستىن تەرىپىدىن موڭغۇلىيىنىڭ
سېـلىنگا دەرياسى بىلەن شىنە ئۇسۇ كۆلى ئەتراپىدىن تېپىلغان. 759 ـ يىل قەبرە ئالدىغا
تىكلەنگەن.

لىنغان:

«يولۋاس يىلى (759 - يىلى) ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا تەز بېشىدا قاسار قوردان [1] ئوردىسىنى ياساتتىم. ئوردا تېمى ياساتتىم. يازدا شۇ يەردە يازلىدىم. زېمىنىنىڭ چېگراسىنى بەلگىلەپ چىقتىم. ئۇ يەردە بەلگەمنى، پۈتۈگۈمنى ئويدۇردۇم. ئەجدىھا يىلى (752 - يىلى) ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرسىدا سوغۇز باسقان [2] (دېگەن) مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربىدە ياباش [3] (ۋە) توقۇش قوشۇلىدىغان جايدا يازلىدىم. ئۇ يەردە ئوردا سالدۇردۇم. ئوردا تېمى ياساتتىم. مەن مىڭ يىللىق، تۈمەن كۈنلۈك (مەڭگۈلۈك مەنىسىدە) پۈتۈك ۋە بەلگەمنى يېسى تاشقا يازدۇردۇم.»

مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دەپنە ئەنئەنىسى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلار بار. ئۇلار بۇ مەزگىلدە ھايات - ئۆلۈمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. بولۇپمۇ ئۆلۈمنى تولىمۇ ھەيۋەتلىك ھەم سىرلىق چۈشەنگەن. كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىدىكى «تەڭرى، زامان ياشايدۇ. (ئۆلمەيدۇ) ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن» دېگەن بىر جۈملە سۆزدىن ئۇلارنىڭ ھايات - ئۆلۈمنى تەبىئىي جەريان دەپ چۈشەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۆلۈم ۋە دەپنە مەدەنىيىتى ھەققىدە جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى. تۈركلەر تەزكىرىسى بىلەن «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئۆلۈم - يېتىم ئىش-لىرىدا كالا - ئات ئۆلتۈرۈپ نەزىر - چىراغ قىلاتتى. بارگاھنى يەتتە قېتىم ئايلىناتتى. ھەتتا يۈزىنى پىچاق بىلەن تىلىپ قان - ياش ئاققۇزۇپ يىغلايتتى.» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا ئاتىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا ئىسرىق-

---

[1] قاسار قوردان— قاسار ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى دېيىلىدۇ. قوردان - بەزىلەر خوتەننىڭ قەدىمكى تۈركچە ئاتىلىشى دەپ تەخمىن قىلىشىدۇ.

[2] سوغۇز باسقان - جاي نامى.

[3] ياباش، توقۇش - جاي نامى.

دان، ئېپار، سەندەل ياغىچى كەلتۈرۈپ ناھايىتى چوڭ داغدۇغى-
لىق ماتەم تۇتىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر چېچىنى كېسىپ،
قۇلىقىنى تىلىپ ھازا تۇتىدۇ دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات خەنزۇچە
تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. بۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە بۇ دەۋردە تۈرك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پادىشاھ،
بەگلەر، سەركەردىلەر ئۇرۇشتا ئۆلسە، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى
مەدھىيىلەش ئۈچۈن بويسۇندۇرغان دۈشمەن سەركەردە ياكى بەگ-
لەرنىڭ قىياپىتى چۈشۈرۈلگەن تاش ھەيكەللەرنى ياساپ ئۇنى
قەبرە ئالدىغا تىكلىگەن، بۇنى بالبال دەپ ئاتاشقان. يەنە بەزىدە
ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ قىياپىتىمۇ بالبال قىلىپ تىكلەن-
گەن. بۇنداق تاش ئارقىلىق ئۇ قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئۆلۈمگە
بولغان قايغۇرۇش، سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى، ئۇلارغا بولغان
چوقۇنۇش ۋە مەدھىيىسىنى بىلدۈرمەكچى بولغان. بۇ مەلۇم
مەنىدىن ئۇلارنىڭ ئۆلۈمگە بولغان بىر خىل چۈشەنچىسىنى كۆر-
سىتىپ بېرىدۇ.

دېمەك، قەدىمكى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
قۇرغۇچىلىرى ئۆز دەۋرىدە دۆلەت ۋە خەلق تەقدىرىگە قاتتىق
قايغۇرغان ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلغان قەھرىمانلاردۇر.
ئۇلار ئۆز زامانىسىنىڭ پادىشاھ، بەگلىرى، سىياسىئون، دىپلو-
ماتلىرى، شۇنداقلا يەنە ئىلىم ئەھلىلىرى بولۇش سۈپىتىدە،
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پىسخىك قىياپىتى ھەققىدە ئويلانغان،
ئۇنىڭغا ئېچىنغان، قايغۇرغان ھەمدە ئۇلۇغ بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن
ئۆلۈم ھەم بەختسىزلىكنى بەختكە ئايلاندۇرۇش يولىدا ئۆزلىرىنى
ئومۇمغا بېغىشلىغان. شەخس ئۆزىنى كوللېكتىپقا بېغىشلاش
ئارقىلىق خەلق ۋە دۆلەت بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەت ۋە كۈلپەتنى
يوقىتىش، جەمئىيەت ئىشلىرى ۋە سىياسىي ئىشلارغا ئىشتىراك
قىلىپ، شەخسنىڭ ئەخلاق ۋە خاراكتېرىنى چېنىقتۇرۇش ھەم
ھاياتلىق قىممىتىنى يارىتىش مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ ئى-
دىيە قىممىتىدۇر. بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارى-

خىدا كوللېكتىپ ئېڭى بىلەن شەخس ئېڭى ئىنتايىن زىددىيەت-لىك توقۇنۇشقان دەۋر مۇشۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېغىر كرى-زىسقا دۇچ كەلگەن، ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئەڭ كۈچەيگەن دەۋردۇر. مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا يۇقىرى بەدىئىي ئۇبرازغا ئايلاندۇرۇپ تەسۋىرلەنگەن تۇنيۇقۇق، بىلگە قاغان، كۆلتىگىن، بايانچۇر قاغان قاتارلىق تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ ئا-زاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم ۋەھىمە تۇيغۇسى ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ بىر-لىككە كەلگەن قۇدرەتلىك سىياسىي ھاكىمىيەت بەرپا قىلىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارزۇسىنىڭ خىيالىي چۈش دەرىجىسىدە توختاپ قالماي، ئەمەلىي كۈرەشلەردە رېئاللىققا ئاي-لاندۇرۇلۇشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي نەمۇنىلىرى ئەنە شۇ ئىدىيە ۋە ھېسسىيات بىلەن ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى نامايان قىلىپ بەردى.

## 3. مەۋجۇتلۇق ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى ۋە قەھرىمانلىق روھىغا سىغىنىش

قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، تارى-خىي ئەھۋالى، پسىخىكا ئاڭ تەرەققىياتى ۋە دىنىي، مەدەنىي ئۆزگىرىشلىرىگە يارىشا، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى يورۇتۇلغان ئەسەرلەر بۇددا، مانى دىنلىرىنىڭ ئالەم، ھاياتلىق ۋە ئىنسان ھەققىدىكى دىنىي تەلىماتى ھەم ئىدىيىلىرى ئاساسىدا، شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقى، زېمىن- خەلق مۇقەددەسلى-كى بىلەن بىر خىل قەھرىمانلىق روھىنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەنىدى.

«چىستانى ئىلىك بەگ» ① ۋە «ئىككى تىگىن رىۋايىتى» دەل قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىۋى ھاياتىدا تەبىئەت، جەمئى-

---

① «چىستانى ئىلىك بەگ» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى گېرمانىيىنىڭ تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا.

يەت بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنىڭ زىددىيىتىنى ھەمدە تۇپراق ـ زېمىن ھەققىدىكى تۇپ مەۋجۇتلۇق ئېڭى بىلەن قەھرىمانلىق روھىنى يۈكسەك دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈۋەتكەن تەسىرلىك نەمۇنىلەردۇر.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن «چىستانى ئىلىك بەگ» ① قىسسىسىدە، ئۇچايان بالىق شەھىرىدىكى جىن ـ ئالۋاستىلار، ۋەھشىي دىۋىلەر بىلەن ۋابا كېسەللىكىگە ئۆزى يالغۇز قارشى كۈرەش قىلغان بۇدساتۋا نەسلىدىن بولغان چىستانى ئىلىك بەگنىڭ خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئەجەللىك بالايىئاپەتلەرنى يىلتىزىدىن يوقىتىپ، ئۆز شەھىرىدىكى خەلقنى ئۆلۈم ـ ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەسەردىكى ئىلىك بەگ ئوبرازى ئۆز خەلقى ئۈچۈن جان پىدا ئەيلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە قاتتىق قايغۇرىدىغان قەبىلىۋى مىللىي قەھرىمان. ئۇ ئۆز شەھىرىدە خەلقنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ، ئۇچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يۆگىۋالغان جىنلارنى كۆرۈپ قاتتىق قايغۇرىدۇ. بۇ جىنلارنىڭ ئەپتى شۇنچىلىك دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئۇلار قوللىرىدا نەيزە ـ بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، تاغدەك ئېگىز گەۋدىلىرىنى چىقىرىشىپ، زەھەرلىك يىلانلار بىلەن گەۋدىلىرىنى بېزەپ ھەربىر كوچىدا قاتىراپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار بۇ شەھەرنىڭ تىنچلىقى، شەھەر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مەنپەئەتىگە ئېغىر تەھدىت كۈچ بولۇپ، ھالاكەت ۋە ئۆلۈمدىن دېرەك بېرەتتى. چىستانى ئىلىك بەگ غەزەپ بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

«ھەي جىنلار، ماڭا تېز جاۋاب بېرىڭلار، مېنىڭ شەھىرىمدىكى خەلقنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈسىلەر، بۇ شەھەرگە كىرىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتنى سىلەرگە كىم بەردى؟ مېنىڭ بۇ ئۆتكۈر قىلىچىمنى كۆرۈڭلار، تېنىڭلارنى چېپىپ پارچە ـ پارچە قىلىپ

① ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن» تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

تاشلايمەن. شەھىرىمنىڭ مۇشۇنداق بەختسىز ئەھۋالىنى كۆرۈپ زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.» ئۇ شۇنداق دەپلا دېۋىلەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. ھېكايىدە بۇ جەڭ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ھەم ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. چىستانى ئىلىك بەگنىڭ سۈرلۈكلۈ- كى، مەردانە- جەسۇرلۇقى ئالدىدا جىن- ئالۋاستىلار قورقىنىد- دىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىدۇ ۋە مۇنداق دەپ يالۋۇرىدۇ:

«ھەي ئىنسانلارنىڭ ئارىسلانى، پادىشاھلار ۋە بەگلەرنىڭ بەخت تەڭرىسى، (بىزگە) مېھرىبانلىق قىلىپ نىيىتىڭدىن ياند- غىن، چۈنكى سەن بىزنى ئۆلتۈرسەڭ، سېنىڭ شەھىرىڭدىكى ئاپەت يەنىلا تۈگىمەيدۇ. شۇڭا بىزنىڭ جېنىمىزغا رەھىم قىلىپ بىزگە ياردەم قىلغىن!» چىستانى ئىلىك بەگ ئۆز شەھىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە ھالاكەت يىلتىزىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇش ئۈچۈن داۋاملىق جىن- ئالۋاستىلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ، ئەڭ ئاخىرى جىنلارنى بىر- بىرلەپ يوقىتى- دۇ. جىن- ئالۋاستىلار تۈرلۈك شەكىلدە ئۆزگىرىۋالغان ياكى ئۇنى ناخشا- مۇزىكىلارغا ئەسىر قىلىپ گۈزەللەرنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈنۈپ ئازدۇرماقچى بولغان ھالەتتىمۇ، چىستانى ئىلىك بەگ يەنىلا جىنلارنى تونۇۋېلىپ يوق قىلىدۇ. ئاخىر بىر توپ يامان جىنلار بىلەن ئېلىشقاندا، ھورمۇزتا تەڭرىنىڭ چىتراۋىرى ئاتلىق ئوغلى تەڭرىلىك تونىنى بېلىگە يۆگىگەن پېتى چىستانى ئىلىك بەگنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇنى قوغدايدۇ. مائىترى بۇدساتۋا ياشو مائىترى بۇدساتۋا بىلەن ئاسمان يولىدا مېڭىپ كېلىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«چىستانى ئىلىك بەگ تىرىشقانلىقى، كۆڭلى (ۋە) يۈرىكى- نى ئالماستەك (قاتتىق) قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز ھەممىمىزنى يېڭىپ بىزدىن ئىلگىرى بورخان بەختىگە ئېرىشىدىغان بولدى. ئازراقمۇ تىنماستىن بوشاشمايدىغان ئىرادە بىلەن قىلىدىغان ئى-

شنى ئورۇندىدى. ھېرىپ ـ چارچاپ توختاپ قالمىدى. ئۆز جېنىدىن كېچىشكە رازى بولۇپ، باشقىلارنىڭ جاپاسىنى كۆتۈرۈپ، باشقىلار ئۈچۈن ئازاب چېكىپ، دائىم باشقا جانلىقلارنى ياخشىلىققا باشلاشقا تىرىشتى، ھەرىكەت قىلدى. بۇ بەختلىك ئىنسان نېرۋان قـاپقـىـسـغا يـېقىن تۇردۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەر ـ جاھاندا بورخانلىق كۈن تەڭرى ئۆرلەپ چىقىدۇ. يۇقىرىدا تەڭرى (مەدەت بەرگەچكە)، تۆۋەندىكى ئىنسان (ۋە) جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.»

بۇ ئەمەلىيەتتە زەردۇشتىزمنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دىكى ياخشىلىق، يورۇقلۇق، بەخت ئىلاھى ئاھورمازدا بىلەن قاراڭغۇلۇق، بەختسىزلىك ئىلاھى ئانخىرامايىنو ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ كۈرەشتە ياخشىلىق، يورۇقلۇق، گۈزەللىك مەنبەسى ھامان قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت ۋە رەزىللىكتىن غالىب كېلىدۇ. «چىستانى ئىلىك بەگ» داستانىدا ھور مۇزتا تەڭرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشى بىزنىڭچە سۈرىت، ئوبراز ۋە ئىدىيە جەھەتتە زەردۇشتىزم، مانىزم ئىدىيىلىرى بىلەن مۇئەييەن تارىخىي باغلىنىشى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چىستانى ئىلىك بەگ داستانىدا دېيىلىۋاتقان يەر ـ جاھاندا بورخانلىق كۈن تەڭرى ئۆرلەپ چىقىدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ھالاكەت، قاراڭغۇلۇق، ئۆلۈمنىڭ يوقىلىپ ھاياتلىق، گۈللىنىشنىڭ داۋام قىلىشىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. مەشھۇر ئېستېتىكچى مانامۇر: «بىر ئادەم قانچىلىك ئازاب چەكسە ياكى ئازابنى كۆتۈرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولسا، ئۇ تېخىمۇ ئادىمىيلىككە، ئىلاھىيلىققا، يەنى ھەقىقىي ماھىيەتكە ئىگە بولالايدۇ.» ① دەپ كۆرسەتكەنىدى. داستان قەھرىمانى چىستانى ئىلىك بەگنىڭ جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن جان تىكىپ ئاخىرىغىچە ئېلىشىشى، تېنىم تاپماي

---

① مانامور: «ھايات تراگېدىيىسى ئېڭى»، خەنزۇچە 112 ـ بەت.

جاپا - رىيازەتكە ئۆزىنى بېغىشلىشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆز
تۇپرىقىغا، خەلقىغە بولغان ئوتلۇق مېھىر - مۇھەببەت، تەقدىر-
داشلىق تۇيغۇسى ھەمدە مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇھىم قىممىتىنى تونۇ-
غانلىقىنىڭ نەتىجىسى. چىستانى ئىلىك بەگ شەھىرى ئېغىر
قىسمەتكە دۇچ كەلگەندە، خەلق ئازاب، جەبىر - جاپا چېكىۋاتقان-
دا، بارلىق ياۋۇزلۇق ھالاكەت كۈچلىرىگە زەربە بېرىدۇ. رەزىل-
لىك، زۇلمەت ۋە خۇنۇكلۇكنى يوقىتىدۇ. ئۇ ھەققانىيەتكە،
ئادالەتكە، يورۇقلۇققا ھامى بولغانلىقتىن، تەڭرىلەر ئەڭ مۇش-
كۈل پەيتتە ئۇنى قوغدايدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېك-
تىپ كۈچ - قۇدرىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ھاياتلىق ئىرادىسى ۋە قەھرىمانلىق روھىنى بەدىئىي
ھالدا نامايان قىلىپ بەرگەن. بۇ ئەسەرنىڭ يۇقىرى پەلسەپە -
ئېستېتىك قىممىتىمۇ دەل ئەنە شۇ يەردە.

شەخس ئاڭ بىلەن كوللېكتىپ ئاڭنى بىرلەشتۈرۈپ،
شەخس مەنپەئىتىنى كوللېكتىپ ئىشلىرىغا بويسۇندۇرۇپ، دۆ-
لەت ۋە خەلقىنى ئازاب ھەم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇشقا مەردانىلىك
بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ئىپادىلىگەن يەنە بىر تەسىرلىك
ھېكايە «ئىككى تىگىن رىۋايىتى» ① دۇر. بۇ ھېكايىنىڭ قىسقى-
چە ۋەقەلىكى مۇنداق:

بىر كۈنى ئاق نىيەت تىگىن شەھەر سىرتىغا سەيلىگە چىققان-
دا بىر مۈنچە تېرىقچىلارنىڭ قۇرۇق يەرنى ھەيدەپ، سۇغىرىپ،
نەم يەرلەرنى تېرىۋاتقانلىقىنى، قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ تۆمەنلىگەن
جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل جاپا-
لارنى تارتىۋاتقانلىقىنى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھايۋانلارنى
ئۆلتۈرۈپ، قانلىرىنى ئېقىتىپ، تېرىسىنى سويۇپ، گۆشلىرىنى
سېتىپ ئۆزلىرىنى بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئازابلانغان

---

① بۇ ھېكايىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى فرانسىيىلىك پېللوت 1907 - 1908 - يىللىرى دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەردىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن.

هالدا شەھەرگە قايتىپ كىرىدۇ. سۆيۈملۈك كىچىك ئوغۇل تە-گىنىنىڭ بۇنچە غەم - قايغۇغا چۆككەنلىكىنى كۆرگەن دادىسى ماھارىت ئىلىگ ئوغلىدىن: «ئامراق ئوغلۇم، نېمە ئۈچۈن ھەس-رەت چېكىپ قايتىپ كەلدىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

«بۇ نېمىدېگەن ئازابلىق دۇنيا! نېمىشقىمۇ تۇغۇلۇپ قال-غاندىمەن!» دەيدۇ. دادىسى ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنچىۋالا ھەسرەت چېكىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ دادىسىغا ئۆزى تاشقىرى-دا كۆرگەن جانلىقلار بىلەن دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. دادىسى ئوغلىغا يەر - جاھان يارالغاندىن بېرى بايمۇ - گادايمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا قايغۇ - ئازابمۇ تەبىئىي ھالدا بار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئاقى-ۋەتتىن قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ نەسىھەت قىلغاندا، ئۇ دادىسىنى خەلققە ياردەم قىلىپ ئۇلارنىڭ جەبىر - جاپاسىنى، ئازاب - قايغۇلىرىنى يەڭگىللىتىشكە ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. دادىسى ئەقىللىق پەرزەنتىنىڭ سۆزىنى يەردە قويال-ماي، ئوردىدىكى بارلىق مال - مۈلۈكنى نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. خەزىنە قۇرۇقدالغاندىن كېيىن ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي مۇستەقىل ھەرىكەتلىنىپ خەلققە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن كىشىلەردىن باي بولۇشنىڭ يولىنى سورايدۇ. ئاخىر نوم بىلىدىغان بىر كىشىنىڭ: «كىمىكى مال - دۇنيا تېپىش ئۈچۈن دېڭىزغا كىرىپ كۆڭلىدىكى ئارزۇسىنى قاندۇ-رۇشنى ئويلىسا، بىباھا چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى تاپسا، يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ.» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، دادىسىنى دېڭىزغا كىرىشكە تەسلىكتە ماقۇل كەلتۈرىدۇ. قارا نىيەت تىگىن ئۇنىڭ چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى تېپىپ كەلسە تېخىمۇ زور ئۇتۇق قازىنىدىغانلىقىدىن ھەسەت قىلىپ بىللە بېرىشنى ئېيتىپ ئاتىسىغا يېلىنىدۇ ۋە ئىجازەت

ئالغاندىن كېيىن بىللە باردۇ. ئەمما دېڭىزغا ئاق نىيەت تىگىن ئۆزى يالغۇز كىرىپ، مىڭ بىر جەبىر - جاپادا چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى تېپىپ ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا دېڭىز بويىدا كۈتۈپ قالغان قارا نىيەت تىگىن كۆڭلىدە، ئەگەر ئاكىسى بۇنى ئېلىپ بارسا قەدىرى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ ۋە ئاكىسى ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىككى تال قومۇش تىكەننى قىيىپ ئاكىسىنىڭ كۆزىگە سانچىۋېتىپ، ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ دۆلىتىگە قېچىپ كېتىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا پەرىشتە ئاق نىيەت تىگىننى قۇتۇلدۇرۇپ ئادەملەر ئارىسىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. قارا نىيەت تىگىن دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئەھۋالنى يالغان مەلۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن پادىشاھ قاتتىق ھەسرەت چېكىپ يىغلايدۇ ھەم قارا نىيەت تىگىندىن گۇمانلىنىپ ئوغلىنىڭ خەۋىرى كەلگۈچە ئۇنى زىنداندا يېتىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاق نىيەت تىگىن ئىنىسىنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن كۆزى قارىغۇ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما پەرىشتىلەر ئۇنى قۇتقۇزۇپ شەھەرگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ. دالىدا كېتىۋاتقىنىدا بىر توپ كالا پادىسى ئىچىدىن بىر بۇقا كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىدىكى تىكەننى ئېلىۋېتىدۇ. ئاق نىيەت تىگىن بولسا قېيىناتىسىنىڭ شەھىرىگە بېرىپ قالىدۇ. ئۇنى بىر پادىچى باقىدۇ، كېيىن ئۇ يەردىن ئوردا باغۋىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ كوڭخۇ چېلىپ بېرىپ، يۈزدىن ئارتۇق تىلەمچىنى باقىدۇ. گەرچە ئاق نىيەت تىگىن ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ تىلەمچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆز ئېلىنىڭ بەختسىز ھالىنى، خەلقىنىڭ جاپا - مۇشەققىتىنى، ئازابلىرىنى باشتىن - ئاخىر ئويلايدۇ ۋە يەڭگىللىتىدۇ. «چىستانى ئېلىك بەگ» قىسسىسى بىلەن «ئىككى تىگىن رىۋايىتى» نىڭ سۇژىت، ئوبراز ۋە ئىدىيىسىدىن قارىغاندا، تۇپراق - زېمىن ۋە مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىگە مەركەزلى-

شىپ ئىدىيىللاشتۇرۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. چىستانى ئىلىك بەگ رەزىل جىن ـ يەكلەر، دىۋىلەرگە ۋە ئەجەللىك ۋاباغا قارشى يالغۇز جەڭ قىلىدۇ. داستاندا ئۇ «ئىلىك بەگ» [1] نامىدا ئۇيغۇر كوللېكتىپ (قەبىلىسى) نىڭ قەھرىمانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى جىن ـ دىۋە، ئالۋاستىلارغىمۇ ھالاكەت ـ ئۆلۈم ۋەكىلى سۈپىتىدە كوللېكتىپ خاراكتېرى بېرىلگەن. ئاق نىيەت تىگىنمۇ ئۆز دۆلىتىدىكى جانلىقلار ۋە ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدۇ. بىرمۇنچە جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ ھەم ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزىدۇ.

تەبىئەت ئاجايىپ ـ غارايىپ ھادىسىلەر ۋە سىرلىق كۈچلەرگە تولغان، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتى تەھدىت، خەۋپ ۋە ئېلىشىش ئىچىدە كېپىللىك ئىزدەيدىغان مۇھىتتا قەبىلە ۋە جامائەتنىڭ يۇقىرىقىدەك قەھرىمان شەخسلىرى بولمىسا ياكى يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاھ قىياپەتلىك ئەپسانىۋى شەخسلەر بولمىسا بولمايتتى. خەلقنىڭ ئېڭى، تەجرىبىسى ئاددىي شارائىتتا شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ ئىرادىسى بىلەن كۈچ ـ قۇدرىتى ئىدىيىللاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرىقىدەك بەدىئىي قەھرىمانلىرىنى يارىتاتتى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «تەبىئەت ئۈستىدىن قازانغان دەسلەپكى غەلىبىلىرى خەلقتە ئۆزى بىلەن پەخىرلىنىش سېزىمى، غەلىبە قازىنىش خاھىشىنى قوزغىدى ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرىنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق قىلدى» [2]. چىستانى ئىلىك بەگ ۋە ئاق نىيەت تىگىن ئوبرازى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە ۋەكىللىك قىلغان ئىدىيىئال قەھرىمان بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن، كوللېكتىپنىڭ ھەققانىي ياخشى ئىشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ دىنىنىڭ تۈپ ھاياتلىق پرىن-

---

① ئىلىك بەگ — يىراق قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشمىسىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

② م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا». 75 ـ بەت، ئۇيغۇرچە.

سىپلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار ھەر ئىككىسى جانلىقلار ۋە ھاياتنى قۇتقۇزۇشتەك ساۋابلىق ئىشلارغا ئۆزلىرىنى بېغىشلىغاچقا، ھەرقانداق توسالغۇ، خەۋپ-خەتەرگە ئۆزلىرى يالغۇز تاقابىل تۇرالايدىغان ئىلاھىي كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا، ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتىگە شەخسنىڭ ئازابى ۋە كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇناسىۋىتى بويىچە قارىساق مۇنداق بىر نۇقتا ئايدىڭلىشىدۇ: ئادەتتە، ئايرىم شەخسنىڭ باشقىلار بىلەن بىۋاستە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ياكى توقۇنۇشى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىك، ھالاكەت، تەھدىت، ۋەھىمە «مەن»نىڭ پسىخىك دۇنياسىغا تەسىر قىلىپ تەشۋىشلەندۈرىدۇ. خۇددى قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەرب پەيلاسوپى لوكرېتىئوس ئېيتقاندەك: «كىشىلىك ھاياتتا ئىككى پرىنسىپ بار. بىرىنچى پرىنسىپ بىزنى ئۆزىمىزنىڭ بەختىنى ھەمدە ئۆزىمىزنى قوغداشقا قىزغىنلىق بىلەن ئېتىبار قىلدۇرىدۇ. ئىككىنچى پرىنسىپ بولسا بىزنى ھەرقانداق باشقا بىر شەيئىنى كۆرگەندە، يەنى بىز بىلەن ئوخشاش ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان، رىيازەت چېكىۋاتقان مەۋجۇتلۇق شەكلىنى كۆرگەندە تەبىئىي ھالدا بىزنى ئازابلاندۇرىدۇ.»① ئەدەبىي ئەسەردىكى دۆلەت، جەمئىيەت، خەلق تۇرمۇشى ھەققىدە چوڭقۇر قايغۇرىدىغان بەدىئىي قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى ۋە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ئىدىيە ھېسسىياتىمۇ كۈچلۈك ئازاب ئېڭى ئىچىدە يارىتىلىدۇ. چىستانى ئىلىك بەگ ۋە ئاق نىيەت تىگىننىڭ ئۆز تۇپرىقى، خەلقنى مۇقەددەس دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئازابلىنىپ، بىرمۇنچە رىيازەت، ئوڭۇشسىزلىقلار، ھەتتا تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە ئۇچرىشى مەلۇم مەنىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى غېرىبسىنىش، ئازاب ۋە ئويلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شەخسىي ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى، مېھىر-شەپقەت، ۋاپادارلىق، ھاياتلىققا كۆيۈنۈش، كوللېكتىپ ئىرادىسى

① روسسو: «ئىنسانىيەت باراۋەرسىزلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 34-بەت، خەنزۇچە.

ھەم مەۋجۇتلۇق روھىنىڭ يۈزلىنىشىنى ماھىيەتلىك گەۋدىلەندۈ-
رۈپ بەرگەن. چۈنكى «ئادەمنىڭ شەخسىي مەۋجۇدىيىتىدىكى
تاسادىپىي پاكىتنى پەقەت ئىجتىمائىي ئىدىيىلا تارىخىي زۆرۈر-
يەت دەرىجىسىگە يەتكۈزەلەيدۇ. شەخسىي مەۋجۇدىيەتنى پەقەت
ئىجتىمائىي ئىدىيىلا گۈزەللەشتۈرەلەيدۇ ۋە شەخسكە كوللېكتىپ-
نىڭ غەيرىتىنى سىڭدۈرۈپ، شەخسىي مەۋجۇدىيەتكە مۇكەممەل
ئىجادىي ماھىيەت بېغىشلىيالايدۇ.» [1] روشەنكى، بۇ ئىككى
ئەسەردىكى پېرسوناژ شەخسنىڭ ئايرىم ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى
ھەقىقىي ئىنسانلىقنى، شۇنداقلا ئىلاھىي سىمۋوللۇق ماھىيىتى
ئارقىلىق كوللېكتىپنىڭ ماھىيىتى، ئىرادىسى، كۈچ - قۇدرى-
تىنى يۈكسەك دەرىجىدە تراگېدىيىلىك يۈكسەكلىك، نەپىسلىككە
ئىگە قىلىپ، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇپ گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.
بىر كوللېكتىپ ياكى خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان
قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ھايات يولى ۋە مەقسەتكە يېتىشى تولىمۇ
ئەگرى - توقاي ۋە مۈشكۈل. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەنە شۇنداق
قەھرىمانلارنىڭ روھىنى پەقەت توسقۇنلۇق، كۈرەش، بەدەل تۆ-
لەش، ھەتتا ئۆلۈم ئارقىلىق تېپىكلەشتۈرۈپ، كوللېكتىپنىڭ
مەۋجۇتلۇق ئېڭى، جاسارىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رىدۇ. بىز تەھلىل قىلغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى، ئوبرازى
ۋە ئىدىيىسىنىڭ يۈكسەك تراگېدىيىلىك، ئېستېتىكىلىق جەلپ-
دارلىقى ۋە قىممىتى دەل ئاشۇ روھنى تەۋسىيە قىلغانلىقىدىن
ئىبارەت.

## 4. رىيازەتلىك دۇنيا ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىش

قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ھەربىر باس-
قۇچىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە كىشىلىك ھايات قىم-

[1] م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، 108 - بەت، ئۇيغۇرچە.

مەت ئېقىنى تەكىتلەپ كەلگەن. مۇبادا بىز ئۇنى قەدىمكى مە-
سىرلىقلارنىڭ سەنئىتىدىكى مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەلپۈنۈش ۋە
گرېك - يۇنان سەنئىتىدىكى ساددا ئىنسان تەبىئىتى چۈشەنچىلى-
رىگە سېلىشتۇرساق، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئېپتىدائىي
تەسۋىرىي سەنئىتى ياكى قەدىمكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر يازما
ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدە بولسۇن، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلى-
رىنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەلپۈنۈش چۈشەنچىلىرى بىلەن شەخ-
سىي ئەخلاقىي تاكامۇللۇق ئارقىلىق رىيازەتلىك دۇنيادا مەڭگۇ-
لۈك قىممەت قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بىرخىل «ھالقىش» نى ئىپا-
دىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز.
قوچۇ خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتا بارلىققا كەلگەن كۆپلى-
گەن ئەسەرلەردە ئىنسان ۋە ھاياتلىق ماھىيىتى، مەنزىل ۋە
تەقدىر، روھ ۋە روھ ئۆلمەسلىك، روھ بىلەن تەن، ئۆتكۈنچى
(پانىي) دۇنيادىكى ھاياتتىن ئەبەدىي (باقىي) ھاياتقا يۈزلە-
نىش، روھنىڭ تىرىلىپ مەڭگۇ ياشىشى، جەننەت ياكى دوزاخ
دېگەندەك چۈشەنچىلەر نۇقتىلىق ئىدىيە ئاساسى قىلىنغان. رىيا-
زەتلىك دۇنيا ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ قەرەلسىز، ئۆتكۈنچى ماھىيە-
تىنى ھەقىقىي تونۇپ، شەخس ئىرادە ۋە ئەخلاقنى تاۋلاپ،
جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ساۋابلىق ئىشلار ئارقىلىق ئازاب ۋە
ئۆلۈمدىن خالىي غايىۋى دۇنيادىكى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش-
تىن ئىبارەت بۇ ئالىي مەنزىل ماھىيەتتە بۇددا ۋە مانى دىنلىرى-
نىڭ تەلىماتى ئاساسىدىكى بىرخىل «ھالقىش» روھىنىڭ ئىپادى-
لىنىشى ئىدى، خالاس.
بۇددا دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرلەردە ھىندىس-
تاندا بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيادا ئىلگىرى بار
بولغان براھمان، يەھۇدىي، شامانىزم، مازدائىزم، زەردۇشتىزم
قاتارلىق دىنىي ئېتىقادلارنىڭ ھاياتلىق ۋە روھ ھەققىدىكى دىنىي
پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ، خېلى سىستې-

مىلىق دىنىي پەلسەپۋى ئىدىيە تەلىماتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى بولغان ساكيامونى «جىمى تىرىكلەرگە مېھرىبان، ئالەمگە يېتەكچى، ئۇ ھەم ئاشكارا، ھەم يوشۇرۇن، ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتىغا ئىشەنگۈچىلەر ئۆلۈش - تىرىلىش دېگەنلەردىن خالىي تۇرىدۇ» ① دەپ قارىغانلىقتىن، بۇددا دىنىدا رىيازەت چېكىش ئىنسانغا زۆرۈر ۋە پايدىلىق، سەۋر - چىدام ئىتائەتچانلىق مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئاساسى، بۇ يولدا ھاياتىنى تەقدىم قىلىش مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇددىستلارنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك دۇنياسى پانىي (ئۆتكۈنچى، ۋاقىتلىق دۇنيا) بولۇپ، ئۆلگەندە باقىي (مەڭگۈلۈك) دۇنياغا يېتىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھايات پەقەت ئۇ دۇنيا ئۈچۈن تەييارلىنىش، تەڭرىنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈش، شۇڭا تەن مەڭگۈلۈك ئەمەس، بۇ دۇنيادىكى ھاياتنىڭمۇ ئەبەدىيلىكى يوق، پەقەت روھلا مەڭگۈلۈك. شۇڭا بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، يۈكسەك ئىرادە تۇرغۇزۇپ، پايدىسىز دۇنيا ۋە شەخسىي تەننى تاشلاپ، ئۇ دۇنيادىكى گۈزەل غايىۋى ھاياتقا يېتىش كېرەك. تارىخنىڭ بەزى چاغلىرىدا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار بۇددا دىنىنىڭ بۇ كۆز قارىشىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنى قۇل قىلغان، ئىتائەتچانلىقنى، تەقدىرچىلىكنى تەرغىب قىلىپ، كىشىلىك ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىككە ئىنتىلىش ھەرىكىتىنى چەكلىگەن. بۇ تەرەپنى ئەلۋەتتە نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنى نوملىرى، ئۆزلەشتۈرمە ياكى تەقلىدىي ئىجادىيەت بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ دۇنيا،

---

① «سامىستو ئاچارى: «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، خەنزۇچە.

ئىنسان، هايات ـ ئۆلۈم ۋە روھىيەت ھەققىدىكى تۈپ كۆز قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە «ئالتۇن يارۇق»، «سامستۇ ئاچارنىڭ تەرجىمىھالى»، «مايتىر سىمىت» قاتارلىقلار داڭلىق بولۇپ، «ئالتۇن يارۇق» [1] نىڭ بىر قىسمى بولغان «ماخاساتۋى تىگىن ۋە چىشى يولۋاس ھېكايىسى» بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىپىك بۇددىزم پەلسەپە قاراشلىرىنى، تەن ـ روھ چۈشەنچىلىرى ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەلپۈنۈشتەك دىنىي ھالقىش ئېڭىنى تەسىرلىك ۋە مۇكەممەل قۇرۇلما ئىچىدە سۈرەتلەپ بەرگەن ئەسەردۇر. ھېكايىدە ئۈچ شاھزادە ئوتتۇرىسىدا ھاياتلىق، ئۆلۈم، تەن ۋە روھنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرە مۇنداق قانات يايىدۇ:

چامبۇدىۋىپ دېگەن بىر دۆلەتتە ماخارادى ئاتلىق بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئەتراپىدىكى يەر ـ زېمىننى بويسۇندۇرغان ئەقىللىق، قەھرىمان ھەم باي كىشى ئىكەن. دائىم نوم قانۇنى بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، پۇقرالىرىنى كۆپەيتكەن ھەم تىنچ ـ ئاسايىشلىق جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىكەن. ئۇنىڭ چوڭ خانىشىدىن ماخابالى، ماخادىۋى ۋە ماخاساتۋى ئاتلىق چىرايلىق ئوماق ئۈچ ئوغلى بولغان. بىر كۈنى ماخارادى خان ئۈچ ئوغلى بىلەن ئورمانلىققا سەيلىگە چىقىدۇ. ئايلىنىپ يۈرۈپ سەيلە ئاخىرلىشاي دېگەندە، ئۈچ شاھزادە گۈل ـ چېچەك يىغىش ئۈچۈن دادىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇلار يېڭىلا كۈچۈكلىگەن بىر چىشى يولۋاسنى كۆرىدۇ. يولۋاسنىڭ يەتتە كۈچۈكى بىلەن بىللە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئاجىزلاپ، ئورۇقلاپ ئۆلەر ھالغا بېرىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. چوڭ تىگىن بۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ: «بۇ-

[1] «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى 1909 ـ 1911 ـ يىللىرى رۇس ئالىمى مالوپ گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن ناھىيىسى تەۋەسىدىن تاپقان. ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەرنى بەشبالىقلىق تەرجىمان سىڭقۇسەلى ھىندى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان.

نىڭدىنمۇ ئارتۇق بىچارە جانلىق بارمۇ؟» دېگەندە، ماخاساتۋى
تىگىن ئاكىسىدىن بۇ ھايۋاننىڭ نېمىنى ئوزۇق قىلىدىغانلىقىنى
سورايدۇ. ئاكىسى ئۇنىڭغا بارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقى
ئىسسىق گۆش ۋە قان ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ چاغدا ئوتتۇرا-
چى ئاكىسى ئويلانمايلا: بىزدىن باشقا كىممۇ ئۇنىڭغا كېرەكلىك
ئوزۇق بولالىسۇن؟ بۇ بىچارە جانىۋار ئۇچۇن جاندىن كېچىپ
بۇنىڭ ھاياتىنى ئۇزارتىش مۇمكىنمۇ؟ دەيدۇ. ماخاساتۋى تىگىن
بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھال-
سىزلىنىپ ئۆلەر ھالدا ياتقان يولۋاسنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا
ئىچ ئاغرىتىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئېيتقاندا، چوڭ تىگىن ئوتتۇ-
رانچى ئىنىسىگە: ھەي ئىنىم، دۇنيادا ئەڭ قىيىن ئىش ئادەم-
نىڭ ئۆز جېنىدىن ۋاز كېچىشىدۇر دەيدۇ. بۇ سۆز مەلۇم مەنىدە
ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ ماھىيىتىگە بېرىلگەن ھۆكۈمدۇر. ئۇ تارىخ
تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان. ئادەم ھاياتلىقنى سۆيىدۇ،
ياشاشقا ئىنتىلىدۇ. تەن ۋە روھنىڭ تىرىكلىكى، يەنى بۇ ھايات-
لىق ئادەم ئۇچۇن پەقەتلا بىر قېتىم كېلىدىغان قىممەتلىك
سوۋغا، ئۆلۈم ھېچكىمنى شادلاندۇرمايدۇ، ھېچكىم ئۆلۈمگە
ئىنتىلمەيدۇ، بەلكى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورقىدۇ، قانداق قى-
لىپ ھاياتنى ساقلاش ۋە ئۇزارتىش يولىنى ئىزدەيدۇ. مانا بۇ
ئىنساننىڭ تەبىئىيتى ھەم ئۆلۈمگە بولغان پوزىتسىيىسى. لې-
كىن ھېكايىدىكى ماخاساتۋى تىگىن بولسا پۈتۈنلەي ئۇنداق قاراپ
كەتمەيدۇ. ئۇ بۇددا دىنىنىڭ تۈپ دۇنيا قارىشى ۋە تەلىماتىغا
ۋەكىللىك قىلىدىغان شەخس بولۇپ، ھاياتلىق ۋە جانلىقلارنى
قۇتقۇزۇش ئۇچۇن مۇۋاپىق پۇرسەتتە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە، بۇددا-
نىڭ مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشىش يولىدا شەخسىي
تەننى كېرەكسىز ئورۇنغا قويۇشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ چوڭ
ئاكىسىنىڭ سۆزىگە جاۋاب قايتۇرۇپ: «ھەي ئاكىلىرىمەي! بىز
ھەمىشە ئۆزىمىزنىڭ جېنىمىز ۋە تېنىمىزگە ئېسىلىۋالىمىز،

يېپىشىۋالىمىز، شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ باشقىلارغا پايدا ـ مەنپە-
ئەت يەتكۈزىدىغان ئەقىل ـ پاراسەتلىك كۆزىمىز يوقاپ كەتكەنمۇ؟
پەقەت ياخشى، ئۇلۇغ، مېھرىبان، كۆڭۈللۈك، بەختلىك ئىن-
سانلارلا ئۆز تېنىدىن ۋاز كېچىپ جانلىقلارغا پايدا ـ مەنپەئەت
يەتكۈزەلەيدۇ» دەيدۇ. قويۇق بۇددا ئەقىدىسىگە ئىگە ماخاساتۋى
ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇنيادا بىر ئۆمۈر رىيازەت چېكىپ، ئاخىر
ئۆلۈمگە يۈزلىنىش تولىمۇ مەنىسىز ۋە ئازابلىق ئىش ئىدى. ئۇ
مۇشۇ ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە تەننى كېرەكسىز ئورۇنغا قويۇپ جېنى-
دىن كەچمەكچى بولغاندا، كۆڭلىدە يەنە: «مېنىڭ بۇ تېنىم يۈز
مىڭ ئاۋۇندىن بۇيان كېرەكسىز ۋە پايدىسىز بولۇپ، كۆپ قېتىم
بۇزۇلدى، پايدىسىز بولۇپ ھېچقانداق پايدا ـ مەنپەئەت كەلتۈر-
مىدى. نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق كېرەكلىك، ئىش-
لىتىدىغان ئورۇن تېپىپ، بۇنداق سېسىق، كېرەكسىز تېنىمنى
خۇددى يىرىڭلىق يارىنى سىققاندەك تىتىپ تاشلاپ، بۇ بىچارە
ئاچ يولۋاسقا ياردەم قىلمايمەن.» دېگەنلەرنى ئويلايدۇ.

بۇ، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە قەدىر ـ
قىممىتى ھەققىدىكى تونۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىنسان ئالەم-
گە كۆز ئاچقاندىن تارتىپلا بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ،
جەبىر ـ جاپا تارتىدۇ، ئاخىرىدا ئۆلىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ ئىنساننىڭ
تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈشىنىڭ ئازابلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ
ھاياتتا بىر ئۆمۈر رىيازەت چېكىپ، ئاخىرى ئۆلۈمگە يۈز تۇتۇش
دۇنيا يارىلىشىنىڭ ئازابلىقى بولۇپ تۇيۇلىدۇ ـ دە، تەننىڭ كې-
رەكسىزلىك ئېڭىنى پەيدا قىلىدۇ. ماخاساتۋى تىگىن مۇشۇنداق
ئويلاپ ئۆز تېنىنى ئاچ يولۋاسقا تەقدىم قىلىپ، تۇغۇلۇش ـ
ئۆلۈشتىن ھالقىغان مەنزىلگە يەتمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئاكىلىرىنى ماڭغۇزۇۋېتىپ، يولۋاسنىڭ ئالدىغا كېلىپ يېشىنى-
ۋاتقاچ كۆڭلىدە يەنە: «مەن ئەزەلدىن سېسىق قان ـ يىرىڭلىق،
خۇشاللىقى يوق قەدىرسىز يىرگىنچلىك تېنىمگە ئىشەندىم ...

(لېكىن) خاراب بولماق، بۇزۇلماق قانۇنىيەت بولغانلىقى ئۈ-
چۈن، ھەممىسى داۋاملىق بۇزۇلدى، خاراب بولدى. (شۇنداقتى-
مۇ) مەن يەنىلا بۇ تېنىمنى ئاسراپ، ئاياپ خاراب قىلغىلى
ئۇنىمىدىم. ھەرقانچە ياخشى كۈتكەن بولسامۇ، ياۋۇز دۈشمەن-
نىڭ قانۇنىيىتى بويىچە مېنى قايتىدىن تاشلىۋېتىپ، خۇشاللىق-
سىز، نەتىجىسىز قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىش كېرەككى، تەن
مۇستەھكەم نەرسە ئەمەس. ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇ پايدىسىز ھەم
يامان دۈشمەندەك قورقۇنۇچلۇقتۇر. (كىشىنى) سەسكەندۈرد-
دىغان مەينەتلىكى بىلەن تۇتسا (ئۇنىڭ) مەينەتلىكى قىغ دۆۋ-
سىدەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئەمدى بۇ تېنىمنى ئىشلىتىپ
ھەيران قالارلىق ئۇلۇغ ئىش قىلاي، سانسارلىق دېڭىزى ئىچىدە
سال ـ كېمە بولاي، تۇغۇلماق ـ ئۆلمەكنىڭ ئازابلىق قاينىمىدىن
تاشقىرىغا تارتىپ چىقىراي.» دەپ ئويلاپ قەتئىي ئىرادىگە كېلى-
دۇ. ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىغا كېلىپ كىيىملىرىنى يېشىپ قاتتىق
ئاۋاز بىلەن: «مەن ئەمدى سانسارا① دىكى پۈتۈن جانلىقلار ئۈچۈن
يۈكسەك ئۈستۈنلۈكتىكى بورھان ئالىيلىرىنىڭ ئۈمىدى بىلەن
تەۋرەنمەس ـ چېچىلماس ئۇلۇغ مېھرىبان كۆڭۈل تۇرغۇزۇپ،
ئۆزۈمنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئامراق تېنىمنى تىتىپ تاش-
لايمەن ... ئۈچ خىل دۇنيادىكى جانلىقلارنى ئازاب دېڭىزىدىن
يۇقىرىغا تارتىپ چىقىرىپ، خاتىرجەم خۇشال قىلاي.» دەپ
يولۋاسنىڭ ئالدىدا يېتىپ بىر قومۇشنى گېلىغا سانجىپ قېنىنى
ئاققۇزىدۇ. ئۇنىڭ قېنى ئېقىشى بىلەن تەڭ قوڭۇر يەر قاتتىق
تەۋرەپ كېتىدۇ. قاتتىق بوران چىقىپ سۇلار چايقىلىپ، ئاسمان-
دىكى كۈن قاراڭغۇلىشىپ، تۆت ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ.
كۆك ئاسماندىن تەڭرىنىڭ ئىپاردەك خۇشبۇي گۈل چېچەكلىرى
ياغىدۇ. دەل بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشلەردىن ئاكىلىرى ئىنىسى-

① سانسارا — بۇددا دىنىدا بۇ دۇنيا ھايات ـ ئۆلۈمنىڭ قايناملىق ئازاب دېڭىزى ئىچىدە
دەپ قارايدۇ. قەدىمكى ھىندى تىلىدا ئايلىنىش، قاينام مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

نىڭ ئۆز تېنىنى تىتىپ بەرگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ ئارقىسىغا
يېنىپ بېرىپ ئەھۋالنى كۆرىدۇ. ئۇكىسىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى
قۇچاقلاپ ھازا ئاچىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خانىش، پادى-
شاھ ۋە خىزمەتچىلەرمۇ قاتتىق ئازابلىنىدۇ.

بۇ ھېكايىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇ قانداقتۇر نوقۇل
بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قىلىدىغان تەرجىمە دىنىي نوم
بولماستىن، بەلكى روشەن تېما، ئوبراز ۋە سۇژېتلىق، مۇكەم-
مەل قۇرۇلمىلىق، ئىجادىي قايتا ئىشلەنگەن ئەدەبىي ئەسەر.
ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىدىن تەھدىت -
ۋەھىمە ھېس قىلىش، تەبىئەت ۋە ئۆلۈم ھادىسىلىرىنى سىرلىق-
لاشتۇرۇش، تەن ۋە روھ قارىشى، ئۆلۈمنى ھەيۋەتلىك، سىرلىق
ماھىيەت دەپ قاراش، ئاتا - بالا، دوست - يارانلاردىن ئايرىلىش،
ئىنسان تېنىگە باغلانغان ئازاب ھېسسىياتى قاتارلىق كۆپ خىل
ئىدىيە، ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغىنىۋات-
قان شەخس ئېڭى، مەۋجۇتلۇق ھەققىدىكى ھالقىش ئىدىيىسىنى
ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئازاب — سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتقا قارىتا
ھېسسىي بىلىش ۋە ئەقلىي كۈچىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. ئەدەبى-
يات - سەنئەت ئەسىرى سۇبيېكتنىڭ دۇنيانى ھېسسىي جەھەت-
تىن تونۇش، ئوبيېكتقا بولغان گۇمانىي قاراشنى ئىسپاتلاش
جەريانىدىكى ئازابلىق ھېسسىيات ۋە ئۇنىڭ شەكلىنى گەۋدىلەندۇ-
رىدۇ. يەنى ئازابلانغان سۇبيېكت (ئوبراز) نىڭ ئوبيېكت (دۇن-
يا، رېئاللىق ۋە ھادىسىلەر) بىلەن بولغان ھېسسىي بىلىشنى
ئىنكار قىلىش ھۆكۈمىدە بىر خىل ھەسرەت، قانائەتلەنمەسلىك،
مۇشكۇلات يوشۇرۇنغان بولۇپ، سۇبيېكتنىڭ تۇرمۇشىدىكى ۋا-
قىتلىق تاسادىپىي ماسلىشىشچانلىق ھەم كۆرۈنۈشتىكى مۇكەم-
مەللىكتىن ئۆتۈپ، ئىچكى قىسمىدىكى ماھىيەتلىك ماسلىشال-
ماسلىق، زىددىيەت ۋە تۇراقسىزلىقنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. گېرما-
نىيە پەيلاسوپى گېگېل ئۆزىنىڭ «ئېستېتىكا» ناملىق ئەسىرىدە:

« بارلىق تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكى شەيئىلەرنىڭ هاياتى باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل مەۋجۇتلۇق بولالمايدۇ. هاياتلىق ئىنكار قىلىش بىلەن ئىنكارنى ئىنكار قىلىش شەكلىدىكى ئازاب بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. پەقەت قارشىلىششش ۋە زىددىيەتنى يوقىتىش ئارقىلىقلا هايات ئۆزىنىڭ ئەسلىي مۇئەييەنلىكىگە ئېرىشىدۇ. پەقەت ئىنكار قىلىش ئازابىلا ئادەمنى ئويغىتىپ ئالغا يېتەكلەيدۇ. » ① دەپ يازغانىدى. ماخاساتۋى تىگېن ئېڭىدا دۇنيانى ۋە ياشاشنى ئازاب دەپ قارايدۇ. ئادەم ۋە ئۇنىڭ هاياتى پەقەت ۋاقىتلىق، كۆرۈنۈشتىكى ماسلىشىش ۋە مۇكەممەللىك، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى بولسا تۇراقسىز، مۇكەممەلسىز. شۇڭا، ئۇنىڭچە تۇغۇلماق، ئۆلمەك ۋە ياشىماقنىڭ هەممىسى بىر خىل ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىۋېرىدىغان رىيازەت. ئۈزلۈكسىز ئازاب، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى. بۇ ئۆتكۈنچى، كېرەكسىز چىرىيدىغان تەن ۋە ئۆلۈشتىن ئىبارەت قورقۇنۇچلۇق دۈشمەننى يېڭىش، جانلىقلار ۋە هاياتلىقنى قۇتقۇزۇشتەك ياخشى ساۋابلىق قىلىقلار ئارقىلىق هەر ئىككى دۇنيادىكى تۇغۇلۇش ۋە ئۆلمەكنىڭ ئازابلىق قايىنىمىدىن قۇتۇلۇپ، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان غايىۋى مەنزىلگە — روهىي نىرۋانغا يېتىش كېرەك.

بۇددا دىنىنىڭ هاياتلىق تەقدىرى هەققىدىكى تۈپ كۆز قارىشى «دۇنيا ئازابتۇر» دېگەن ئاڭدىن كەلگەن. قەدىمكى براهمان دىنىدا، ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روهى هايات ۋاقتىدا قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرى هەم ئىجتىمائىي ئورنىغا قاراپ ئادەم ياكى غەيرىي مەخلۇق شەكلىدە قايتا تۇغۇلىدۇ. قايتا تۇغۇلغان چاغدا تارتىدىغان جاپا ـ مۇشەققەت ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا بولۇپ، بۇنداق قايتا تۇغۇلۇش ئاياغلاشمايدۇ دەپ قارالغان. براهمان دىنىدا خىرىستىئان دىنىدىكى جەننەت ۋە دوزاخ چۈشەنچە-

---

① گېگېل: «ئېستېتىكا»، سودا نەشرىياتى، 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

سى بولمىغان. مانى شاھزادىلىكتىن كېچىپ تۆۋەن تەبىقىدە
ئازاب ـ ئوقۇبەتنى كۆپ تارتقانلىقتىن، ئۇ «دۇنيا ئازابتۇر»،
ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى تەكرار تۇغۇلماقتىن قۇتۇلۇش ئۇ-
چۇن، ئۆز روھىنى مەڭگۈ يوقالمايدىغان ۋە قايتا تۇغۇلۇش (سان-
سارا) دىن ئازاد قىلىپ، مۇقەددەس نىرۋانا[①] غا قايتىش كې-
رەك» دەپ قارىغان. ساكيامونى سادىغارت بولسا ھاكىمىيەت ۋە
ھاياتلىقنىڭ ئۆزى بىر ئازاب ـ ئوقۇبەت. ئۇنىڭ يىلتىزى ئادەم-
لەرنىڭ نەپسى ـ ھەۋەسلىرى، ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
نەپسى ـ ھەۋەسنى تاشلاپ، بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىش،
راھىبلىق، زاھىدلىق يولىنى تۇتۇپ جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش،
ساۋاب ئىزدەش كېرەك دەپ قارايدۇ. دېمەك، بۇددا تەلىماتى
بويىچە ئىنساننىڭ رىيازەت چېكىشى زۆرۈر ۋە پايدىلىق،
سەۋر ـ تاقەت ۋە ئىتائەتچانلىق مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ئانىسى،
ئۆزىنى بۇ يولغا قۇربان قىلىش — چەكسىز بەخت ـ سائادەتكە
ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ئالىيجاناب شەرەپلىك ئۇسۇلى دەپ قارال-
غان[②]. بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا (قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئۇلۇغ كۆ-
لۈڭگۈ، يەنى چوڭ ھارۋىلىقلار دېيىلىدۇ) مەزھىپىدە تۇغۇلۇش،
ياشاش ۋە ئۆلۈشمۇ، ئۆتمۈش، بۈگۈن ۋە كېلەچەكمۇ ئازاب ـ
ئوقۇبەت، تەن مەڭگۈلۈك نەرسە ئەمەس دەپ، ئەكسىچە روھىي
ھاياتنى بەكرەك تەكىتلىگەن. خۇددى فروئىد «ئۆلۈم ئىپتىدائىي
دەۋر ئادەملىرىدە كۆرۈلگەن چۈشىنىكسىز تېپىشماق بولۇپ،
ئۇنى ئويلاشقا مەجبۇرلىغان ھادىسە تۇپەيلىدىن، ئۇ بارلىق مۇلا-
ھىزىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا ئايلاندى.»[③] دەپ ئېيتقىنىدەك،
قەدىمكىلەرنىڭ ھايات، ئۆلۈم، تەن ۋە روھقا تۇتقان پوزىتسىيە-

---

① نىرۋان — بۇددا دىنىدا ھايات ـ ئۆلۈمدىن خالىي بولغان مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ھەققىدىكى خىيال.

② شىرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 74 ـ بەت.

③ فروئىد: «ئىجادىيەت قۇدرىتى ۋە ئاڭسىزلىق»، يۇزلىنىش نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 225 ـ بەت. خەنزۇچە.

سى دىن، پەلسەپە، دۇنيا قاراش، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ باش تېمىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. «دىنىي ھېسسىيات بىلەن ئوبرازنىڭ بىرلەشتۇرۇلۇشى ئادەمنىڭ دىنىي ئېھتىياجىنى ئىپادىلەپلا قالماي، بەلكى يەنە ئادەمنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياج - تەلىپىنىمۇ ئىپادىلىگەن.»[①] قەدىمكى ئوتتۇرا ئە-سىرلەردىكى باشقا ئەسەرلەرگە ئوخشاش، ئالتۇن يارۇق ۋە ئۇنىڭ بىر بۆلىكى بولغان «ماخاساتۋى تىگىن ۋە چىشى يولۋاس ھېكايە-سى»مۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى ھېسسىياتى بىلەن سۇغۇرۇلغان پەلسەپە - ئېستېتىك ئىدىيىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە ئۆتكەن كۇ-سەنلىك مەشھۇر بۇددا ئالىمى كومىراجىۋا ئۆزىنىڭ رىسالە ۋە شېئىرىي ئەسەرلىرىدە بۇددا دىنى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى خېلى چوڭقۇر شەرھلىگەن. ئۇ ھاياتنى «راۋاجلىنىش جەريانى، تۇغۇ-لۇش - ئۆلۈش بولسا ساختا مەۋجۇتلۇق، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈم بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، ئالەم ئۆزى ئۆلۈم خىلۋىتى ئىچىدە»[②] دەپ قارىغان.

بىز يۇقىرىدىكى تەھلىللىرىمىزدە قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئازاب ئىچى ۋە ھايات - ئۆلۈم تېمىلىرىدا ئىپادىلەنگەن دىنىي، پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر ھەم ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى شەرھلەپ ئۆتتۇق. بۇ ئىدىيىلەر ئۇي-غۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئۆزگىرىشلىرى جەريانى-دا ماھىيەتلىك پەلسەپە - ئېستېتىك ئاڭ سۈپىتىدە ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى تەشكىل قىلغان. گەرچە ئۇ مەلۇم دەرىجىدە ئاددىي، قوپال ۋە ساددىلىقتىن خالىي بولمىسىمۇ، ئېتىقاد، تارىخىي ۋە پسىخىك خاراكتېر ئامىللىرى تۈپەيلىدىن شەخس

---

① ي. ئا. كىرۋېلوف : «دىن تارىخى»، خەنزۇچە 34 - بەت.

② «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئېڭىنىڭ تېخى تولۇق ئازاد بولمىغانلىقىنى ئىپادىلىسىمۇ، ئەمما ئازاب، ئۈمىدسىزلىك، زۇلمەت، مەغلۇبىيەتنىڭ ئۆزى غەلىبىنىڭ ئاساسى، ئۇلۇغ ئويلىنىشنىڭ داۋاملىشىشى ئىدى. كىمكى ھاياتتا مەغلۇبىيەتكە ئەسىر بولۇپ قالسا، ئۇ غەلىبىگە يۈزلىنەلمەيدۇ. ھاياتتا ئىنسان ھامان غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆلۈم، تەھدىت ـ تەشۋىش، ۋەھىمىگە بەرداشلىق بېرىشى، تەن ـ روھنىڭ ئاجرىلىشىغا رازى بولۇشى، ھاياتلىققا قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلىشى كېرەك. بۇ ئىدېئولوگىيىلىك ئاڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ تارىخىي بۇرۇلۇشى، دىنىي، سىياسىي ئۆزگىرىشى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە كىرىشىگە ئەگىشىپ چوڭقۇرلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

# بەشىنچى باب

# قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدا خەلق مەركەزچىلىك ئىدىيىسى، شەرقچە غايىۋى دۆلەت ۋە ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكى

## 1. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ روھىي ئەنئەنىسى ۋە ئازاب ئېڭىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى

ئەدەبىياتنىڭ ئىنسان ئېڭىنى ئىپادىلىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىغان ئازاب ئېڭى بىلەن ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرىمۇ تارىخىي ھالدا چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ ھەمدە ئىنسان روھىيىتىنى ئەڭ ئىنچىكە سۈرەتلەپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىيات ئادەمنىڭ پەلسەپىۋى ئېڭىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، مۇئەييەن بىر دەۋردىكى خەلقنىڭ ھاياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر ۋە ماھىيەتلىك نامايان قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، يىراق تارىخ مۇساپىلىرىنى بېسىپ كەلگەن ئەدەبىياتتا ئۆزىدىن بۇرۇنقى زامانلاردا يارىتىلغان تېما، ئوبراز، دېتاللار كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بىر خىل ھاياتىي كۈچ ۋە ئەنئەنە سۈپىتىدە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ قەدىمكى ئەدەبىيات روھى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ ئەدەبىياتتا ئويغىنىش ۋە چوڭقۇرلىششى بو-

لۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تارىخ قارشىلىق، توقۇنۇش، ئۇرۇش، قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش، قىساس، سۆيگۈ ۋە ئۆلۈم ... قاتارلىق بىر قاتار مۇرەككەپ جەريانلارنى بويلاپ ئالغا سىلجىيدۇ. بۇ جەرياندا بارلىققا كەلگەن بىرەر خىل ئىجتىمائىي ئۇتوپىيە ئەركىنلىك ۋە بەخت ـ سائادەتكە تەشنالىق بىلەن ئىنتىلگەن مىللەتنىڭ قايغۇسىغا كۈچلۈك روھىي تەسەللى بولىدۇ، ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن خەلقنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە يول باشلاش رولىنى ئادا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە بىر قېتىملىق تارىخىي تاللاشقا دۇچ كەلگەن ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىچكى ئارازلىقلار، ھەر خىل گۇرۇھ ـ تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش توقۇنۇشى، قىرغىنچىلىق ۋە تەبىئىي بالايىئاپەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەشكىلاتى ۋە دۆلەت ئۇلىنى يىمىرىپ تاشلىغانىدى. مىلادىيە 840 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىدا يۈز بەرگەن زور تارىخىي پاجىئەدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىر نەچچە يول بويىچە غەربكە كەڭ كۆلەمدە كۆچۈپ، تارىم ۋادىسىدا ياشاۋاتقان قان ـ قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمال ۋە شەرقىي بوستانلىق ۋادىلىرىدا قاراخانىيلار دۆلىتى ۋە قۇچۇ ـ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىدىن ئەدەبىيات شەكىللىرىگىچە بۇددا دىنى، مانى دىنى ئەقىدىسى ۋە دۇنيا قاراشلىرى ئاساسىدىكى ئازاب ئېڭى بىلەن ھايات ـ ئۆلۈم چۈشەنچىسىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كەلدى. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىيىتىدىكى ئازاب ئېڭى بىلەن ھايات ـ ئۆلۈم تېمىسى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپە ئىدىيىسىدىن پەرقلىق ھالدا ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس قويۇق ئىسلام دىنى پەلسەپىۋى قارىشى

ۋە شەرق مۇسۇلمان مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بىر
خىل پەلسەپىۋى ئاڭ ۋە ئەدەبىيات روھى ھېسابلىنىدۇ. قاراخا-
نىيلار دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ تا XIX ئەسىرلەرگىچە بولغان
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئەخلاقىي ئېستېتىك قاراشلى-
رى، پەلسەپىۋى تەپەككۇرى بۇ دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات ئىدىيىسى-
نىڭ مەزمۇن يادروسىنى تەشكىل قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر
جەمئىيىتىنىڭ دىن، مەدەنىيەت، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي قىممەت
قاراشلىرىنىڭ مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىقلىقى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى
ئىجتىمائىي رېئاللىقا ياكى غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇنقى تۇرمۇشقا
ئوخشىمايدىغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسىدۇر. يېڭى سىياسىي تۈزۈل-
مە، يېڭى دىنىي مەدەنىيەت شارائىتى ۋە يېڭىچە ئىجتىمائىي
ھاياتنىڭ جىددىي رېئاللىقى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئازاب
ئېڭىنى سىڭدۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇي-
غۇرلار بۇ دەۋرلەردە ئۇچرىغان بېسىم، توسقۇنلۇقلار، ئىجتىما-
ئىي كۈرەشلەر، دىنىي ئاڭ بىلەن ئەخلاق ئېڭىنىڭ رېئاللىق
بىلەن چىقىشالماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر ئازاب - ئوقۇبەتلەر
بىلەن ھايات - ئۆلۈمگە بولغان تونۇش - باھاسى ھەم چۈشەنچىلى-
رىنىمۇ ئۆزگەرتتى، جۈملىدىن مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. ئەلىشىر
نەۋائىي دەۋرىگە قەدەر، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شەرقچە غايىۋى
دۆلەت ئۇتوپىيىسى، «ئادىل شاھ» غايىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن
خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسى ئىسلام دىنى ئىدېئولوگى-
يىسىدىكى باقىي ئالەم مەڭگۈلۈك ئېڭى بىلەن ئۆزئارا توقۇنۇش-
تى. شۇڭا ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات - ئۆلۈم
پەلسەپە قاراشلىرىدىكى پانىي دۇنيا بىلەن باقىي دۇنيا ئوتتۇرىسى-
دىكى تېڭىرقاشتەك زىددىيەتلىك ھالەتنى پەيدا قىلدى.

چاغاتاي دەۋرىدىن باشلاپ سەككاكى، ئاتايى قاتارلىقلارنىڭ
مۇھەببەت غەزەللىرىدىن موللا بىلال نازىمىنىڭ «نۇزۇگۇم»،
«غازات دەر مۇلكى چىن»، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستان-

لىرىغا قەدەر ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ئەگرى ـ توقاي، ئېچىنىشلىق رېئاللىقىنى ئاساس قىلىپ ئازاب ئېغى ۋە ئۆلۈم تېمىسى ئۆزىنىڭ ئەسلىي كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئىپادىلەپ، مەۋجۇتلۇقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، جاسارىتى ۋە ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى نامايان قىلىپ بەردى. مۇھەببەت ۋە ئۆلۈم تېمىسى بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رېئاللىققا، خەلققە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى، بەدىئىيلىك ۋە ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن چوڭقۇرلىشىپ ئىنقىلابىي ئىنسانكارلىق ھەم مىللىي روھنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئېستېتىك ۋە بەدىئىي قىممىتىنى ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تېما، سۇژىت، ئوبرازلار كلاسسىك ئىجادىيەتنىڭ بەدىئىي تىپلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يۈكسەك ئېستېتىك گۈزەللىك ۋە ئېستېتىك قىممەتنى ئىپادىلىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسى بولغان نەۋائىنىڭ «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن»، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا»، موللا بىلالنىڭ «نۇزۇگۇم»غا ئوخشاش كۈچلۈك مۇھەببەت تراگېدىيىسى، شۇنداقلا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز»، ھىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» قاتارلىق سىمۋوللۇق لىرىك ئىشق داستانلىرىغىچە ئىجتىمائىي تەلەپكە، خەلق كۆرەشلىرىگە ماسلىشىپ خەلق قەلبىدىكى فېئودالىزم ۋە كونا تۈزۈمگە قارشى ئىنسانكارلىق روھىنى ئويغاتتى. شۇ يولدا كۆيۈپ ئۆز ھاياتىنى تاۋلىغان نۇرغۇن ھەقىقىي قەھرىمانلارنى، ئۇلۇغ سىمالارنى تارىخ سەھنىسىگە چىقاردى. ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك سىماسى كلاسسىكلار ئىجادىدا قايتا يارىتىلغاندا، ئۇ يەنە خەلق ئېڭىنى تەربىيىلەش رولىنى ئوينىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت روھىدىكى ئازاب ئېغى باشتىن ـ ئاخىر ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆزىنى تونۇش، چۈشىنىش، ئۈمىدۋار ۋە جۇشقۇنلۇق بىلەن ياشاشقا، ئازابنى مەنىۋى قوزغاتقۇچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ

بەخت ـ سائادەت يارىتىشقا، كىشىلىك ھاياتنىڭ يۈكسەك قىممىتىنى يارىتىشقا ئۈندەپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ياشاش پەلسەپىسىنى، ئالەم ـ تەبىئەت ـ تەڭرى ۋە ئىنسان ھەققىدىكى توپ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى چوڭقۇر ئەدەبىيات ئىدىيە سىستېمىسىغا ئايلاندۇردى.

مۇشەققەت ۋە رىيازەت ئىچىدە ئىلگىرىلەپ ھاياتلىق پۇرسىتى ئىزدەش، ھالاكەت تەھدىتى ۋە ياۋۇزلۇق ئىچىدىن مەۋجۇتلۇق يولىنى تېپىش، خېيىمخەتەر ئىچىدىن غالىبىيەتكە ئىنتىلىش پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ روھى بەخش ئەتكەن چوڭقۇر، تەسىرلىك ئىدىيە ئەنئەنىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىچكى ئاساسىي ئامىلى ئۇيغۇر مىللىي پسىخىكىسىدىكى دەۋردىن ۋە رېئاللىقتىن زارلىنىش، قاششاقلىققا، مەنىۋى بىخۇدلۇققا، تاشقى جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىق، مەھكۇملۇق، ھوقۇقسىزلىققا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى يوقىتىش يوللىرىنى تېپىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ بۇرچ ـ مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ مەنبەسى ھەم تارىخىي ئاقىۋىتىنى ياۋروپا پەيلاسوپى كىروگىنىڭ ماۋۇ سۆزى بىلەن خۇلاسىلەش مۇۋاپىق: «ياۋروپالىقلار روھىدا قاچان بىر يېڭى ئېتىقاد تۇغۇلۇپ ئۇ بېشىدىن كەچۈرگەن سان ـ ساناقسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ۋە چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەتنى ھەمدە ياۋروپا شارابى ئاستىدىكى قان تامچىلىرىدىن تارىخنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى تېپىپ چىقىپ، بۇ ئەجەللىك كېسەللىكنى يىلتىزىدىن يوقىتىمىز؟ مۇبادا ھەر تەرەپتىكى سەنئەتكارلار ئۆز پەلسەپىسىنى ھەم دىن ۋە ئەخلاقنى تەرەققىي قىلدۇرالىسا، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقىنى راۋاجلاندۇرالىسا، مانا بۇ ماھارەت، شۇنداقلا مىڭلىغان شەيئىنىڭ ئاساسى. شۇ چاغدىلا بۇ كېسەللىك گويا بىز ئىلگىرى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندەك يوقىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرى يېشىلىدۇ. ئەگەر ئۇ يېشىلمىسە، ھەم يوقالمىسا، ئەكسىچە كەلگۈسىدە ئېغىرلىشىپ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتسە،

ئۇ چاغدا ئىنسانىيەت يۈكسەكلىكتىن قۇتۇلالمايلا قالماي، بىر قېتىملىق يېڭى سىناققا دۇچ كېلىدۇ. يەنى بۇ ئۇلارنىڭ قايتىدىن ئازابلىق چىنىقىشقا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا سەنئەتكارلار يەنە ئۈزلۈكسىز ھەقىقەت ئۈچۈن كلاسسىك شەكىللەرنى قوغلىشىدۇ.»① ئازاب ئېڭىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن بىللە داۋام قىلغان ئەدەبىيات روھىي ئەنئەنىسى XX ئەسىرنىڭ 30 -، 40 - يىللىرىدىكى خەلق ئىنقىلابى ۋە مەدەنىيەت ھەرىكەتلىرىگە تۈرتكە بولغان ئىدى. بۇ يىللاردا ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، مەمتىلى توختاجى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت، ئەھمەد زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئالىملىرىمىز ۋە ئىنقىلابچىل ئەدىب - شائىرلىرىمىز ئەنە شۇ قەدىمكى ئازاب ئېڭىنىڭ تۈرتكىسىدە بىر قولىدا قەلەم، بىر قولىدا ئەلەم تۇتۇپ، فېئودالىزمنىڭ خىلمۇ خىل خۇراپىي كونا جاھىل كۈچلىرىگە، قالاقلىق، نامراتلىق ۋە ھوقۇقسىزلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىق، تەرەققىيات ۋە ھوقۇقى ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلدى. شۇنداقلا خەلقنىڭ بۇ چۇقانلىرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدە ئىپادىلەشتە يېڭى - يېڭى تېمىلار ۋە ئەدەبىي شەكىللەرگە مۇراجىئەت قىلدى.

## 2. قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدا خەلق مەركەزچىلىك ئىدىيىسى ۋە دۆلەت، خەلق تەقدىرىدىن قايغۇرۇش

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق «ئالتۇن دەۋر» نى ئاچقان قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇيغۇرلار ئورقۇن ۋادىسىدا 840 - يىلىدىكى بەختسىز تارىخىي پاجىئەدىن كېيىن تەگر-

① كىروگ: «ئېستېتىكا نەزەرىيىسى»، سودا نەشرىياتى، 1981 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 329 - بەت.

ـتاغلىرىنىڭ جەنۇب، شىمال ۋە شەرقىي بۆلەكلىرىدە قان - قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ قۇرغان خانلىقلىرىنىڭ بىرسى ئىدى.

مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى سۇلتان ساتۇق (ئابدۇلكەرىم خان) ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە پەلسەپە ئىدېئولوگىيىسى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ۋە چوڭقۇر ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. قەدىمكى گرېك - يۇنان، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى، پارس - تاجىك مەدەنىيىتى ۋە ھىندى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى قاتارلىق كۆپ خىل مەدەنىيەت، دىن ۋە پەلسەپە ئىدىيىلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇردى. خۇددى ھەر قايسى خەلقلەر ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق سودا - مەدەنىيەت ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى مۇقەررەر ھالدا مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي پىكىر، مەدەنىيەت شەكىللىرى ۋە پەلسەپە ئىدېئولوگىيىسىنى تېخىمۇ قويۇق ئۇچراشتۇرغىنىدەك، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتى ھەم ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيە تەلىماتلىرىمۇ كۆپ مەنبەلىك راۋاجلاندى[1]. شۇ ئاساستا ئىسلام پەلسەپە ئىدىيىسى بىلەن سۇغىرىلغان ئەدەبىيات - سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ دەۋر ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بۈيۈك پەيلاسوپ ئەبۇ ناسىر مۇھەممەت فارابى (870 ~ 950)، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مەھمۇد قەشقىرى (1018 ~ 1109)، دۆلەت ئەربابى، مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ

① ئىقبال تۇرسۇن: «قاراخانىيلار خانلىقى ئەدەبىياتىدا خەلق ئاساس ئىدىيىسى ۋە دۆلەت، خەلقتىن قايغۇرۇش»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1997 - يىل 3 - سانى.

خاس ھاجىپ (1009 ~ 1089)، دىداكتىك شائىر ئەھمەد يۈكنەكى (XIII ئەسىر) قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدە ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم پەلسەپىۋى تېمىسى يېڭىچە بىر دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە دۆلەت ۋە خەلق تەقدىرىگە، كىشىلىك ھايات مەسىلىلىرىگە زىچ باغلاندى. ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتلىق ئېڭى ئۆلۈمگە بولغان تۈپ پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىدى. گەرچە بۇ دەۋردىن باشلاپ ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىگە ئايلانغان بولسىمۇ، ئىسلام مەدەنىيىتى روھى ۋە ئالەم قاراشلىرىغا شامان، مانى ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ ساقىندىلىرى سىڭىپ كەتكەنىدى. مانا بۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىي دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيىتىدىكى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خۇسۇسەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرىدىكى غايە بىلەن رېئاللىقنىڭ توقۇنۇشلىرىنى ۋە زىددىيەتلىك ھالىتىنى ئىپادىلىدى. يەنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدىب ـ شائىرلىرىنىڭ شەرقچە غايىۋى دۆلەت ئۇتوپىيىسى ۋە «ئادىل شاھ» ئىستېتىك غايىسى بىلەن خەلق مەركەزچىلىك ئىدىيىسى، دۆلەت ئەدىب ـ شائىرلىرىنىڭ خەلقتىن قايغۇرۇش ھېسسىياتى بىلەن ئۆلۈمدىن ساقلانغىلى بولماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى تېڭىرقىشىدا ئىپادىلەندى[1]. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابى، مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەھمىيەتكە ئىگە پەلسەپىۋى شېئىرىي داستانى «قۇتادغۇبىلىك» نى مەركەز قىلغان ھالدا، XIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ دىداكتىك پەلسەپىۋى ئەسىرى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەت بوسۇغىسى) قاتارلىق داستانلىرىدا چوڭقۇر ئىلگىرى

---

① ئىقبال تۇرسۇن: يۇقىرىقى ماقالىسىغا قارالسۇن.

سۈرۈلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت ـ سائادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم)

XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي قىياپىتى ھەمدە ئىلغار پىكىر ئىگىلىرىنىڭ غايىسى بىلەن جەمئىيەتنىڭ رېئال زىددىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، ئىنتىلىش، ئارزۇ ۋە ئازابلىق ھېسسىيات مۇجەسسەم ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى شېئىرىي داستاندۇر. بۇ داستان ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلىك ھايات ۋە ئىنسان قەلبىنىڭ داۋالغۇشىنى ئەڭ چوڭقۇر نامايان قىلىدىغان ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرىنى كۈچلۈك ئىپادىلىگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاساسىي تېمىسى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. داستاندىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىدىيە سىمۋوللۇق تۆت چوڭ ئوبراز ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ ئوبرازلار: پادىشاھ كۈنتۇغدى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ۋەكىلى، ۋەزىر ئايتولدى بەخت ـ سائادەت ۋەكىلى، ۋەزىر ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئەقىل ـ پاراسەت ۋەكىلى، زاھىد ئودغۇرمىش ئاقىۋەت ۋە قانائەت ۋەكىلىدىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ بەدىئىي تىپلارنىڭ ھاياتى ۋە ئاقىۋىتىنى ئىدېئاللاشتۇرۇپ، ھەرقايسىسىغا ھاياتلىقنىڭ ئوخشىمىغان مەنىسى، ئىدىيىۋى خاھىشىنى يۈكلەپ، ھايات ۋە جەمئىيەت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت، داۋالغۇش، بۆلۈنۈش، سىياسىي تەپرىقچىلىق ئىچىدىكى ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قايتا يارىتىپ، بۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت يۈزلىنىشى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھايات تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قاراخانىيلار جەمئىيىتىدىكى ھەر خىل كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى توقۇنۇش ھەم رېئال مۇناسىۋەتنىڭ زىددىيەتكە تولغان ئىچكى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا،

ئـوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىسلامىيەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈلتاجىسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» قانداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە مەيدانغا كەلگەن؟

تارىخ تاسادىپىيلىق ھەم مۇقەررەرلىكنىڭ بىرلىكى. ئوخشىمىغان ئادەمگە تارىخ ھەرگىزمۇ ئوخشاش كۆرۈنمىگەندەك، جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان تەبىقىسى، سىياسىي قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئوخشاش بىر جەمئىيەتتىكى خەلق تۇرمۇشىغا بولغان تونۇشىمۇ ئـوخـشاش ئەمەس. ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇندا تۇرغان كوللىكتىپ ۋە ئۇنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى مۇتەپەككۇر، سىياسىئونلار بولسا جەمئىيەتنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى چوڭقۇر ماھىيەتلىك ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى قـاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ زېمىنى بولغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا فېئوداللىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىسلام دىـنى بۇ كەڭ تېررىتورىيىدىكى تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. «قاراخانىيلار، غەزنەۋىلەر ۋە سالجۇقىلاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈركىي مىللەتلەر قۇرغان خانلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئارىيانلارنىڭ سىياسىي كۈچىنى تولۇق سۈپۈرۈۋېتىپلا قالماي، بەلكى شۇ يەردىكى خەلقلەرنىمۇ تەدرىجىي تۈركلەشتۈردى. تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيانى مىللەت، دىن، تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە بىرلىككە يۈزلەندۇرۇپ، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغان»[1] ئىدى. قاراخانىيلار دۆلىتى سامانىيلار دۆلىتىنى بويسۇندۇرۇپ كەڭ ماۋارائۇننەھرنى ئىگىلەپ خارەزىم ۋە خۇراسان تۈركىي رايونلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، قاراخانىيلار مەدەنىيىتى تېخىمۇ گۈللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ پروگراممىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 349 ـ، 353 ـ بەتلەر.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخان يولغا قويغان سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى دۆلەت، جامائەت خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ، ھەر قايسى قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زورىيىپ، زىددىيەتلەر كۈنسېرى كەسكىنلەشتى. «قاراخانىيلار خاقانى ھەرقايسى رايونلارنى ئۆز ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ۋە قەبىلە باشلىقلىرىغا بۆلۈپ بەرگەنلىكتىن، ھەر قايسىلىرى ئۆز ئالدىغا سىياسەت يۈرگۈزۈپ ئۆزئارا زېمىن كېڭەيتىپ، ھوقۇق تالىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كىچىك خانلىقلارغا ئايلىنىۋاتاتتى. ھەرقايسى مۇستەقىل ھاكىملار ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، چېگرا ئۆزگىرىپ تۇراتتى. غەزنەۋىلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قاراخانىيلار قاتتىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈش تېزلەشكەنىدى»[1]. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇ دەۋر زىددىيەتلىرىنى سېزىپ، جەمئىيەت تەقەززاسىغا دەل توغرا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن خەلق ھاياتىنىڭ بولغۇسى ۋەيرانچىلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن ساقلاپ قېلىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، بەخت - سائادەتلىك ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. «ئوتتۇرا ئەسىرگە نىسبەتەن، تەبىقە - ئورۇن ئادەمگە قارىغاندا ئۈستۈن ئورۇندا ئىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىر ھۆكۈمرانلىق چۈشەنچىسىدە پەقەتلا ئاسماندا ئاللا، زېمىندا پادىشاھ ۋە ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىق سىنىپى بار ئىدى. جەمئىيەتمۇ ئۇلارنى ئاساس قىلىدىغان جەمئىيەت ئىدى.»[2]

مۇنداق بىر جەمئىيەتتە ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن چەكلىمىلىرى شارائىتىدا «ئادەم» نىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى، ھاياتىي كۈچى ۋە ھاياتلىقىنىڭ قىممەت

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ پروگراممىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 349 - ، 353 - بەتلەر.

② «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىش»، خەنزۇچە 103 - بەت.

نىشانى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دىنىي، سىياسىي چەكلىمىلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، خەلق مەركەزچىلىك ئىدىيىسى ئارقىلىق ھايات كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ جەھەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتتىكى ئاددىي ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قىزغىن مەدھىيىلىدى. پادىشاھ ـ بەگلەرنىڭ خەلققە كۆيۈنۈش، ئۇلارنىڭ بەختىگە قايغۇرۇش، ئۇلارنى ئويلاش ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئادەملەرنىڭ جەمئىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى تەكىتلىدى. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئاكادېمىك بارتولد ئەينى چاغدا مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ ئەسەر مۇنداقچە ئېيتقاندا، پادىشاھ، ۋەزىر قاتارلىقلارنىڭ بۇرچى ھەققىدىكى ئەسەر بولۇپ، پەند ـ نەسىھەت قەدىمدىن بېرى شەرقتە داۋاملىشىپ كەلگەن، ئۇ پارس دۇنياسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر تارىخ ياكى تەزكىرە ئىشلاردىن كەلگەن ھېكايىلەر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇئەييەن ئەخلاقىي تەلىم ـ تەربىيىنى شەرھلەيدۇ. ئەمما يۈسۈپنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىلىك خان پەقەت ھاياتنىڭ ئىستارىسى بولغان ھەققانىيەتنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى»[1]. بارتولد «قۇتادغۇبىلىك» دىكى زور ئىدىيۋى مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تاپالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاپتورنىڭ قانداق مەقسەت ئۈچۈن بۇ تىپلارنى ياراتقانلىقىدىكى سەۋەبنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» گەرچە بىر ئەدەبىي ئەسەر بولسىمۇ، ھەر خىل سىياسىي نەزەرىيە، دىداكتىك ئىدىيە، ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىن تارتىپ دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى بىر خىل دەستۇر»[2] تېخىمۇ

---

① ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، خەنزۇچە نەشرى، 139 ـ بەت.

② ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ پروگراممىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 379 ـ بەت.

مۇھىمى بۇلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادالەت، ھەققانىيەت، ئەقىل ـ پاراسەت، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى، ئېزىش ـ ئېزىلىش، تەھدىت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بولمىغان تىنچ بىرلىككە كەلگەن مۇستەھكەم، ھوقۇق مەركەزلەشكەن دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى-نى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمما بۇ ئارزۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر فېئوداللىق شارائىتىدىن ئېيتقاندا، يىمىرىلىپ ئېچىدىن ئاجراۋاتقان، ھوقۇق تاماسى، مەنپەئەت تالىشىشلىرى كۈچىيىپ كىشىلەردە «ئىمان»، «ئېھ-سان» سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان خۇنۇك مۇھىتتا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇ رېئاللىق بىلەن ئاپتورنىڭ غايىسى چىقىشالمايدۇ. ئۇ شائىر قەلبىنى قاتتىق ئازابلايدۇ:

6568. ۋاپا قەھىت بولدى، جاھانغا تولۇپ جەۋىر،
ۋاپا كىمدە باركىن مەن ئازراق تىلەيمەن.

6569. ئەگەر تاپسام ئەردى ۋاپالىق سېخى ئەر،
يۈدۈپ ئۈنى يەلكەمدە، كۆزگە سۈرەي مەن.

6574. ئىگەم ، مۇڭغا چۈمدۈم ۋاپاسىزغا ئۇچراپ،
ۋاپالىق كىم ئولسا، شېرىن جان بېرەي مەن.

6575. كىشى ئاتى قالدى، يوقالدى كىشىلىك،
قايان كەتتى كىشىلىك، كەينىدىن باراي مەن.

6576. قېدىردىم، جاھاندا كۆيۈمچان كىشى يوق،
كۆيۈمسىزگە كۆڭلۈمنى قانداق ئۇلاي مەن.

6579. كىشى كۆڭلى بىلمەككە گۆۋا ئىدى تىل،
كۆڭۈل تىل ئالا بولدى كىمگە يۆتەي مەن.

6581. بىرەي كىمگە كۆڭۈل مۇڭۇم كىمگە ئېيتاي،
مەن مۇڭلاندىم، ئەمدى بىر ئاز مۇڭ تۆكەي مەن.

6683. ئەگەر ئانت بىلەن بولسا، ئىشەنچ، ئىمىنلىك،
بۇ ئانتنى تۇتقۇچى كىم؟ ئۇنى ئەر ئاتاي مەن.

شائىرنىڭ ئاشۇنداق ئىرادىنى ئىپادىلىشى ئۇنىڭ شۇ جەمئىـ
يەت تۇرمۇشى، خەلق غېمى ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ ئىنكاسى
بولغاچقا، ئۇنىڭدا شەخسنىڭ كۈچلۈك ئازاب ئېڭى بىلەن ئۆزىنى
بېغىشلاش تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەتچانلىق روھى ئەكس ئېتىدۇ.
مەلۇمكى، خەلق مەركەزچىلىك ئىدىيىسى جەمئىيەتنىڭ ھەر تەـ
بىقىسىدىكى ئومۇمىي خەلقنى قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن،
ھوقۇق ئىمتىيازى كاپالەتكە ئىگە بولغان ئادىل، باراۋەر تىنچ
تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى مۇستەھكەمـ
لەپ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.
ئۇ خەلق مەنپەئىتىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىـ
تىدۇ. خەلق بولۇش سۈپىتىدە، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ
ئەقەللىي شەرتى ئاچ ـ يالىڭاچ قالماسلىقتىن ئىبارەت. ئۇزاق
تارىخىي جەرياندىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر نەچچە مىڭ يىلـ
لىق فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخىدىكى تۇرمۇشى يېپىق ھالەتتىـ
كى چارۋىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك ئارىلاشقان ناتۇرال ئىگىلىك
جەمئىيىتى بولۇپ، تەبىئىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تارىختا
كۆپ قېتىملىق كۆچۈش، دىنىي ئۆزگىرىش، تەبىئىي بالايىئاپەتـ
لەر، ئۇرۇش، تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇچراش قاتارلىق ئامىللار تۈپەيـ
لىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامرات، مەدەنىيەت جەھەتتە ئەنئەـ
نىۋى مەھەللىۋى شەكىلدە، دىنىي، سىياسىي چەكلىمىلەر تۈپەيـ
لىدىن تەشنالىقتا ئۆتكەن تارىخ. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر

كلاسسىكلىرى ئېڭىدا ئازابلىق كەيپىيات بىلەن چىرماشقان خەلق
مەركەزچىلىك ئىدىيىسى بۇ تارىخنىڭ ئىنكاسى ئىدى. ئۆز دەۋرى-
دىكى غەرب ۋە شەرقنىڭ باشقا مۇتەپەككۇر- شائىرلىرىغا سېلىش-
تۇرغاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى،
ئۇ دۆلەتكە، خەلققە ۋە جەمئىيەتكە ھەم ئۇنى تۇزەشكە قارىتا
ئۇمىدۋار پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئۆز ئەسىرىدە بۇنى بەكرەك ئىپادى-
لەيدۇ. ئۇ چۈيۈەنگە ئوخشاش ئوچۇق- ئاشكارا زارلىنىپ شىكا-
يەت قىلىپ، چۈشكۈنلەشكەن ھالدا ئۆزىنى ھالاك قىلىش يولىغا
ماڭمايدۇ ياكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربلىكلەردەك، خرىستىئان
دىنى ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. ھېچ بول-
مىغاندىمۇ ئۆز تەشەببۇسلىرىنى جەمئىيەتكە سىڭدۈرۈشنىڭ تې-
خىمۇ مۇۋاپىق يوللىرىنى ئىزدەيدۇ.

تۆھپە قوشۇش — جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، كى-
شىلەرنىڭ ئارزۇسىغا پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كول-
لېكتىپ ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشتىن ئىبارەت. ئۇ دۆلەتكە، خەلق-
قە، مىللەتكە، كىشىلىك ھايات مەقسىتىگە مەسئۇلىيەتچان ئاد-
دىي شەخستىن پادىشاھ ئەمەلدارلارغىچە بىردەك قاراشتىن ئىبا-
رەت. بۇنىڭ ئۈچۈن شەخسنىڭ ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشى ئالدى
بىلەن ئېسىل ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈش، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ
سىياسىي ئىشلىرىغا قاتنىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەخلاق
بىلەن ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت ئايرىلمايدۇ. ئادەم بۇ دۇنياغا
يارالغاندىن تارتىپلا ئۆزىنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن چې-
نىقتۇرۇش، تەربىيىلەش، كۈچەيتىش، ئەقىل- پاراسەت، بى-
لىم، ئەخلاق ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە خەلققە تۆھپە قوشۇپ،
ھاياتلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش كېرەك. بۇ قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ياخشى ئەخلاقىي خاراكتېرى ھەم كىشىلىك
قىممەت قارىشى ئىدى. ئادەمنىڭ يارامىلىقلىقى ئۇنىڭ ئۆزىدە
يېتىلدۈرگەن ماھارىتىدە، ماھارەت دېگەنلىك ئۆگەنگىنى ئەسقاتى-

دىغان بولۇش دېگەنلىك. ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىش ئارقىلىق كەلگۈسىگە يۈزلىنىش، سىياسىي بۇرچىنى ئورۇنداشقا كىرىشىش ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ شەخس ئېڭىنىڭ تۈپ مەزمۇنى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ سۆيىپك- تىپ ئېڭى ھەمدە سىياسىئونلارنىڭ غايىسى بولۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا چوڭقۇر ئور- ناشقان.

خەلقىمىزدە ئەزەلدىن تارتىپلا ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە «خالىس ياردەم قىلىش»، «باشقىلارنىڭ دەرد ـ ھالىغا ئورتاقلىشىش» تەك مــەجبۇرىيەت تۇيغۇسى يېتىلگەن. ئۇلارچە، شەخس پەقەت بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغاندىلا ئۆزىنىڭ ھايات قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتلىق ماھارىتىنى ئۆگىنىشى — ئاساس، كىشىلىككە ئىنتىلىش — مەقسەت دېمەكتۇر. ھاياتقا ئىنتىلىش ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت، تۇرمۇش، سىياسىيغا قاتنى- شىشتۇر. ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدىب ـ شائىرلىرى مەيلى يۇقىرى تەبىقىدە ياكى تۆۋەن قاتلامدا ياشىشى- دىن قەتئىينەزەر، ئۇلاردا جەمئىيەتكە، ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىگە قايغۇرۇش ئىنتىلى- شى يوشۇرۇنغان.

فارابى، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەھمەد يۈكنەكىلەر دەل بۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ تىپىك ۋەكىللى- رىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ پانتىزملىق پەلسەپە قارىشىنى ئۆز دۇنيا قارىشىغا يېتەكچى قىلىپ، داستانىدا ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەقىل ـ پاراسەت، بۇرچ، ۋىجدان، ئەدەپ ـ ھايا، گۈزەللىك ۋە ئېتىقاد مەسىلىلىرىنى ئۆز مىللىتىگە، ئۆزى ياشاۋاتقان جەم- ئىيەتكە، دۆلەتكە بىۋاسىتە باغلىغان. شائىرنىڭ مۇنداق ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشىغا خۇددى مەرھۇم تەتقىقاتچى ئەھ- مەد زىيائى ئەپەندى ئېيتقاندەك: «دەۋردىن قاتتىق نارازىلىق سەۋەب بولغان. ئەمما شائىر بۇنى ئاشكارا سۆزلىمەيدۇ ھەم

سۆزلىيەلمەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالدىن نارازىلىقى. ئۇنىڭ ھەممە كىشىنىڭ ياخشى بولۇشىغا بولغان تەشنالىقى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەزىلەتلىك، ئىلىملىك بىر ئىنسانلار توپى بولۇش ئارزۇسى. ئادالەتلىك ھاكىمىيەت، ئاسايىشتا ياشايدىغان مەرىپەتلىك خەلق، قوي بىلەن بۆرە بىر جايدىن سۇ ئىچىدىغان تىنچ بىر ئىجتىمائىي ھايات تۈزۈمى قۇرۇلۇشى، نادانلار يوقىلىپ ئالىم كۆپىيىشى، شۇنىڭدەك نۇرغۇن ياخشى ئىشلار يولغا قويۇلغان بىر دەۋرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان»[1] لىقى سەۋەب بولغان. ئۇنىڭ غايىۋى جەمئىيەتكە تەشنالىقى دەل سىياسىي جەھەتتىن پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەن، ئەخلاقىي چىرىكلەشكەن، ئۇرۇش-جاڭجاللار كۆپەيگەن، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم-ئوقۇبەت كۈچەيگەن جاھالەتلىك رېئاللىقتا بولغان نارازىلىق ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ يەردىكى ئازاب ئەنە شۇنداق بىر جەمئىيەت يارىتىش ھەققىدىكى بۇرچ تۇيغۇسىدىن تۇغۇلغان.

6565. قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئىرۇر كىم، تاپاي مەن.

6566. كىشى قىسلىغى بولدى، ئىستەي قەيەردىن،
تىلەپ تاپقالى بولسا ئىستەپ كۆرەي مەن.

6567. جىمى ئارزۇ تاپتىم، كىشى تاپمادىم مەن،
بۇ ئارزۇنى تاپسام يۈزنگە باقاي مەن.

6588. بۇزۇلدى نىچۈن خەلق، نىزامىنى ئېتىپ تەرك،
نۈچۈك بىر زامانغا قالدىم، قايان كېتەي مەن.

---

① ئەھمەد زىيائى: «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 104 - بەت.

6595. جىمى ياخشى كەتتى، يوسۇن ـ قانۇنمۇ ھەم،
رەزىل قالدى، ياخشىنى نەدىن تاپاي مەن.

6601. چاياندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىنى ئۇراي مەن.

6602. ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئارا،
پۇشايماندا كۈن ـ تۈن نىچۈك يۈك يۈدەي مەن،

6603. ماڭا كەلمىسۇن ھەممە جەۋرۇ ـ جاپالار،
بۇ گۆستاخ، پەسلەردىن يىراقراق تۇراي مەن.

6604. ئىلاھا، نەسىپ قىل، ئۇ سۆيۈملۈك رەسۇل،
ۋە تۆت يار دىدارىنى مەن بىر كۆرەي مەن.

شائىر قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يوشۇرۇنۇپ، ئاشكارىلاشقا سىرداش تاپالمىغان قايغۇ ـ ھەسرىتىنى، تىلەك ـ ئارزۇسىنى پەقەت بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلەپ ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ نورمال ئەخلاق تەرتىپلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، ھالال ـ ھارام، ياخشى ـ يامان، چىن ـ ساختىلار ئارىلىشىپ كېتىپ ۋىجدان، غۇرۇر ۋە ئىنسانىي بۇرچىنىڭ سۇسلىشىپ، ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ، ۋاپا ئورنىغا جاپا ـ رىيازەت، ئىشەنچ ـ ساداقەت ئورنىغا ئىشەنچسىزلىك دەۋر سۈرۈپ، دانالار ۋە ياخشىلار خارلىنىپ، غۇرۇر ـ ۋىجداننىڭ تەڭگىگە قۇل بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت قانۇنى بۇزۇلۇپ، خەلقنىڭ خاراب بولۇشى شائىرنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ئازابلايدۇ.

6452. بىلىملىك خار ئولدى، چەكلەتتى ئۆزىن،
ئەقىللىق گاچا بولدى، ئاچماس تىلىن.

6458. ھالالنىڭ ئېتىلا قالدى، ئۆزى يوق،
ھارام بولدى قاراقچى، تۈيغۇچى يوق.

6466. ۋاپا كەتتى خەلقتىن جاپا غولدىدى،
ئىشەنچ قىلغۇدەك بىر كىشى قالمىدى.

6476. كىشى بارچە يارماق قۇلى بولدىلەر،
كۈمۈش كىمدە بولسا بويۇن ئەگدىلەر،

6480. جاھان باشتىن ـ ئاخىر بۇزۇلدى پۈتۈن،
كۆرۈپ تاڭ قالغۇچى ئەر بارمۇ مۇنى؟

6489. ئاخىرلاشتى، دۇنيا بۇزۇلدى قانۇن،
ياماننى كۆرۈپ ھەم ياخشىلار بۈگۈن.

6490. ئەقىللىق ئۇقار، كۆر، بىلىملىك بىلۇر،
بۇزۇلدى جاھان، بىل، ئۆتۈپ ئاي ۋە كۈن.

6492. ئۆزگەردى جىمىكى نىزام ۋە قانۇن،
قارا بىرلە ئاق بولدى پەرقسىز پۈتۈن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يىمىرىلىۋاتقان دۆلەتنى قايتىدىن مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسى دەل بىلىملىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئادالەتلىك شاھ باشچىلىقىدىكى «ئادىل قانۇن» يۈرگۈزۈلگەن بەخت ـ سائادەتلىك جەمئىيەت يارىتىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئېستېتىك غايىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر بۇنىڭ تۈپ شەرتى بولغان بىلىم، پاراسەت، ئەخلاق تاكامۇللۇقىنى باشتىن ـ ئاخىر كۈچەپ تەكىتلەپ، ئۇنى بىر دۆلەت مەۋجۇتلۇقى، خەلق بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ مەنىۋى ئاساسى دەپ چۈشەندۈردۇ. شۇڭا داستاندا «بىلىم ئەقىل چىرىغى، ئەقىل بىلىمدىن

كېلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ» دەپ قاراپ، «خەلقنى بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۇرۇش ئۇچۇن شاھ ـ ۋەزىرلەردىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە بىلىم ئۆگىنىش كېرەك» دەيدۇ (1524 ـ، 1524 ـ 297 ـ، 260 ـ، 302 ـ بېيىتلار)، «بىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىش ۋە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت پەلسەپىۋى تەلىماتى بويىچە، قاراخانىيلار دەۋرى رېئاللىقىنى ئوبيېكت قىلىپ، ئادەم بىلەن بىلىمنىڭ، بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ، بىلىم بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۇرلۇك نۇقتىلاردىن كۆزىتىدۇ.» [1]

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ياشىغان يەنە بىر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەھمەد يۈكنەكى بولسا ئۆزىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەت بوسۇغىسى) ناملىق دىداكتىك داستانىدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خەلق مەركەزچىلىك ئىدىيىۋى يولىدىن مېڭىپ دۆلەت، خەلق ۋە كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى بىر قاتار سىياسىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر ئۆزى ياشىغان ئىجتىمائىي ھايات شارائىتلىرىغا نىسبەتەن ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق، تىل، بۇرچ قاتارلىق مەسىلىلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خارابىلىشىشىنىڭ تۈپ مەنبەسى زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاژۇن بولدى ئۇ دىۋان جاپا جەۋر بىلە،
قانى بىر ۋە فالىغ بار ئەرسە تىلە.
سەن ئارتاق سەن ئانىن ئاژۇن ئارتادى،
تەلۇك بۇ ئاژۇنغا قىلۇرسەن گىلە.

---

① ئىقبال تۇرسۇن: «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 4 ـ سان.

ئەھمەد يۈكنەكى دۆلەتنىڭ خاراب، ئەلنىڭ خانىۋەيران بو- لۇپ، مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى يوقىتىپ قويۇشىغا سوئال قويغاندا، جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىكى ۋە بۇزۇقلۇقىنىڭ تۈپ يىلتىزى ئادەم- لەرنىڭ روھى بۇزۇلغانلىقىدىن دەيدۇ.

قانى ئەمرۇ مەئرۇف قىلۇر ئەدگۇ ئەر،
قانى كەندۇ ئەدگۇ كىشى تۇرغۇ يەر.
بىرەر سەن زەمانەڭنى خەلقىن قۇرۇپ،
زامانەڭنى يىرمە كىشىسىنى يىر.

شۇڭا زاماننى ئەيىبلىمەي، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئەيىبلەش كېرەك. ئادىمىيلىك، كىشىلىكنىڭ يوقىلىشى ۋە بەگلەر، شاھ- لارنىڭ چىرىكلىشىشى قاتارلىقلار دۆلەت تۈزۈمىنىڭ بۇزۇلۇشى- نىڭ، ھاكىمىيەت ئۇلىنىڭ تەۋرەپ قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى دەپ ئۇچۇق كۆرسىتىدۇ.

كىم ئول يۈزچى ئەسەر كىشى يىگى ئول،
كەرەك ئەرسە يىگىلىك يۈزى يۈزچى بول.
كىم ئول يوللۇغ ئەرسە ئانىڭ يولى يوق،
كىم ئول يولسىز ئەرسە ئاڭار كېڭىيىدۇ يول.

شۇنداق بولغاچقا، جەمئىيەت ۋە شەخسنىڭ جىسمانىيىتى ھەم روھىيىتىنىڭ قانداق بولۇشى بۇ دۆلەتنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشىنى بەلگىلىگۈچى ئامىلدۇر. قاراخانىيلار دۆلىتى- نىڭ ھالاك بولۇشى، خەلقىنىڭ خانىۋەيران بولۇشقا قاراپ مېڭى- شى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

قانى ئەھد ئامەنەت، قانى ئەدگۈلۈك،
كىدىن كۈندە خەير ئىش مەكۆتۈرۈلگۈلۈگ.

باش باردى خەيرىنىڭ سوڭى بارغۇسى،
ئوڭى كەلدى شەررىنىڭ سوڭى كەلگۈلۈك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنداق ھالاكەت ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خارابىلىشىۋاتقان جەمئىيەتنى تۈزەش مەقسىتىدە ئالدى بىلەن ئىلىم مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بىلىمنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ توغرا يولى دەپ قارايدۇ. شائىرنىڭ دۆلەت، خەلق ھەققىدىكى ئىستېتىك ئىدېئالى شۇ دەۋرلەردە ياشىغان شەرق كلاسسىكلىرىدىن ئوبۇلقاسىم لاھۇتىنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسراسى بىلەن بىردەك ئىدى:

ساۋات - ئىلىم ئاساسى، ئىلىم ھايات كۆزى،
ھايات تەلەپ قىلساڭ بۇ ساۋات ئۆزى.

دېمەك، بىلىم — ھايات دېمەكتۇر، ھاياتقا ئىنتىلىش بىلىم ئىگىلەشتىن ئىبارەت. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم، ئەقىل، تەپەككۇر، تىل، ئەخلاق ھەققىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشلىرى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن يامانلىق، خۇنۇكلۇكنى پەرقلەندۈرىدىغان، ئىنساننىڭ ھايات قىممىتىنى باھالايدىغان ئۆلچەملەر (167 -، 170 -، 4334 -، 2686 -، 227 -، 133 - بېيىتلار) ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئەسىرىدىمۇ ئىزچىل تەكىتلەنگەن ھەمدە ئىنسان نامىنىڭ ئەبەدىيلىك مەسىلىسىدە شەخس بۇرچىنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ (7 -، 8 -، 9 -، 10 -، 11 - بابلار). ئەپسۇسكى، ئىچىدىن چىرىپ ئاللىقاچان چاك - چىكىدىن ئاجراپ كەتكەن دۆلەتنى مۇنداق تەۋسىيىلەر ئارقىلىق قايتا روناق تاپقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ جەمئىيەت كىشىلىك

ئەخلاقنى تەكىتلەش ئارقىلىق تۈزەيدىغان ھالەتتىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇنداق ئاجىزلىقتىن پايدىلانغان قىتانلار (لياۋ سۇلالىسى) ئۇزاق ئۆتمەيلا قاراخانىيلار دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلىپ، ئازاب - ئوقۇبەتلىك قاراڭغۇ مۇستەملىكە جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتەك پاجىئەلىك تەقدىر ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىدا كۆرسەتكەن مۇقەررەر ئاقىۋەت بولۇپ ئىسپاتلاندى[1].

ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىلىم ئەھلىلىرى، مۇتەپەككۇرلار ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ كۈچلۈك، كوللېكتىپچانلىق ئېڭى ھەر قاچان دۆلەت ۋە خەلق تەقدىرى ھەققىدە قايغۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدەيدىغان ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ھەم ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇلار باشتىن - ئاخىر خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسىنى دۆلەت پۈتۈنلۈكىنىڭ، خەلق ھاياتىنىڭ شەرتى ھەم ئاساسى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭغا باغلانغان ھالدا، يەنە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدە دۇنيا، جەمئىيەت، ھايات ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ھەققىدە كۈچلۈك ئازاب ئېڭى مەۋجۇت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى، جەبىر - جاپاسىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتكە، دۆلەتكە ۋە كىشىلىك ھاياتقا بولغان بىر خىل ئېچىنىش، قايغۇ - ھەسرەت، چوڭقۇر خۇرسىنىش بىلەن ھاياتلىق تۇغرىسىدىكى ئويلىنىش ئىنتايىن كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. مەيلى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋان» دا مىسال كەلتۈرگەن شېئىرىي قوشاقلىرى بولسۇن ياكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا ئىزچىل ۋە كەڭ

[1] شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 98 - بەت.

توختالغان دۆلەت، خەلق مەسىلىسىگە باغلىق ئىنسان ھايات ـ ئۆلۈم مەسىلىلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدا ئالەمنىڭ يارىلىشى، زاماننىڭ ۋە ئادەمنىڭ بۇزۇلۇشى ھەققىدىكى ئازابلىق پىسخىكىسى بول-سۇن، ھەممىسىدە ھايات ـ ئۆلۈم ياكى ھاياتلىق ـ ھالاكەت ھەم ئۇنىڭ مەنبە يىلتىزى ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن بىز يەنە ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس بولغان ئىسلامچە غايىۋى دۆلەت ئۇتوپىيىسى بىلەن ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم توغرىسىدىكى زىددىيەتلىك پەلسەپىۋى ئاڭنى بايقايمىز.

## 3. شەرقچە غايىۋى دۆلەت ۋە ھاياتلىقنىڭ زىددىيەت قانۇنىيىتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىئونى ۋە مۇتە-پەككۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلەت ۋە خەلق تەقدىرىگە قايغۇرغاندا دۆلەتنى ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىپ، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت سىياسىي غايىنى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا توپ ئىدىيە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىرنىڭ غايىسىدىكى جەمئىيەت ۋە دۆلەت-نىڭ قىياپىتى بىز ئالدىنقى مەزمۇندا تەھلىل قىلىپ ئۆتكەندەك، پادىشاھدىن يۇقىرىغىچە ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئەقىل ـ پاراسەت يېتىلدۈرگەن، باراۋەر، ھەققانىي، ئادىل مۇنا-سىۋەت ئورناتقان «ئادالەتلىك قانۇن» ئىشقا ئاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى. بۇ دەل يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى قويۇق ئىسلامچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان شەرقچە غايىۋى دۆلەت ئۇتوپىيىسىدۇر. ئۇ ئۇتوپىيىنى «قۇتادغۇ-بىلىك» دە ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولغان غايىۋى شاھ كۈنتۇغدى

ئوبرازىنى چۈرىدىگەن ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

مەلۇمكى، ھەر بىر دەۋردە شائىر- ئەدىبلەر ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە دەۋر رېئاللىقىدا بۇرۇقتۇرمىلىق، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆز غايىسى رېئاللىق بىلەن چىقىشالمىغاندا، ئۇ ئۆز بەدىئىي تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا دەۋرنىڭ ئىلغار ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر خىيالىي ئۇتوپىيىنى يارىتىدۇ. ئۇ شۇ ئارقىلىق بىر دۆلەتنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ مىزان، پرىنسىپلىرىنى قۇرۇپ بېرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، مۇقىمسىزلىق، مەنىۋى چىرىكلىكتەك رېئاللىق ئالدىدا خەلق مەركەزچىلىك ئىدىيىسىنى تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ دۆلەتنى خاتىرجەم، خەلقنى تىنچ ئاسايىشلىقتا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

قەدىمكى ياۋروپادا پلاتون ئۆزىنىڭ «دۆلەتنامە»، «قانۇننامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئافىنا قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى بىلەن ھاكىممۇتلەق تۈزۈمى ئاستىدا ئورتاق راھەتچىلىك تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. شەرقتە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەزەربەيجان ۋە پىرسىيىلەردە مانى ۋە مازداق قوزغىلىڭى قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە بۇ تەشەببۇس باشتىن- ئاخىر بار بولۇپ، شەرق- غەرب ئىجتىمائىي پىكىرلىرى تارىخىدا توختىماستىن تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە، پەيلاسوپ ئەبۇ ناسىر مۇھەممەت فارابى توماس مورنىڭ (1478 ~ 1560) «ئۇتوپىيە»، فرانسىس بىكوننىڭ (1560 ~ 1627) «يېڭى ئاتلانتىس» ناملىق ئەسىرى بىلەن توماس كامپانلانىڭ «قۇياش شەھىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن VI، VII ئەسىرلەر ئىلگىرىلا «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى» قاتارلىق پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدە «غايىۋى دۆلەت»، «ئادىل شاھ» ھەققىدىكى ئۇتوپىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغا-

نىدى .

ئەبۇ ناسىر فارابى مۇسۇلمان شەرق دۇنياسىدا ھەقىقەتنى تۇنجى تونۇغۇچى، يۇنان قەدىمكى پەلسەپىسىنى تۇنجى قېتىم تونۇشتۇرغان مۇتەپەككۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «روھ توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە ئارىستوتېلدىن مۇنداق ئۈچ نۇقتىدا ئىلغار ئىدى: (1) ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈكلۈكىنى تونۇش ۋە ئىقرار قىلىش؛ (2) تەبىئەت، جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە سەۋەب بولۇشىنى تەكشۈرۈش پرىنسىپى قىلىش؛ (3) ئەقىل تەلىماتىنى ئېنىق ھۆكۈم جەريانلىرىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە، ئىندىۋىدۇئال روھنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەسلىكىنى رەت قىلىدۇ دەپ قاراش. فارابى ئالەم بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكىدە ئىنسان تەبىئىيىتى كۆز قارىشى، بىلىش نەزەرىيىسى، ئىنسانپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ «يەككە ئىنساننىڭ جىسمى بىلەن ئۇنىڭ روھى بىر پۈتۈن بولۇپ، ئادەم جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلۈش بىلەن بىللە، ئۇ روھىيەت جەھەتتىمۇ ئۆلىدۇ» دەپ قارىدى. فارابىنىڭ «تۆتىنچى تەبىئەت» بولغان ئىنساننىڭ ئاددىي جىسىم ۋە مىنېراللاردىن ئىبارەت «تەبىئەت جىنسلىرى»غا قايتىپ كېتىش كۆز قارىشى ئۇنىڭ ئىنسانلىق ھايات شەكلى بولغان روھنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدىغانلىق كۆز قارىشى بىلەن بىرلەشكەنىدى. «بۇ ئىلگىرى كىشىلەر ھەل قىلىپ كۆرمىگەن ۋە ئەينى زامان ئىدېئولوگىيىسىدە كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى چىرمىۋالغان مۇھىم بىر مەسىلە ئىدى»[1] . ئۇنىڭ پەلسەپەۋى كۆز قاراشلىرىنى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسپانىيە مۇسۇلمان پەيلاسوپلىرىدىن ئىبنى توفەيل ئالتە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چىققان. بۇلار: (1) زۇلۇمنىڭ روھى ئۆلۈمگە مەھكۇم، شەپقەتنىڭ روھى مەڭگۈلۈك. (2) بەخت پەقەت ھايات

---

[1] «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 123 - بەت.

ئىچىدىلا مەۋجۇت. (3) قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ساختا. (4)
ئۆلۈم مەۋجۇتلۇق ئەمەس. (5) ئالدىن كۆرۈش تولۇق ئەكس
ئەتتۈرۈشنىڭ ئىپىنقلىمىسى. (6) پەلسەپە يۇقىرى دەرىجىدىكى
ئــالــدىن كۆرۈشتۇر. دەل مۇشۇ خىل قاراشلار بىلەن ئوتتۇرا
ئەسىرنىڭ شەرقىي بۆلەك مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە بىرىنچى قې-
تىم ئازاب - ئوقۇبەت، زۇلۇم بولمىغان باراۋەر، شەرقچە «غايى-
ۋى دۆلەت» تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ كۆز قاراشلى-
رىغا يەنە مانى، مازداق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەر-
لىك كۆز قاراشلىرى ۋە ئەينى دەۋردىكى ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق
ھاياتى داۋامىدىكى كۆزىتىشلىرى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئى-
دى. شۇڭا فارابى «مەدىنە تۇل فەزىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر
ئەھلى) ناملىق ئەسىرىدە غايىۋى جەمئىيەت باراۋەرلىكىنى، زۇ-
لۇم، جەبىر - جاپا بولمىغان، بىلىم ۋە كامالەت راۋاجلانغان،
خەلق ھەقىقىي بەخت - سائادەتكە ئېرىشكەن «غايىۋى دۆلەت»
ئۇچۇن مۇستەھكەم بولغان بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى يارىتىش مەس-
ئۇلىيىتىنى شەرت قىلغانىدى. بۇنداق جەمئىيەتنىڭ بىرىنچى
ئاساسىي شەرتى ئەقىل - پاراسەت، بىلىم يېتەكچىلىك قىلغان
ھەقىقەت، ئەخلاق مىزانى ۋە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىدى. فارا-
بىمۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئازابلىق ئىلگىرىلەشتەك زىددىيەتچان
قانۇنىيىتىنى چۈشىنەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىر قەدەھتە قاپ - قارا تۇرسا سايىم لىپمۇ - لىق،
ئۆزگىدە پەيۋەند بولۇپ تۇرغان شارابىمدۇر يانا.
بىرسىگە تولدۇرغۇنۇم گەر بولسا ھېكمەت گەۋھىرى،
بىرسىدىن غەم - قايغۇنى يۇدۇم پۈتۈن ئۆمرۈم ئارا.

گەرچە فارابى ئادەمنىڭ ئۆلمەسلىكىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلى-
كى، ھامان ئۆلىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەنسىمۇ، ئېنىق تەدبىر

قوللىنىپ، خەلقنى ھالاكەت ۋە بەختسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش لازىم دەپ چۈشەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئەنە شۇنداق بىر غايىۋى جەمئىيەت ئىدېئالىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما ئۇنىڭ ئىدېئال غايىۋى دۆلىتى «قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ پلاتونچە ئىدېئال دۆلەتكە ياكى XVI ئەسىردىكى ئەنگلىيىلىك مورنىڭ ئۇتوپىيىسىگىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇ XI ئەسىر ئۇيغۇر خەلق قەلبىدىكى ئىدېئال دۆلەت بولۇپ، بۇ ئىدېئال دۆلەت ئىنتايىن قويۇق شەرق تۈسىگە ئىگە»[1] . شۇڭا شائىر ئۇنى ئادالەت سىمۋولى، ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى، بەخت - سائادەت سىمۋولى، ئاقىۋەت ھەم قانائەت سىمۋولى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقارغان.

XI ئەسىردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابىنىڭ ئىدىيىۋى تەشەببۇسلىرى ئىزىدىن مېڭىپ، ئۆزى ياراتقان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەدىئىي سۇژېتىدا بۇ «ئادىل شاھ»، «غايىۋى دۆلەت» ئىدېئالىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى «خەلق مەركەزچىلىك» ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى. چۈنكى كىشىدە قانداق ئىرادە بولسا شۇنداق تەپەككۇر تۇغۇلىدۇ. بۇ چوڭقۇر ئويلىنىش ئىچىدە ئۇنى ھەل قىلىدىغان مۇۋاپىق مەنتىقىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پەيلاسوپلارنىڭ مۇنداق ئىلمىي مەنتىقە ۋە ئىرادىسىدىن ئۆزگە خاس بولغان ئىجتىمائىي دىداكتىكا يەكۈنلىنىدۇ. تەجرىبە ۋە دەلىللەر ئاساسىدا ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ زىددىيەتچان ئىچكى قانۇنىيىتى تەشكىللىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

كىشى ئوغلى سۇندى قارا يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

---

① «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە بايان»، 2 - كىتاب، 50 -، 54 - بەتلەر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بىلىم، ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە مەدەنىيەتتە كامالەتكە يەتكەن ئادىل شاھ ۋە بەگلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئادالەتلىك توغرا قانۇن ھۆكۈم سۈرىدىغان جەمئىيەت ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئۇنى شەخس ئۈچۈنمۇ، بىر دۆلەت ئۈچۈنمۇ ئازابنىڭ يوقىلىشى ۋە ئۆلۈم (ھالاكەت) نىڭ يوقىلىپ گۈللىنىشنىڭ داۋاملىشىشى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ روشەنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىدىيىسىدىكى ئىدېئال شاھ ھەم غايىۋى دۆلەت مودېلىنىڭ بىر مەنىسى، شۇنداقلا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان زىددىيەتلىك، تەڭسىز، باراۋەرسىز جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئارزۇسى، شۇڭا ئۇ بىر خىل ئۇتوپىيە. فېئوداللىق تۈزۈم قاتتىق مۇستەھكەملىنىپ چوڭقۇر ئۇل تارتقان ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا بۇنداق ياخشىلىققا يۈزلىنىش ۋە ياخشى پەزىلەتلەر ئارقىلىق بۇزۇلغان ۋە چىرىۋاتقان ماھىيەتنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇنداق ئىكەن، بۇ يىمىرىلىشكە يۈزلىنىۋاتقان تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىشتە سىياسىي تەدبىر ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قويۇق ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ياشىدى ھەمدە ئۇ بارلىق ئىشلاردا ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسى ۋە «قۇرئان» تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلدى. «قۇرئان» تەۋسىيىلىرى كۆپ جەھەتتە ئۇنىڭ ھايات، ئىنسان ۋە بۇ ئالەم ئىشلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا ۋە دۇنيا قارىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. مۇتەپەككۇرىمىز كۈچلۈك ئازابلىق تۇيغۇ بىلەن دۆلەتنى تۈزەش تەدبىرلىرىنى بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلەپ، سىياسىي مەسلىھەت بېرىپ، خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ رېئاللىقنى كۆزەتسىمۇ، يەنە تۇرۇپلا ئۇ دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ ئۇ ئالەم سوراقلىرىغا تەييار تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش لازىملىقىنى، بۇ ئالەمنىڭ بىر ئۆتكۈنچى كارۋان-

غا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

229. ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئەرمەس ئېتىڭ مەڭگۈ ئول،
ئېتىڭ مەڭگۈ بولسا ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئول.

4700. نېمە پايدا ئاخىر ئۆلەر بولسا ئۆز،
ساڭا تەككۈسىدۇر پەقەت ئىككى بوز.

3653. بۇزۇلغاي جاھان بارچە قالغاي قۇرۇپ،
ئادەم باللىرىدا كېسىلگەي ئۇرۇق.

ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدا، ئەخلاق، بىلىم، ياخشى قىلىق، راستچىللىق، سەمىمىيلىكتىن ئىبارەت گۈزەللىكلەرنى جەمئىيەت قىياپىتىنى تۈزەش ۋە ياخشىلاشنىڭ ئاساسى دەپ تونۇغان. «دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە» (8 - باب) پىكىر قىلغاندا: «بۇ دۇنيا خۇددى كارۋانلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان سارايغا ئوخشايدۇ. سارايغا چۈشكەنلەر بولسا ئۆتۈش ئۈچۈن چۈشىدۇ. كارۋاننىڭ بېشى كەلسە ئايىغىمۇ كېلىدۇ. شۇڭا نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ كەينىدىن يۈگۈرگۈلۈك دەپ، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى غىل-پال چاقناپ ئۆتۈش» دەپ قارايدۇ.

شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى «غايىۋى دۆلەت» ئىدىيىسى بىلەن ئۆزى نەپەسلەنگەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم ھەم ئىككى خىل دۇنيا ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاش شەكلىدىكى ئازاب ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇنى ھەرقانداق شەيئىنىڭ قارىمۇ قارشى تەرىپىگە ئۆتىدىغانلىقىدەك قانۇنىيەت ئارقىلىق چۈشەندۈردۇ.

1087. چىقىشقا چۈشۈش بار ئېگىزگە باتىق،
سۆيۈنچكە قايغۇغەم ئاچچىققا تاتىق.

4817. سەن مەيلى بەگ يا مەيلى بىر قۇل،
قالالماسسەن ئۇزاق ئۆلۈم توسار يول.

6087. سۆزۈم شۇ قاياشىم غاپىل بولمىغىن.
هاياتنى يامانغا زايا قىلمىغىن.

دېمەك، ئىنسانىنىڭ هايات مەقسىتىنىڭ قاتلىمىدا جەمئىيەت مەقسىتى، شەخسىي كىشىلىك هايات مەقسىتى، جەمئىيەت غايىسى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قىممەت نىشانى بىرلىشىپ ئىنسان هاياتلىقىدا رول ئوينايدۇ. شەرقچە ئۇتوپىيە ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي قىممەت نىشانى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە كىشىلىك هايات پوزىتسىيىسى بىلەن كىشىلىك مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى يۇقىرىقى قىممەت نىشانىنىڭ ئەمەلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ جەرياندا هامان غايە بىلەن رېئاللىق چىقىشالمايدۇ ياكى ماس كەلمەي قالىدۇ. بۇ هالدا پەقەت مۇشكۇل قىيىنچىلىقنى يېڭىپ كۈرەش قىلىش، قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ ۋە پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا هاياتلىق قىممىتىنى نامايان قىلغىلى، ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، هاياتلىقنىڭ زىددىيەت قانۇنى شۇكى، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، غايە بىلەن رېئاللىقنىڭ زىددىيىتى هامان كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشى جەريانىغا باغلانغان بولۇپ، دەل مۇشۇ مەسىلىلەردە قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى شەرقچە «غايىۋى دۆلەت» ئۇتوپىيىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك شائىر ـ ئەدىبلىرىمىزنىڭ پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشى، ئىجتىمائىي غايىسى ئوتتۇرىسىدا تېگىشلىك هەم توقۇنۇش مەۋجۇت.

## 4. ئىككى خىل دۇنيا ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاش

ئىنسان دۇنيادا نېمە مەقسەت ئۈچۈن ياشايدۇ؟ ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆلۈمگە زادى قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنىڭ ئالاھىدە دەۋر ئاساسى بار. ئۇ بولسىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان مەدەنىيەت دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ياكى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاستە چوڭقۇر تەسىرى ھەم چەكلىشى ئارقىسىدا، شائىرنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي غايىسى بىلەن پەلسەپۋى ئىدىيە قاراشلىرىنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك پەلسەپە قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئاساس قىلىپ، تەبىئەت، ئىنسان ۋە جەمئىيەتنىڭ بىردەكلىك تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئالەمنىڭ تەڭرى (بايات) تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ئالەمنىڭ يارىتىلىشىغا ئاساس بولغان مەنبە ئۈزلۈكسىز زىددىيەت (ياغىلىق) ۋە بىرلىك (ئۆزلۈك) ئىچىدە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت «تۆت تادۇ» (تۆت زات) ئىكەنلىكىنى ماھىيەتلىك ۋە تولىمۇ كۆرۈنەرلىك ئوتتۇرىغا قويغان①.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەم يۇقىرىقى تۆت زاتنىڭ مۇناسىۋەتىنىڭ بىردەكلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ بىرەرسى بولمىسا ھاياتلىق بولمايدۇ. تۇپراق، يەر، ماكان، سۇ — بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتلىقىنىڭ ئۆسۈشى، تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئاساسى. ئوت ئىسسىقلىق دېمەكتۇر، بۇنىڭسىز ھاياتلىق بولمايدۇ. ھاۋا جانلىقلارنىڭ نەپەسلىنىشىنىڭ شەرتى»، ھاۋا بولمىسا بارچە جان-

① شىرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 372 -، 373 - بەتلەر.

لىقلار تۇنجۇقۇپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمىمۇ مۇشۇ تۆت خىل مىجەزنىڭ تەڭپۇڭ بولۇش ـ بولالماسلىقىغا باغلىق دەپمۇ قارايدۇ. ئىنسانىيەتنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، جانلىق تەبىئەتنىڭ يۇقىرى شەكلى دەپ تونۇيدۇ. فارابى ئۆز شېئىر ئىجادىيەتلىرىدە مەۋجۇتلۇقنىڭ (ھاياتنىڭ) بىردەكلىكىنى «شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىدىن ھەم سەۋەبلىك كائىنات، ھەم سەۋەب-لىكنىڭ تۈپەيلى ياخشىلىق تاپمىش نىجاد» دەپ شەرھلەپ، ھا-ياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئەسلىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەرىكەت شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ:

بەخت باشلانسا يەتكەيلەر، زاۋاللىققا بەختسىزلىك،
تەبىئەت جىنسىي بىز ئۆز جىسمىمىزغا قايتقۇمىز ئەمدى.

دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىدىكى ئالەم بىرلىكى ئۆز تىلى بويىچە «ۋەھدەتى مەۋجۇت» (مەۋجۇدىيەتنىڭ بىردەكلىكى) دەپ ئاتالغان. فارابىنىڭ بارلىق پەلسەپىۋى قارىشى تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ ئەھۋال مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى پەسىل ـ مۇراسىم قوشاقلىرى ۋە مەرسىيىلىرىدىنمۇ بىلىنىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تۆت پېرسوناژدا ئەكس ئەتكەن ماھىيەت دەل تەبى-ئەتنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ماددىي مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى، بۇ دۇنيادىكى رولى، قەدىر ـ قىممىتى، بەخت ـ سائادەت مەسىلىسى بىلەن ھاياتلىقنىڭ تەقدىر ـ ئاقىۋىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىش، ھايات كەچۈرۈش، تۈرلۈك كېسەللەرگە گىرىپ-تار بولۇش، قېرىش، ئۆلۈش ھادىسىلىرىنى بىر خىل تەبىئىي ھادىسە سۈپىتىدە «تۆت زات، تۆت مىجەز، تۆت پەسىل، ھايات-نىڭ تۆت دەۋرى (گۆدەكلىك، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە

قېرىلىق) بىلەن شەخسىنىڭ تۇرمۇشى ئاساسىدا تەسۋىرلەيدۇ.

1049. ئىنگىلى ئاغار ئول ئاغىلى ئىنەر،
ياروغلى تونار ئول يورغىلى تىنار.

1050. نەكىم ئىشلەر ئەرسە تۆكەلىن كۈدەر،
تۆكەگىلى تۆكەسە نىشكە يانار.

شائىر داستانىدا بۇنداق ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر ھەققىدىكى
پىكىرلىرىنى ئالدى بىلەن ئۆزى ياشىغان قاراخانىيلار دەۋرىدىكى
جەمئىيەتكە تەتبىقلاشنى مەقسەت قىلغان. چۈنكى ئوتتۇرا ئە-
سىردە جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرىگە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق
قىلىدىغان فېئودال سىياسىي ھۆكۈمران كۈچ ھەم بۇرمىلانغان
دىنىي تەرغىبات ئىنسان ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، ئارزۇ - ئۈمىد-
لىرىنى چەكلەپ ۋە تۇنجۇقتۇرۇپ، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى،
ھاياتىي كۈچى، ئىجادىي ئىقتىدارىنى تەقدىرچىلىك ۋە قۇلچىلىق
روھى بىلەن ئىسكەنجىگە ئالغان ئىدى. غەربتە خرىستىئان دىنىي
ئىلاھىيەتچىلىكى ۋە چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ ئىنسان ئېڭىنى بو-
غۇشى، شەرقتە ئىسلام كالامىزمى ئەقىدىلىرى، بولۇپمۇ سوپىزم
ئىدىيىسىنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ ئادەمنى ھاياتتىن، جەمئىيەت-
تىن بەزدۈرۈشى نەتىجىسىدە شەخستىن تارتىپ كوللېكتىپقىچە
روھىي قاششاقلىق، چۈشكۈنلۈك، تەقدىرچىلىك ئومۇمىيۈزلۈك
يامراپ كېتىۋاتاتتى. مىستىك دىنىي چۈشەنچىسى ۋە تەرغىباتلار
ئارقىلىق خەلق روھىنى نادانلىق زەنجىرى بىلەن كىشەنلىگەن
فېئودال ھۆكۈمرانلار، ئەزگۈچى كۈچلەر خەلقنىڭ نادانلىقىدىن
پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ مېھنىتى بەدىلىگە جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرەت-
تى. خەلقنىڭ بارلىق ئازاب - ئوقۇبىتى، بىۋاقىت ئۆلۈمى،

مەھكۇملۇق ـ ئەركىسىزلىكى، بەختسىزلىكىنى «تەقدىر» دېگەن مۇشۇ بىر نەرسىگە يۈكلەپ قويۇپ، خەلق ئېڭىنى قاتماللاشتۇ- رۇۋەتكەنىدى. شۇڭا دۆلەت ۋە خەلق نامراتلىق ۋە ھالاكەت ۋەھ- ـىسىگە دۇچ كېلىۋاتسىمۇ، كىشىلەر جەمئىيەتتىن، سىياسىي ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ بىغەم ياشاۋېرەتتى. دەل مۇشۇن- داق مۇرەككەپ رېئاللىقنى چوڭقۇر ھېس قىلغان مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەردە ھايات ـ ئۆلۈمنىڭ ئازابلىقى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى مەسىلىسىدە ئىزچىل ئويلىنىدۇ. ئۆلۈمنىڭ تولىمۇ كۆڭۈلسىز، ئازابلىق ئىكەنلىكى، ئۆلۈمنىڭ قەرەلسىزلى- كى ۋە مۇقەررەرلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت قانۇنىيەت ئىكەن- لىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى داستاندا ئودغۇرمىشنىڭ تىلى بىلەن تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن شەخسلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش ئارقى- لىق ئېيتىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق دەۋردە ياشىغان ئادەم ئۇچۈن ئالدى بىلەن ھاياتنىڭ مەنىسى، قىممىتىنى چۈشىنىش ئۇنىڭ پۈتكۈل تەقدىرىگە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان مەسىلىدۇر. يـــۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ شارائىتىدىكى كىشىلىك ھايات يۈزلىنىشى ۋە قىممەت چۈشەنچىلىرىنىڭ ئىچكى ماھىيى- تىنى ئېچىپ بېرىدۇ. تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان ئادەمنىڭ ھاياتلىق قىممىتى ئۇنىڭ ئادىمىيلىكىنىڭ بەلگىسى. ئۇ ئەقىل، ئەخلاق، بىلىم، شۇنداقلا ياخشى قىلىقلار ئارقىلىق دۆلەتكە تۆھپە قوشۇش، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى بېغىشلايدىغان خەلق مۇقەددەسلىك روھى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. شائىر داستاندا:

ئۆز ئاسىغىن تىلەگىلى كىشىمۇ بولۇر،
كىشى ئۆل بولۇر كۆز ئەل ئاسىغ قولۇر.
بەرۈكەل توسالغىل كىشىكە يارا،
تۇسۇلماز ئۆلۈگ ئول تىرىگلەر ئارا.

دەپ، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنىڭ تۆپ مىزانى ھەققىدىكى ئىلغار تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە پەقەت شۇنداق ئادەملا جىسمانىيەت جەھەتتىن ئۆلسىمۇ، ئەمما مەنىۋىيىتى ئۆلمەيدۇ، ئەل قەلبىنىڭ تۆرىدە مەڭگۈ ھاياتىي ياشايدۇ دەيدۇ (18 ـ، 181 ـ، 325 ـ، 229 ـ، 3368 ـ، 3369 ـ بېيىتلار).

شائىرنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نامى مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكى، «نامى مەڭگۈلۈك بولسا ئادەم ئۆزىمۇ مەڭگۈلۈك» بولالايدىغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈمى ھەقىقەتەنمۇ ئىنساننىڭ ھاياتلىق تارىخىنى خۇلاسىلىگەن. ئۇزاق يارىلىش ۋە تەرەققىيات مۇساپىسىدا ئىنسانىيەت قانچىلىك كۆپ يارالغان بولسا يەنە شۇنچىلىك ئۆلۈپ باردى. ئەمما ياشاپ ئۆتكەنلەردىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە نامى ساقلىنىپ ئۇنتۇلماي كەلگەنلىرى زادى قانچىلىك؟ ئۆتمۈشتىكى شەخسلەر ئىچىدىن بەزى ئەڭ رەزىل شەخسلەر ئەۋلادلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن نامىنى قالدۇرغان بولسا، يەنە ئۆز خەلقى، ۋەتىنىگە ھاياتىنى بېغىشلىغان بەزى شەخسلەرنى تارىخ مەڭگۈ ئەسلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەل مۇشۇ خىل «مەڭگۈلۈك ھايات» مەسىلىسىنى بەك تەكىتلەيدۇ.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئاساسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاياتلىقنىڭ ھەرىكىتى، يېڭىلىنىشى ۋە تەرەققىياتى مەسىلىسىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ـ سۇبيېكتىپ ئامىللىرى، ئالەمنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىرسىيەت ئامىللىرىنى، يەنى ئەۋلاد ئالمىشىشىدا ئىنسان ھاياتىنىڭ داۋاملىق ھەرىكەتلىنىپ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى شەرھلەيدۇ (100 ـ، 111 ـ، 1623 ـ، 1626 ـ، 1959 ـ بېيىتلار). مۇشۇ شەرت ئاساسىدا،

ھاياتلىق تولۇق ئۈزۈلمەستىن، بەلكى ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ھەر خىل مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئىرسىيەت داۋاملاشتۇرۇلۇپ ئۇ-رۇق، قان كېيىنكى ھاياتلىقنى يارىتىدۇ، مۇشۇ مەنىدە ئادەم ئۆلمەيدۇ، ھاياتلىق ئۈزۈلمەيدۇ، بەلكى ھايات «مەڭگۈلۈك» بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ يەردە شائىر ھايات ـ ئۆلۈمنىڭ جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىدە تۇتقان ئورنى مەسىلىسىدە، بىر خىل ئازابلىق تېڭىرقاشتەك روھىي ھالەتنىمۇ ئىپادىلەپ قويىدۇ.

ئىنسان تەبىئىتى مەسىلىسى شائىرنىڭ بەدىئىي قەھرىمانلى-رىنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم ئېڭىغا تاقىلىدىغان مۇھىم تەرەپ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەدەنىي نۇقتىدىن ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسى-ۋەتلەرنىڭ بىرلىكى ئىكەنلىكىنى، مۇكەممەل بىر ئادەم بولۇش-نىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ ئەخلاق، ئىدىيە، قەلبىنىڭ پاكلىقى، تەبىئىتىدىكى ياخشى قىلمىشلار ئىكەنلىكىنى (148 ـ، 149 ـ، 3165 ـ، 5787 ـ، 1945 ـ، 872 ـ، 877 ـ، 2194 ـ، 2198 ـ بېيىتلار) كۆرسىتىش بىلەن بىللە، بۇ دۇنيادىن قول ئــۈزۈش ياكى ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل كىشىلىك ھاياتنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆز قەھرى-مانلىرىنى تاللاشقا سالىدۇ.

148. باراتتى ۋە يۈكسەلتى تاللاپ ئادەم،
بېرىپ ھۇش ئەقىل، پەزىل ئىلمىنى ھەم.

199. تىلىن چىقارىپ، ئاڭا بەردى دىل،
ئۇيات بەردى يەنە گۈزەل، خۇش پېئىل.

872. ئېلىگ ئېيتتى: ياخشى ئىككى تۇرلۇك ئول،
بۇنىڭدىن بىرى چىن، تۇتار ياخشى يول.

875. يامان بوپ تۇغۇلۇر ئۇنىڭدىن بىرى،
بۇ ئەر ئۆلمىگۈنچە ئېرىمەس كىرى.

877. يەنە بىرسى دوراپ يامانلىق قىلۇر،
ئەش ياخشى بولسا، ئۇ ياخشى بولۇر.

1945. نېمە دەر ئىشىتكىن، كۆيۈمچان كىشى،
كۆيۈمچان ئېرۇر كىشىلىك بېشى.

2194. يامان نەسىل كىشىلەر ئېرىغسىز بولۇر،
ئېرىغسىز ۋەزىرلىككە يارامسىز بولۇر.

2193. ۋاپالىق بولۇر نەسلى پاكىز كىشى،
جاپالىق بولۇر ئۇ ئېرىغسىز كىشى.

2196. ئىشىتكىن نېمە دەر قانۇنلۇق كىشى،
قانۇنلۇق كىشى ئۇ بولۇر ئەل بېشى.

2197. ئىسىل زات كىشىنىڭ خۇي پەيلى سىلىق،
ۋاپا بىرلە خەلققە ئاچار ئىلىگ.

2198. ئېرىغسىز قىلغى ۋاپاسىز، جاپا،
بېرىپ باقسىمۇ ئۇڭا شېكەر ھەم يىلىگ.

3168. بىلىملە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۇگۈن،
بىلىم بىل تەقىل ئوق ئاڭلىق ياشىغىن.

ئەمما، شۇنداق دەۋاتقان شائىر ئۆزىمۇ كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن ئۈمىدسىز كەيپىياتتا بولغان. ئۇنىڭچە ئىنسان ئاجىز،

زەئىپ. بۇ دۇنيادىكى ھايات قىسقا، بۇ دۇنيا بىردەملىك ئۆتكۈن-
چى، خۇددى چۈشكە ئوخشايدۇ.

1396. بۇ چۈشتەك تىرىكلىك ئۆتەر بەلگىسىز،
بەگ ئۆلسۈن ياكى قۇل، كېتەر كەلگۈسىز.

1397. قېنى ئۇ چۈشۈڭدەك كەچۈرمىش كۈنۈڭ،
ئۆكۈنچتىن بۆلەك ئەمەس، بۇ قالمىش كۈنۈڭ.

1401. تىرىكلىككە ئالدانما، بەكمۇ ساقىن،
تىرىكلىك ئۆلۈمگە ناھايەت يېقىن.

شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى كۈنتۇغدى كۆرسەتكەندەك، قەلبىدە دۆلەت ۋە مىللەت مەنپەئەت تۇيغۇسى بولمىغان ئادەم دىنغا قانچىلىك سادىق بولمىسۇن، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئۇ دۇنيادىكى بەختى ئۈچۈن ئىبادەت قىلسا، جاپالىق تاۋلانسا، پەقەتلا ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ئاكتىپ ساداقەتلىك بىلەن تۆھپە قوشقان بولىدۇ. لېكىن ھەقىقەتتە بولسا بۇ ياخشى قىلمىش، ئاكتىپ ھەرىكەت ھېسابلانمايدۇ. پەقەتلا قەلبىدە دۆلەت ۋە خەلق بولغان، شەخسىيەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرىلا ياخشى قىلمىش بولالايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئايتور ۋەزىر ئۆگدۈلمىش بىلەن زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ئوخشىمىغان كىشىلىك ھايات يولىنى ئىنچىكە لايىھىلىگەن. ئۆگدۈلمىش ياخشى ئىش قىلىش يولىنى تاللىۋالغان. ئودغۇرمىش بولسا سوپى - زاھىدلىق يولىنى تاللىۋالغان. ئۇ ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى ياقلايدىغان سوپىزم تەرىقەت يولىنى تۇتقان ئادەم. شۇڭا ئۇ پانىي دۇنيا ئىشلىرىدىن باقىي دۇنيادىكى مەڭ-

گۈلۈك «جەننەت» پاراغىتىنى ئۈستۈن قويىدۇ. زاھىدلىق ئۇ-نىڭ ئىستىقامەت قىلىپ ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش روھى بىلەن ئاللا-غا يېقىنلىشىشى بولۇپ، ئۇ دۇنيا ھاياتىغا بەكرەك يۈزلەنگەن. ئۆگدۈلمىشنىڭ ھەم ئاللاغا ئىبادەت قىلىشى، ھەم ھاياتىي دۇن-يانىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتىلىشىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرى دەرىجىدە كۆ-رشىلىك قىممەتنى نامايان قىلىدۇ. لېكىن ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇ دۇنيا ئۈ-چۈن.

4905. بۇ دۇنيا كېتەر، قايتا كەلمەس يېنىپ،
ئۆمۈر قانچىلىك قالدى بولماس بىلىپ.

4906. كېلۈر توغرا شۈبھىسىز مەڭگۈ جاھان،
ھوزۇر ياكى ئەمگەك بېقىن ئۇ زامان.

4907. قەيەردە بولسا بەخت، ھۇزۇر شۇندادۇر،
كىشى ئورنى ئىزى ھەم ياخشى بولۇر،

شۇڭلاشقا، ئۆگدۈلمىش ئۇنى ئوردىغا قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىپ مۇنازىرىلىشىدۇ، ئەمما ئودغۇرمىش بۇ مۇنازىرىدە قايىل بولماي تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا لاياقىتى يوقلۇقىنى، بۇ ئىشقا كىرىپ قالسا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ ئاللا ئالدىدا گۇناھكار بولۇشتىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كۈنتۇغدى 3 - قېتىم ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنى تاغقا ئەۋەتىپ: «ئە-گەر كەلمىسە ئالدىغا ئۆزۈم بارىمەن» دېگەندىن كېيىنلا ئۇ ئامال-سىز ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ كۈنتۇغدى ئىلىك بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك شەرتنى قويىدۇ:

3756. تىلەرمەن تىرىكلىكنى ئۆلمەيدىغان،
يىگىتلىك تىلەيمەن قېرىمايدىغان،

3757. ھەمىشە كېسەلسىز مېنى ئەيلە ساق،
باي ئەت ئەيلە يوقسۇل بولۇشتىن يىراق،

سەن بۇلارنى بېرىشكە قادىرمۇ؟ دەپ سورايدۇ ۋە يەنە پادىشاھقا مۇنداق دەيدۇ: «ئەي شاھ! قارا، سەندىن ئاۋۋال دادالڭ بىر ئەلدە ھۆكۈمدار ئىدى، قوشۇن ۋە ھەشەمەت ئىگىسى بولۇپ ياشىغانىدى. ئۇنىمۇ ئۆلۈم ئېلىپ كەتتى. دادالڭ ساڭا نەسىھەت قىلدى. دادالڭ ۋە ئاناڭنىمۇ ئۆلۈم قالدۇرمىدى، ۋاقتى كەلسە سېنىمۇ تاشلايدۇ. بۇ سارايلار ساڭا بىر مۇساپىر خانىدۇر. سەندىن ئاۋۋال كەلگەنلەرمۇ بۇ يەرگە چۈشتى ھەم ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ساراي ساڭا نېمە دەيدۇ؟ ئاڭلا، سەن ساراي مېنىڭ دېيەلەمسەن؟ نېمىشقا مۇنداق دەيسەن؟ سەندىن كېيىن كېلىدىغانلارمۇ مېنىڭ دەيدۇ.» ئودغۇرمىشنىڭ خاراكتېرى شۇكى، ئۇ ھەر خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ، ئاخىرى ھەممىنى ئاپىرىپ تەقدىرگە باغلاپ قويىدۇ. ئۇ روھىي جەھەتتە ئېزىلگەن، ئاڭ جەھەتتە نادان قالغان مەھكۇم خەلقنىڭ فېئودال جەمئىيەت تۇس-قۇنلۇقلىرىغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، ئەمما فېئوداللىق جەمئىيەت شارائىتىدا چىقىش يولى تاپالمىغان شەخس. ئۇنىڭ ئۇستىگە، سوپىزم دۇنيا قارىشىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان، ھايات ـ ئۆلۈمگە بولغان قاراشلىرىمۇ شۇنى چىقىش قىلغان. ئۇنىڭ كۈنتۇغدى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ بولۇپ يەنە تاغقا قايتىپ چىقىپ كېتىشى ۋە ئۇزاققا قالماي تاغدا تەنھا ئۆلۈپ كېتىشى بۇنىڭ دەلىلى. ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش-

نىڭ ئوخشىمايدىغان ھايات يولى، بولۇپمۇ زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ھايات پەلسەپىسى ئەمەلىيەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە قارىشى جەھەتتىكى ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى تېڭىرقاشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ.

## 5. ئۆدغۇرمىش ئوبرازى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلۈم ئېڭى

XI ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى، دۆلەت ئۇستازى، ئەدەبىيات ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز — يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا خەلق مەركەزچىلىك ئىدىيىسىدىن كېلىپ چىققان دۆلەت، خەلق ھەققىدىكى ئازاب ئېڭىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرقچە ئالاھىدىلىككە ئىگە «غايىۋى دۆلەت» ئۇتوپىيىسى ئارقىلىق سىمۋوللۇق ئىپادىلەش بىلەن، ھاياتلىقنىڭ ئومۇمىي ھەرىكەتلىنىش ۋە يېڭىلىنىش قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەمما ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي ئاڭ تەرەققىياتى ھەم ئۇنىڭ شائىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، شائىرنىڭ ئازابلىق پىسخىكىسىدىكى ئۇتوپىك ئىدىيىسى غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى. يەنى شائىرنىڭ ئىدىيىسى ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ قالدى. ئەسەر باشتىن ـ ئاخىر ئۆلۈم قارىشىنى تەكىتلەيدۇ. ھالبۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پىكىر ئېقىمى بىلەن ئىسلام ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قارىشىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىر قاتار كۆز قاراشلىرىنى، جۈملىدىن زىددىيەتلىك ھېسسىياتىنى داستاندىكى تۆتىنچى پېرسوناژ — زاھىد ئودغۇرمىش خاراكتېرىنى

يارىتىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىسلام دىنى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن ئىچىدە ھەممىدىن كېيىن پەيدا بولغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى كۆپ خىل ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلۇشى، ئارىلىشىشى ھەم مەركەزلىشىشىنىڭ مەھسۇلى، يەنى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئويغىنىش دەۋرىدە ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر ئارىسىدىكى كۈرەش ئارقىلىق مۇستەھكەملەنگەن. دىن تارىخىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ دەسلەپتە بارلىققا كېلىشى، يەنە بىر دىنىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى مەلۇم جەھەتتە خەلق ئىجتىمائىي ھايات تەلىپىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن خەلقنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن خالاس قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى دەسلەپتە مەلۇم ئىلغارلىقنى تەكىتلەپ، مۇشۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەنلىكتىن ئىدى.

ئىسلام پەلسەپىسى ئىسلام دىنى ئاساسىغا قۇرۇلغاچقا، ئۇ ئالدى بىلەن دىنىي پەلسەپىۋى چۈشەنچە بولۇپ، ماھىيەتتە ئىنسان تەبىئىتىنى ئاللاغا باغلىغان ئىدراكلىق پەلسەپە، شۇنداقلا تەبىئەتكە زىچ باغلانغان بىر خىل پەلسەپىدۇر. بۇ خىل پەلسەپىدە بارلىق شەيئىلەردە روھ بولىدۇ دەيدىغان روھ مەۋجۇتلۇق قاراش بار. ئىسلام دىنىنىڭ روھىيەت قارىشىدا، ھاياتلىقتا ھەرىكەت، ئىدراك، شادلىق، قايغۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساس بار. ھاياتلىققا ئىگە بارلىق جىسىملاردا روھ بار، جىسىمنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ روھ ئۈچ چوڭ تۈرگە، يەنى: «ئۆسۈملۈك روھى، ھايۋانات روھى ۋە ئىنسانىيەت روھىغا بۆلۈنىدۇ.» ① دېگەن دىنىي قاراش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا «دىنىي ۋە دىنىي تۇسكە ئىگە كىشىلىك ھايات قارىشى گۇرۇھلارنىڭ ئوخشىماسلىقى تۇ-

---

① «ئەرەب دۇنياسى» ژۇرنىلى، 1987 - يىللىق 4 - سان، خەنزۇچە.

پەيلىدىن، دەۋر كىشىلىرىگە تەسۋىرلەپ بېرىدىغان كىشىلىك ھايات يولىمۇ پەرقلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئوبرازلىرىنى ياراتقاندا، ئوبرازغا قارىغاندا ئىدىيە چوڭ ئورۇنغا قويۇلغان. ئۆگدۈلمىش بۇ دۇنيا بەختىگە ئىنتىلىدىغان غايە ۋە ئىرادىگە ۋەكىللىك قىلسا، ئودغۇرمىش باقىي ئالەمنى تېخىمۇ ئۈستۈن قويىدۇ. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئىسلام دىنىنىڭ سوپىستىك قاراشلىرىمۇ، شۇنىڭدەك بۇددا دىنى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەسىرىمۇ ئېنىق. «بۇددا دىنى ئەقىدىسىدە ئادەم بىلەن ئۆسۈملۈك ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ تۈپ پەرقى يوق، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى بىرەر ئۆسۈملۈككە ياكى بىرەر ھايۋان، ئۇچار قۇشلارغا ئۆتۈپ قايتا ھاياتلىقنى باشتىن كەچۈرىدۇ. شۇڭا ھايۋانلاردىمۇ روھ بولىدۇ دەپ قارىلاتتى. ئىسلام دىنىدا بولسا ئادەم خۇدادىن قالسىلا ئۇلۇغلۇق ئورنىغا قويۇلغان. ئەمما ئادەم مەلۇم تەرەپتىن ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئاللا ئىرادىسىنى ئورۇندىغۇچى ئورۇندا ئىدى»①.

قەدىمكى ياۋروپا ئەدەبىياتىدا خرىستىئان دىنىنىڭ تۈۋىسىنى ئىپادىلىگەن «تەۋرات» ئادەم بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كېلىشتۈرۈش سۈپىتىدە ھايات - ئۆلۈم مەسىلىسىنى كۈچلۈك ئىپادىلىگەنىدى. ئۇنىڭدىكى ئازاب ئېڭىمۇ شەخسنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆز روھىنى تازىلاش جەريانى بولۇپ، شۇ چاغدىكى كىشىلەر ئادەم ئىلاھ ئىرادىسىگە تەلتۆكۈس بويسۇنۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا بەختنىڭ يەنە بىر قىرغىقىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى پىروتاگراس ئېنىق قىلىپ: «ئادەمنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ. ئادەمنىڭ بەدىنى

① لاڭ يىڭ: «قۇتادغۇبىلىك ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992-يىل خەنزۇچە نەشرى، 119 - بەت.

پەقەت روھنىڭ قەبرىسى، تەن ئۆلگەندىن كېيىن روھ قايتىدىن ئۇ دۇنيادا ياشايدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ تەننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈشنىڭ، رېئال ھاياتقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارىغان. پلاتونمۇ «ئادەمنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ، روھ تەنگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىدېئال دۇنيادا تۇرىدۇ. ئۇ يەردە روھ قائىدە، بىلىم ئۆگىنىدۇ» دەيدۇ. ئۇ، روھ تەن بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ ھەمدە تەندىن ئاجرىلىشقا بولىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. گرېتسىيىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى ئەخلاقشۇناسى كارۇ مۇشۇ خىل قاراش تۇپەيلىدىن تەقدىرچىلىكنى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ، ئادەم تەقدىرگە بويسۇنۇشى كېرەك، قارشىلىق كار قىلمايدۇ دەپ قارىغان، ھەتتا «مۇۋاپىق سەۋەب ئۇچۇن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا بولىدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزى ھەم شاگىرتلارمۇ ئــۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر قەھرىمانلىق داســتــانلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ھايات قېلىشى ياكى ئۆلۈمى خرىستىئان دىنى ھايات ـ ئۆلۈم چۈشەنچىسى بىلەن باغلاپ قو- يۇلغان ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى ھايات ـ ئۆلۈم تېمىسى خەلقچىللىق، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى چە- قىش قىلىپ رېئال جەمئىيەت تەلەپلىرىگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ياۋروپا ئەدەبىياتىدا خرىستىئان دىنى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان كۈچلۈك تەسىرى ۋە چەكلىشى تۇپەيلىدىن، ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى سۇژېتلار ۋە قەھرىمانلارنىڭ ئازاب ئېڭى ئاكتىپ تەدبىر، ئۈمىدۋارلىق ۋە كۈرەشنىڭ ئىستىكىنى قوزغى- تىشقا قارىغاندا چۈشكۈنلىشىشكە، ئۆلۈمگە بەكرەك يۈزلەندۈرۈپ قويىدى. بۇنى دەل خرىستىئان دىنى تەقدىرچىلىك قارىشىنىڭ بىر ئىنكاسى دېيىشكە بولاتتى.

شەرقتە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن، ئازاب بۇددىزىم كىشىلىك قارىشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئۇل تېشى بولغانلىقتىن، ئۇ فىزىئولوگى- ــيىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئازاب ـ

ئوقۇبەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ھەرقانداق بىر ئادەم تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈشنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئادەمنىڭ دۇنيادا ياشىشى، بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى، ئارزۇغا يېتەلمەسلىكى، تەلپىنىڭ قانائەتلەنمەسلىكى قاتارلىق ئازابنى پەيدا قىلىدۇ دەپ قارالغان. ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتلىق قاراشلىرى يۇقىرىقىدەك ئازاب ئېڭى ۋە ھاياتلىق پەلسەپىسى ئاساسىدا ئىزاھلىنىدۇ. ئەمما، ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى بۇ مەزگىلدىكى دىنىي مەزھەپ، ئېقىم ۋە گۇرۇھلارنىڭ خاس پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەلىمات ۋە نەزەرىيىلىرى تۈپەيلىدىن، ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۆلۈمنىڭ قىممىتى، ھاياتلىق نىشانىسى ھەققىدە بىر خىل مۇرەككەپ كۆز قاراشنى پەيدا قىلغان ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ياراتقان ئودغۇرمىش ئوبرازىدا مۇشۇ زىددىيەتلىك ئەھۋاللار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر بۇ ئوبرازنىڭ خاراكتېرىنى ياراتقاندا، زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ تەركىدۇنياچىلىق، تەسەۋۋۇپچىلىق روھى تۈپەيلىدىن، باقىي دۇنيانىڭ پاراغەت ـ شادلىقىدىن بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى ياخشى ھەرىكەت، جاپا ـ مۇشەققەت قىلمىشلىرىنى ئۈستۈن قويۇشقا تىرىشىدۇ، ئەمما ئاقىۋەت ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان، ھايات ۋە تەقدىر قارىشى بۇنى يەنىلا چەكلەپ قويغان. شۇڭا خەلق ئاساس ئىدىيىسىدىن كېلىپ چىققان غايىۋى دۆلەت ئىدېئالى ئىسلام دۇنيا قارىشى بىلەن كۈچلۈك تېپىشىش مۇناسىۋىتىدە بولدى. يەنى بۇ رېئاللىق ئۇچۇن كۈرەش قىلىپ ئازاب چېكىشكە رازى بولۇش كېرەكمۇ؟ ياكى قىسقىغىنا پانىي ئالەمدە تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ، ئۇ دۇنيادىكى ئەبەدىي شادلىققا ئىنتىلىش كېرەكمۇ؟ شائىرنىڭ ئىككى خىل دۇنيا ھەققىدىكى تېپىشقىشى ئۆگدۈلمىش بىلەن تۈتىنچى شەخس زاھىد ئودغۇرمىش ئارقىلىق يورۇتۇلغان. داستاندا ۋەزىر ئايتولدىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىن تا ئۆلۈمگىچە (25 ـ، 27 ـ بابلار) بولغان بايانلاردا،

كىشىدە چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەت تۇغدۇرىدىغان، ئەمما قېچىپ قۇتۇلۇشقا بولمايدىغان ھاياتلىق قانۇنىيىتى ئىپادىلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تاماملىنىدۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ھايات ھەققىدىكى سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

ئۆلۈمگە ئاسىغ قىلماس ئالتۇن كۈمۈش،
ئۆلۈمۈگ تېرۈماس بىلىگ يا ئوقۇش.
بۆگۈلەرگە بىلگى ئىلىك تۇتمادى،
ھەكىملەرگە ھىكمەت ئاسىغ قىلمادى.
ئۆلۈمگە ئادىش قىلمادى ئەرسە ئوت ئەم،
ئوتاچى توروۇق لىگاي ئەردى ئۇلام.
ئۆلۈم يۈز قىلۇر ئەددى ئەرسە كۆروپ،
ئاخىرى ساۋچى بار قالغاي ئېردى كۆروپ.

شائىر بۇ يەردە، بىرىنچىدىن ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى، ئىككىنچىدىن ئادالەتنىڭ زۇرۇرلۇكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆگدۈلمىش بۇ دۇنيادىكى رېئال ھايات گۈزەللىكىنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىيالايدۇ ھەم كىشىلىك ھاياتنىڭ مەقسىتى دۆلەت، خەلق ئىشلىرىغا ئاكتىپ كىرىشىش، ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ كىشىلىك ھاياتنىڭ يۇقىرى قىممىتىنى يارىتىش دەپ قارايدۇ.

ئەمما زاھىد ئودغۇرمىش ئىچكى جەھەتتە ھاياتنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، لېكىن ئادەم تۇغۇلۇش، كېسەل بولۇش، قېرىش، ئاجىزلىق، ئۆلۈش ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ دەپ قارايدۇ:

4697. تىرىكلىك ئۇچۇندۇر جاھان نەرسىسى،
ھايات تۆگىسە بىتەر مال قايغۇسى.

4878. سەن مەيلى مىڭغا كىر، مەيلى ئۇن سەككىز،
ئۆلەرسەن، قويۇپ كەت سەن بىر ياخشى ئىز.

4820. بېشىڭ كۆككە ئۇلانسا ئۇلۇغلۇق ئېتى،
ياتار جايىڭ بولۇر قارا يەر قېتى.

4826. غەپلەتتە ئۆلۈمنى سەن كۆرمە يىراق،
چىقار پىستىرمىدىن چىققاندەك بىراق.

4827. تولا مىڭ غاپىلنى باسمىشتۇر ئۆلۈم،
تولا مىڭ توپلارنى چاچمىشتۇر ئۆلۈم.

4828. ئىشىت كۆڭلى ئويغاق كىشى نېمە دەر،
ئۆلۈمدىن ئۇلما غاپىل زەرەرى يېتەر.

4829. ياراتتى ئۆلۈم تولا توپلارنى باق،
ئۆلۈمنى ئەسلەسەم كۆز يېشىم بۇلاق.

ئۇ بۇنىڭدىنلا ئازابلىنىپ قالماي، يەنە رېئال دۇنيادىكى ئازاب ۋە مۇشەققەت - رىيازەتلەر ھەققىدىمۇ چوڭقۇر قايغۇردۇ:

5242. بىرى چەككەچ زۇلۇم بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىنەۋادۇر.

5243. بىرى ئاچ، ئۇ بىرى يالاڭئاچ يۇرۇر،
بىرى قايغۇ - غەمدىن پىغانلار چېكۇر.

ئودغۇرمىش ئوبرازىدا يەنە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيە-

سىدىكى سوپىزم قاراشلىرىنىڭ تەسىرىمۇ خېلى چوڭقۇر ئەكس ئېتىدۇ.

3149. ئىبادەت بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئەمگىتۇر،
تائەتتە گۇناھ ـ كېسلىن ئەملىتۇر.

ئۇ خۇدادىن ئايرىلماسلىق ئۇچۇن ھەممىدىن قول ئۇزۇپ، جەمئىيەت، كوللېكتىپ، رېئال دۇنيا ئىشلىرى، شۇنداقلا ئار-تۇق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ، پەقەت ئاللاغىلا ئېتى-قاد قىلىدۇ ھەم بۇ يولدا بارلىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىدايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم هامان بىر كۇنى ئۆلگەندىن كېيىن بۇ دۇنيا ھەققىدە ئويلىنىش، قايغۇرۇش، ئۇزاق ئۆمۇر كۆرۇشنى ئارزۇ قىلىپ، تۇرمۇش مەئىشىتىنى تەلەپ قىلىش ۋە باشقىلار ئۇچۇن جاپا چېكىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق دەيدۇ.

4700. نەگۇ ئاسىغ ئاخىر ئۆلۇر ئەرسە ئۆز،
ساڭا تەگكۇسى يوق مەگەر ئىككى بۆز.

ئېنىق كۆرۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، ئودغۇرمىش گەرچە ئاللانىڭ مەڭگۇلۇك شەپقىتىگە نائىل بولۇش ئۇچۇن چىن سەمىمىيىتىنى ئىپادىلەۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ شەخسى-يەتچىلىكىنى بىلدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ بىرلا جېنى-نى، يەنى ئۇ دۇنيادىكى بەختىنى ئويلاپ مەقسەتلىك رەۋىشتە ئىبادەت قىلىدۇ، بەلكى چىن ئېتىقادىنى خۇداغا باغلىماي مەنپە-ئەتكە باغلايدۇ. شۇڭا باشقىلار بىلەن، يەنى ئۆزىدىن تاشقىرى ھەرقانداق بىر شەخس، كوللېكتىپ ياكى دۆلەت ئىشلىرى بىلەن

كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. خۇداغا ئىستىقامەت قىلماي ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ئەيىبلەيدۇ.

4745. تۆرەتكەن ئىدى تاپىغى ئەۋرە قۇدۇپ،
تۆرۈمىشكە تاپماق بولۇرمىز ئودۇپ.

يەشمىسى: ياراتقان ئىگەمگە ئىبادەت قىلماي،
مەخلۇقنىڭ خىزمىتىنى قىلسا بولامدۇ.

ئودغۇرمىش يەنە كۆپ سۆزلىرىدە بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ھېچقانداق مەنپەئىتى يوق، ئەھمىيەتسىز كېلىدۇ ۋە تېزلا كېتىدۇ، خۇددى سايىگە ئوخشايدۇ دەيدۇ. دەل مۇشۇنداق پىكىرلەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقسەتلىك ھالدا ئۆگدۇرمىش بىلەن ئودغۇرمىشنى بىر - بىرىگە سۆزلىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىشىلىك ھايات، ئۆلۈم ۋە قىممەت جەھەتتىكى زىددىيەتلىك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۆز ھاياتىنى ئۇ دۇنيالىققا بېرىۋەتكەن تەركىدۇنيا زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ھايات قىممەت چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم چوقۇم ئۆلىدىغان بولغاچقا، ھەممە ئادەم ئۈچۈن تۇرمۇش قۇرۇش، پەرزەنت كۆرۈش، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق، دوست - يار مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنىڭ قىلچە كېرىكى يوق. بۇلاردىن قول ئۈزۈپ سوپىلىق يولىغا كىرىپ، مازار - ماشايىخ، تاغ - چۆللەرنى ماكان تۇتۇپ، خىلۋەت روزىغارىدا تەنھا ئىستىقامەت قىلىش كېرەك. ئۇ خېلى كۆپ جايدا «كۇلال»، «جەندە» نى تىلغا ئالىدۇ. يۇقىرىقى پىكىرلەردىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنىڭ تەسىرىنى ھېس

قىلىمىز.

تەسەۋۋۇپ ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان» تەلىماتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. سوپىزىم پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىدىيىۋى پرىنسىپلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلامىيەت شەرقىدە ئەۋج ئالغان ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. تەڭرىگە بولغان ھەقىقىي ئىشقىنى تەكىتلەپ، ئۇ دۇنيادىكى «مەڭگۈلۈك ھايات»قا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش — تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ھايات ھەققىدىكى قارىشىنىڭ ئاساسىي تەرىپى. گەرچە ئۇلار ئىنسانغا بولغان ئىشقىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، لېكىن «تەڭرى»گە بولغان ئەبەدىي ئىلاھىي ئىشق ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرغاچقا، رېئاللىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، كىشىلىك ئارزۇ - ھەۋەستىن قول ئۈزۈپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ئومۇمنىڭ تەقدىرىگە بىپەرۋالىق قىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئۇلار «تەڭرى»گە ھەقىقىي مۇھەببەت باغلىمايدۇ، بەلكى شەخسىيەتچىلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. بۇ كوللېكتىپقا، جەمئىيەتكە نىسبەتەن پاسسىپلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك بولسا، ئادەمنىڭ شەخسىي ئېتىقادىغا نىسبەتەن ئۇ ئەمەلىيەتتە ساختا بولۇپ، چىن، ھەقىقىي ئېتىقاد ئەمەس.

ئادەتتە سوپىزمنىڭ ئىدىيە تەرەققىياتىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: مىلادىيە VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغىچە بىرىنچى باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتىكى پىكىر ئېقىمى «قۇرئان»نى ئاساس قىلغان، بۇ دۇنيادىكى كىشىلەرنى رېئال ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن ھەمدە ھاياتتىكى رىيازەتلىك ھەرىكەتتىن خالىي بولۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. «دەسلەپكى مەزگىلدىكى سوپىزم گۇرۇھىدىكىلەر شەخس (ئادەملەر) ئاللانىڭ دىدارىنى كۆرىدىغان بىۋاسىتە يولنى تاپالايدۇ دېگەن پىكىرنى تەشەببۇس قىلىپ، دىنىي ئەقىدىلەر ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى قوغدايدىغان تېئولوگلار باشتىن - ئاخىر ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىدى،

شۇنداقلا فېئودال ھۆكۈمرانلىققا قارشىلىق ۋە ئەركىنلىككە ئىنتىلىدىغان ئىدىيە خاھىشلىرىغا قارشى تۇرغانىدى. شۇڭا بۇ ئېقىم فېئودال ھۆكۈمران ۋە تېئولوگلار تەرىپىدىن ئاڭ جەھەتتىنكى بىر بۇرۇلۇش دەپ قارىلىپ، سوپىزم ئىدىيىسى VIII ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، روشەن مىستېتىزملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.»① مۇسۇلمان مىستىك يازغۇچىلىرىدىن ئەبۇبەكرى، ئەل كەلابادى، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، ئەل مىسرى قاتارلىقلار مۇشۇ دەۋرلەردىن باشلاپ سوپىزمنىڭ پەلسەپە ئېقىمىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىگە ئايلانغانىدى»②. شەرقتىكى دەسلەپكى مىستىك ئەدەبىياتتا ئەل غەززالى، ئابدۇللا ئەنسارى قاتارلىق ئەينى زامان شائىر، مۇتەپەككۇرلىرى «قۇرئان» (kaIam) بىلەن ئەرەب پەلسەپىسىنى بىرلەشتۇرۇپ، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارىشىنى ئاساس قىلغان سوپىزم دۇنيا قاراش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۇردى③. شۇنىڭ بىلەن ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق سىرلىق ئۇ ئالەمگە كىرىپ ئاللاغا قوشۇلۇپ كېتىش ئىدىيىسىمۇ شەكىللەندى. چۈنكى مىلادىيە IX~XII ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى پەلسەپە قاراش جەھەتتىن خېلىلا چوڭقۇرلاشقان. ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام دىنىدا «شىئە»، «سۈننىي» مەزھەپلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن «ئاللا» غا باغلانغان ئىسلام دىنى بارا - بارا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇ مۇرەككەپ پەلسەپە قاراشلىرىنى مۇرەسسە قىلغان كىشى ئەبۇھامىد ئەل غەززالى (1058~1111) بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئۈچ پىكىر ئېقىمى بولغان «تىرادىستىئونالىزم»، «راتسىئونالىزم»، «مىستېتىزم» نى بىرلەشتۇرۇپ سوپىزم پەلسەپە ئىدىيىسىنى يا-

① ② «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىنگلىزچە نەشرى، سوپىزم قىسمىغا قارالسۇن.
③ «ئىسلام مىستېتىزم»، ئىنگلىزچە نەشرى، 128 - بەت.

راتقان. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا سوپىزم پەلسە-
پە ئىدىيىسى دەل مۇشۇ چاغدىن كېيىنرەك باشلاندى. ئەھمەد
يەسەۋى دەل ئۇيغۇر سوپىستىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى
ۋەكىلى ئىدى. ئەل غەززالى ۋە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ سوپىستىك
ۋە كالامىزم ئىدىيىلىرى بىلەن فارابىنىڭ ناتۇرال پانتىزمى،
ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىلغار گۇمانىستىك ئىدىيە-
لەر، ئىلغار هايات قاراشلىرى توقۇنۇشقانىدى. بۇ ئىدىيىۋى
توقۇنۇش پارس تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى ۋەكىللىرىدىن
تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاتىسى روداكى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى،
نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋى، ئابدۇراھمان جامى، سەئدى
شىرازى قاتارلىقلارغىچە، ھەتتا يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر
نەۋائىغىچە داۋاملىشىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا قاراش ۋە ئىجادىيىتىگە
كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. مىلادىيە XII ئەسىردىن كېيىن
سوپىزم ئىدىيىسى تەرەققىي قىلىپ ئۈچىنچى باسقۇچقا قەدەم
قويۇپ، روشەن تەبىئەتچىلىك (راتسىئونالىزم) خاھىشىغا ئىگە
بولدى. سوپىزم ئەرەبچە تەسەۋۋۇپ دېيىلگەن بولسا، غەربتە
مىستىتىزم دېيىش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئۇلار «دۇنيادا بىر
ئاللادىن باشقا مەۋجۇدىيەت يوق. بارلىق مەۋجۇدىيەت ئاللانىڭ
زېمىنىدىكى شولىسى» دەپ قارىغانلىقتىن، سوپىلار ئۆزلىرىنى
خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن سادىق مۇرىتى ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت
قىلىش ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتقا يېتەمەكچى بولىدۇ. «قۇر-
ئان» سوپىزمنىڭ تۈپ پەلسەپىۋى تەلىمات ئاساسى. ئىسلام سو-
پىزمى پىكىر ئېقىمىدا مەنسۇر ھەللاجى (858 ～ 922) روشەن
گۇمانىستىك پىكىرلىرى بىلەن دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان. ئۇ
ئىنساننى تەبىئەت بىلەن ئاللانىڭ بىرلەشكەن گەۋدىسى، يەنى
ماددا بىلەن روھنىڭ بىر گەۋدىسى دەپ قارىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
بىر شېئىرىدا ئۆزى بىلەن ئاللانىڭ بىرلىكى نۇقتىسىدىن: «ئۇ
مېنى سۆيگەچكە مەن مەۋجۇت. مېنىڭ مۇھەببىتىمدە ئۇ ياشاي-

دۇ. بىز ئىككى روھ بىر تەندە مەۋجۇتمىز»[1] دەپ، خۇدا بىلەن بىردەكلىكنى ئىپادىلەيدۇ ھەم خۇداغا چوڭقۇر ئېتىقاد قىلىپ، ئۆز مۇكەممەللىكى ئارقىلىق تەڭرى بىلەن بىرلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

تەسەۋۋۇپچىلار ئىنسان ھاياتى تىرىكلىك (پانىي دۇنيا) ھەم ئۆلۈم (باقىي دۇنيا) دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ «جان» (تەن) ۋە «روھ» تىن تەشكىل تاپقاچقا، ئادەمدە تۆت ئېلېمېنت (تۆت زات) مەۋجۇت بولغاچقا، ئۆلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلسا، «جان» تەندىن چىقىپ كېتىدۇ ھەم ئادەم ئۆلىدۇ. ھاياتتىكى ئۆلۈم ئېلېمېنتلىرى ئىنسانغا يۇقىرى شەرەپ بەخش ئېتىپ، ئۇ دۇنيادا مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۇرىدۇ. شۇڭا ئىنساندىكى ئىشق ئۇنىڭ روھىنىڭ كامالەتكە ئېرىشىپ تەڭرى بىلەن بىرلىشىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان» دىكى ئىنساننىڭ يەر شارىدىكى مەۋجۇتلۇقى تەبىئىي ھاياتلىق جەريانى، ئەمما ئاللا ئۇنى بار قىلغان، يەنە يوق قىلالايدۇ، ھەم تىرىلدۈرەلەيدۇ[2] دېگەن بۇ ھايات قارىشى ئىسلام پەلسەپە چۈشەنچىلىرىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئىسلام دىنىدا «رېئاللىقتا بارچە ئادەم باراۋەر، ئۇنىڭ قانداق ئىرق، تەنلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەت بىلىش، مۇكەممەللىك ۋە يۇقىرى ئەخلاقنى تەلەپ قىلىدۇ»[3]. بۇ خىل قاراش يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇرئان» پەلسەپىسى ئاساسىدىكى «باراۋەرلىك» تەشەببۇسلىرىنىڭ «خەلق ئاساس» ئىدىيىسى بىلەن «غايىۋى دۆلەت» ئېستېتىك ئىدېئالىنى تۇرغۇزۇشىنىڭ ئاساسى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شائىرنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى «قۇرئان» دىكى ئالەم ۋە تەبىئەتنىڭ بىرلىكى مەسىلىسىدىن ئىبارەت

---

① «ئىسلام دىنى ۋە ئىرق مەسىلىسى»، ب د ت پەن ـ مائارىپ نەشرىياتى، ئىنگلىزچە نەشرى، 21 ـ بەت.
② «ئىسلام ـ مىستىتىزم»، ئىنگلىزچە نەشرى، 144 ـ بەت.
③ لاڭ يىڭنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، خەنزۇچە نەشرى، 123 ـ بەت.

دىنىي مىستىكا ئودغۇرمىشنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم ئىگىمغا تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا ئودغۇرمىش بۇ دۇنيادىن ۋاز كەچكەن شەخس. ئۇ ئۆلۈمنى ھېچقانچە تەشۋىش، ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ دەپ قارىمايدۇ. ھايات ـ ئۆلۈمگە بولغان پوزىتسىيىدە ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوخشىمايدۇ. ئودغۇرمىش ئوبرازىنى بەزىلەر ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ ئۇ دۇنيا ئىشلىرىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىدىن قانداقتۇر بۇددا دىنىنىڭ قارىشىنى قويۇق ئىپادىلىگەن، ئۇ دۇنيانىڭ سىمۋولى دەپ مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىش توغرا ئەمەس. دەرۋەقە ئۇ كىشىلىك دۇنيادىن قول ئۈزۈپ باقىي ئالەم ئۈچۈن ئويلىنىدۇ. ھايات بىر قېتىم كېلىپ يەنە كېتىدۇ. ئەگرى ـ توقاي زىددىيەتلەرگە تولغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ھايات ئەڭ ئاخىرى يوقىلىدۇ. بارلىق ھاياتلىق ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئۆلار ئۆلۈم ئارقىلىق ئەبەدىيلىككە ئېرىشىدۇ.

1177. نېمە دەيدۇ ئاڭلا ئويغانغان كىشى،
ئۆلۈمنى تونۇپ ياخشى بىلگەن كىشى.

1178. ھېكىم ئىلمى كەتتى ئۆلۈمنى كۆرۈپ،
ئاقىل ئەقلى يۈتتى، ئەقىلسىز بولۇپ.

1179. نېمانچە يامان بۇ ئۆلۈم تىرنىقى،
نېمانچە ياماندۇر ئادەم ئۆرمىغى.

1180. زىننەتلىك سارايلارنى بۇزغان ئۆلۈم،
پۈتۈن جەم بولغاننى چاچقان ئۆلۈم.

1181، بۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شېئىر ئېيتقۇچى،
ئوقۇغىن بۇنى سەن، ئايا بىلگۈچى.

1182. نېمە بار جاھاندا ئاڭا ھىيلە يوق؟
نېمە ھىيلە باردۇر ئاڭا چارە يوق،

1183. پۈتۈن ئىشقا ھىيلە، ئۇسۇل ـ چارە بار،
مەگەر بۇ ئۆلۈمگە ئاڭا چارە يوق.

ھايات بەك قىسقا، ئۆلۈمدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ بىر يەكۈن. ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئېنىقكى، ھايات بار يەردە ئۆلۈممۇ بار. شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى ئەزەلدىن شۇنداق (6073 ـ، 6074 ـ بېيىتلار)، ئۇدغۇرمىش ئۆلۈمدىن قورقۇپ كەتمەيدۇ. بەلكى ئۇ دۇنيادىلا ئەبەدىيلىك بار دەپ قارايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە چوقۇم ئۆز نامىنى قالدۇرۇشى كېرەك دەپ كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلىدۇ (4683 ـ، 4722 ـ، 4724 ـ، 4746 ـ، 4754 ـ، 1476 ـ، 1477 ـ، 5338 ـ، 5345 ـ بېيىتلار).
دۇنيانىڭ بۇ قىرغىنقىدا ھايات كەچۈرگۈچىلەر دۇنيا نېمەتلىرىدىن ئوزۇقلىنىپ ئاندىن ئۆلۈمگە يۈز تۇتىدۇ. ھەممە ئادەم رەت بويىچە ئۆلۈمنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ كىشىنى تولىمۇ ئازابلايدۇ. بۇنداق بولۇشى ئەسلىدە ھاياتلىقنى «خۇدا ياراتقان» لىقىدىندۇر.

378. ئەي ئىگەم سەنلا مەڭگۇ مۇڭسىز تىرىك،
ياراتتىڭ ئۆلۈمگە بۇ سانسىز تىرىك.

شۇڭا ئۆلۈم تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇنى تەقدىر بەلگىلىگەن (232 ـ بېيىت) دەپ چۈشىنىش كېرەك. مانا بۇ

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئازاب ئېڭى بىلەن ئىسلام ئىدېئولوگى-
يىسى شارائىتىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم قارىشى ئوت-
تۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىدۇر. بۇنداق زىددىيەتلىك پەلسە-
پە قارىشى ئەدەبىيات سەھنىسىدە XIII ئەسىردە مەيدانغا چىققان
كلاسسىك شائىر ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»
داستانىدىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. ئەھمەت يۈكنەكى بۇ ئازابنى
يەنىلا ئەخلاق، بىلىم تەشەببۇسى نۇقتىسىدىن ئىپادىلەيدۇ. ھا-
يات ـ ئۆلۈم مەسىلىسىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم ئاللانىڭ
ئادەمنى ئۆز دەرگاھىغا قايتۇرۇپ كېتىشى بولۇپ، ئۇ قانداقتۇر
بەختسىزلىكمۇ ئەمەس، ئادەم تەبىئىي ھالدا ئۆلۈش، بارلىق
مۇشەققەت ـ ئازابتىن ۋە تىنچسىزلىقتىن قۇتۇلۇش، ئاخىرقى
نۇقتىغا قايتىپ ئارام تېپىش، بارلىق ئازاب ۋە تىنچسىزلىق
ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش كېرەك. بۇ خىل ھايات ـ ئۆلۈم
قارىشىنى فرېدرىخ پائولسىن (Friedrich pauIsen) نىڭ مۇنۇ سۆ-
زى بىلەن خۇلاسىلەش مۇۋاپىق: «بارلىق چەكلىك نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى ھالاك بولىدۇ. پەقەت خۇدادىن ئىبارەت بۇ چەكسىز-
لىك ھەر ۋاقىت ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ
ئىنسانىيەتنىڭ گۇمران بولۇشى بارلىق ياخشىلىق ۋە قىممەتنىڭ
گۇمران بولۇشىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ چەكسىز جەبىر ـ جاپا، ئۇ-
رۇش، ئازاب چېكىش نېمە ئۈچۈن؟ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى،
مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئەڭ ئاخىرقى بىر دەۋر ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى
شەيئىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن چاغدا پەيدا بولىدىغان ئاشۇ
بىر دەۋر ئۈچۈندۇر» ①. نەۋائى بۇ ئىدىيىنى ئىنتايىن تەسىرلىك
ئىپادىلىگەن شەخس. چۈنكى ئۇنىڭ ھۇسەيىن بايقارا دۆلىتىدىكى
بارلىق سەرگۈزەشتىسى ۋە خەيرلىك ئىشلىرى بۇنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان. ئوخشاشلا ئۇنىڭ «خەمسە» تۈركۈمىدىكى داستانلىرى

---

① فىرېدرىخ. پولسىن: «ئېتىكا نەزەرىيىسى»، نيۇ يورك، 1989 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى.

ۋە «چاھار دىۋان» (باللىق، ياشلىق، قۇراملىق، قېرىلىق دەۋرلىرى ھەققىدىكى لىرىك شېئىرلىرى) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە شەھەر خەلقىنىڭ، ئاددىي مېھنەتكەشلەرنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى، ئازاب - شادلىقى، قايغۇ - پىكىرلىرى بار ئىدى. شەھەر خەلقىنىڭ ھاياتى كۈچىنىڭ قوزغىلىشى، كونا تۈزۈمگە بولغان چۇقانلىرى كىشىلىك ھايات ۋە كىشىلىك ھوقۇق خىتابى بار ئىدى. ھەرقانداق بىر شەخس ئۆلىدۇ. بىر مىللەتمۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتمۇ ئوخشاشلا يوقىلىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشتە ھاياتنىڭ ساختىلىقى ۋە پايدىسىزلىقى ھەققىدىكى بىر ھۆكۈمدەك كۆرۈنىسمۇ، ئەمما بىر ئادەمنىڭ ھايات - ئۆلۈمى ھامان مۇئەييەن زامان، ماكان بوشلۇقىدا كوللېكتىپقا باغلانغان بولىدۇ ۋە شۇ جايدا ئۆز قىممىتىنى يارىتىشى كېرەك. زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ پادىشاھ كۈنتۇغدى بىلەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىشكە قىلغان سۆزلىرىدە مۇئەييەن دەرىجىدە تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرى، ئارزۇ - تەلەپلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئاپتورمۇ ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا بۇ يولنىڭ مۇمكىنسىزلىكىنى بايقايدۇ. تۆت پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى كىشىلىك يولى ئارقىلىق «مەڭگۈ ھايات يولى» نى ئىزدەيدۇ ۋە تەۋسىيە قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن رېئاللىقنىڭ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن قەلبىدە قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ.

6612. بىلىملىك خىيالچان، ئېچىلماي يۈرەر،
بىلىمسىز سۆيۈنچىدىن كۈلەر قاتقارا.

6613. بىلىملىك غەم ئىچىدە نىچۇكمۇ كۈلەر،
بىلىمسىز سۆغۈن سەن، ئويناقلاپ يۈرەر.

6634. نچە دۇنيا يىغقان جاھان بەگلىرىن،
ئۆلۈم تۇتتى، كەتتى، كۆزى تەلمۈرە.

6635. يىگىتلىك زايا بولدى، ئىسىت ھەي كۈنۈم،
تۈگەر بۇ تىرىكلىك، ئوكۇن قايغۇرا.

6636. نەچچە مىڭ ياشىسا ئاخىرى ئۆلگۈلۈك،
نچە يىغسا دۇنيا قالۇر ئارقارا.

خۇلاسىلىگەندە، ئوتتۇرا ئەسىردە ئەبۇ ناسىر فارابى پەلسەپە ئىدىيىسىدىن باشلانغان «غايىۋى دۆلەت»، «ئادىل شاھ» ئىسىتىك ئىدىئالى ۋە خەلق ئاساس ئىدىيىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى تۈپ ھايات پەلسەپە ئىدىيىسى بولۇش سۈپىتىدە، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەر ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرىغا مۇجەسسەملەنگەن. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئازاب ئىچىنى تىخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. ئەپسۇسكى، ئەلىشىر نەۋائى داستانلىرىغا قەدەر غايىۋى ئارزۇ، دىنىي چۈشەنچىنىڭ چەكلىمىسى ۋە كلاسسىكلار ئىچىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، جەمئىيەتنىڭ رىئال زىددىيىتى ۋە كۆرەشلىرىگە يۈزلىنەلمىدى.

# ئالتىنچى باب

# كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە تراگېدىيىلىك روھ ۋە جەڭگىۋار خاراكتېر

## 1. چاغاتاي ـ تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئىجادىيەت پسىخىكىسى ۋە سوپىزم

قاراخانىيلار خانلىقى مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زە-
ئىپلىشىپ تەدرىجىي مۇنقەرز بولغاندىن تارتىپ يەركەن خانلىقى
تىكلەنگەنگە قەدەر، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا چاغاتاي خانلى-
قى ۋە تۆمۈرىلەر دۆلىتىدىن ئىبارەت ئىككى سىياسىي ھاكىمى-
يەت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

XII ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىدىن باش كۆتۈ-
رۈپ چىققان چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى ئىتتىپاقلاش-
تۇرۇپ كۈچلۈك سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن، ناھا-
يىتى تېزلىكتە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرىنى ئىستېلا
قىلدى.

تارىختا چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالغان بۇ خانلىق موڭغۇل
ئىمپېراتورى چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتايغا مىراس
سۈپىتىدە باشقۇرۇشقا بۆلۈپ بەرگەن تارىم، جۇڭغار ۋادىلىرىدىن
يەتتە سۇ، سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان كەڭ ماكاننى ئۆز
ئىـــچـــىگە ئالغان سىياسىي ھاكىمىيەت ئىدى. مىلادىيە XIII

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا موغۇل چارۋىچى يۇقىرى تەبىقىسىنىڭ قالايمىقانچىلىق چىقىرىشى بىلەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇش بولغانلىقتىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئىگىلىك قاتتىق خارابلاشتى، 1414 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسىدىن جىن، چېڭ قاتارلىق كىشىلەر غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندە، لۇكچۇن، قوچۇ، تۇرپان تەرەپلەردە ئازغىنا شەھەر ئاھالىسى ۋە ئېكىنزارلىق قالغانلىقىنى ۋە نۇرغۇن يەرلەر ئاق تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى قەيت قىلغان. ئۇدۇن شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ئون مىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان، قەدىمدە ئاۋات بولغان بەشبالىق شەھىرى چۆللىشىپ كەتكەن ئىدى»①.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۆلىكى كېيىنچە غەربىي چاغاتاي خانلىقى دېيىلگەن بولسا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىي بۆلىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دېيىلگەن. تارىخنامىلەردە «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئىسەن بۇقاخان 1340 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈر (1347 ~ 1365) تەختكە چىقتى، تۇغلۇق تۆمۈر تۈركلەشكەن موغۇل نەسلىدىن بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنى مۇستەھكەملەپ بىرقەدەر تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ دەۋرىدە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى ئىلياسخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىش ۋە زىددىيەت كۈچىيىپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي بۆلىكىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزگەن ئاقساق تۆمۈر (تۆمۈرلەڭ)

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ پروگراممىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 510 ـ بەت.

غەربىي چاغاتاي ھاكىمىيىتىگە ئاساسەن خاتىمە بەرگەن ئىدى.

ئاقساق تۆمۈر ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ھىندىستان، تۈركىيە، جۇڭگودىن تارتىپ مەركىزىي ئاسىيا رايونىغىچە ئۈزلۈكسىز ھەربىي كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، زور بالايىئاپەت كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىستېلا قىلغان جايلاردىكى ئالىم - مۇتەپەككۇرلەرنى توپلاپ شەھەر قۇرۇلۇشى، بىناكارلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى خېلى جانلاندۇرغان. ئەمما ماھىيەتتىن ئالغاندا، چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتى فېئودال يۇقىرى تەبىقە سىنىپىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلىدىغان ئەزگۈچى فېئودال ھاكىمىيەت ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن شاھرۇھ مىرزا، ئۇلۇغبەگ ھاكىمىيىتىدىن تارتىپ ئوبۇلقاسىم بابۇر (1452 ~ 1457)، ئەبۇسەئىد (1451 ~ 1459) ۋە ھۇسەيىن بايقارا (1469 ~ 1506) قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مەدەنىيەت، ئىقتىساد بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئىچكى - تاشقى ئۇرۇش، سىنىپىي زۇلۇم ۋە خىلمۇخىل سىياسىي گورۇھلارنىڭ كەسكىن توقۇنۇشلىرى زادى پەسەيمىدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا يۇنۇسخان ۋە خىزىرخوجا ئۆلگەندىن كېيىن، دوغلاتلار[1] جەمەتىدىن چىققان مىرزا ئابابەكرى 1468 - يىللىرى يەركەن بىلەن خوتەننى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى «مۇغۇلىستان خانى»[2]

---

① دوغلات — ئەسلىي موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، ئاقساق، توكۇر مەنىسىدە. مىلادىيە 1218 - يىلى چىڭگىزخان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا ماڭلاي سۆيە دېگەن بىر كىشىنى ھۆكۈمرانلىققا قويغان. بۇ كىشىنىڭ بىر پۇتى ئاقسايدىغانلىقتىن، چىڭگىزخان ئۇنى دوغلات (توكۇر مەنىسىدە) دەپ ئاتىغان ئىكەن. مىرزاھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىدا، دوغلاتلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ شۇ جەمەتتىن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. دوغلاتلار ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىن يەركەن خانلىقىغىچە ئېسەن بوقاخان، تۇغلۇق تۆمۈرخان، يۇنۇسخان، خىزىرخوجا، مۇھەممەت ھەيدەر، مەھمۇدخان، مىرزا ئابابەكرى، سەئىدخان قاتارلىق شەخسلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

② موغۇلىستان — چاغاتاي خانلىقىنىڭ موڭغۇل خانلىقى دېيىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىرى موڭغۇللار ياكى موڭغۇل نەسلىدىن بولغانلار. شۇنداقلا ھاكىمىيەت تەشكىلاتى، قائىدە - مۇراسىملىرى موڭغۇلچە بولغانلىقىدىن ئىدى. بۇ ئەھۋال تا مەھمۇدخان دەۋرىگىچە داۋاملاشقان. سەئىدخان دەۋرىدىن باشلاپ ھەممە ئىش مۇسۇلمان قائىدە - رەسمىيەتلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغان.

دەپ جاكارلىغاندىن تاكى سۇلتان سەئىدخان ئۇنىڭغا قارشى ھەر-بىي يۈرۈش قىلىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقاتقانغىچە بولغان يەتمىش نەچچە يىل ئىچىدە مەركىزىي ئاسىيا رايونى ئۇرۇش - جاڭجال سەھنىسى بولۇپ قالغانىدى.

تۇگىمەس ئۇرۇش ۋە يېغىلىقلار خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ئىگى-لىكىنى ۋەيران قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان، بۇ مۇرەككەپ تارىخىي داۋالغۇشلار بۇ دەۋردىكى تۈرلۈك دىنىي مەزھەپ پىكىر ئېقىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھى-يەت دۇنياسىنى چۇمكىگەنىدى. چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرى ھەم يەركەن خانلىقى مەزگىللىرى ئۇيغۇر فېئوداللىق جەمئىيەت تۇ-زۇلمىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، شۇنداقلا كلاس-سىك پەلسەپە - ئىدىيە ئەدەبىياتىنىڭمۇ خاتىمىلىنىش دەۋرى بولدى.

بۇ مەزگىللەردە، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا بولۇپ ئۆت-كەن مۇرەككەپ سىياسىي ھەرىكەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا خەلقلەر بىلەن بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت سېپىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك ھەم نازۇك بىر ھالەتكە ئېلىپ كىردى. بىرتەرەپتىن، ئوخشىمىغان سىياسىي سىنىپ ۋە دىنىي كۈچلەر ئارىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن جىددىي داۋاملى-شىپ، فېئوداللىق ھاكىمىيەتلىق تۈزۈم ۋە سىياسەت كۈچىيىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە خەلق ئۇچرىغان بېسىم ۋە كرىزىس ئېغىر-لىشىپ كەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ رايونلاردىكى ھەرخىل مىللىي ئېتنىك خەلقلەرنىڭ مىللىي مەنپەئەت توقۇنۇشى ۋە ئۇ-رۇشى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە بىر- بىرىنى چەتكە قېقىش خاھىشىنى كۈچەيتىۋەتتى، مۇشۇنداق مۇرەككەپ مۇناسىۋەت جەريانىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيەت، تىل، ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە ئۆزئارا بىر- بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش

بىلەن بىرگە، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە ئورتاق بىر پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش — ئىسلام دىن پەلسەپىسى ۋە سوپىزم پىكىر ئېقىملىرى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇرلار چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتى دەۋرىدە يېزا ئىگىلىك، شەھەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، باشقا خەلقلەر بىلەن ئۇچرىشىش داۋامىدا قوبۇل قىلىش بىلەن چىقىرىشنى ماسلاشتۇرۇپ، بۇ دەۋرگە خاس مەدەنىيەت پىسخىكىسى ھەم ئىجتىمائىي ئىدىيە قاراشلىرىنى شەكىللەندۇردى.

ئۇيغۇرلار قەشقەردىن بالا ساغۇن، ھىرات، سەمەرقەند، بۇخاراغىچە تۇتاشقان مەدەنىيەت بەلۋېغىنىڭ كېيىنكى پەسىللىك ئەۋجىدە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ياراتقان پەلسەپە، ئىدىيە، ئەخلاقى، دىداكتىك ئەنئەنىسى ۋە ئىجتىمائىي ئېستېتىك غايە - كۆزقاراشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە سوپىزم پەلسەپىۋى ئېقىملىرى بىر گەۋدىلەشكەن پەلسەپە ئىدىيىسىنى ياراتتى. خىلمۇخىل سىياسىي كۈچلەر ئارىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋجىگە چىققان سوپىزمنىڭ پىكىر ئېقىملىرى بۇ دەۋردىكى خەلقلەرنىڭ پىكىر، ھېسسىيات ۋە روھىيىتىگە ئەڭ چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان ھادىسىدۇر. ئۇ مۇشۇ رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھاياتى ۋە مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيىسىگە زور ئۆزگىرىش ۋە داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلغان. بۇ دەۋردە ياشىغان ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىب - شائىرلىرى دەۋر رېئاللىقىنى چىقىش قىلىپ، ئىسلام پەلسەپە دۇنيا قارىشى بىلەن ئويغىنىش دەۋرىنىڭ تۇپ روھى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك ھەم ئەخلاق روھىنى بىرلەشتۇرۇپ، ئىنساننىڭ مەنىۋى ئازادلىقى، قەدىر -

قىممىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەپ، ئىجتىمائىي باراۋەر-
لىك، ھاياتنى ۋە ئىنساننى قەدىرلەش، رېئال دۇنيادا بەخت ۋە
ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك جەڭگىۋار
خاراكتېرىنى ھەرخىل تېما، ژانىر ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدە
ئەكس ئەتتۈردى. شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل بىردەۋر دۇچ كەلگەن
كرىزىسنى، بالايىئاپەتنى ۋە كىشىلەر قەلبىدىكى ھەسرەت، پىغان
ئازابىنى، بىھۇدە تۆكۈلگەن قان ۋە كۆز ياشلىرىنى، خەلقنىڭ
ھالاكەت، ئۆلۈم تراگېدىيىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئېستېتىك يۈك-
سەكلىكىنى مۇڭلۇق، شۇنداقلا تەسىرلىك يورۇتۇپ بەردى.

بۇ دەۋرنىڭ پەلسەپە، ئېستېتىك ئىدىيە ۋە ئىجتىمائىي
ئەخلاقىي تېما، ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلەشتىكى يۈكسەكلىكىگە ئا-
ساسەن، تەتقىقاتچىلار بۇ مەزگىلنى بەزىدە ئوتتۇرا مەركىزىي
ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت ئويغىنىشى-
نىڭ 3 - باسقۇچى ياكى كەنجى ئويغىنىش دەۋرى دەپمۇ
ئاتايدۇ[1].

چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىب - شائىرلىرى
كۈچلۈك مۇھەببەت «ئىشق» ھەسرىتى بىلەن ئاشىق - مەشۇقلار-
نىڭ تراگېدىيىلىك پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىسلام
دىنى مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى ئىنساننىڭ مۇھەببىتى، ھاياتى،
ئەخلاقى ۋە روھىي تراگېدىيىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ دەۋر
ئەدىب - شائىرلىرىنىڭ تەڭرى، تەبىئەت، ئىنسان بىلەن ھايات-
لىق، تەقدىر ۋە كىشىلىك قەدىر - قىممەت بىر گەۋدە قىلىنغان
ئازاب ئېڭى ۋە زىددىيەتلىك پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىغا بىۋاسىتە
تەسىر قىلغان ئىدىيە ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ۋە
ئۇيغۇرلار روھىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىسلام دىنى ئىلاھىيەت-
چىلىك پەلسەپىسى ۋە سوپىزم ئېقىمى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن بايان»، 240 - بەتتىكى
پىكىر بىلەن بىردەك.

سوپىزم — ئىسلامىيەتتىن كېيىن شەكىللەنگەن چوڭ بىر پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى. ئۇ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان. سوپىزمنىڭ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا پەيدا بولغان خىلمۇ خىل مەزھەپ - ئېقىملىرى قاراخانىيلار خانلىقى، چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مۇستەھكەملىنىپ، يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر قاتار تارىخىي پاجىئەلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى بولۇش رولىنى ئوينىغان. دەرۋەقە، سوپىزم تارىخنىڭ بەزى مەزگىللىرىدە فېئودالىزمنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتەك ئەركىن پىكىرلەرنىڭ بىرخىل شەكلى كۆرۈنۈشىدە ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارىختىكى فېئودال ئەكسىيەتچىل كۈچلەر تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئېڭىنى قاتماللاشتۇرۇش، چۈشكۈنلەشتۇرۇش ۋە قۇللاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر سىياسىي، مەدەنىيەت سەھنىسىدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا سوپىزم بىر قەۋەت قېلىن پەردە بولۇپ يېپىلغان، ئۇنىڭ بىرەر مەزھىپىگە تەۋە بولمىغان ئەدىب - شائىرىنى ياكى سوپىزمنىڭ مەلۇم ئىدىيە خاھىشىنى ئىپادىلىمىگەن ئەدەبىي ئەسەرنى ھەم تاپقىلى بولمايدۇ.

سوپىزم ئەرەب تىلىدا تەسەۋۋۇپ دېيىلسە، غەربتە مىستىتىزم دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئۇ سۆز مەنىسى جەھەتتىن قانداق ئىزاھلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئىدېئولوگىيىلىك پىكىر ئېقىمى شەكلىدە ئىسلام دىنى قاراشلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىدىيە يادروسى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دىن تۇۋرۇكى بولغان «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» تىن كەلگەن. ئىسلام دىنى دۇنيادىكى دىنلار ئىچىدە ئەڭ ئاخىرىدا بارلىققا كەلگەن دىن. ئۇنىڭ شەرق - غەربنىڭ ئۆزىدىن بالدۇرقى

خىلمۇخىل دىنىي ئېتىقاد ۋە پەلسەپە ئىدىيە تەلىماتلىرىنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي پەلسەپىۋى تەلىماتىنى تىكلىگەنلىكىدىن قارىغاندا، سوپىزمنىڭ ئىدىيە، مەنبە جەھەتتىن بۇددىزم، يېڭى پلاتونىزم، خرىستىئان دىنى، گرېك - يۇنان قەدىمكى پەلسەپىسى قاتارلىقلار بىلەن شەرق خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئېتىقاد، چۈشەنچىلىرىنىڭ مەلۇم ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈپ شەكىللەنگەنلىكىدە گەپ يوق. ئەمما سوپىزم قانداقتۇر بۇ ئىدىيىلەردىن بىۋاستە پەيدا بولغىنى يوق. ئۇنىڭ ئىدىيە قاراشلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ تەلىمات قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىدەك مۇھىم تەرەپنى ئاساسلىق ئورۇندا قويۇش كېرەك.

سوپىزم ئىسلام كالامىزمى، مۇتەزەللىچىلىك، يېڭى پلاتونىزم ۋە پانتىزملىق ئىدىيىلەر بىلەن تارىخىي باغلىنىشلىق ھالدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب- ئىسلام مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرىدە شەكىللىنىپ، پانتىزم بىلەن بىللە شەرق مۇسۇلمان مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئاساسلىق ئىدىيە تەرەققىياتىنى نامايان قىلدى. مىلادىيە VII ئەسىردىن باشلاپ، ئىسلام دىنى بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان ئەرەبلەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بارغانسېرى ئېشىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ناھايىتى تېزلىكتە ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغىچە كېڭىيىپ، باغداد ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ تېزلىكتە ئېشىپ بېرىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېچىۋېتىش ئېڭى ئارقىلىق غەربتىكى ھەر قايسى دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۆگەندى. باغدادتا قۇرۇلغان مۇھىم تەتقىقات مەركەزلىرىدە گرېك- يۇنان، ئىسكەندىرىيە، مىسوپوتامىيە، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن كەلگەن ئىبن خەيلۇن، ئەبۇ ناسىر فارابى، ئىبن يۇھەننا، ئەل كىندى، فەرغانى،

مەرۋەزى قاتارلىق كۆپلىگەن ئىسلام ئالىملىرى ۋە ئاتاقلىق تەر-
جىمانلار توپلىنىپ، ئالېكساندىرىيىدىكى گرېك - يۇنانىنىڭ پلا-
تون، سوقرات، ئارىستوتېل قاتارلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلى-
رىنى تۇركۇم- تۇركۇملەپ تەرجىمە قىلغانىدى ۋە ئۇنىڭغا شەرھ-
لەر يازغان ئىدى. ئىسلام كالامىزم، موتەزەللىزم ئىدىيىلىرىدىن
مۇتەزەللىچىلەر ئايرىلىپ چىقتى. ئۇلار ئىسلام پەلسەپە ئىدىيىلى-
رىنى ئىسلام دىنى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ مۇتەزەللىچىلىك يېڭى
پلاتونىزم ئېقىملىرىنى شەكىللەندۇردى. مانا بۇ ئەرەب ئىسلام
مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ھەرى-
كىتىنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ، ئۇ ياۋروپادىن تۆت ئەسىر بۇ-
رۇن، يەنى ياۋروپالىقلار كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ مې-
ڭىۋاتقان چاغدا، شەرقتە ئىسلام فېئوداللىق مەدەنىيىتى گۈللەن-
گەن دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى
غەربتە خرىستىئان دىنى ئىلاھىيەتچىلىك ۋە چېركاۋ پەلسەپىسى-
نىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئىنساننىڭ ئىززەت ھوقۇقى، قىممىتىنى
ئۇلۇغلاپ ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولسا، شەرقتە يېڭى پلاتونىزم
مۇتەزەللىچىلىك ئاساسىدا پەيدا بولغان پانتىزم ئىدىيىسى ئىسلام
ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق ئاسارىتىدىن
ئىنساننى قۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئۇلۇغلۇقى،
قىممىتى، ئەركىنلىك ۋە مۇھەببەتنى كۈيلىگەن، ئىنسانپەر-
ۋەرلىك، خەلقچىللىق غايىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى[1]. پان-
تىزم شەرقتە ئىسلام پەلسەپىسىدە ۋۇجۇدىيۇن دېيىلگەن. پان-
تىزمچىلار ۋە مۇتەزەللىچىلەر «قۇرئان» ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ
نۇقتىئىنەزەرىگە قارشى تۇرمىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئالەم
ۋۇجۇدتىن قۇرۇلغان. ئاللا دۇنيا، كائىنات ۋە ئىنساننى ياراتقۇ-

---

① شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك پىكىرلەر بىلەن بېردەك.

چى، ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەر ۋە مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئەزەلىي مەۋجۇت ئاللا ۋۇجۇدىدىن كېلىپ چىققان ئايرىم بۆلەكلەر، ئىنسان ۋە تەبىئەت مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىدۇ دەيدۇ. بۇنىڭدىن ئاللا ياراتقان تەبىئەت ۋە ئىنساننىڭ ئاللاغا بېقىنماي، نىسپىي مۇستەقىل ھالدا ئۆز قانۇنى بويىچە راۋاجلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ تەلىمات بويىچە بولغاندا، ئىنسان ئاللاغا باغلىق بولمىغان ھالدا تەبىئەتنى، كائىناتنى ۋە ھاياتنى بىلىپ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدىغان ئەركىنلىككە ۋە ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئاساستا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ خۇدانى قانداق ئۇلۇغلىسا، ئىنساننىڭ ئەقلى، بىلىمى، ئىرادە ئىقتىدارىنى شۇنچە مەدھىيىلەيدىغان ئەقىلچىلىق (راتسىئونالىزم) بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك (گۇمانىزم) پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسىنى تىكلەپ بېرىدۇ. مانا بۇ ۋۇجۇدىيۇن تەلىماتىنىڭ ئىدىيىۋى مەۋقەسى بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى قاراشلىرى پلاتوننىڭ ئىدېئال چۈشەنچىسى ۋە ماددا بىلەن روھ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قارىشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. گەرچە بۇ شەرق تەپەككۇرى ۋە ئەدەبىياتىدا ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتچىلىك، خەلقچىللىق ئىلغار ئىدىيە قاراشلىرىنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، ئەينى چاغدا ماھىيەتتە ئاللا ۋە ئاللا بېكىتكەن تەقدىر ئىلاھىيەتنى رەت قىلغان، ھەتتا قۇرئان ئادەمنىڭ ئىجادىيىتى، ئىنسان دۇنيانى، ھايات قانۇنىيىتىنى ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ بىلىدۇ دەيدىغان ھالغا يېتىپ، ئىسلام دىنىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارشى مەيدانغا ئۆتۈپ قالاتتى. مانا بۇ ئەھۋال تۈپەيلىدىن، ۋۇجۇدىيۇن تەلىماتىنىڭ تەرەققىياتىدا «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» ۋە «ۋەھدەتى مەۋجۇد» دەپ ئاتالغان سوپىزمنىڭ ئىككى خىل پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىملىرى بارلىققا كەلدى.

ۋۇجۇدىيۇن تەلىماتىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئوڭچىل دىنىي مىستىك تەلىمات ۋەھدەتى ۋۇجۇد قارىشى بولۇپ، بۇ پىكىر

ئېقىمىنىڭ قارشىچە، ئالەمدە بىر ئاللا مەۋجۇت. پانىي دۇنيا مەڭگۈلۈك ۋە ھەقىقىي ئەمەس، بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت، ھەقى-قەت پەقەت ئاللاغا خاس، زېمىندىكى جىمىكى شەيئى ئاللانىڭ شولىسى (نۇرى)، ئاللا بىردىنبىر بارلىق. تەبىئەت دۇنياسى ۋە كائىناتتىكى بارچە مەۋجۇدات ئاللا ۋۇجۇدىنىڭ بىر بۆلىكى، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن بولغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئاللانىڭ ئۆزىد-نىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش، كۆرسىتىش ھەم تەستىقلاش ئۈچۈن تەجەللى قىلغان مەۋجۇتلۇق بولۇپ، ئىنسان ئاللا ئارقىلىق ئال-لانى ۋە ئۆزىنى تونۇيدۇ. كائىنات، تەبىئەت ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق جانلىقلار، ئادەمزات ئاللانىڭ تەجەللىسى (شولىسى) بولغىنى ئۈچۈن ئۇ مەڭگۈلۈككە، ماھىيەتكە ئىگە ئەمەس. شۇنداق ئى-كەن، پانىي دۇنيانىڭ ماددىي، مەنىۋى راھەت ـ پاراغىتىنى سۈرۈشنىڭ، ھايات گۈزەللىكلىرىدىن بەھرە ئېلىشنىڭ ھەمدە ئۇلارغا كۆڭۈل بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. تەن جانغا نىسبەتەن بىر قەپەس، ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشنىڭ يولى ئاللاغا قۇللۇق قىلىپ، ئاللادىن ئىبارەت بۇ «چەكسىز دېڭىز»غا، ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلاردىن بولغان دېڭىزنىڭ سۇ تامچىلىرى ئەسلىي ما-ھىيەتكە — ئۇلارنى تەجەللى قىلغان ئاللاغا مۇھەببەت باغلاش ئۈچۈن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللانى ئويلاش، ئۇنىڭغا قوشۇ-لۇپ كېتىشتۇر. ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بىرىنچى-دىن، شەرىئەت قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، تەرى-قەت يولىنى تۇتۇش، يەنى پىر ـ ئۇستاز تۇتۇپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، مەرىپەتنى تونۇش، دۇنيا، ھاياتلىق ۋە تەقدىر قانۇنىيىتىنى تونۇپ، ئاللاغا بېرىلىشنى بىلىش؛ تۆتىن-چىدىن، فەنا، يەنى كىشىلەر دۇنيادىن ئايرىلىپ مازايى ـ ماشا-يىخلارنى ماكان تۇتۇپ، دەرۋىش، تەركىدۇنيا زاھىد بولۇپ، ئاللا توغرىسىدا ئويلاش، دۇنيادىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، ئاللانى كۆڭلىدە تونۇشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى سوپىلىقنىڭ يولى

دەپ قارايدۇ. سوپىزم تارىخىدا مەنسۇر ھەللاجى (858 ~ 992) «ئەنەلھەق» — مەن ھەقىقەت تەرزىدە ئوتتۇرىغا قويغان ۋەھدەتى ۋۇجۇد (قەلب بىردەكلىكى) قاراشلىرىدا ئاللا بىلەن تەبىئەت ۋە ئادەمنى قوشۇۋېتىپ، دۇنيانى پانىي ۋە باقىي دەپ بۆلمەسلىك، تەركىدۇنياچىلىق، جاپا - رىيازەت ھايات ئىچىدە دەپ قاراپ، ئاللا بىلەن ئىنساننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئاللا بارلىق گۈزەللىكنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى، ئۇنىڭغا پەقەت مۇھەببەت ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ، بۇنىڭ شەرتى ئىنساننىڭ پاك دىل ئىخلاسى بىلەن شەرىئەت، تەرىقەت، ھەقىقەت باسقۇچلىرىنى ئورۇنداپ ئاللاغا بىرلىشىپ كېتىش دېگەن ئالىي مەنىۋى كامالەتنى تەشەببۇس قىلغان[①]. ئۇنىڭدىن كېيىن سوپىزم تارىخىدا بۇۋى رابىئە، ئابدۇللا ئەنسارى (1002 ~ 1088)، مۇھەممەد غەززالى (1058 ~ 1111)، ئەھمەد يەسەۋى ( ? ~ 1166)، فەرىدىن ئەتتار (1148 ~ 1222)، ئىبن ئەل ئەرەبى (1165 ~ 1240)، جالالىدىن رۇمى (1207 ~ 1273)، شەيخ سەئىدى (1202 ~ 1291) قاتارلىق سوپىستىك ئەدىب - شائىرلار سوپىزم ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرغان. جالالىدىن رۇمى ئۆزىنىڭ «مەسنىۋى شېرىپ» ناملىق دىۋانىدا مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئىزىدىن بېسىپ «ئىنجىل ۋە قۇرئان مەنمەن»، «ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراق مەنمەن»، «مەن شاھنىڭ قۇلى ۋە دۇنيانىڭ شاھى»، «مەن بىرلىك ۋە كۆپلۈكمەن»، «مەن چۈشەنگۈچى (سۇبيېكت) ۋە چۈشىنىلىۋاتقان - چۈشىنىلگۈچى (ئوبيېكت) نەرسە»، «مېنىڭ بەلگەم نىشانسىز، مېنىڭ جايىم ماكانسىز»، «ئىككى دۇنيا بىر دەۋر» دېگەندەك قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان[②]. بۇ

① ② «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، II توم.

خىل قاراش ئەمەلىيەتتە خۇدا — ئىنسان ئەقلى بىلەن ئىجاد
قىلغان نەرسە، ئاللا پەقەت ئادەمنىڭ قەلبىدىكى بىر خىل ئىدېـ
ئال چۈشەنچە بولۇپ، ئىنسان ئاللاغا تەڭ دېگەنلىكتىن ئىباـ
رەت. شۇڭا «قۇرئان» ۋە ئىسلام دىنىنىڭ روزا، ناماز ۋە باشقا
پەرھىزلىرى باقىي ۋە پانىي دۇنيا، جەننەت ۋە دوزاخ دېگەنلەرنىڭ
ھەممىسىنى رەت قىلىشقىچە باردۇ. مەنسۇر ھەللاجى ۋە جالالىـ
دىن رۇمىغا ئوخشاش شەرق ۋە ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىددىـ
يە ـ پىكىرلىرى ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھوقۇقى، قەدىر ـ قىممىتى
ۋە ئەركىنلىكىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا، فېئودالىزم كۈچلىرىدىـ
نىڭ باقىي دۇنيا نامى بىلەن كىشىلەرنى ئېتائەتچىلىك ۋە قۇلـ
چىلىققا ئۈندىشىگە قارشى ئىنسانپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك
تەشەببۇسىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى ئىدى. ئەمما، بۇنىڭلىق
بىلەن بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن
ياتلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى تەركىدۇنياچىلىققا، زاـ
ھىدلىققا، نىشانسىز تۇرمۇشقا باشلاپ قويىدى. ئادەمنىڭ ئاللاغا
بولغان بىر خىل ساختا ئېتىقادىنى تەۋسىيە قىلغىنى ئۈچۈن،
ئادەملەرنى دىنىنىڭ يولىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا قارشى مەيدانغا ئۆتـ
كۈزۈۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنساننى ئاللاغا تەڭ قويىدىغان، ھەم
بۇنى فېئودالىزمغا قارشى روھنىڭ شەكلى قىلىدىغان ئىجادىيەت
پىسخىكىسى تۇپەيلىدىن، مەنسۇر ھەللاجى باغداد خەلىپىسى
مۇقتەدىر تەرىپىدىن كاپىر دەپ ئەيىبلىنىپ دارغا ئېسىلىپ،
ئۆلۈكى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، باياز بەستەمى ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن،
ئىمادىدىن نەسىمىنىڭ تېرىسى سويۇلغان، مەشرەپ ئۆمۈر بويى
جاھانكەزدىلىكتە خار ـ زار بولۇپ ئۆتكەن ئىدى.

Ⅸ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى شەرىئەت، ئەخلاق،
قانۇن، پەلسەپە جەھەتلەردە بارغانسېرى مۇستەھكەملەنگەن. ئىكـ
كى مەزھەپ (شىئە ۋە سۈننىي) نىڭ بارغانسېرى سىستېمىلىشىـ
شىغا ئەگىشىپ، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە مەدەنىيىتى ھەر تەرەپتىن

قىلىپلىششقا قاراپ ماڭغان ئىدى. شۇڭا شەرق مۇسۇلمان خەلق-
لىرىنىڭ ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىسلام
دىنىنىڭ تۈپ تەلىماتى بىلەن مەزھەپ قاراشلىرىنى ھەم ئەينى
چاغدىكى سوپىزمنىڭ پىكىر كۆز قاراشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈش، كېلىشتۈرۈش زۆرۈر ئىدى. جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تە-
بىقە - گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق، قانۇن مەسىلىلىرىنى ماس-
لاشتۇرۇپ، ھايات ۋە ئىنسان گۈزەللىكى بىلەن ئېتىقاد، مۇھەب-
بەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئىسلام دىنىنىڭ زىددى-
يىتىنى ھەل قىلىشتا، مەشھۇر ئىسلام ئىلاھىيەتشۇناس ئالىمى
مۇھەممەت ئىمام ئەل غەززالى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.
ئۇ سوپىزم بىلەن شەرىئەتنى بىرلەشتۈرۈپ، سوپىزمنى ئىسلام
كالامىزمنىڭ بىر مەزمۇنىغا ئايلاندۇرغان ھەم ئۇنىڭغا خىزمەت
قىلدۇرماقچى بولغان. تەبىئەت ۋە ئاللانى، تەن بىلەن جاننى،
پانىي دۇنيا بىلەن باقىي دۇنيانى بىر - بىرىدىن ئايرىپ، خۇدا
مۇتلەق، ئەبەدىي مەۋجۇتلۇق، تەبىئەت مۇمكىن بولغان مەۋجۇت-
لۇق، جان ئاللادىن نىسپىي ئايرىلغان شەيئى، بەدەن جاننىڭ
قەپىسى، جان تەبىئەت ۋە روھ بىلەن بىرلەشكەندىلا ئازابتىن
خالاس بولىدۇ. بۇنىڭ يولى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا بېرىلىش،
ئادەم تىرىكلىكىدە دۇنيانىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى تاشلاپ،
ئىبادەت ئارقىلىق ئۆلۈمگە ۋە باقىي دۇنيادىكى ھاياتقا تەييارلىنى-
شى لازىم دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي
رىسالىلىرىدە ھەر قايسى تەبىقە ئەزالىرىنىڭ ئىشەنچ - ئۈمىدىنى
بىرلا ئاللاغا باغلاپ، ھەممىنى شەرىئەت ئارقىلىق يۇرگۈزىدىغان
دىنىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنىڭ بىلەن
ئۇ شەرقتە ئىسلامىنىڭ ھۆججىتى دەپ تەرىپلەنگەن ئىدى. غەززالى
سوپىزم بىلەن دىنىنى كېلىشتۈرگەندە ئەمەلىيەتتە ئىلىم - پەنگە،
يېڭىلىق — تەرەققىياتقا ھەم ئىنساننىڭ ئەركىنلىك ھېسسىياتىغا

قارشى تەقدىرچىلىك، ئىلاھىيەتچىلىك تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. شەرق مۇسۇلمان پىكىر ئېقىمى تارىخىدا، ئىبىن ئەل ئەرەبىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئەينى چاغدىكى ئەرەب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ سوپىزملىق مەزھەپ ئېقىملىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئىبىن ئەل ئەرەبى يېڭى پلاتونىزم، راتسىئونالىزم ۋە مىستىتىزم ئىدىيىلىرىنى كالامىزم ئىدىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، خۇددى ئەل غەززالى ۋە باشقا ئىسلام ئۆلىمالىرى-دەك روھنى بىرلەمچى، ماددىنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا قويۇپ، قۇياش — روھ، ماددىي دۇنيا خۇددى ئايغا ئوخشاش، قۇياش ئالەمگە نۇر چاچقاندەك، روھلار ئىدىيە ئالەمدىن چىقىپ بارلىق نەرسىلەرگە، ماددىي دۇنياغا ھەم ئىنسان تېنىگە كىرىدۇ. بىراق روھ ئىنسان جىسمىدە خۇددى قەپەس ياكى قاراڭغۇلۇق زۇلمىتى-دە تۇرغاندەك بولىدۇ. قەرەلى توشۇپ ئادەمنىڭ جېنى ئۆلۈم ئارقىلىق تەندىن ئاجراپ روھقا ئايلىنىپ باقىي ئالەمگە قايتىدۇ دەپ قارىغان. ئىبىن ئەل ئەرەبىنىڭ ھايات - ئۆلۈم، تەن - روھ ۋە مەڭگۈلۈك ھايات ھەققىدىكى دىنىي مىستىك تەلىماتى بىلەن ئىمام غەززالىنىڭ ئىدىيە قاراشلىرى كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەھمەد يەسەۋى ۋەكىللىك قىلغان ئۇلۇغ قانات سوپىزملىق ئېقىم — يەسەۋىچىلەرنىڭ سوپىزملىق ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى تەشكىل قىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سوپىزم پىكىر ئېقىمى XI ، XII ئەسىرلەردىن باشلاپ ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتى ئارقىلىق كىرگەن. سوپىزمنى ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تىغا ئېلىپ كىرگەن ھەمدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن دەسلەپكى كىشى ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر سوپىزم مۇتەپەككۇرى يۇسۇپ ھەمەدانىنىڭ شاگىرتى خوجا ئەھمەد يەسەۋى ئىدى.

ئەھمەد يەسەۋى ئۆز ئالدىغا «يەسەۋىيە» تەرىقىتىنى تىكلە-گەن داڭلىق مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇ XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا

قاراخانىيلار خانلىقىغا تەۋە يەسەۋى دېگەن جايدا تۇغۇلۇپ، كې-
يىن يەسى ۋە بۇخارا شەھەرلىرىدە ئارسلان بابا ۋە ئاندىن مەشھۇر
سوپى يۇسۇپ ھەمەدانىغا ئەگىشىپ دىن ۋە سوپىزم تەلىماتى
ئالغان. ئەھمەد يەسەۋى مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى ۋە سوپىسى
ئەل غەززالى ۋە ئىبن ئەل ئەرەبى قاتارلىقلارنىڭ سوپىزم ئىدىيە-
سىنى قوبۇل قىلىپ، سوپىزمنى ئىسلام شەرىئەت قائىدىلىرىگە
ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان. قادىرىيە، جەھرىيە
دەپ ئاتالغان سوپىزم تەرىقىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كەڭ
تارقىتىپ، ئۆمۈر بويى نامراتلىق، تەركىدۇنيالىق بىلەن ياشى-
غان. ئۇ ئۆزىنىڭ سوپىزملىق ئىدىيىسىنى داڭلىق ۋەكىللىك
ئەسىرى «دىۋانى ھېكمەت» تە ئوتتۇرىغا قويغان. «ئەھمەد يەسە-
ۋى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدۇر. ئىنساننىڭ
ماھىيىتىمۇ دۇنيانىڭ ماھىيىتىدۇر دەپ قارىدى. ئۇنىڭچە، ئىن-
ساننىڭ ياشاش مەقسىتى مۇشۇ ماھىيەتنى تېپىش، ھەقىقەتكە
ئېرىشمەكتىن ئىبارەت ئىدى.» ① ئەھمەد يەسەۋى ئۆزىنىڭ
ئىسلام كالامزمى ئىدىيىسى ئۈستىگە قۇرغان سوپىزملىق ئېستې-
تىك چۈشەنچىلىرىدە مەنسۇر ھەللاجى، ئەل غەززالىنىڭ سوپىس-
تىك كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ جانلىق راۋاجلاندۇرۇپ، شەرى-
ئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە پاناھنى بىلىش شەرت قىلىنغان
سوپىلىق يولىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە بۇنى ئىنساننىڭ سوپىلىق
ئەخلاقىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئاللاغا قوشۇلۇپ، ئەبەدىي
بەختكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھا-
يات، بەخت ۋە پاراغەتتىن ۋاز كېچىپ، دۇنيانىڭ ھەسرىتى،
بالالىرىدىن ۋە گۇناھلىرىدىن ساقلىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنى
ئاللاغا بېرىش، ئاللاغا ئاشىق بولۇپ دەرۋىشلىك، تەركىدۇنيا-
چىلىق يولىنى تۇتۇپ ياشاشتىن ئىبارەت ياشاش پرىنسىپىنى

① شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئوتتۇرىغا قويغان. ئەھمەد يەسەۋى خۇددى ئەل غەززالىغا ئوخشاش رېئال دۇنيا ۋە ھاياتنى خۇنۇك ۋە مەنىسىز دەپ قاراپ، ئۇ دۇنيا ۋە غايىۋى «جەننەت» نى ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرىدۇ ھەمدە ۋاپاسىز، ئۆتكۈنچى زۇلمەتلىك، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك خۇنۇك دۇنيادا ئىنسان ئالىي ھەقىقەتنى تونۇپ، ئاللاغا يېقىنلىشىپ، ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتنى تېپىش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا:

دۇنيا پەرەس ناجىنسلاردىن بويۇن تاۋلا،
بويۇن تاۋلاپ، دەريا بولۇپ تاشتىم مانا.
زالىم ئەگەر جانغا قىلسا ئاللا دېگىل،
ئېلىگىڭ ئاچىپ دۇئا قىلىپ بويۇن سۇنغىل.

دەپ، ئادەمنى ھەر قانداق زۇلۇم، ئېزىلىش، قۇللۇقتا باش ئېگىشكە، خورلۇقتا سۈكۈت قىلىشقا ئۈندىگەن. دەرۋەقە، خوجا ئەھمەد يەسەۋى ئۆزىنىڭ ھۆكمەتلىرىدە يەنە دىنىي كاززاپ، ساختىپەز موللىلار، چىرىك، تەييارتاپ بايلار ۋە ئەمەلدارلارنى قاتتىق سۆكۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، بايلىق، مال ـ دۇنيا، ئابرۇي قاتارلىقلارغا كۆڭۈل بەرمەسلىكنى ئېيتىدۇ ۋە ئۆزىمۇ بىر ئۆمۈر نامراتلىق، يوقسۇزلۇق ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر تارقالغان سىرلىق رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئەھمەد يەسەۋى پەيغەمبەر يېشىدىن ئارتۇق ياشاشنى خالىماي، 60 ياشلاردىن كېيىنكى 60 يىللىق ئۆمرىنى يەر ئاستىدا ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئاخىرلاشتۇرغان ئىكەن. ئەھمەد يەسەۋى ئۆز ھېكمەتلىرىدە فېئوداللىق تۈزۈم ۋە تۇرمۇشتىكى ئازاب ـ كۈلپەتلەرگە بىر خىل غەمكىن مۇڭلۇق ھېسسىياتتا مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ دۇنيا ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈشنى ئۆز دەۋرىگە بولغان نارازىلىقنىڭ بىر خىل پاسسىپ شەكلىگە ئايلاندۇرىدۇ.

ئۇ ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە يەنە مەلۇم دەرىجىدە بايلىق، ھۆكۈمدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېر ۋە روھىي دۇنياسىدا، ھايات رېئاللىقىدىن قول ئۈزۈش بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل زىددىيەتلىك پسىخىكىسى مەۋجۇت. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ سوپىزم ئىدىيىسى كېيىن سۇلايمان باقىرغانى، سەئىد ئاتا ۋە سوپى ئاللايار قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئىدىيىسىدە داۋاملاشتۇرۇلدى. بولۇپمۇ يەسەۋىيچىلىك تەرىقىتى تۆمۈرىلەر دەۋرىدىن كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىلىم ئەھلىلىرى، شەرق ئەدىبلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك ۋە چەكلەش رولىنى ئوينىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزم پىكىر ئېقىمى سەھنىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇر ئەدىب - شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە سالماق ئورۇن تۇتقان يەنە بىر پىكىر ئېقىمى خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندى (1314 ~ 1388) تەرىقىتىدۇر. خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندى چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر دۆلىتى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇرەككەپ سىياسىي ئۆزگىرىش مۇھىتىدا بۇخارا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، شۇ جايدا ياشاپ ئۆز تەلىماتلىرىنى تارقىتىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزم ئىدىيىسىنى يېڭىچە مەزمۇنغا ئىگە قىلغان «نەقشىبەندىيە» ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن مۇتەپەككۇر.

خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى سوپىزم پىكىر ئېقىملىرىنى دوگمىلارچە ئىزچىللاشتۇرماستىن، بەلكى مەنسۇر ھەللاجى ۋە رۇمى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان پانتىزملىق كۆز قاراشلىرىنى غەززالى ۋە يەسەۋى سوپىزم ئىدىيىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا ئوخشاش ئالدى بىلەن بىرلا ئاللا بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىز كۆرەلەيدىغان نەرسىلەردە جۇلالىنىدىغانلىقىنى، ئاللا ۋە ئىنساننىڭ بىر گەۋدىلىكىنى،

شۇنىڭدەك دۇنيانىڭمۇ بىرلا رېئال دۇنيا ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيادا بىرلا ھايات بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما نەقشبەندىيە ئىمام غەززالى ۋە ئەھمەد يەسەۋىدەك تەركىدۇنياچىلىق، زاھىدلىق، دەرۋىشلىك، خانىۋەيرانچىلىق، رىيازەتنى ئادەمنىڭ ئاللا بىلەن بىرلىشىپ ئەبەدىي بەختكە ئېرىشىشىنىڭ تۈپ ۋاستىسى دەپ قارىمايدۇ، ياكى بولمىسا تەن جانىنىڭ قەپىسى، تەننى رىيازەت ئارقىلىق ئۆلۈمگە يۈزلەندۈرۈپ جاننى ئازاد قىلىپ، ئەبەدىي روھىي ھاياتقا ئايلاندۇرۇشنى تەكىتلىمەيدۇ. بەلكى باتىندا (قەلب جەھەتتىن) ھەق (ئاللا) بىلەن، زاھىرىدا (تاشقى جەھەتتىن) خەلق بىلەن بىللە بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. نەقشىبەندىيە ئىنسان ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى ئاساسىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت پرىنسىپ بىلەن ئىپادىلىگەن: بىرىنچىسى، «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن» (جەمئىيەت ۋە ئىنسان ئىچىدە خىلۋەت قىلماق)، يەنى ئۇلارچە خەيرىيەت جەمئىيەت ئىچىدە، ئىنسان ئەمگەك مېھنەتتى بەدىلىگە ھالال ياشىمىقى لازىم. ئىككىنچىسى، «سەفەردەۋەتەن» (ۋەتەندە سەپەر- زىيارەتتە بولماق)، يەنى ئۇلار بۇ دۇنيا، تەبىئەت ۋە ھاياتلىق تولىمۇ گۈزەل، دائىم ئۆزلەتتە - ئىستىقامەتتە كىشىلەردىن چەتنەپ ياشاش زىيانلىق، دۇنيا غۇربەتخانا بولسىمۇ غەمخانا ئەمەس، غەمدە، ئەلەمدە، يالغۇزلۇقتا ياشاش تەگرى ئالدىدا نانكورلۇق[1]. شۇڭا ئىنسان ھاياتنى، تەبىئەتنى سۆيۈپ، ئەل - يۇرتنى ئارىلاپ سەپەر قىلىش، ھاياتقا تېخىمۇ كىرىشىپ، ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك دەيدۇ. ئۈچىنچىسى، «نەزەر دەم قەدەم» (ھەر بىر قەدەمنى پىكىر ۋە نەزەر سېلىش بىلەن ئويلاپ بېسىش)، يەنى ئىنسان دۇنيا ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى ھەر بىر قەدەم مۇساپىسىدە نەزەر سېلىش ۋە ئويلىنىش ئىچىدە

[1] شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 230 - بەت.

ئىلگىرىلىشى كېرەك. دۇنيا ئىنسان ئۈچۈن ئازاب دېڭىزىلا ئەمەس، ئەگەر ئويلاپ توغرا قەدەم باسسا شادلىق، پايدا، مەنپەئەت ۋە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. تۆتىنچىسى، «خۇش دەرھەم» (ھاياتنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈش)، يەنى ھاياتتا ئىنسان بەھرىلىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر بەك كۆپ. لېكىن ئىنسان ھاياتى چەكلىك، بۇ ماددىي نېمەتلەر ۋە گۈزەللىكلەر ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغانلىقتىن، ئادەم ھاياتىي دۇنيادا ئۇلاردىن تولۇق لەززەت ئېلىش، پايدىلىنىش كېرەك. ئۇلار ھاياتنى، ئىنساننى ۋە دۇنيانى چۈشەنمەسلىك ۋە ئۆمرىنى سۇلغۇن، ئۈمىدسىز ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرىدۇ. نەقشبەندىيە يۇقىرىقىدەك ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىنساننىڭ رېئال دۇنيادىكى ھاياتلىق گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىشنى تەكىتلىگەن چاغدا، بەزىدە ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئادەمنىڭ سالامەتلىكىنى بۇزىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى قىلماسلىقنى، ئۇنىڭ ئورنىغا يېتىم - يېسىرلارغا سەدىقە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. خوجا باھاۋىدىن نەقشبەندى بۇنىڭلىق بىلەن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ، ياكى بولمىسا سوپىلارنىڭ «ئاچلىق، رىيازەت، ئىستىقامەت ۋە خىلۋەت» ئىچىدىكى تەركىدۇنياچىلىق يولىنىمۇ تۇتمايدۇ. بەلكى ئىنساننىڭ دۇنياغا، رېئال ھاياتقا ئۈمىدۋار قاراپ، بىر ياقتىن ئاللا بىلەن دىلىدا بىرلىشىپ، يەنە بىر ياقتىن پاك نىيەت، ھالال مېھنەت بىلەن ماددىي - مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، بۇ دۇنيادىكى ھاياتىنى ئازادە، ساغلام، مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان.

نەقشبەندىيە ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە خەلقچىللىق كۆز قاراشلىرىنى، رېئال دۇنياغا بولغان مۇھەببەتنى بىر قەدەر كۈچلۈك ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن، ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزم ئىلاھىيەتچىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، تەقىب قىلىنغان ۋە يۇرتىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى.

مىلادىيە VIII ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئوتتۇرىغا چىققان سوپىزم ئىدىيىسى ئەسلىي «قۇرئان» ۋە كالام ئەقىدىلىرىگە تايانغان ھالدا، فېئوداللىق سىنىپىي زۇلۇمغا، ئېزىشكە، ناھەقچىلىق ۋە تەڭسىزلىككە قارشى تۇرۇپ، فېئودال دىنىي، سىنىپىي ئەزگۈچى كۈچلەرگە نارازىلىق ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. مەنسۇر ھەللاجى، ئىمام غەززالى، ئىبن ئەرەبىدىن ئەھمەد يەسەۋىگە قەدەر ئۇلار ئىسلام دىنى شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنى رەت قىلماي، فېئودال ھۆكۈمرانلار پايدىلىنىپ كەتكەن ئايرىم تەرەپلىرىگە قارشى چىقىپ، تەڭسىزلىك ۋە زۇلۇمغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار بىر خىل مەيداننى تەكىتلىگەندە كۆپىنچە پۇتۇنلەي قارشى قۇتۇپقا ئۆتۇپ كېتىشتىن خالىي بولالمىدى.

سوپىزم شەكىللەنگەندىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا خىلمۇ خىل سوپىستىك مەزھەپ ئېقىملىرى مەيدانغا كېلىش داۋامىدا ئىسلام دىنى بىلەن ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق باغلىنىش ئارقىسىدا بەزىدە توغرا ئىجادىي پىكىر ئېقىمىنى پەيدا قىلغان بولسا، يەنە بەزىدە بۇرمىلىنىپ، ئىسلام دىنىغا قارشى ياكى ئىنسانپەرۋەرلىككە زىت پىكىر ئېقىمىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئوتتۇرا ئەسىردە مەيدانغا چىققان بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق، بىر ـ بىرىگە قارشى پىكىر ئېقىملىرى بىلەن فېئودالىزمغا قارشى ئىسيانكار پەلسەپىۋى قاراشلارمۇ ئۆزىنى سوپىزم نامىدا نىقابلىدى[1].

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى سوپىزمنىڭ بىر قىسىم مەزھەپ ئېقىملىرى XIV، XVI ئەسىرلەردە فېئوداللارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، خەلقنى تەقدىرگە تەن بېرىش، بەخت، راھەتنى ئۇ دۇنيادا كۆرۈشكە ئۈمىد باغلاپ، بۇ دۇنيادا جاپا، ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىشكە رازى بولۇشقا ئۈندەپ، ئىلىم ـ پەنگە، يېڭىلىققا،

① شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 232 ـ، 234 ـ بەتلەر.

تەرەققىياتقا، ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسلىرىغا قارشى، خەلق روھىنى بوغۇپ تۇنجۇقتۇرىدىغان مەنىۋى كىشەنگە ئايلاندى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سوپىزم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋۇجۇدىيۇن تەلىماتىدىن ئايرىلىپ چىققان «ۋەھدەتى مەۋجۇد» (مەۋجۇتلۇق بىرلىكى) دەپ ئاتالغان ئىلغار سول قانات سوپىزم ئېقىمىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت چوڭقۇر يىلتىز تارتقان يەسەۋىچىلىك سوپىزم ئېقىمىغا قارىغاندا، سوپىستىك ئەدەبىياتتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، ھاياتنى سۆيۈش، ئەركىنلىك ھەققىدىكى ئىلغار ئىجادىيەت ئەنئەنىسى ۋە تېمىسىنى ياراتتى.

يۇقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يەسەۋىچىلىك ۋە نەقشىبەندىيە سوپىزم ئېقىمى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىۋى دۇنيا قاراشلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئىككى ئېقىمدۇر. نەقشىبەندىيە سوپىزم ئېقىمى مەنسۇر ھەللاجى ۋە رۇمىغىمۇ، غەززالى ۋە يەسەۋىگىمۇ ئوخشاش بولمىغان مەۋقە ۋە پرىنسىپ بىلەن چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرى ھەم ئۇندىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېما ۋە ئىدىيىسىگە تۈرتكىلىك ئىجابىي رول ئوينىدى. يەسەۋىيە سوپىزمى بىلەن نەقشىبەندىيە سوپىزمى چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەردىن كېيىنكى سوپىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالىنىڭ ئىككى خىل تېما ۋە بەدىئىي ئەنئەنىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. كونكرېت ئېيتقاندا، مەنسۇر ھەللاجى، ئىبن ئەرەبى، ئەھمەد يەسەۋى، سوپى ئاللا يار قاتارلىق سوپىزم نەزەرىيىچىلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پىكىر ئېقىمىنى ئىدىيە ئاساسى قىلغان سوپىزم ئەدەبىياتى دۇنيا، ھايات ۋە ئىنسان گۈزەللىكىنى سۆيۈشنى ۋە مېھنەتنى رەت قىلىپ، تەركىدۇنياچىلىق، سوپى - زاھىدلىق بىلەن ياشاشنى تەرغىب قىلىدىغان پىكىر ئېقىمىنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە مەنسۇر ھەللاجى، رۇمى قاتارلىقلارنىڭ پانتېزملىق ۋە

يېڭى پلاتونىزملىق قاراشلىرى بىلەن ئىمام غەززالى ۋە ئەھمەد يەسەۋى سوپىزمىنىڭ مۇۋاپىق ئىدىيە ۋە قاراشلىرىنى بىرلەشتۈرگەن، خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندى سوپىزم ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان سوپىزمىنىڭ سول قانات ئەدەبىياتى تەبىئەت، تەڭرى ۋە ئىنسان بىردەكلىكىدە تۇرۇپ، تەركىدۇنياچىلىق ۋە زاھىدلىققا قارشى تۇردى. تەبىئەت، ئىنسان ۋە ھاياتنى سۆيۈشنى، ئىنسانىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە گۈزەللىكىنى، ئەمگەك - مېھنەتنى، ئىلىم - مەرىپەتنى ۋە رېئال ئىنسان مۇھەببىتىنى سۆيۈپ، ھاياتنىڭ نېمەتلىرىدىن تولۇق بەھرە ئېلىشنى، باراۋەرلىك، ھەققانىيەت، مەرىپەت ۋە تەرەققىياتنى مەدھىيىلىدى.

سوپىزم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا XI ئەسىرلەردە كىرىشكە باشلىغان. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۇدغۇرمىشنىڭ دۇنيا، ھايات، ئۆلۈم ۋە ئىنسان ھەققىدىكى مۇنازىرىسىدە قويۇق سوپىزم كۆز قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. بىز بۇ مەسىلىنى ئالدىنقى بابلاردا تەھلىل قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. زاھىد ئۇدغۇرمىشنىڭ دۇنيا، ھايات ھەققىدىكى تەركىدۇنياچىلىق قارشى خۇددى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك، ئىسلام سوپىزمىغا قارىغاندا بۇددا دىنىدىكى «نىرۋانا» غا يېتىش ھەققىدىكى بۇددىزم قاراشلىرىغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ. قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەھمەد يەسەۋى ۋەكىللىك قىلغان يەسەۋىيە سوپىزمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

XIV ئەسىرلەردە نەقشىبەندىيە تەرىقىتى يەسەۋىچىلىك ئېقىمىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ئىدىيە مەنبەسىگە ئايلاندى. شۇنداقتىمۇ بەزى شائىر - ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيەسىدە يەسەۋىچىلىك قارشى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىسە، يەنە

بەزىلەرنىڭكىدە نەقشىبەندىيە ئېقىمى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى ياكى بولمىسا ئوخشاش بىر ئەدىبلەرنىڭ دۇنيا قارىشى ھەم ئىجا-دىيىتىدە ھەر ئىككى خىل سوپىزملىق ئىدىيە ـ قاراش ئوخشاشلا ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ يەركەن سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدىب ـ شائىرلىرىنىڭ ھاياتى، دۇنيا قارىشى، ئىجادىيىتى، پسىخىكىسىدا مۇرەككەپ زىددىيەتلىك بىر قاتلامنى ھاسىل قىلغان. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئېس-تېتىك ۋە بەدىئىي يۈزلىنىشى ھەم ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم تەرەپ.

ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى سوپىزمىنىڭ پەلسە-پىۋى ۋە ئىدىيە ئاملىلىرى مەنسۇر ھەللاجى، رۇمى، ئەتتار، غەززالى ئىدىيىلىرىگە باغلانغان ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ ناسىر فارابى، ئەل كىندى، ئەبۇ رەھيان بىرونى، ئەل رازى، ئىبىن سىنا قاتارلىقلارنىڭ پانتېزملىق ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرى ئىدى. گەرچە يەسەۋىچىلىك سوپىزم ئېقىمى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر ئـەدەبىياتىدىكى چوڭقۇر تەسىرىنى كېيىنمۇ سۇسلاشتۇرمىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شائىر ـ ئەدىبلەر ئىجادىيىتىدە دەل ئەرەبلەردە مەنسۇر ھەللاجى، ئىبىن ئەرەبى، ئىمام غەززالى، ئىبىن رەشىد، ئىبىن بەجە قاتارلىقلار، پارس، تاجىك خەلقلىرىدە سـەئىدى، ھاپىزشىرازى، فەرىدىدىن ئەتتار، جامى قاتارلىقلار، تۈركىي ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىدە جالالىدىن رۇمى، فارابى، ئىبىن سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى قاتارلىقلار ئىز-چىل بېسىپ كەلگەن پانتېزملىق گۇمانىستىك مەرىپەتچىلىك ئې-قىمىنى بويلاپ شەكىللەنگەن نەقشىبەندىيە سوپىزم ئىدىيىسىنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتى-دىكى دۆلەت ۋە خەلقتىن قايغۇرۇش، كىشىلىك ھايات ھەققىدە غېرىبسىنىش ۋە پانىي دۇنيا بىلەن باقىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىجتىمائىي

باراۋەرلىك ئىدىيىلىرى چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرى ھەم ئۇنىڭ-دىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزدا سوپىزم نامى ياكى شۇ خىل ئىدىيە بىلەن خەلقنىڭ فېئودالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا، دىنىي ۋە مىل-لىي ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە، ئەخلاقىي بۇزۇلۇشقا قارشى كۈرەش ۋە قارشىلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. شەخس ۋە مىللەتنىڭ مۇ-ھەببەت، ئەخلاق تراگېدىيىلىرى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئې-ڭىدىكى تراگېدىيە روھىنى سوپىستىك ئەدەبىياتنىڭ مەجازى ۋا-ستىلىرى ۋە ئىجادىيەت مېتودىدا تەسۋىرلەپ تەڭرى، تەبىئەت، ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى «ئىشق» نى «يار» مۇناسىۋىتىگە مەر-كەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ، ئىنسانپەرۋەرلىك، گۇمانىستىك، خەلقچىللىق پىكىرلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئالاھىدە تارىخىي دەۋردىكى ئالاھىدە مۇھەببەت «رىشتىسى» توغقان ئازاب ۋە ھەس-رەتلىك كەيپىياتىنى دەۋرگە، مىللەتكە، جەمئىيەتكە ماھىيەتلىك تەتبىقلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەڭلىك ـ بارا-ۋەرلىك، ئىنسانىي ئىززەت ـ ھوقۇقىنى ۋە تەقدىر مەسىلىرىنى تىپىك، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

## 2. چاغاتاي ـ تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئەكس ئەتكەن ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك

پەيلاسوپلار بىلەن ئەدىب ـ شائىرلار كائىنات، ھاياتلىق ھەم ئىنساننى ئوخشىمىغان تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ئىزاھلايدۇ. ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ پەلسەپە ئىدىيە-سى ۋە ھېسسىيات قاتلىمىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدىغان بىر خىل ئىدېئولوگىيە فورمىسى، بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىيىتىنىڭ تەسىرلىك خاتىرىسى. ئۇ بىر مىللەتنىڭ مەدە-نىيەت ئەنئەنىسى ۋە پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ بەدىئىي شەكلى ئىچى-دە شۇ مىللەتنىڭ مۇئەييەن دەۋردىكى بىر قەدەر تىپىك، خاراك-

تىرلىك مەنۋى قىياپىتىنى، ھىسسىيات، كەيپىياتىنى، مەنتىقى بىلىش سەۋىيىسىنى، ھاياتلىق ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىنى ئىستىئارىلىق ئۇسۇلدا تەسۋىرلەپ بېرىدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي ھاياتقا تۇرتكە بولىدۇ. چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر ئەدەبىياتىدا ئەدىب ـ شائىرلىرىمىز ئالاھىدە «ئىشق» ھەسرىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى. بۇ ئىدىيىلەر تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئىنسان، ھاياتلىق ۋە تەقدىر قارىشىنى تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا خاس «ئىشق»، «يار» چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلىغان ئىدى. خۇددى ئالدىنقى مەزمۇندا تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سوپىزمنىڭ قارىشىچە، كائىنات، زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەر، مەۋجۇداتلار بىر ئاللانىڭ شۇ شەيئىگە ئەمىر قىلىشى بىلەن پەيدا بولغان. ئۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر يېگانە، ئەبەدىي مۇتلەق مەۋجۇتلۇق. ھەر بىر شەيئىدە ئاللا ئۆزىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى تەجەللى قىلىدۇ، يەنى ئاللا ئۆزى ياراتقان ھەر بىر شەيئىدە زاھىر بولىدۇ. ئاللا تۇپەيلىدىن، ھەر بىر شەيئى مەۋجۇت ھەم شەيئىلەر ۋە ئىنسان ئاللانىڭ بارلىقىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى. ئۇنىڭ نۇرى، كۈچ ـ قۇدرىتى ھەم ئىرادىسى ھەر بىر شەيئىگە چېچىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاللانىڭ ئۆزى ۋە سۈپىتىنى ئەڭ تولۇق مۇجەسسەملىگەن ئالىي مەۋجۇتلۇق شەكلى ئىنساندۇر. سوپىلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان ئاللانىڭ ئۆزىنى تونۇتقۇچى، تەستىقلىغۇچى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆرسەتكۈچى مۆجىزىدۇر، شۇنداقلا ئاللانىڭ ئاسمان ـ زېمىن ھەم باشقا بارلىق جانلىقنى يارىتىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى. ئاللا ئالەم ۋە تەبىئەتنى خەزىنە، سىر ـ ھېكمەت، ئىنساننى ئاشۇ خەزىنە ۋە سىر ـ ھېكمەتنىڭ سىرىنى ئاچقۇچى، كائىنات ۋە تەبىئەتنى ھاياتلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بۇلىقى، ئىنساننى ئەنە شۇ مەنزىلنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە گۈزەللىكنى بايقاپ، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان

ئـالىي پەزىلەتلىك، گۈزەل ھاياتلىق شەكلى قىلىپ ياراتقان. شۇڭا ئۇنىڭدا بارچە سۆيگۈ، ئىشق، گۈزەللىك، لاتاپەت، پارا- سەت، شەرەپ ۋە بۈيۈكلۈك مۇجەسسەملەنگەن. ئىنسان تەقدىرى پانىي (ئۆتكۈنچى) دۇنيادىكى ماددىي ھايات (جىسمانىي تەن) بىلەن باقىي دۇنيادىكى (ئۆلگەندىن كېيىن تەن- جاندىن ئايرىل- غان روھىي مەۋجۇتلۇق) ئەبەدىي ھاياتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ- تىن قۇرۇلغان. ئادەم ماددىي تۈزۈلۈش جەھەتتە زېمىندىكى تۆت زات (سۇ، ئوت، تۇپراق، ھاۋا) تىن تۈزۈلگەن. «جان» روھ بىلەن بىر نەرسە بولۇپ، ئاللانىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان نەرسە. ئادەمنىڭ ئۆلۈمى بىسىپ ئۆتۈپ، ماددىي تەننىڭ ۋاقىت- لىق ئۆتكۈنچى مەۋجۇتلۇق ھالىتىدىن ھالقىپ، «جان» نىڭ باقىي دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇق شەكلى بولغان روھنىڭ قىيامەتتە سوراق قىلىنىپ، جەننەت ياكى دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنغۇچە بول- غان ئارىلىقتا قەبرە ئىچى ياكى تېشىدا مەۋجۇت بولۇشى بۇ مۇتلەق ئاللا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بۇ ئىسلام دىنى ۋە سوپىزم- نىڭ ئىنسان ھاياتى، ئۆلۈم ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى تۈپ چۈشەن- چىسىدۇر. ئىنساننىڭ جان - روھى تەن قەپەسىدە ھەرىكەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيە، كەيپىيات، ھېسسىيات چۈشەنچىلىرىنى بەلگىلەپ تۇرىدۇ. ئاللا ئىنسانغا ئۆز ئەقىل - پاراسىتى ۋە گۈزەللىكىنى ئەڭ كۆپ مۇجەسسەملىگىنى ئۈچۈن، ئىنسان ئە- قىل - ھوشى، ھېسسىيات، سېزىم ۋە «ئىشق» كۈچ- قۇدرىتىن- گە ئىگە. ئىنساننىڭ روھىي كۈچى ئۇنىڭ كۆڭۈل ياكى يۈرىكىدە بولۇپ، ئىنسان دەل كۆڭۈل ۋە ئىشق بىلەنلا ئاللا بىلەن كۆڭۈل جەھەتتىن يېقىنلىشالايدۇ. مانا بۇ سوپىستىك مۇتەپەككۇرلارنىڭ دۇنيا، ھايات، ئىنسان ھەققىدىكى تۈپ ئېستېتىك ئىدىيىسى. ئـۇلار ئـاللا ئۆزىنى كائىنات ۋە ئىنسان گەۋدىسىدە «ئىشق» ئارقىلىق تەجەللى قىلغانلىقتىن، ئىنسانمۇ ئۆز كۆڭلىدە ئاللاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۆڭلى ھەم كۆڭلىدىكى «ئىشق»

ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاغا روھىي جەھەتتىن يېقىنلىشىش-
نى، بۇ «ئىشق» ئارقىلىق ئاللانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنى
ئىزدەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاشىقلىق يولىنى تۇتۇش، تەركىدۇنيا
بولۇپ، ئاللانى ياد ئېتىشنى ئادەمنىڭ روھىي كامالەتكە يېتىش
يۈزلىنىشى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سوپىستلار يۇقىرىقى-
دەك «ئىشق» ۋاستىسىدە روھىي كامالەت ئىزدەش، سوپىزم
ئەدەبىياتىدىكى هايات، ئىنسان، تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا
مۇھەببەت باغلاشقا قارشى تەركىدۇنياچىلىق، قۇللۇق، تەقدىر-
چىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان پىكىر ئېقىمىنى پەيدا قىلغان بول-
سىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سوپىستىك مۇتەپەككۇرلارنىڭ
ئېستېتىك كۆز قارىشىدا ئىنساننىڭ ئاللاغا بولغان ئىلاھىي ئىش-
قى بىلەن ئىنساننىڭ تەبىئەتكە ۋە ئىنسانغا بولغان ئىشقى ئۆزئارا
بىرلىشىپ كەتكەن. چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئاللانىڭ
بارچە ئالىيجاناب ۋە گۈزەل خىسلەتلىرىنى ئىنسانغا مۇجەسسەملى-
گەن. ئىنساننىڭ ئاللاغا بولغان ئەبەدىي ئىشقىنىڭ ئىشقا ئې-
شىش ۋاستىسى ئىنساننىڭ ئىنسانغا، دۇنياغا بولغان ئىشق ـ
مۇھەببىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا سوپىستىك ئەدەبىياتتا
ئىپادىلىنىدىغان ئىشق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئىلاھىي
ئىشق (ھەقىقىي ئىشق)، يەنە بىرى مەجازى ئىشق (ئۆتكۈنچى،
ۋاقىتلىق ئىشق). سوپىستىك ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئېستېتىك
غايىسىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ «ئىشق» ھەسرىتىنىڭ ئالىي مەز-
زىلى «ئىلاھىي ئىشق» بولۇپ، مەجازى ئىشق ئۇنىڭ ئۆتكۈنچى
ۋاستىسى، شۇنداقلا تۆۋەن شەكلىدۇر. قانداقلا بولمىسۇن سو-
پىستىك ئەدىب ـ شائىرلار ئىنسانغا بولغان مەجازى (رېئال)
ئىشق ئاللاغا بولغان ئەبەدىي ئىشقىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا
روھىي كامالەتكە ئېرىشىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى دەپ قارىغاز-
لىقتىن، بۇ ئىككى خىل ئىشقنى كۆپىنچە بىرلەشتۈرىدۇ. لې-
كىن مەسىلىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى شۇكى، خوجا باھاۋىدىن

نەقشبەندىگە ئوخشاش بىر مۇنچە سوپىستىك مۇتەپەككۇرلار ئاللا ياراتقان تەبىئەت ۋە ئىنساننىڭ بىردەكلىكىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئىنساننى تەبىئەت ۋە كائىناتتىكى ئەڭ جەزبىلىك، ھۆسندار ئۇلۇغ شەيئى دەپ مۇئەييەنلەشتۇرگەنلىكتىن، ئۇيغۇر سوپىزم ئەدەبىياتىدا ئىنساننىڭ ئاللاغا بولغان ئىشقىدىن كۆرە، ئىنساننىڭ دۇنياغا ۋە تەبىئەتكە، ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان رېئال ئىشق - مۇھەببىتى، ۋاپادارلىقى، سەمىمىيەتلىكى، دوستلۇقى، گۈزەللىكى مەدھىيىلىنىپ، ئىنسان ھاياتىدىكى ئازاب - ھەسرەت، بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە ئېچىنىشلىق تەقدىر پاجىئەلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرەت، قارشىلىق چۇقانلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «ئىشق- مۇھەببەت» تېمىسى قىز - يىگىتلەرنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتى، كىشىلەرنىڭ ئۆز يۇرتى، ۋەتىنى ھەم خەلقىغە بولغان كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ياكى كىشىلىك ھاياتقا ۋە ھايات گۈزەللىكىگە بولغان مۇھەببەت شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىپ كەلگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ياكى ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىۋاتقان ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى سوپىزم ئەدەبىياتىدىكى «ئىشق» قىز - يىگىتلەرنىڭ ئادەتتىكى ئىشق- مۇھەببەت ھېسسىياتى ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتىغا قارىغاندا ئىنساننىڭ ھاياتلىقى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىگە تېخىمۇ بەك مەركەزلەشكەن. سەككاكى، لۇتفى، نەۋائى، ئايازى، ھىرقىتى، زەلىلى قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۇيغۇر سوپىستىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسىنى قويۇق ئىپادىلىگەن نامايەندىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە «ساقى»، «مەي»، «شاراب»، «پەيمانە»، «مەيخانە»، «قەدەھ» دېگەندەك سوپىزمغا خاس ئىستىئارىلىق سۆز- ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ، ئىشق يولىدىكى پىغان - ھەسرەتلەر، كۆز ياشلىرى،

«يار» ۋەسلىگە يېتىش يولىدىكى «سەۋدايىلىقى»نى ئىپادىلىگەندە، قانداقتۇ يەڭگىلتەك ئىشقنى ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئودالىزمنىڭ چىن ئىنسانىي گۈزەللىك ۋە مۇھەببەتنى خارلىغانلىقىغا، فېئوداللىق ئەدەپ- قائىدىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنساننىڭ ئېچىنىشلىق ھايات تراگېدىيىسى، ئەخلاق تراگېدىيىسى ۋە مەنىۋى ئەركىنسىزلىككە نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۇنى پاش قىلغان، ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ، ئەركىنلىك تەلەپ قىلغانىدى. ھەقىقىي ئىنسانچە مۇھەببەت ھېسسىياتىنى مەدھىيىلەپ، قەلبىدىكى ھۆر، ئەركىن مەنزىلگە بولغان سېغىنىش، زارىقىشىنى سىمۋوللۇق، رومانتىك ئۇسۇللاردا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى.

تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا خاس «ئىشق» بىلەن ئىنسان ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر مۇھەممەد خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە»سى بىلەن بىر قاتاردا نەسىرىدىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىكى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ھېكايىسى، يۇسۇپ- زىلەيخا قىسسىسى قاتارلىق دىنىي قىسسە- ھېكايىلەرگە چوڭقۇر سىڭدۇرۇلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىغا دائىر ۋەقەلىكلەرنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، ئەپسانىۋى شەكىلدە بايان قىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق بۇ ئەسەردىكى دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنساننىڭ يارىلىشى، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشى، پەيغەمبەر- ئەۋلىيالار قاتارلىق مەزمۇنلار ئەسلىي يەھۇدىي، خرىستىئان دىنلىرى ھەم ئۇنىڭ دەستۇرى «زەبۇر»، «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق دىنىي كىتابلاردىن ئىسلام دىنىغا ئۆتۈپ «قۇرئان» دا سۆزلەنگەن. مۇئەللىپ تارىخىي شەخسلەرنى غايىۋى قەھرىمانلارغا ئايلاندۇرۇپ، تارىخىي ۋەقەلىكنى ئۆز ئېستېتىك ئىدىيىسى بويىچە بەدىئىي تىپىكلەشتۇرۇپ، ئىنساننىڭ شەيئىلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ يارىتىلغانلىقىنى، ئىنساننىڭ ئاللاغا، ئىنساننىڭ تەبىئەتكە، دۇنياغا ۋە

ئىنسانغا بولغان ئىنسانىي مۇھەببەت مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قوي-
غان. رابغوزى ئىنساننىڭ ئازاب ـ ھەسرەت كۈلپىتى، مۇ-
ھەببەت ـ نەپرىتى، قىساس، بەخت، شادلىق، ھايات ـ ئۆلۈمى
قاتارلىق تۈپ مەسىلىلىرىنى ئاللا بىلەن ئىنساننىڭ ئوتتۇرىسىدى-
كى «ئىشق» ، پاراسەت، ئەخلاق ۋە تەقدىر مۇناسىۋىتىنى يادرو
قىلغان ھالدا، تەقدىرنىڭ ئەسلىي مەنبە ھەم قىسمىتىنى ئېچىپ
بېرىدۇ. ئىنسانىيەت يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنلىرىدا
تەڭرى بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى ئەسلىي رىشتىنى خىلمۇخىل
ئىپادىلىگەن. تەبىئەت ۋە ھاياتلىقنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا
تونۇش ئاساسىدا ئۆز ماھىيىتىنى تونۇپ، ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە
تەجرىبىسىنى ئۆستۈرۈپ، تەڭرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش،
ئۆز تەقدىرىنى ھەل قىلىش يولىدىكى قارشىلىق روھىنى يېتىل-
دۈرگەن ئىدى. شەرق ـ غەرب خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى دىنى،
مەدەنىيىتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىگە چوڭقۇر ئورناتقان جەننەت بې-
غى بىلەن ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا ھەققىدىكى ھېكايە دەل ئىنسان-
نىڭ بۇ ئازاب، رىشتە ۋە تەقدىرگە قارشى تۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى-
دۇر. ئاللا ئالەمنى بىنا قىلىپ ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان،
ئاندىن ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ھاۋانى ياراتقان. ئاللا ئۆز
گۈزەللىكىدىن بىر زەررىنى يۈزگە بۆلۈپ، 99 نى ھاۋاغا، قالغان
بىرىنى 100 پىرسەنتكە بۆلۈپ، 99 پىرسەنتىنى يۇسۇپ ئەلەي-
ھىسسالامغا، قالغان بىر پىرسەنتىنى دۇنيادىكى بارلىق ئىنسان-
لارغا ئاتا قىلغان. ئەڭ گۈزەل ئىنسان زاتى ھاۋا ئانا بولۇپ،
ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ
ئىنسان ئەزەلدە تەبىئەتتىن قالسا ئەڭ گۈزەل، جەزبىلىك ۋە
ئەقىللىق يارىتىلغان بولۇپ، ئىنساننىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن
بولۇش ۋە ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان رىشتىسىمۇ شۇندىن باش-
لانغان. قىسسىدە ئادەم بىلەن ھاۋا جەننەتتە توي قىلىپ، ئەنە
شۇ بېھىش بېغىدا ئازاب ـ قايغۇسىز، ئۆلۈم تەھدىتىدىن خالىي

ياشايدۇ. ئاللا ئادەمنى ئەرشتىكى جەبرائىل مالائىكەلەردىن ئۇستۇن ئورۇندا قويۇپ، ئۇلارنى ئادەمگە سەجدە قىلدۇردۇ. ئەمما پەقەت شەيتانلا ئاللانىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققانلىقتىن، ئاللانىڭ دەرگاھىدىن قوغلىنىپ لەنەتكە ئۇچرايدۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتە يېيىش چەكلەنگەن بۇغداينى يەپ قويغانلىقتىن («تەۋ-رات» ۋە «ئىنجىل» لاردا ئادەم بىلەن ھاۋا توي قىلغان دەيدىغان دېتال يوق ھەمدە ئۇلارنىڭ جەننەتتىن ھەيدىلىشى پاراسەت دەرد-خىنىڭ مېۋىسىنى يەپ قويغانلىقتىن دېيىلىدۇ)، ئاللانىڭ نەپ-رىتىگە ئۇچراپ، جەننەتتىن قوغلىنىدۇ. ئەرشتىن چۈشۈرۈلۈپ ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىندىستانغا، ھاۋا جىددە تېغىغا تاشلىنىد-دۇ. ئادەمنىڭ بۇ دەرد - پىراق ئىچىدە تۆككەن كۆز - ياشلىرىد-دىن گىياھلار ئۈنىدۇ. ئۇلار 300 يىل ئازاب چېكىشىدۇ. ئاللا ئۇلارنى زېمىندا ئازاب - ئوقۇبەت چېكىپ، جاپا - رىيازەت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈشكە، تۇپراقتىن تۆرۈلۈپ تۇپراققا قايتىشقا بۇي-رۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاياتىدا ئىشق - مۇھەببەت، جۇدالىق، ھىجران ئازابىنى تارتىپ، مېھنەت، رىيازەت ئىچىدە ياشايدىغان تەقدىرى پېشانىسىگە پۈتۈلىدۇ. ئەمما ئاللا بۇ بەندىلىرىنىڭ تۆۋد-سىنى قوبۇل قىلىپ، جەبرائىل ھەم پەرىشتىلەر ئارقىلىق ئۇلارغا كۆپ خاسىيەتلەر ئاتا قىلىپ، يەنە مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزد-دۇ. ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ئىنسانىيەت كۆپىيىدۇ. مانا بۇ ئادەم-زاتنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلگەن ئازاب، مۇھەببەت ۋە ھاياتلىق رىيازد-تى. خرىستىئان، يەھۇدىي دىنلىرىدا بولسۇن ياكى ئىسلام دىنى كالام ئەقىدىلىرىدە بولسۇن، ئىنسان گۈزەللىكى ۋە ھاياتى ئۇنىڭ تەقدىر مەسىلىسىنىڭ يىلتىزى ئىدى. ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا ھېكايىسى بىلەن يۇسۇپ - زىلەيخا قىسسىسىغا ئوخشاش مۇھەب-بەت تېمىسى ئارقىلىق نەسىردىن رابغوزى ئىسلام دىنى ۋە سو-پىزملىق ئىدىيىنى چىقىش قىلىپ، دۇنيا، تەبىئەت، تەڭرى ۋە

ئىنساننىڭ گۈزەللىكىنىڭ بىردەكلىكىنى، ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ كۆپىيىش، راۋاجلىنىش، ئىقتىساد، ھۈنەر - كەسىپ ۋە مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇش جەريانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاللا ئېتىقاد ۋە مۇقەددەس ئەخلاق ئالدىدا ئىنساننىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى، ئىشق - مۇھەببەتنىڭ سىنىقى، توقۇنۇش، زىددىيەت ۋە تاللاشنىڭ مۇرەككەپ جەريانىنى ئىنچىكە ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئاخىرىدا ئىنسانىي ئەخلاق ۋە گۈزەللىك ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىشقنىڭ ھارارىتى، كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئىنساننىڭ ئاللاغا بولغان پاك مەنىۋى رىشتىسىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەدھىيىلەيدۇ.

بۇ يەردە ئىنساننىڭ تەقدىرگە بويسۇنماسلىق، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش، ھاياتنى تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىش روھى مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر تەڭرى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا ئىشق ئوتىنى سېلىپ ياراتمىغان بولسا، ئەقىل، سېزىم، ھېسسىيات پاراسىتىگە ئىگە قىلمىغان بولسا، ئۆز ئارزۇ - ئىستىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قارشىلىق روھىنى ئەسلىدىلا قەلبىگە سالمىغان ۋە ئۇنى يارىتىپمۇ يۈرمىگەن بولاتتى. ئىشق - مۇھەببەت، گۈزەللىك ۋە ۋىسال ئىزدەپ تىنىم تاپماسلىقنى، ئەقىل دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ يېيىشنى، تەڭرى ۋە تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا خىلاپلىق قىلىشنى ئادەمنىڭ بىر خىل ئەسلىي تەبىئىتى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ھاياتنىڭ كاپالەتسىزلىكى، ئازاب - مۇشەققەتلىكى ئىنساننىڭ مۇھەببەت، قىساس، ۋىسال ۋە ئۆلۈمگە باغلىق بىر مۇنچە ئىدىيە ھېسسىياتىنى پەيدا قىلدى. ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى، بەختسىزلىكى ۋە ئوڭۇشسىز تەقدىرى ئالدىدا ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، ئۈمىد، ئىرادە، ئىقتىدار ۋە ھەرىكىتىنى يارىتىدىغان بىر خىل كۈچ، تەدبىر، ماھارەتكە ئىگە قىلدى. شۇڭا ئادەمنىڭ

قەدىر ـ قىممىتى، ھاياتىي كۈچى، ئىنساننىڭ تەڭرى ھەم تەق-دىرگە قارشىلىق بىلدۈرۈپ ئەركىنلىك ئىزدىشى، دىنىي ئېتىقاد ۋە پەلسەپىۋى مەزمۇن دائىرىسىدىن چىقىپ، غەرب ـ شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئىنسان، سۆيگۈ، ئۆلۈم ۋە تەقدىر ھەققىدىكى چوڭقۇر بەدىئىي ئىجادىيەت تېمىسىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى-نى مەيدانغا كەلتۈردى.

غەرب قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا، ئىنساننىڭ تەڭرى ۋە تەقدىرگە قارشىلىشىش روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن داڭلىق ھېكايە «ئودىپوس» تراگېدىيىسى ئىدى.

گرېك تراگېدىيە يازغۇچىسى سوفوكىل (مىلادىيىدىن بۇ-رۇنقى 406 ~ 496) قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ ئەپسانىۋى ھېكا-يىسى — ئودىپوس (شاھ ئەدەپ) ھېكايىسىگە ئاساسەن، «شاھ ئەدەپ» (ئودىپوس)، «ئەدەپ كالونىدا»، «ئانتاگونىيە» نام-لىق ئۈچ تراگېدىيىدىن تەركىب تاپقان تراگېدىيە ئەسىرىنى ياز-غان ئىدى. ھېكايىدە سوفوكىل گرېك ـ يۇناندىكى ئافىنا قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى جەمئىيىتىنىڭ زىددىيەتلىرى ۋە ئۇرۇش كۈچەي-گەن، گرېك مەدەنىيىتى ۋەيرانچىلىققا دۇچ كەلگەن دەۋردىكى گرېك ـ يۇنانلىقلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىنساننىڭ تەقدىر ۋە تەڭ-رىگە بولغان بېقىندىلىقى چۈشەنچىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئودىپوسنىڭ تەقدىرى ھەم سىنفىكسنىڭ سىرى دېتاللىرى ئار-قىلىق ئىنساننىڭ تەقدىرگە بولغان قارشىلىقى، ئەمما قۇتۇلال-ماسلىقتەك توپ ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن. تىبىس شاھى لايۇس-نىڭ تەڭرىدىن پەرزەنت تىلىشى، كاھىننىڭ ئودىپوسنىڭ قىس-مىتىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىشى، ئودىپوسنىڭ تۇغۇلۇپ قورا-مىغا يېتىپ ئۆز تەقدىرىنى كاھىننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ، كەلگۈ-سىدە يۈز بېرىدىغان تراگېدىيىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز دۆلىتى-دىن چىقىپ باشقا دۆلەتكە كېتىشى، بۇ دۆلەتنىڭ خانىشىنى ئەمرىگە ئېلىپ، پەرزەنتلىك بولۇشى، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا

تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي، ئۆزى بىل-
مىگەن ئەھۋالدا ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئانىسىنى ئەمرىگە
ئېلىپ ئۇنىڭدىن بالىلىق بولغانلىقى، بۇ ئىشلار بىر - بىرلەپ
ئايدىڭلاشقاندا بولسا ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن ئىككى كۆزىنى
قــارىغۇ قىلىپ دەشتلەرگە چىقىپ كېتىشى ئودىپوسقا ئالدىن
بېشارەتلەنگەن. ئۇ بۇنىڭدىن ساقلىنىشقا تىرىشقان، ئۇ باھادىر،
ئــەقىللىق، سەمىمىي، مېھرىبان، پاراسەتلىك، ئەمما ئۇنىڭ
تەقدىرىگە شۇ پۈتۈلگەنلىكتىن، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز
دۆلىتىدىن چىقىپ كېتىپمۇ يەنىلا ساقلىنالمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ
تەقدىرى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. ئودىپوس تراگېدىيىسى بىلەن
سىنفىكسىنىڭ سىرى ھېكايىسى ياۋروپالىقلارنى تا ئوتتۇرا ئە-
سىرگىچە ئىنسان، تەڭرى، تەقدىر ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش
ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار ئىنساننىڭ مۇھەب-
بەت، نەپرەت، ھايات، ئۆلۈم، بەخت ۋە بەختسىزلىكىنىڭ مەن-
بەسىنى جەمئىيەتنىڭ رېئال تەرەپلىرىگە باغلىغان چاغدىمۇ، تې-
ــگى ـ تەكتىدىن يەنىلا خرىستىئان دىنىي ئىلاھىيەتچىلىكىگە
باغلانغان ئىدى.

ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىدىن باشلاپ
تەقدىرچىلىككە، تەڭرى ئىرادىچىلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ئىنسان-
نىڭ ئۇلۇغلۇقى، قەدىر ـ قىممىتى، ئەقىل ـ پاراسىتى، گۈزەل-
لىكى ۋە مۇھەببىتىنى مەدھىيىلەپ، ئىنساننىڭ تەقدىرى ۋە
ھــوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىنسانغا، جەمئىيەتكە، ھاياتقا
بولغان مۇھەببەت ۋە جاسارەتلىك روھىنى يارىتىشقا ئۆزگەردى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تارتىپلا ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مە-
ســىلىسى ئەر ـ ئاياللىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يادرو قىلغان. ئەر ـ
ئاياللىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاددىي كىشىلىك مۇناسىۋەتلا ئەمەس، تې-
خىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك جىنسىي ئىستەك ئۈستىگە قۇرۇلغان
مۇھەببەت ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتى. ئۇ يەنە بىر خىل ئەخلاقىي،

دىنىي، ئىجتىمائىي پەرھىز مۇناسىۋىتى. ئۇ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق جەھەتتىن ئىنساننىڭ تەبىئىي تۇغما ھېسسىياتى بولسا، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئەۋلاد، نەسىل قالدۇرۇش. مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، مۇھەببەت نوقۇل جىنسىي ھەۋەس ياكى نەسىل قالدۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئىچكى نازۇك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان يۇكسەك پسىخىك ئالىي ۋە ئەخلاقىي ھېسسىيات ھەرىكىتى، ئۇ ئادەمنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش، سۆيۈش ۋە قەدىرلەشتىن ئىبارەت ئېستېتىك ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى بولۇپ كەلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە كىرىپ كەلگەن مۇھەببەت تېمىسى ۋە ھېسسىياتى ماھىيەتكە ئىگە مۇھەببەت بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئەدىب ـ شائىرلار بەزىدە قىز، بەزىدە ئوغۇل، بەزىدە ھايۋان ۋە بەزىدە گۈل ياكى بۇلبۇل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز غايىسىنىڭ رېئاللىققا ماس كەلمەسلىكى، ئىچكى دۇنياسىدىكى بىئاراملىق، غېرىبسىنىش، تەھدىت، ئۆلۈم، جۇدالىق، غەزەپ ۋە چۇقانلىرىنى رېئالىستىك، رومانتىك ياكى سىمۋوللۇق ئۇسۇللاردا ئىپادىلەپ، سۆيگۈ «ئىشق» ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسىنى، بېسىم، خورلۇق، توسقۇنلۇق، ئېزىلىشلەرگە بولغان قارشىلىقنى، ھاياتقا، دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە بولغان بىر خىل مىللەت، جىنس، ئىرقتىن ھالقىغان مۇھەببەتنى ئىپادىلىشى ھەم تەۋسىيە قىلىشى مۇمكىن.

ھاياتلىق ۋە مۇھەببەت ئىنسانغا خاس بىر ئىقتىدار بولۇپ، ئىنساننى مۇھەببەت ۋە ھاياتتىن مەھرۇم قىلغۇچى بىردىنبىر كۈچ — ئۆلۈمدۇر. ئەمما ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىدىكى قايناق، ئوتلۇق ئىشق مەھرۇملۇقى، توسقۇنلۇق، ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدە ئۆلۈم ۋە ئۆلۈم دەھشىتىنى يېڭىپ ھاياتلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى يارىتالايدۇ، شۇنداقلا ئۆلۈم ۋە بەختسىزلىكلەردىن ھالقىپ چىقالايدۇ. چۈنكى مۇھەببەت رىشتىسىگە چۆمۈلگەن ئا-

دەم ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۆز سۆيگۈسى، مۇراد- مەقسىتى ئۇچۇن تەقدىر، ئۆلۈم بىلەن كۆرىشىدۇ. ئايرىم شەخسنىڭ بەختسىزلىكى ۋە ئۆلۈمى بولسا تىرىكلەرنىڭ ھاياتلىق رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ. مانا مۇشۇ جەرياندا ئىنسان شادلىق، ئازادلىك، پەخىرلىنىش، غېرىبسىنىش، جىمغۇرلۇق، غەزەپ، چۈشكۈنلۈك، تەھدىت، ۋەھىمە، ئەندىشە ھېسلىرى ئىچىدە چېنىقىپ، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، دۇنياغا، جەمئىيەتكە، ھاياتقا بولغان ئىرادىسىنى تاۋلاپ چىقىدۇ. شۇڭا، قەدىمدىن بېرى ئەدەبىياتتا مۇھەببەت تېمىسى ئۇرۇش ۋە ئۆلۈم بىلەن باغلىنىپ، ئىنساننىڭ ھاياتلىق ئىقتىدارىنى ئىپادىلىگەن. دوست- يار، قىز- يىگىت، ئۇرۇق- تۇغقان ئارىسىدىكى مېھىر- مۇھەببەت رىشتىسىدىن ئىنساننىڭ ئۆز يۇرتى، ۋەتىنى، مىللىتىدىن تاكى ئىنسانىيەتكە بولغان بىر خىل ئوتلۇق رىشتە زەنجىرىنى تۇتاشتۇرغان. سۆيگۈ- مۇھەببەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى سۈپىتىدە ئىنسانىيەت ھاياتلىقى ۋە تەقدىرىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بەرگەن.

مۇھەببەت تېمىسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمدىن كېلىۋاتقان تېمىسى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي جەمئىيەت رېئاللىقىنى ھەمدە خەلقنىڭ پسىخىك قىياپىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت، گۈزەللىك، ئەركىنلىك ھېسلىرىنى، بەخت ۋە بەختسىزلىكلىرىنى كۆپ قاتلاملىق تەسۋىرلەپ، ھاياتقا بولغان «رىشتىسى» نىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىپ بەرگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر مۇنچە تراگېدىيىلىك ئەسەرلەردىكى مۇھەببەت تېمىسىدا، شەخسنىڭ بەختسىزلىكىدىن پۈتۈن بىر دەۋر ياكى مىللەت ئۇچرىغان ئىجتىمائىي پاجىئەلەر ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت پسىخىكىسى نامايان قىلىنغان. ئۇنىڭغا بىر

دەۋر كىشىلىرىنىڭ خاراكتېر پسىخىكىسى، هاياتلىق پوزىتسىيە-
-سى هەم قىممەت ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەملەنگەن. ئازاب -
ئوقۇبەتلىك هايات ۋە تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋىقى هەم تەجرىبىسى
يەكۈنلىنىپ، قەلبىدە يېلىنجىغان ئارزۇ - ئارمانلىرى ئىزهار
قىلىنغان. گاهى ئازاب مۇهەببەتنى، گاهى مۇهەببەت ئازابنى
كۈچەيتىپ، تراگېدىيە ۋە ئۆلۈم ئارقىلىق مىللەتنىڭ هاياتلىق
ئىرادىسىنى ئويغاتقان. فېئودالىزمنىڭ ئەخلاقىي، سىياسىي پا-
جىئە تراگېدىيىسى بىلەن ئىنساننىڭ هۆرلۈككە چىقمىغان قەلبى-
نىڭ ئىسيانى ئارقىلىق تەقدىرگە قارشى روهىنى قەدەممۇ قەدەم
تاۋلاپ چىققان. تۆمۈرىلەر ۋە يەركەن خانىدانلىقى دەۋرىدىكى
ئەدىب - شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن بىز بۇنىڭ چوڭقۇرلىشىش
جەريانىنى كۆرەلەيمىز.

تۆمۈرىلەر ۋە يەركەن خانىدانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت
سەهنىسىدىكى ئىلىم ئىگىلىرى دەرۋەقە ئوخشاش بولمىغان سى-
نىپىي، ئىجتىمائىي تەبىقە - گۇرۇهلار ئىچىدە ياشىغان هەمدە
سوپىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، ئۇلار-
نىڭ پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشى، سىياسىي، ئىجتىمائىي مەۋقە -
كۆز قاراشلىرى خاراكتېر- پسىخىكا جەهەتتىن خېلىلا زىددىيەت-
لىك ۋە مۇرەككەپ ئىدى. شۇڭا بۇ دەۋر ئەدىب - شائىرلىرىنىڭ
بىر قىسمى فېئودال هۆكۈمدارلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە هۆكۈمرانلىق
تۈزۈلمىسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، پادىشاھ، ئەمەلدارلارنىڭ ساختا
مۇناسىۋىتىنى ماختاپ، خەلقنى تەقدىرچىلىك، تەركىدۇنيا-
چىلىق، چۈشكۈنلۈككە باشلاپ، سۈكۈت قىلىشقا، نامراتلىق ۋە
يوقسۇزلۇققا رازى بولۇشقا ئىشەندۈرۈپ، مىللەتنىڭ روهىيىتىنى
قۇللۇققا گىرىپتار قىلدى، بىلىمسىزلىك، جاهالىيەت، نامرات-
لىق ۋە مەهكۇملۇقنىڭ ئازابىنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر تۈركۈم ئىلىم ئەهلىلىرى، ئەدىب -
شائىرلار مۇرەككەپ دەۋر زىددىيەتلىرى ئىچىدە تاۋلىنىپ چىقتى.

ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلغار پىكىرلىك مۇتەپەك-
كۇرلىرى سۈپىتىدە دەۋرىنىڭ تارىخىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي
ئەھۋالىنى ھەمدە مىللەتنىڭ ئەخلاقىي، روھىي قىياپىتىنى كۆ-
زىتىپ، ئىسلام دىنى پەلسەپىسى بىلەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاق
ئىدىيىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت، سىياسەت، خەلق ۋە ھاياتـ
لىق ھەققىدە بىر مۇنچە قىممەتلىك ئىدىيە ۋە تەشەببۇسلىرىنى
ئوتتۇرىغا قويىدى. ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋائى، رەشىدى،
مىرزا ھەيدەر، ئايازى قاتارلىقلارنىڭ بەزىسى ئۆز دەۋرىنىڭ مۇتە-
پەككۇرى، بەزىسى ھۆكۈمدار، تارىخشۇناس ھەم ئەدىب ـ شائىر-
لىق سالاھىيىتى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئومۇمىي ماھىيەتلىك تەرەپ-
لىرىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئۇ ھەقتە ئويلانغان. ئۆزلىرىنىڭ
ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە ئەگرى ـ توقاي مۇشەققەتلىك ھايات مۇساپى-
سىدە كىشىلىك ھاياتقا، جەمئىيەت ۋە خەلققە بولغان ئالىيجاناب
خاراكتېرى، مەۋقە ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرگەن. شۇڭا ئۇلار بىر
تەرەپتىن، مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىللەت، خەلق
ھەم كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى ئازابلىق ئېڭىنى تاۋلىسا، يەنە
بىر تەرەپتىن، دەۋرىنىڭ توسالغۇلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ
قايغۇ ـ شادلىقى ۋە تەقدىرىنى ئەل ـ خەلق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
قاراپ، ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي باراۋەرلىك، ھەققانىيەت، مەرد-
ـپەت، ھۆرلۈك، ئىنسان گۈزەللىكى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى
مەدھىيىلەپ، مۇھەببەت، ئەخلاق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەر-
ۋەرلىك تېمىلىرىنى زىچ گىرەلەشتۈرۈپ، ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال
ھۆكۈمران سىنىپقا ۋە ئۇنىڭ مىللىي دىنىي ئېزىشىگە قارشى
تۇردى. ئەركىن مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ھەققانىيەت ۋە
ئادالەتنى كۈيلىدى. خەلقنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن
قەد كۆتۈرۈپ، ئىلىم ـ مەرىپەت، مەدەنىيەت ئىگىلەپ،
بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى. بۇ بىر ياقتىن
ئەدەبىياتنىڭ تېما، ئوبراز، ئىدىيە، ھېسسىياتىنىڭ خەلققە يې-

قىنلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولسا، يەنە بىر ياقتىن خەلقنىڭ روھىنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش كۈچىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. چاغاتاي، تۆمۈرىلەر ۋە يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەب - شائىرلىرىنىڭ ھاياتلىق، مۇھەببەت ۋە تەقدىر مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشكەن چوڭقۇر ئازاب ئېڭى بۇ دەۋردىكى تارىخىي، دىنىي، پەلسەپۋى قىسسە- ھېكايىلەردە كۈچلۈك ئەكس ئېتىدۇ. شائىر ئاتايى بۇ دەۋرنىڭ دەسلەپكى نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىلار جەمەتىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىدە XV ئەسىر ئۇيغۇر فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ سوپىزم، تەركىدۇنياچىلىق بىلەن تولغان خۇنۇك مۇھىتىدا ئىنسان گۈزەللىكى، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت تېمىلىرىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن چوڭقۇر تەسۋىرلەپ، ئىنسانپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. شائىر لىرىك غەزەللىرىدە ئىدېئال «يار» نىڭ مەنىۋى گۈزەللىكى بىلەن ئەسلىي تەبىئىي گۈزەللىكىنى جىپسىلاشتۇرۇپ، تىپىك لىرىك سۇژىتىدا ھېسسىياتلىق سىزىپ كۆرسىتىدۇ.

چۇجانىمدىن ئەزىز جەنانىمسەن،
كىرەكمەس جان ماڭا سەنسىز بەدەندە.
ماڭا ئول دۇنيادا جەننەت نە ھاجەت،
ئىشىكىڭ تۇپراغى بەسدۇر كەفەندە ①.

شائىر ئاتايى ئىنسان پاك، ھەقىقىي مۇھەببەتكە ۋە مۇراد - مەقسەتكە يېتىشتە، بۇ يولدا ساداقەتمەن بولۇش، ۋاپادارلىق قىلىش، جەبىر - جاپاغا چىداش كېرەك دەيدۇ. ھەقىقىي

① «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1980 - ، 1981 - يىللىق سانلىرىغا قارالسۇن.

«يار» ۋەسلىگە يېتىشنى مۇقەددەس «جەننەت» كە يېتىشتىن ئۈستۈن قويۇپ، خىيالىي جەننەتتىن بۇ دۇنيانىڭ رېئال جەننىتى، بەخت ـ سائادىتىنى مەدھىيىلەيدۇ.

ماڭا سەن بولما ساڭ جان ھاجەت ئىرمەس،
بېھىشتۇ ھۆرۇ ـ رىزۋان ھاجەت ئىرمەس.
فىراقىڭدا كۆزۈم ياشى بار ئىركەن،
باھارۇ ئەبرى نەيسان ھاجەت ئىرمەس.
ئىستەدۈك ئالەمدە ئۆمرى غەمگۇزارى تاپمادۇق،
غەم كۇندە يارۇ ھەمدەم جامۇسەغەردىن لەتىق.
ھەجردىن يەتسە ئەتائى نالەسى كۆككە نە ئەيىب،
چۇن تاپالماس دۇنيادا ئول ماھى پەيكەردىن لەتىق ①.

فەلەك ئايۋانىغا باش ئۇندۇرۇرمۇ!
قانىتىڭ مىھرابىنى تاقىنە مۇشتاق.
كۆرەرمەن باغى جەننەت مېۋەسىدىن،
ياڭاقىڭ نارىنى يۇز قەتلە بىھراق.
ئەگەر ئۇچماق بەرسە تەڭرى سەنسىز،
دىگەيمەن بىزگە يەتتە سەككىز ئۇچماق②.

دەپ، «يار» ۋە «مەي» نى ھەرقانداق نەرسىدىن يۇقىرى قويىدۇ.

بۇ دەۋردە ياشىغان يەنە بىر شائىر مەۋلانە سەككاكىمۇ مۇھەببەتنى باش تېما قىلىپ، چىن ئىنسان گۇزەللىكى ۋە ھەقىقىي مۇھەببەت يولىدىكى ئازاب، مۇڭ، ساداقەت، ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ ھاياتلىق قىممىتىنى،

①②«ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، II توم.

ئېسىل، ئالىيجاناب ھېسسىياتىنى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى مەدھىيىلىگەن. شائىر:

ئىشق قايغۇغا تۇشسە قىلۇر ئۇل ئاشىقى سادىق،
بۇ ئىككى جاھان قايغۇسىنى بىر نەۋالە.
سەككاكىنى ئۆلتەرسە يوق ئۇل قىلچە جانىدىن
قايغۇسى ۋەلى قايغۇم ئۇل ئاي كىرگە ۋە بالە.

دېيىش ئارقىلىق، ئىشق ئوتى تۇغقان قايغۇ ـ ھەسرەت ئاشىقىنىڭ بۇ يولدىكى ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەيدۇ. بۇمۇ ئىنسان ئۇچۇن ئىككى دۇنيالىق ئازابنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

زاھىدى كىم كۆردى زۇلفۇڭ كوفرىنى ئىماندىن كېچىپ،
بۇ نىيدا تەسبىھنى بىلگە زۇننار ئەيلىدى.

شائىر يۇقىرىقى مىسرادا، ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئالدىدا سوپى ـ زاھىدنىڭ تەسۋىسىنى بىلگە زۇننار قىلىپ ئېسىشقا مەجبۇر بولىدۇ دېيىش ئارقىلىق، ئىنسان گۈزەللىكى ۋە ئىشق ـ سۆيگۇ ھېسسىياتىنىڭ ئادەمنى دىنىي، ئىرقىي، جىنسىي چەكلەر ئالدىدا زەئىپ، ئاجىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقى، ھەتتا مۇقەددەس ئىمان ۋە دىنىي ئەقىدىلەرمۇ كار قىلماي قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەببەت تېمىسىدا جەمئىيەتنىڭ رېئال زىددىيەتلىرى، فېئودالىزم ھەم ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنى رەت قىلىش پۇتكۇل ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي روھىي تىندىنسىيىسى. تۆمۈرىلەر دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدىب ـ شائىرلىرى ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي ھۆكۈمدارلارنىڭ چىرىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ساختىلىشىپ كېتىشى، پۇل، ھوقۇققا چوقۇنۇش، كىشىلىك ئەركىنلىك ۋە شەخ-

سى ئەركىنلىكىنىڭ بوغۇلۇشى قاتارلىق رېئال مەسىلىلەر ھەقق-
دىكى بىزارلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق، مۇڭ، ھەسرەت، ئۇنىڭدىن
قۇتۇلۇش ئىستىكىنى مۇھەببەت تېمىسىغا مۇجەسسەملەپ، ئۆزد-
نى جاھاننىڭ بارلىق غەم-غۇسسىسىنى ئۇنتۇغان ھالدا «يار»
ۋەسلىگە بېرىلىش، ئاشىق، بىقارارلىق، ئىشق يولىدىكى سەۋدا-
يى-جاھانكەشتىلىك، مەي، شاراب، ۋە ساقىي بىلەن ھەمدەرد-
لىشىش، مەي پەيمانىدىن مەستۇ مۇستەغرەق بولۇش شەكىللىرد-
دە ئىپادىلىگەن. بۇ خىل روھىي غەليان ۋە قارشىلىق لىرىك
ئوبراز ئارقىلىق يوشۇرۇن، بىر قەدەر مەۋھۇم ئوتتۇرىغا قويۇ-
لۇشتىن ئاستا-ئاستا ئەدىب-شائىرلار ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي
سىياسىي تېمىلارنى ئوچۇق-ئاشكارا، بىۋاستە، ئۇدۇل ئوتتۇ-
رىغا قويۇپ، جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنىڭ قەلبى ۋە خاراكتېرىگە
تەسىر قىلىشقا ئۆتتى.

شائىر لۇتفى ئۆز ئىجادىيىتىدە مۇھەببەت تېمىسىنى ئىجتى-
مائىي رېئال مەسىلىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز دەۋرىنىڭ
سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر ئوتتۇرىغا قويغان
شائىرلارنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن ئىدى.

دەرۋەقە «دىۋان لۇتفى» شائىرنىڭ مۇھەببەتنى باش تېما
قىلغان لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، خۇددى ئاتايى، سەككا-
كىغا ئوخشاش پۈتۈن كۈچى بىلەن رېئال دۇنيا ۋە رېئال ئىنسان
گۈزەللىكىگە رىشتە باغلايدۇ. رېئال گۈزەللىك ۋە گۈزەل يارنىڭ
ئىشق ئوتىدا ھىجران ئازابى چېكىپ ئۆرتىنىدۇ.

كۆيگەن كۆڭۈلدە ھەر دەم مېھرىڭ بولۇر زىيادە،
تۈن-كۈن ئەگەر چى بىزگە جەۋرۇ-جافا قىلۇرسەن.
يوقتۇر ئەجەپكى ئالدىڭ بىچارە لۇتفى كۆڭلىن،
ھۆسنۈڭ بىلە چۇ يۈزمىڭ شاھنى گاداي قىلۇرسەن[1].

① ئەسقەر ھۇسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تىزىسلار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

قان بولدى كۆڭۈل فىراقىڭىزدىن،
جان كۆيدى ھەم ئىشتىياقىڭدىن.
دىنۇ - دىلۇ ئەقىل بولدى يەغما،
جان ئالغۇچى ئول قاراقىڭدىن.
ئوقتەك بويىمىز بولدى يادەك،
ئۇ قىتنەلىك ئىككى تاقىڭدىن.

..................

كۆرسەم كېرەك ئايۇ كۈن بۇلۇتسىز،
ساچنى كېتەرىك ياقاقىڭىزدىن.
بۇ لۇتفى خەستەنى سوراڭكىم
بىچارە ئۆلەر فىراقىڭىزدىن ①.

لۇتفى بارلىق لىرىكىلىرىدا ئىنسان گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي ئەنئەنىسى بويىچە ئىنسانىنىڭ رېئال گۈزەللىكىنى «كۆز»، «يۈز»، «چاچ»، «قاش»، «كىرپىك»، «لەۋ» قاتارلىق بەدەن دېتاللىرى ئارقىلىق كونكرېت ئوبرازلىق سۈرەتلەپ، ئىنساننىڭ تاشقى، تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەن مۇكەممەل قەلبىنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىنى سىڭدۈرۈپ، تولىمۇ جانلىق تەسۋىرلەيدۇ. ھەتتا «يار» نىڭ گۈزەل ئوبرازىنى شۇنچىلىك كۆتۈرىدۇكى، ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى غايىۋى يۈكسەك بولغان خېزىر، جەننەتنىڭ ھۆر - پەرىلىرىدىن، پەرىشتىلەردىنمۇ گۈزەل، ھەتتا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىدىنمۇ ئۈستۈن دەپ قارايدۇ. ئادەمنى ئازاب - ھەسرەت، غەمگە مۇپتىلا قىلىدىغان بۇ يار ۋەسلىگە يېتىشتە سادىقلىق، ۋاپادارلىق، دىلنىڭ پاكلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرت ۋە ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ياز پەسلى بارچە شادۇ كۆڭلىمىز غەمناك ئېرۇر،
گۇل بىكىن جان كۆڭلەكى ھىجران ئېلىدىن چاك ئىرۇر.
ئەي فىراق ئۆلتۇر مېنى قىلمال قۇتقار قايغۇدىن،
يار سىز ئاچچىق ئۆمۈر زۆھرە ئەجەل تەرياك ئىرۇر.
ئەرز قىلما گۇللىرىڭنى بىزگە ئاندىن، ئەي باھار،
قايسى گۇلنىڭ ئىتىكى ئاخىر ئۇنىڭدەك پاك ئىرۇر[1].
قىبلەدىن يارەپ ئۆلەر ھالەتتە ئەۋرۇلسۇن يۈزۈم،
گەر سېنىڭ قاشىڭدىن ئۆزگە بولسا مېھرابىم مېنىڭ.

شائىر ئىنسان ئۈچۈن يارسىز ئۆمۈر ئۆلگەن بىلەن تەڭ، قايغۇ بۇلىقىنىڭ كۆزى پىراق، جانىنىڭ ئەزرائىلى ھىجران، يارسىز غەمكىن ھەسرەتلىك قەلب ئۈچۈن يازنىڭ سېزىمى يوق. ئىنساننىڭ گۈزەللىكى، لاتاپىتى ئالدىدا تەبىئەتنىڭ ئانچىكى گۈزەللىكى ھېچقانچە ئەمەس دېمەكچى بولىدۇ. بۇ يەردە ئىنسان-پەرۋەرلىك، گۇمانىستىك پىكىر تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئىپا-دىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ۋىسالغا تەلپۈنگەن ئاشىق- مەشۇقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئارمانغا يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى پاك ئېتىقادى بىلەن بىر- بىرىگە ۋاپا، ساداقەت كۆرسىتىش ئىرادىسى بولۇش. بۇ ئەلۋەتتە مۇھەببەتكىلا ئەمەس، ئىنسان ئۆزى ۋە جەمئىيەتكە بولغان پۈتكۈل ھاياتلىق ھەققىدىكى مەنىۋى ئەخلاقىي پرىنسىپ دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك «شائىر لىرىكىلىرىدا گۈزەل يار ئوبرازى-غا بولغان ئىجابىي مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق، كىشىلەردە بولغان ئەڭ ياخشى ئەخلاقىي خىسلەتلەرنى ئىپادىلىگەن بولسا، گۈزەل يارنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ھىجرانلىرىنىڭ كەينىگە ئۆزىنىڭ ئازاد-لىق، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئىستەكلىرىنى يوشۇرۇپ ئۇنىڭغا

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى تىدىنسىيىلىك ھالدا ئىپادىلىگەن»[1] . شا-ئىر مۇھەببەتكە بېرىلگەن لىرىك قەھرىمان يارنىڭ ۋەسلىگە بول-غان ئىنتىزارلىقىنى سوپىزم ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىگە سېلىشتۇرما قىلىپ، رېئال مۇھەببىتىنى ئەڭ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ ھەج، كەئبەدىن ئىنسانىنىڭ قەلبى، مۇھەببەتنى ئەلا دەپ تەس-ۋىرلەيدۇ:

سەن ھۆسنى ئىلە بايسەن نىگىچۈن پەرزدۇر ھەج.
قىل، تەڭرى ئۈچۈن كەئبەنى كۆڭلۈمنى زىيارەت.
مېھراب قاشى سارى، زىنھار باقما زاھىد،
ۋەيران بولۇر نامازىڭ بارچە قازا قىلۇرسەن.
جان بىرۇر چاغدا قاشىمغا تەڭرى ئۈچۈن كەل بېگىم،
بارى كۆرمىش بولغامىن بىرلەھزە دىدارىڭ سېنىڭ.

بۇ مىسرالاردىن، شائىرنىڭ ئىنسان گۈزەللىكىنى ۋە رېئال مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاشتىكى پوزىتسىيە ۋە ئەركىنلىك ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شائىرنىڭ مۇھەببەت تېمى-سى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ئىنسان گۈزەللىكى ۋە ھايات قىممەت قاراشلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن زىچ باغلانغان. لۇتفىنىڭ مۇھەببەت تېمىسى ئەمەلىيەتتە ئىنسان گۈزەللىكىنى مەدھىيە-لەش، رېئال ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىكنى تەۋسىيە قى-لىش، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىجتىمائىي ئىدىيىسىگە كېڭەيتىش ۋە يۇقىرىقىلار ئاساسىدا شەخسىي ئازادلىق، ئەركىنلىك، ھاياتقا ئۈمىدۋار رىشتە باغلاپ ياشاشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت.

شائىر لۇتفى مۇھەببەت تېمىسىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلق-چىللىق، ئادالەت، تىنچلىقتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي مەسىلە-

---

① شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 306-، 307-بەتلەر.

لەرگە كېڭەيتىپ، ئۆز دەۋرى شائىرلىرىنىڭ تەپەككۇر قارىشىنى تېخىمۇ ئالغا سىلجىتتى. ئۇنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق لىرىك داستانى بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يۇكسەك ئىدىيىۋى ھەم بەدىئىي قىممىتىنى نامايان قىلدى. «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا، گۇل بىلەن نەۋرۇزنىڭ جەڭ مەيدانىدا قايتا ئۇچرىشىپ ئۇرۇشنى مۇھەببەت بىلەن بويسۇندۇرغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، پاك مۇھەببەتتە ئىككى ئەلنىڭ دۇشمەنلىكىنى دوستلۇق ۋە ئىنچلىقا، غەم - قايغۇسىنى شادلىققا ئايلاندۇرىدۇ، مۇشۇ ۋاستە بىلەن شائىر لۇتفى زۇلۇم ۋە ئۇرۇشنىڭ خەلققە ئاچ - يالىڭاچلىق، ئېغىر قىسمەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق شائىر بىر تەرەپتىن مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر بىر تەرەپتىن ھەر بىر خەلق، مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت، دوستلۇق رىشتىسى ئىنچلىقنىڭ كاپالىتى ھەم بارلىق ئازاب، ئۆلۈم، ھالاكەتتىن ساقلىنىشنىڭمۇ كاپالىتى دېگەننى ئېيتىدۇ. داستان ئاخىرىدا گۇل بىلەن نەۋرۇزنىڭ چىن سۆيگۈ رىشتىسى ئارقىلىق دۇشمەنلەشكەن تۆت دۆلەت بىرلىككە كەلتۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ بىرلىككە كەلگەن، ئىتتىپاقلاشقان بىر دۆلەتنى بارلىققا كەلتۇرىدۇ. مۇشۇنداق خۇلاسە ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئۆلۈم ۋە بارلىق بەختسىزلىكلەرنى يېڭەلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن چىن مۇھەببەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا مېھىر - شەپقەت، دوستلۇق، ئىنچلىق ۋە بەخت ئەكىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش، دۇشمەنلىشىش، زىددىيەتنىڭ خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، فېئودال سىياسىي ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۆز شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىچكى يېغىلىق، ئارازلىق، سۇيىقەست قىلماي بىرلىككە كەلگەن چوڭ قۇدرەتلىك سىياسىي

ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئادالەت ئورنىتىپ، تىنچ، ئاسايىشلىق جەمئىيەت يارىتىش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

دېمەك، تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قىياپىتى بىلەن مەدەنىيەت، ئەخلاق ھالىتى بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىلىم ئەھلىلىرى، خۇسۇسەن شائىر - ئەدىبلەرنىڭ ئۆتمۈش ۋە رېئاللىق ھەمدە ئۆز تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇلار چىن مۇھەببەت، ئىنسان گۈزەللىكى ھەم ئۇرۇش، زامان زەخمەتلىرى پەيدا قىلغان جاراھەت ۋە ئازاب - ھەسرەت پىغانلىرىنى ئىپادىلىگىنىدە، بۇنىڭ تېگىدە پۈتكۈل بىر دەۋردىكى فېئوداللىق تۈزۈلمە ۋە ھۆكۈمرانلىققا، زۇلۇم - ئاسارەتكە، نادانلىققا، قۇللۇققا قارشى ھەققانىيەت، ئازادلىق، ئادالەتلىك، باراۋەرلىكنى ئارزۇ قىلىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ چۈشكۈنلىشىپ خارلىققا قالغىنىدىن قاتتىق قايغۇردى.

## 3. نەۋائىي لىرىكىلىرىدىكى «ئىشق» ھەسرىتى ۋە ھايات تراگېدىيىسى ئېڭى

ئەدەبىيات تارىخى مەلۇم مەنىدە ئىنسانىيەت روھىنىڭ تارىخىدۇر. مۇبادا ئىنسانىيەت تارىخىنى بىر شەخسنىڭ ھايات تارىخى مۇساپىسى بىلەن ئوخشاش دەپ قارىساق، ئۇنداقتا خۇددى ئىنسان ھاياتى بالىلىق، قىرانلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىق باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش، بىر مىللەت جەمئىيىتىمۇ ئوخشاشلا بىخلىنىش، ئۆسۈش، قۇدرەت تېپىش ۋە زەئىپلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ئوخشىمىغان مەزگىللىرىدىكى جەمئىيەت، سىياسەت ھەققىدىكى پىسخىكىسى، ھېسسىياتى، كەيپىياتى، ئىجتىمائىي، سىياسىي غايىسى ۋە قىممەت قاراشلىرى ئوخشاش بولمىغىنىدەك، دەۋرنىڭ

ئالاھىدە بىر باسقۇچىدىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىجتىمائىي پسى-
خىكىسى، كەيپىياتى، ئىدىيە قاراشلىرىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ.
مۇنداق دەۋردە ياشىغان ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى
بولسا بۇ دەۋر ھەم ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق تەسىراتلىرىنى، روھىي
يۈزلىنىشلىرىنى تەسىرلىك، ئىنچىكە ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇ-
رۇپ بېرىدۇ. چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرى ئۇيغۇر فېئوداللىق
سىياسىي مەدەنىيىتىنىڭ كۆچەيگەن بىر دەۋرى بولۇپ، فېئودال
بەگ ـ ھۆكۈمدارلارنىڭ بۆلۈنمىچىلىكى، ئۇرۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز
داۋاملىشىشى، ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ خەلقنى بۇلاپ ـ
تالاپ، ئۇلارنىڭ مېھنىتى ۋە ئازابى بەدىلىگە پاراغەت سۈرۈشى،
فېئوداللىق قائىدىلەر ۋە ئەخلاق قېلىپلىرىنىڭ ئىنسان ئەركىن-
لىكىنى بوغۇشى بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئىنساننىڭ
ئىززەت ـ غۇرۇرى ھاقارەتلەنگەن، ھوقۇق ـ ئەركىنلىكى بوغۇل-
غان بۇنداق جەمئىيەتتە، سىرتتىن قارىماققا دىن، ئەخلاق ۋە
سىياسەت ئۆز ئوقىدا مېڭىپ، جەمئىيەت ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتى-
قاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇش،
جاڭجال، زىددىيەت، ئازارلىق كۈچلۈك ئىدى. ئىنساننىڭ تۇر-
مۇشى مەنىسىز بولۇپ، ھاياتلىق ئىستىكى ھەسرەتكە مۇپتىلا
بولغان. خۇددى بىر ئادەم ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا
دۇنيا، كىشىلىك ھايات ۋە تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇر ھەسرەت،
قايغۇغا چۆمگىنىگە ئوخشاش، شائىر ـ ئەدىبلەر ھايات، ئىنسان
ۋە قەدىر ـ قىممەت ھەققىدە ئوتتۇرا ياشتىن كېيىن ئۆز ھايات
سەرگۈزەشتىلىرى، مۇھەببەت، نىكاھ، ئىجتىمائىي، سىياسىي
پائالىيەتلىرىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ھەم ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ۋە
ھاياتلىق ھەققىدىكى تونۇش، پوزىتسىيىلىرىنى قايتا ئويلىغىنىدا
ھاياتقا، ئىنسانغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن بىللە دۆ-
لەت، جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇش، پانىي دۇنيادىكى قۇرۇق، مەنە-
سىز، بىقارارلىق، ئىنسان تەقدىرىنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان

تراگېدىيە قىسمەتلىرىدىن قەلبىدە ئۆتكەنكى سەلتەنەتلىك ھاياتنى چــوڭقۇر سېغىنىدۇ، تارىخنى ئەسلەيدۇ، تەقدىرىدىن چوڭقۇر ھەسرەت چېكىدۇ. كۆچلۈك ئازاب، ھەسرەتلىك كۆي ئەسەردىكى ئۆلۈم بىلەن تراگېدىيىلىك روھنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات سەھنىسىدە شەخسىي ھايات كەچۈرمىشى، سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ بۇ خــىل ھەسرەت، ئازابلىق ھېسسىياتنى ئەڭ چوڭقۇر باشتىن كەچۈرگەن ھەم پۈتكۈل ئەسەرلىرىگە بۇ دەۋرنىڭ ھاياتلىق تراگېـ دىيىسىنى ئىپادىلىگەن يىرىك شائىر ئەلىشىر نەۋائى (1441 ～ 1501) دۇر.

ئەلىشىر نەۋائى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان ئىلغار مەدەنىيىتى، ئېستېتىك تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان مۇتەپەككۇر شائىر. ئۇ پۈتۈن ئەسىرىدە دۆلەتنىڭ، خەلقىنىڭ ئىشلىرىغا باشتىن ـ ئاخىر قايغۇ ـ رۇپ، كۆڭۈلسىزلىكلەر، توسالغۇلۇقلار، مۇشەققەت ۋە ئازابلارغا پىسەنت قىلماي، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تىنچلىقى، پاراۋانلىقى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈم ۋە بۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ روھىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، دەۋر توساقلىرى تۇغقان سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىدى. ئىلىم ـ مەرد ـ پەت، ئەخلاق، دىيانەت ئــارقــىلىق جــەمئىــيەتنــى ئــۆزگــەرت ـ ـىش ئىدىيە ـ تەشەببۇسلىرىنى ھەر خىل پەلسەپىۋى، دىنىي، ئەخلاقىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئوررۇندىدى. بولۇپمۇ شائىرنىڭ لىـ ـرىك غەزەللىرىدىن جەملەنگەن «چاھاردىۋان» («خەزائىنول ـ مەئانى»)، «خەمسە» گە كىرگۈزۈلگەن داستانلىرىدا مۇھەببەت تېمىسى يۇكسەك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە قىلىنىپ ، كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق تەسۋىرلەنگەن. نەۋائىنىڭ «ئىشق» ھەسرىتى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەسرەتلىك سەرگۈزەشتىلەردىن تار ـ

تىپ تاكى پۈتكۈل بىر دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىتى بىلەن باغلانغان بولۇپ، بۇ پىسخىكا ئاڭ نەۋائى ئەسەرلىرىدىكى تراگېدىيىلىك ھېسسىيات ۋە تراگېدىيىلىك يۈكسەكلىكىنىڭ ئېستېتىك ھاياتى كۆچىنى ياراتقان.

روشەنكى، ھەر قانداق بىر ئەدىب ـ شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدە قانداق تېمىنى تاللاش ۋە ھاياتنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشىدە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىر پارچە ئەسەر تۇرمۇش ۋە ھاياتلىقنى ئاددىي، قوپال ۋە يۈزەكى ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ئەدىب ـ شائىرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان پۈتكۈل دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە شارائىتىنى ئاساس قىلىپ، ئەخلاق ۋە ھاياتلىق مەسىلىلىرىنى ماھىيەتلىك ھالدا تېما، سۇژېت، ئوبرازلار ئارقىلىق ئىنكاس قىلىپ بېرىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، نەۋائىينىڭ لىرىك شېئىرلىرى ئۇنىڭ ھايات، ئىنسان گۈزەللىكى ۋە تەقدىر توغرىسىدىكى ھەسرەتلىك دەرد ـ مۇڭلىرى، پىغانلىق قەلبىنىڭ ئىزھارى، تۇنجۇققان، سىقىلغان قەلبىدىكى ھايات سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەش ۋە تېپىرقاشنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. نەۋائى ئۆمرىدە تۈرك، ئۇيغۇر تىلىدا يازغان 50 مىڭ مىسراغا يېقىن لىرىكىلىرىنى يېزىلغان ۋاقتى، مەزمۇنى ۋە ھاياتىنىڭ تۆت مەزگىلى بويىچە «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (ياشلىق غارايىبلىقلىرى)، «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، «فەۋائىدۇل ـ كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دەپ تۆت پەسىلگە ئايرىغان. دىۋان تۆت كىچىك توپلامدىن تەشكىل تاپقاچقا، خەلق ئارىسىدا «چاھاردىۋان» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. نەۋائى لىرىكىلىرىنىڭ باش تېمىسى ئىنسان ۋە ھايات گۈزەللىكىگە بولغان ئوتلۇق چىن مۇھەببەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك گۇمانىستىك ئىدىيىدىن ئىبارەت.

شۇنى ئەسكەرتىش ھاجەتكى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەت-
قىقاتىدا ياكى ئوقۇتۇشىدا بولسۇن، كلاسسىك ئەدىب- شائىرلار-
نىڭ لىرىك شېئىر ۋە داستانلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئەسەرلەر-
نىڭ تېما، مەزمۇنى شۇ ئەدىب- شائىرلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى،
ھاياتىي كەچۈرمىشلىرى بىلەن يېتەرلىك باغلانمىدى. يەنى كۆپ-
چىلىك ئەدىب - شائىرلارنىڭ مۇھەببەت تېمىسىنى يېزىشىدا،
شۇ ئەدىب- شائىرلارنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىگە، خاراكتېر
پسىخىكىسىغا، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىغا باغلىق تەرىپى نەزەرگە
ئېلىنماي، ئەسەرلىرىگە ئۇلار ئەسلا ئويلاپ باقمىغان چوڭ ئىج-
تىمائىي ئىدىيىلەر يۈكلەپ قويۇلدى. شېئىرلاردىكى لىرىك قەھ-
رىمانىنىڭ يارغا بولغان مۇھەببىتى، يارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنى
سېغىنىش، ھىجران ئازابى دېگەندەك مۇھەببەت تېمىسى ۋە ھېس-
سىياتى نوقۇل ھالدا شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ياكى
فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇش دېگەن بىر ئۇقۇمغا يىغىنچاقلاپ
قويۇلسا بىر تەرەپلىمە چۈشىنىش بولۇپ قالىدۇ. دەرۋەقە، ئۇي-
غۇر كلاسسىك شېئىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە، مۇھەببەتنى سىم-
ۋوللۇق ئىپادىلەش دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك،
ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ئىدىيىسىنىڭ ئاساسلىق بىر ئىجادىيەت
ئەنئەنىسى بولغانلىقى راست. ئەمما ھەر بىر ئەدىب- شائىرنىڭ
شەخسىي ھاياتى، خاراكتېر ھېسسىياتى ۋە ئەسەرلىرىنى بىرلەش-
تۈرۈپ تەكشۈرگەندە، لىرىكىلاردىكى مۇھەببەت تېمىسىنىڭ يەنە
شۇ شەخسنىڭ تۇرمۇش، مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى جەريانىدىكى
دەرد - پىراق، ھەسرەتلىرىنىڭ بىر خىل تەبىئىي ئىزھارى ئىكەن-
لىكىنى، ئۇنىڭدا قانداقتۇ فېئوداللىزمغا قارشى دېموكراتىيە،
ئازادلىق دېگەندەك چوڭ ئىدىيىلەرنىڭ ئۇنچىلىك گەۋدىلىك ئى-
پادىلەنمىگەنلىكىنى چۈشىنىش كېرەك. شۇ چاغدىلا بىز نۇرغۇن
كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىغا چۆككەن ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە
پىكىرلىرى ھەققىدىكى چۈشىنىشىمىزنى شائىرنىڭ دەۋرىدىكى ئۆ-

زىننىڭ ئەسلىي دۇنيا قارىشى، روھىي دۇنياسىغا يېقىنلاشتۇرالايمىز. بىز ئەگەر نەۋائىينىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى، قەلبىدىكى سوئال، تېڭىرقاش، قارشىلىق ۋە ئىسيانىنى ئاڭلايمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم شائىرنىڭ ھايات مۇساپىسى، شەخسىي خاراكتېرى، پىسخىكىسى، مىجەز - خۇلقىنىڭ يېتىلىشى بىلەن شائىرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى ماھىيەتلىك بىرلەشتۇرۇپ قارىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنداقتا، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ زور ھەجىملىك لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىدە ئىشق - مۇھەببەت تېمىسى نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك مۇھىم ۋە ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ؟ يەنە كېلىپ مۇھەببەت تېمىسى كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ؟ نەۋائىي مۇھەببەت تېمىسىنى كۈچلۈك ئازاب ئېڭى ۋە ھەسرەتلىك كەيپىيات ئىچىدە تەسۋىرلىگىنىدە، بۇنىڭ شائىرنىڭ ئىجادىيەت پىسخىكىسى، شەخسىي ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ئۇ يولۇققان توسالغۇ، ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن زادى قانداق باغلىنىشى بار؟

ئەلىشىر نەۋائىي شېئىرلىرىدىكى ئىشق - مۇھەببەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گۇمانىستىك خەلقچىللىق ئىدىيىۋى پىكىر ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا بولغان كۆز قارىشىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى رول ئويناۋاتقان ھايات سەھنىسىدە شائىرنىڭ بېشىغا كەلگەن شەخسىي تۇرمۇش، سىياسىي ھايات ۋە ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى بارلىق كەسكىن زىددىيەتلەر، ئوڭۇشسىزلىقلار، توسقۇنلۇقلار، بەختسىزلىكلەر پەيدا قىلغان ۋە ئىزچىل كۈچەيتىۋەتكەن ئېغىر تىنىقلار، تەنھالىق، غېرىبسىنىش، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئازاب، ھەسرەتلىك ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيىسىنىڭ تۈرتكىسى ۋە نەتىجىسى.

ئادەتتە بىر ئەدىب - شائىرنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىش، ئۆسۈپ يېتىلىش، تەربىيىلىنىش جەريانىدىكى خىلمۇخىل دۇنيا قارىشى، ئىدىيىلەر، كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەمدە ئىجتىمائىي

پائالىيەتلىرىدە يولۇققان زىددىيەتلەر ئۇنىڭ خاراكتېرى، ھېسسىياتى، كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماي، جەمئىيەت، سىياسەت، ئىنسان ۋە ھاياتلىق مەسىلىلىرىگە تۇتقان توپ پوزىتسىيەسى، دۇنيا قارىشىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. مەلۇم دۇنيا قاراش ۋە ئېستېتىك چۈشەنچە تىكلەنگەندىن كېيىن بولسا ئەدىب - شائىر ھاياتنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئىدىيە پرىنسىپى بويىچە كۆزىتىپ باھالايدۇ ۋە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئىدىيىنى ئىپادىلەيدۇ. نەۋائىنىڭ 1459 - يىلىدىن 1469 - يىلىغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە سەمەرقەندتە ئۆتكەن ھاياتى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشىنى مۇكەممەل شەكىللەندۈردى. ئۇ بۇ جاينىڭ ئىلمىي مۇھىتىدا بىر مۇنچە ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. شېئىرىي ئىجادىيەتتە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدى. بۇ جاينىڭ داڭلىق مەدرىسلىرىدە چوڭقۇر بىلىم ئېلىپ، بۇ جايدىكى ئۆز دەۋرىنىڭ بىر مۇنچە ئۇلۇغ ئالىم، مۇدەررىسلىرىدىن تەلىم ئېلىپ، ئىلمىي مۇھاكىمىلەرگە ئىشتىراك قىلدى. ئەدىب - شائىرلارنىڭ ئەدەبىي مۇھاكىمىلىرىدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ماھارىتىنى چېنىقتۇردى. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، سەمەرقەندتىكى مەدەنىي ھايات نەۋائىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئىدىيىسىنى مول ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. شائىرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن، تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان تەقدىرى مەسىلىلىرى ھەققىدە، خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندىيە سوپىزم ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىجادىي يولىنى بويلاپ، ئۆزىنىڭ گۇمانىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ھۇسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر قاتار سىياسىي پائالىيەتلىرى بىلەن يىرىك ئىجادىيىتىنىڭ توپ ئېستېتىك ئىدىيە ئاساسىنى يارىتىپ بەردى.

ئەبۇ سەئىد ئۆلۈپ ھىرات تەختىنى ھۇسەيىن بايقارا ئىگىلە-

گەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلتىماسى بىلەن نەۋائى ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرەت تېپىپ مۇستەھكەملە-نىشى ئۇچۇن ئەلشىر نەۋائىدەك ئەلگە تونۇلغان ئابرۇيلۇق، پاراسەت ئىگىلىرى تولىمۇ مۇھىم ئىدى. ھۇسەيىن بايقارا نەۋائى-نى دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ ئوردا مۆھۈردارلىق ئورنىغا تەيىنلىدى. ئەگەر ئالدىنقى مەزگىلدە-نى نەۋائى ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ھەمدە نەۋائى دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى دېسەك، ئۇنىڭ سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىشى ھاياتىنىڭ بىر چوڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھەم ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان ھەم لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن مەزگىلى بولدى. جۈملە-دىن نەۋائىنىڭ شەخسىي خاراكتېرى، پسىخىكىسى، سىياسىي، ئىجتىمائىي غايىسى ۋە پەلسەپىۋى ئېستېتىك قاراشلىرى بۇ دەۋر-دىكى دۆلەت، خەلق ئۇچۇن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدە رول ئويناپ، ئاخىرى ئۇنىڭ گۇمانىستىك ئىنسانپەرۋەر قاراشلىرىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

نەۋائى ئوردىدا مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ۋە ئالىيجاناب، يىراقنى كۆرەر ئېسىل خاراكتېرى بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ھۇسەيىن بايقارانىڭ پىكرى بويىچە ئالدى بىلەن زالىم بەگ، مەنسەپدارلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، خەلق ئۈستە-دىكى ئېغىر ئالۋان- سېلىقلارنى بىكار قىلدى. بايقارا ھاكىمىيە-تىنىڭ ئىچكى- تاشقى مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئۇنىڭغا كېلىدى-غان خەۋپنى ئازايتتى، شۇنداقلا خانزادىلەر ۋە يەرلىك ئەمەلدار-لارنىڭ ئىچكى سۈيىقەست، ماجىرالىرىنى بېسىقتۇرۇپ، زىددى-يەتنى پەسەيتىپ، دۆلەتنى مۇستەھكەم قىلدى.

ئەلشىر نەۋائى پۈتۈن ھاياتىنى ئۆتكۈر ئىجتىمائىي كۈرەش ۋە روھىي زىددىيەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى. نەۋائىنىڭ ھۇسەيىن

بايقارا دۆلىتى جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئەھمىيەتلىك تىرىشچانلىقى خالىس بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققانىي، توغرا، دۇرۇس خاراكتېرى بىلەن پاك ـ ئالىيـ جانابلىقى ئۆز دەۋرىدىكى ساختا ئەخلاق چۈمپەردىسى بىلەن ئۆزدـ نى نىقابلىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە پايدا ـ مەنپەئەت، پۇل، ھوقۇق، ئــابرۇي ئۈچۈن سۈيىقەست، ئاداۋەت، بۆلگۈنچىلىكتىن قول ئۈزمەيدىغان، سۇخەنچى، ئىككى يۈزلىمچى، پاسىق ئەمەلدارـ لار، جانباقار ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مەۋقەسى بىلەن زادىلا چىقدـ شالمايتتى. نەۋائىنىڭ دىلى بىلەن ئۆز ۋىجدانى ۋە ئېتىقادىغا سادىق بولغان خاراكتېر مەۋقەسى فېئودال رەزىل گۇرۇھلار ۋە ساختا دىنىي كۈچلەرنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلىپ، كۆزدـ گە قادالغان مىخ، چوڭ توسالغۇ دەپ قارالغان ئىدى. نەۋائىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، قابىلىيىتى بىلەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ئــىشلاردىكى دانا، يىراقنى كۆرەرلىكى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئورـ دىدىكى ساختىپەز، قارا نىيەت ئەمەلدارلار بىلەن مۇناپىق ئىلىم ئەھلىلىرى بىرلىشىپ، ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى، خاراكتېرى ۋە شۇغۇللانغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە پىتنە ـ پاسات، تۆھمەت ۋە سۈيىقەستلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەـ نىيەت پائالىيەتلىرىدىن چەتلەشتۈرۈشكە، ئەل ئىچىدە ئابرۇيىنى تۆكۈشكە كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان ئىدى.

نەۋائى تەقدىر، جەمئىيەت، ئىنساننى چۈشەنگەن، پادـ شاھ، دۆلەت ۋە پۇقرانىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، دىئالېكتىك مۇناسىۋەتى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۆزىگە خاس بىر ئىدىيىۋى سىستېما ھەم قىممەت مەيدانىنى ياراتقان، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى بىلەن بۇ جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقى ماسلاشمايدىغانلىقىنى تولۇق بىلىپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئەمدى دۆلەت، ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي

قول ئۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى قەلەم ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش يولىغا ئۆتتى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ئىجتىمائىي كۈرەشلەردە بولسۇن ياكى روھىي ئازاب چېكىش جەھەتتە بولسۇن، ئەلنىڭ مەنپەئەتى ئۇ-چۇن غەم يېيىش، ئەلنىڭ تەقدىرى ئۇچۇن كۆيۈنۇش بىلەن ئۆتكەن ھايات ئىدى.

ئادمى ئېرسەڭ دىمگىل ئادمى،
ئانىڭ كى يوق خەلق غەمىدىن غېمى.

دەپ يازغىنىدەك، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى، ئىنساننىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى، ھاياتنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتى ۋە ئىشىدا تەڭ ئىشقا ئاشۇرۇپ كەل-دى. باشتىن-ئاخىر شەخسىي بەختسىزلىكى ۋە ئازاب-ھەسرى-تى بەدىلىگە دۆلەت، خەلقنىڭ ئازاب-قايغۇسىنى يېدى. خۇد-دى:

يۈز جەفا قىلسا ماڭا بىر قەتلە فەرياد ئەيلەبان،
ئەلگە قىلسا بىر جەفا، يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەرەم.

دېگەندەك، ئۆزىگە قانچىلىك كۆڭۈلسىزلىك، كۈلپەت كەلسىمۇ، ئۇنى ئالىيجاناب، يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن يېڭىپ، زاماندىن ۋە ئادەملەردىن كۆپ ۋايىسىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە توسقۇنلۇق ئىچىدىن يول ئىزدەپ، زامانىنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، خەلقنىڭ بەخت-پاراۋانلىقى ئۇچۇن ئۆزىنى ئاتىدى.

ئىشق-مۇھەببەت تېمىسى ئەلىشىر نەۋائىي ئىجادىيىتىدە كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە. شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىكى «مەن» نىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى، ھىجران ۋە ھەسرىتى،

يارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭغا بولغان زارىقىش، ۋاپادارلىق، پاكلىق، ئۇمىدۋارلىق ئەمەلىيەتتە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى، مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى تۇغقان ئازابلىق مۇڭلۇق ئويلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن شەخسىي مۇ-ھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، تۇرمۇشىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار داۋامى-دا كۆچەيگەن ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى پۈت-كۈل ھاياتلىق، ئىنسانىيەت، بەخت، ئاقىۋەت، مۇھەببەت، ئۆلۈم، تەقدىر توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيە دەرىجىسىگە كۆ-تۈرگەن. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىر قىسمىتى ھەققىدىكى ئازابلىق ھېسسىياتى ۋە پىكىرلىرىنى يۇكسەك ئېستېتىك گۈزەللىككە ئىگە قىلغان.

نەۋائى پۈتكۈل ئەسەرلىرىدە مۇھەببەت، ئىشق ھەققىدىكى كۆز قارىشىنىڭ بىر نەچچە قاتلىمىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالدى بىلەن نەۋائىچە ئىشق ئادەتتىكى ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي فىزىئولوگىيىلىك ئىشق لەززىتى ۋە تەبىئىي نەپسىي ھەۋەس بولۇپ، نىكاھ بۇ خىل ئىشقنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى. ئىككىنچى خىل ئىشق بولسا ئالاھىدە پەزىلەت ئىگىلىرىگە خاس «ئىشق» بولۇپ، ئۇ قىز- يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر دەملىك ھاۋايى- ھەۋەس شەكلىدىكى ئاددىي مۇھەببەتتىن يۇكسەك دەرى-جىدە ئۇستۇن تۇرىدۇ. شائىر بۇ خىل ئىشقنى «مەجازى ئىشق»، يەنى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان ئىشق، ئىنساننىڭ تەڭرىگە، ئىنساننىڭ دۇنياغا، ھاياتقا ۋە ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ئەركىن، ھەقىقىي ئىشق دەپ يۇقىرى باھالايدۇ. ئۈچىن-چى خىل ئىشق سوپىزمنىڭ پىكىر ئېقىمىغا تايانغان «ئىلاھىي ئىشق» بولۇپ، نەۋائى ئىنساننىڭ ئاللا يولىغا بېرىلىشى، ھەق-نىڭ تەجەللىسىگە قوشۇلۇپ پانىي دۇنيادىن روھىي كامالەتكە يېتىشىنى «سىددىقىيلار ئىشقى» دەپ قارايدۇ. ئەلىشىر نەۋائى-

نىڭ «خەمسە» ۋە باشقا داستانلىرىدىكى «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەر بايانىدىن شۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇكى، ئەلىشىر نەۋائى مەيلى دىنىي، مىللىي، ئىرقتىن ھالقىغان ئىنسان گۈزەللىكى ۋە مۇھەببەتنى قانچىلىك ئوتتۇرىغا قويۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىنىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى غەيرىي رەسمىي رەت قىلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك مايىللىقىدىن ئالغاندا ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى رەت قىلمايدۇ ۋە ياكى «ئىلاھىي ئىشق»نى ئىپادىلىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئىلاھىيەتچىل ئورۇنغا ئۆتۈپ قالمايدۇ. بەلكى شائىر پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش جەھەتتىن ئىسلام دىنى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ سول قانات نەقشبەندىيە تەرىقىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، يەنى ئاللا ياراتقان تەبىئەت ۋە ئىنساننىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى، گۈزەللىكى بىلەن ھاياتىي كۈچى، مۇھەببىتى، ئەقىل ۋە ئىقتىدارىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەبىئەت، تەڭرى ۋە ئىنسان بىرگەۋدىلەشتۈرۈلگەن پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىنى تىكلەيدۇ. ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە سىياسىي ھاياتىدا دۇچ كەلگەن خىلمۇ خىل زىددىيەتلەر ۋە دۇنيانى، ھاياتنى چۈشىنىش جەريانىنى بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ تېما، ھېسسىيات ۋە ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ.

تەتقىقاتچىلار دەپ كېلىۋاتقاندەك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئەلىشىر نەۋائى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەركىزى. بۇ خىل كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر قاتلاملىق ئىنسان ھەققىدىكى پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ئېستېتىك ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىدىيە «يار» نىڭ گۈزەللىكى، لىرىك «مەن» نىڭ ئۆز مەشۇقىغا بولغان سۆيگۈ ئىنتىزارلىقى، سېغىنىش، ھىجران قايغۇسى ۋە ئاشىقىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئىشەنچ - ئۇمىدى بىلەن ئىرادە جاسارىتى سەمىمىيەت، ۋاپادارلىق ھەم مۇددىئاسىنىڭ كەسكىنلىكى قاتارلىق شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى-

ـدا، بىر تەرەپتىن شائىر فېئودالىزمنىڭ چىرىك ئىجتىمائىي تـۈزۈمى، ساختا كىشىلىك مۇناسىۋىتى، مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىنى بوغۇشىنى پاش قىلىپ ئۇنى سۆكسە، يەنە بىر تەرەپتىن فېئوداللىق مەدەنىيەتتىكى سوپىزم تەركىدۇنياچىلىقى ۋە تەقدىرچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىنساننىڭ ھاياتنى قەدىرلە-شى، مۇھەببەت ۋە ئىرادە ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شائىر «ئىشق» مۇھەببەتنىڭ كۈچىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇ-لۇغلايدۇ.

كىمگە يەتكەي ئىشق دەردى داغىدىن ئافەت ئاڭا،
داغى مېھرى سەلتەنەتتۇر دەرد ئېرۇر سىھھەت ئاڭا.
ئىشق كۈيى تۇپراغى بىركىميادۇر كىم، ئېرۇر،
يۈز قۇياش ئەكسەرىچە بەلكىم فۇزۇن قىممەت ساڭا.
ھەرخو بولغان تارىدۇر، ئەخلاق قەسىرىگە كەمەند،
ئۆلكى بولسا ئىشق ئەسكى شالدىن كىشۋەت ئاڭا.
شەبىستانىمدا جام ئىچرە، يۈزنىڭ ئەكس چىراغ ئولمىش،
چىراغىممۇ ۋە لېكىن جام زەرىف، بادەياغ بولمىش[1].

شۇڭلاشقا، نەۋائىنىڭ لىرىك قەھرىمانى «يارنىڭ ئىشقى» غا ئۆزد-نى مۇنداق بېغىشلايدۇ:

يەرگە تامغاچ ئەشكى ھايۋان جەشمەسى بولماس نېتاڭ،
قايسى كۆز ئىچرەكى يەر تۇتسا ئاياغىڭ تۇپراغى.
سۈرتسەم شۇئان كەفى پايىڭغا، كۆپ ۋەھىم ئەتمە كىم،
قىلمادى ئەفگار گۇل بەرگىنى بۇلبۇل تىرناغى[2].

① ② ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋائى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

شائىر نەۋائى لىرىك قەھرىمانىنىڭ يارىغا بولغان ئاشىقلىقى ھەم مۇھەببىتىگە ئەسىر بولغىنىنى تەسۋىرلىگىنىدە، «يار» نىڭ تەبىئىي رېئال ھۆسن لاتاپەت گۈزەللىكىنى ئىنتايىن تىپىك ۋە كونكرېت ئوبرازلىق سۈرەتلەپ، ئىشق غەۋغاسىغا سەۋەب بولغان يار ئوبرازىنىڭ سېھرىي مەپتۇنكار گۈزەللىكىنى مەنىۋى گۈزەللىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىنتايىن تەسىرلىك يارىتىدۇ.

ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم ئاشۇبى ئانىڭ باشىندەدۇر،
نى ئەجەب چۈن سەۋرى نازىم ئۇن سەككىز ياشىندەدۇر.
دېسە بولغايكىم يەنە ئۇن سەككىز يىل ھۆسنى بار،
ئۇن سەككىز ياشىندە مۇنچە فىتنە كىم باشىندەدۇر.
تا نەۋائى تۆكتى ئول ئاي فۇرقەتىدىن بەھرى، ئەشىك،
ھەرقاچان باقساڭ قۇياش ئەكسى ئانىڭ ياشىندەدۇر[1].

بىز يۇقىرىدىكى تەھلىلىمىزدە دەپ ئۆتكەندەك، ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تېما، سۇژېت ۋە ئوبرازلىرىنىڭ ھېسسىيات، خاراكتېر پۈرىقى ھامان شۇ ئەدىب- شائىرنىڭ ئۆز ھايات كەچۈرمىشلىرى، تەسىرات ئەسلىمىلىرى بىلەن ئىچكى باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇ شەخسنىڭ تۇرمۇش كەچمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرمەي قالمايدۇ. لىرىك شېئىرلاردىكى لىرىك ئوبرازنىڭ مۇھەببەت كەچمىشى، ھاياتلىق يولىدىكى ھەسرەت، ھىجران ۋە ئويلىنىشىدا بۇ بەدىئىي تىپىكلەشكەن ئوبراز بولۇشىمۇ، ياكى شائىرنىڭ بىۋاستە ئۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن. نەۋائىنىڭ نۇرغۇنلىغان لى-

① ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋائى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

رىك شېئىرلىرىدىكى «ئىشق» يولىغا كىرگەن ئاشىقنىڭ ھىجران
قايغۇسى، جان پىدالىقى، ئازاب، كۆلپەت كۆز يېشىدىن نەۋائى-
نىڭ ئۆزىنىڭ بىۋاستە ھەسرىتىنى كۆپرەك ھېس قىلىمىز.
يارىنىڭ گۈزەل قەددى - قامىتى، ھۆسن لاتاپىتى ۋە بۇ گۈزەل
ھۆسن بېشىغا كەلتۈرگەن رىيازەت، غەۋغالار بىلەن نەۋائىنىڭ
ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە شەيدا بولۇپ، ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغانلىقىغا
ئوخشاش كۆپلىگەن شېئىرلىرى شائىرنىڭ شەخسىي مۇھەببەت
تۇرمۇشى، نىكاھ ئىشىدىكى بىرمۇنچە كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلىرى-
دىن بېشارەت بېرىدۇ. نەۋائىنىڭ قەلىمىدىكى ئاشىق (لىرىك
مەن) يارىنىڭ ئىشق بالاسىغا مۇنداق مۇپتىلا ھەم موھتاج بولى-
دۇ:

ۋەھكى، بولدۇم ئىشق ئارا بىر بىۋافا غەمۇپتىلا،
بولمىسۇن ئەھلى ۋەفا مۇنداق بەلاغە مۇپتىلا.
بولدى راكس، نىتتى كۆڭلۈم ئۆيىدە قىلسە نۇزۇل،
تىغ ئىلە كىم تارتمىش ئازۇردە كۆكسۇمنى يارىپ.
ئۆز ئۆزىگە تۇشمەكىن ھەم بىلمەي ئۆلگۇم كاشكى،
بارسا قەتىل ئەيلەپ مېنى جان مېھنەتتىن قۇتقازىپ.

نەۋائى ئىشق ئەڭ نازۇك، ئەۋرىشىم شۇنداقلا سىرلىق بىر
ھېسسىيات، ئىنسان قەلبىنىڭ ئۆركىشى، غۇلغۇلىسى، بەزىدە
پىنھان، بەزىدە ئاشكارا، گاھى يېقىملىق، گۈزەل، بەزىدە ئازاب
ھەم قايغۇ ئاتا قىلىدۇ دەيدۇ. ئىشقنى هامان ئىنسان گۈزەللىكى
بىلەن باغلاپ، ئىنساننىڭ تەن ۋە روھىي گۈزەللىك ھالىتىنى
خرىستىئان ۋە ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى پەرىشتە، ئەۋلىيا، ھۆر-
لەر، ھەتتا پەيغەمبەرلەردىنمۇ يۇقىرى مەدھىيىلەيدۇ. شائىر قەل-

بىدىكى بۇ ھىجران، بۇ ئازاب ۋە بۇ ھەسرەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

كۆڭلۈم ھەجرىڭدە جەننەت گۈلشەنى زىندان ئېرۇر،
كۆزۈم سەنسىز گۈل نەخشان باغى خارئەفشان ئېرۇر.
دەفئە ـ دەفئە گۈل ئاچىلمايدۇر، گۈل ئەفشان باغدە،
كىم مېنىڭ گۈلگۈن ياشىمدە قەترە ـ قەترە قان ئېرۇر،
بەھرۇ تاغ ئەتمەك گۇمانكىم، ئول بىرى كۆزۈمگە ياش،
بۇ بىرى كۆڭلۈمگە دەردۇ مېھنەتى ھىجران ئېرۇر.
قىلدى ئەشكىمنى شەفەقگۈن ھەجر بىپايان تۈنى،
مەللەسىن جەك تاڭنىڭ ئەي گەردۇنكى قان بولغۇسىدۇر[1].

شائىر XV ئەسىر فېئودالىزم زۇلمىتى ۋە سوپىزمنىڭ تەركىدۇنياچىلىق ئىدىيىسى يامرىغان مۇھىتتا، ئۆز ھاياتىي پائالىيەتلىرىدە باشتىن ـ ئاخىر ئىنساننىڭ گۈزەللىكى، ئەركىنلىكى ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلەپ، ئۇنى ھىمايە قىلىپ، بۇ يولدا قانچىلىك ئازاب، ھەسرەت چېكىشىدىن قەتئىينەزەر باراۋەرلىك، ھەقىقىي رېئال مۇھەببەتكە جانپىدالىق قىلىپ، بۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتىشكە بولغان ئۈمىدۋارلىق ھېسلىرىنى ئىپادىلىدى. شائىر مۇھەببەت تەسۋىرىدە ئىنساننىڭ ئىرق، نەسەب، ئېتىقاد، مىللەتتىن ھالقىغان ئومۇمىي ئىنسانپەرۋەر مۇھەببەت ۋە باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى دەرىجە، تەبىقە، گۇرۇھ مۇناسىۋىتىنى پاش قىلىپ، مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا كىنايە قىلىدۇ. چىن ئىنسا-

---

[1] «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، II توم.

نىي مۇھەببەت ۋە كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنى ئۇلۇغلاپ:

ئەي نەۋائى، ئول پەرى ئۆلتۈرسە ھەم ئازدۇر سىنى،
كىمكى ئىنساندۇر ئانىڭ مەھبۇبى ھەم ئىنسان كەرەك.
دىمە بۇ ئالەمدە ئول ئاي خوپ يا جەننەتتە ھۆر،
كۆرمەمىشمەن ئانداغىن بارى ئېرۇر مۇنداغى خوپ.
ھەمدەم بول ئەل ئىشقى بىرلەن ئاشنالەرگە مۇدام،
ھەر كىشكى كۆڭلىدە ئەل ئىشقى يوق، ھەمدەم دىمە.
مەست بول ئەل مۇددىئاسى يارى بىرلە ھەرنەفەس،
ئالدىن ئايرۇ جامى جەم تاپقاندا جامى جەم دىمە [1].

دەيدۇ. ئەلىشىر نەۋائى ئەينى چاغدىكى ھاكىمىيەت ۋە ئائىلە سەرگۈزەشتلىرى تۈپەيلىدىن شەخسىي مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەسىلىلىرىدە ئارمانغا يېتەلمەيلا قالماي، سىياسىي پائالىيەت ۋە ئىجادىيەت مۇساپىلىرىدىمۇ تاشقى ۋە مەنىۋى بېسىم، توسقۇنلۇقلارغا ئىزچىل ئۇچراپ، كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەن ئىدى. شۇڭا لىرىكىلىرىدا شەخسىي مۇھەببەت كەچمىش ـ ئەسلىمىلىرىنى ئاساس قىلىپ، مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكى، ھاياتىي كۈچى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ۋاپادارلىقنى ئىپادىلىگەندە، ئىنسانغا ھەم ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەركىنلىكى، ھاياتى، بەخت ـ تەقدىرىگە بولغان مۇھەببەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

## 4. نەۋائى ياراتقان تراگېدىيىلىك روھ ۋە ئېستېتىك يۈكسەكلىك

رېئال ھاياتتا مۇھەببەت، ۋىسال ھىجرانلىرى ھالقىسىدا

[1] «نەۋائى غەزەللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

تولغانغان ئىنسان ئۆز قەلبىنىڭ پىنھان قاتلاملىرىدا ئۆزى سۆي-
گەن، ئىنتىلگەن تۇرمۇشقا زوق، مەنە ۋە ئۈمىد ئىزدەيدۇ.
مەلۇم مەنىدە ئىنسان ھاياتى ھەر ۋاقىت ئازاب، قايغۇ ۋە مۇشەق-
قەتلەر ئىچىدىن بۇ خىل ئۈمىد ۋە خۇشاللىقنى تاپىدۇ. تراگېدى-
يىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسا بىر دەۋر تارىخىنىڭ پاجىئە قىس-
مىتىنى، بىر دەۋردىكى مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي مەدەنى-
يەت پاجىئەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تراگېدىيە ئەڭ دەسلەپ گرېك - يۇناندا پەيدا بولغاندا پەقەت
تىياتىرنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغانىدى. يۇنان پەيلاسوپى ئارىستو-
تېل قەدىمكى گرېك - يۇناننىڭ يازغۇچىلىرى سوفوكىل ۋە ئېسخىل-
نىڭ داڭلىق تراگېدىيىلىرىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا تۇنجى
قېتىم تراگېدىيىنى ئېستېتىك كاتېگورىيە دائىرىسىدە تەھلىل
قىلغان ھەم تىياتىر دەپ قارىغانىدى[1] . شۇندىن تارتىپ ئېستېتى-
كا تارىخىدا تراگېدىيە ئومۇمەن كەڭ ۋە تار دائىرىدە چۈشىنىپ
كېلىنگەن. كەڭ دائىرىدە، ئومۇمەن ئىنساننىڭ تاسادىپىي ياكى
مۇقەررەرلىككە ئىگە ئامىللىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاب - ئو-
قۇبەت، بەختسىزلىك، كۈلپەت ۋە ئۆلۈم قىسمەتلىرىنى كىشىلەر
تراگېدىيىلىك ئاقىۋەت دەپ قارىغان. تار دائىرىدىن ئالغاندا،
تراگېدىيە ئېستېتىك يۈكسەكلىكنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى
دەپ قارالغان[2] . سەنئەتتىكى تراگېدىيە رېئاللىقتىكى تارىخىي،
ئىجتىمائىي تراگېدىيە ئامىللىرىنى ئاساس قىلىسىمۇ، لېكىن
بۇلارنىڭ ھەممىسى تراگېدىيىلىك بولماستىن، بەلكى ئە-
دەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى تراگېدىيىلىك روھ رېئال
تۇرمۇشتىكى تراگېدىيىلىك ھادىسىلەرنى يۈكسەك تىپىكلەشتۈ-
رۈشنىڭ ئىپادىسى، سەنئەتكارنىڭ ئازاب، بەختسىزلىكى ئىچى-

---

① «غەرب ئېستېتىكا تارىخى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.
② جۇ گۇاڭچەن: «تراگېدىيە پسىخولوگىيىسى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

دىن بەخت، شادلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ مەنزىلىنى كىشىگە كۆرسىتىپ بېرىشتۇر. ئىنساننىڭ كىشىلىك ھايات ۋە تەقدىر ھەققىدىكى ئويلىنىش مۇساپىسى بىلەن ئەمەلىيەت مۇساپىسىنىڭ ئۆزى بىر تراگېدىيىلىك جەريان. شۇڭلاشقا، تراگېدىيىلىك ئاڭ مەيلى بىر شەخستە بولسۇن ياكى بىر مىللەتتە ئومۇميۈزلۈك جەھەتتە بولسۇن، ئۇ ئالدى بىلەن شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ روھىدا كۈچىيىپ بارىدۇ. ھايات ۋە ئۆلۈم، باقىيلىق ۋە ئۆتكۈنچىلىك، غايە ۋە رېئاللىق، ھېسسىيات ۋە ئەقىل ئارىسىدا ئىنسان قەلبى ھەر چاغ ئازابلىق زىددىيەتكە تولغان بولىدۇ. ئىنسان قەلبىدىكى بۇ توقۇنۇش تارىختىكى بارلىق تراگېدىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، تراگېدىيە تار مەنىدە تىياتىرنىڭ بىر تۈرىنى ياكى ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىنىڭ شەكلىنى ھەمدە يۈكسەكلىكنىڭ ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىش ھالىتىنى كۆرسەتسە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ھايات رىيازىتىنىڭ، جاراھەتلىك قەلبىنىڭ غېرىبسىنىشى، غەزەپ ـ چۇقانى، شۇنداقلا يازغۇچى ـ شائىرنىڭ چوڭقۇر قەلب قاتلىمىدىكى ھېسسىياتىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى سۈپىتىدە ناھايىتى كەڭ ئىپادىلىنىدۇ. تراگېدىيىلىك ئاڭ ياكى روھ قانداقتۇر غەرب تراگېدىيە چۈشەنچىسىدىكى ئۆلۈم بىلەنلا بەلگىلىنىپ قالماي، بەلكى ئىنساننىڭ ئازاب، مۇشەققەت ۋە تەقدىرگە قارشى تۇرۇپ ھاياتقا قىزغىن كىرىشىش، تۆھپە قوشۇش، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى يارىتىشقا چاقىرىتىشتەك يۈكسەك ئېستېتىك ئاڭدىن ئىبارەت.

تراگېدىيە چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ ئېستېتىك ئۆلچەملىرىدىن قارىغاندا، ئۇ غەرب ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئېستېتىك كاتېگورىيە. شۇڭا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا، غەرب ئەدەبىياتىغا ئوخشاش ھەقىقىي مەنىدىكى تراگېدىيە ياكى بۇ ھەقتىكى ھېچقانداق مەخسۇس تراگېدىيە نەزەرىيىسى يورۇتۇلغان ئەسەرمۇ يوق. لېكىن خۇددى ئالدىنقى بابلاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئازاب، مۇ-

ھەببەت ۋە ئۆلۈم بىلەن بىرلىشىپ ئىپادىلەنگەن كۈچلۈك تراگې-
دىيىلىك ئاڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسىدىكى قەدىمكى ئىز-
چىل ۋە گەۋدىلىك ئېستېتىك ئاڭ بولۇپ، ئۇ كلاسسىكلىرى-
مىزنىڭ ئىجادىيەت پىسخىكىسىغا چوڭقۇر سىڭگەن. دۆلەت تەق-
دىرى، خەلق تۇرمۇشى، كىشىلىك ھايات ۋە ئىنسان تەقدىرى
مەسىلىلىرىگە قەدەر چېتىلغان ئازاب ۋە تراگېدىيە ھېسسىياتى
«ئوغۇزنامە»، «شىراق»، «تۇمارىس» رىۋايەتلىرى، مەڭگۈ تاش
يادىكارلىقلىرى، قوچۇ دەۋرىدىكى «ئىككى تىگىن ھېكايىسى»،
«چىستانى ئىلىك بەگ» قىسسىسى، «دىۋانى ھېكمەت» قاتارلىق
كلاسسىك ئەسەرلەردە چوڭقۇر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. غەرب ئەدەبى-
ياتىغا قارىغاندا، يۇقىرىقى ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مۇسا-
پىسى، ھېسسىيات خاراكتېرى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئەخلاق
ۋە پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى كۆرسى-
تىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى تراگېدىيە ئېڭى
چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى سەككاكى، لۇتفى ۋە ئەلىشىر
نەۋائى شېئىرلىرى ھەم لىرىك داستانلىرىدا يۇكسەك دەرىجىدە
ئىپادىلەنگەن. XVII، XIX ئەسىرلەردە ھىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە
ۋە مېھنەتكام»، سەلاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانلىرىدىن
ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مەھزۇن - گۈلنىسا»، «رابىيە -
سەئىدىن»، موللا بىلالنىڭ «نۇزۇگۇم»، «غازات دەرمۇلكى
چىن» قاتارلىق داستانلىرىغىچە داۋاملىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يې-
قىنقى زاماندىكى پاجىئەلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ كۈچەي-
گەن تراگېدىيىلىك روھىنى ھەم قىساسكارلىق، ئىسيانكارلىق
روھىنى تاۋلاپ چىقتى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تراگې-
دىيە دەپ قارىلىۋاتقان ئەسەرلەر ئاساسەن لىرىك ياكى ئېپىك
داستانلار بولۇپ، ئۇنى غەرب تراگېدىيىلىرىگە ئوخشاش ھەقىقىي
مەنىدىكى تراگېدىيە دېيىش قىيىن، ئەمما ھېچ بولمىغاندىمۇ
تراگېدىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ھەم ئاڭغا ئىگە ئەسەرلەر ئىكەنلى-

ـكىدە شەك يوق. بىزنىڭ تراگېدىيىلىك ئەسەرلەر ھەم تراگېدىيە-
لىك ئاڭ دېگەندە كۆزدە تۇتقىنىمىز، بەزىلەر ئۇيغۇر تراگېدىيىلە-
رى دەپ ئاتاۋاتقان ساناقلىق ئەسەرلەرلا ئەمەس، بەلكى ئازاب،
مۇھەببەت، بەختسىزلىك، ئۆلۈم، ھەم تەقدىرگە قارشىلىق رو-
ھى ئىپادىلەنگەن تراگېدىيىلىك روھقا ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ
ھەممىسىگە قارىتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدە-
دىيىتىدىكى تراگېدىيىلىك ئاڭ، شۈبھىسىزكى، كلاسسىكلار ئە-
جادىيىتىدە يۇكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. نەۋائىنىڭ تراگېدى-
ـيىلىك ئېڭىنى ئېخىمۇ مەركەزلىك ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن
ئەسەرلەر «خەمسە» داستانلىرى تەركىبىدىكى «پەرھاد ـ شېرىن»
ۋە «لەيلى ـ مەجنۇن» دىن ئىبارەت ئىككى تراگېدىيىلىك داس-
تاندۇر. نەۋائى لىرىكىلىرىنى تەھلىل قىلغاندا دەپ ئۆتكىنىمىز-
دەك، ئەلىشىر نەۋائى ھۇسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ مۇرەك-
ـكەپ زىددىيەتكە تولغان مۇھىتىدا ياشىدى. گەرچە بۇ ھىرات
مەدەنىيىتى گۈللەنگەن بىر مەزگىل بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمدارلار
بىلەن پۇقرالار، ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ئۆلىمالار ۋە ئىلىم
ئىگىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇرەككەپلەشكەن، فېئوداللىق سىيا-
سىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بىلەن تۇرلۇك مەزھەپلەر ۋە پىكىر
ئېقىملىرىنىڭ كۇرىشى ئىچىدە ياشاپ جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنى
چۇشەنگەن نەۋائىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى، ھاياتى بەختسىزلىك،
توسقۇنلۇق، ۋەھىمە، ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇ تراگېدىيىلىك
ئېڭى ئىنتايىن كۇچلۇك شائىر ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئاددىي
كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى پاجىئەلىرىگە تەقدىرداش
ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزمىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسا-
دىي، دىنىي، ھوقۇق ۋە مەدەنىي تەرەپلىرىدىن تەشكىل تاپقان
بىر پۇتۇن گەۋدىسىنى ۋە ئۇنىڭ خەلق بېشىغا كېلىۋاتقان بالايى-
ـئاپەتلىرىنى ئۆز زاماندashلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭقۇر چۇشەنگەن

مۇتەپەككۇر ئىدى[1].

ئىنسانىي ئەركىنلىك بىلەن ئەركىسىزلىك، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ھەققانىيلىق بىلەن ناھەقچىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئارىلىشىپ كەتكەن، توقۇنۇش بىلەن تولغان بۇ دەۋردە نەۋائى مۇشۇ دەۋردىكى ئىنسان خاراكتېرى ۋە روھىنىڭ تراگېدىيىلىك قەھرىمانى سۈپىتىدە ئۆز ھاياتى ئارقىلىق نېمىنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغۋارلىقىنى، يۈكسەكلىك ۋە مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىدى. بەختسىزلەرنىڭ قايغۇسى، ھەققانىي كۈچلەرنىڭ تراگېدىيىسى ھەم ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇ شۇ دەۋرگە قارىتا بىۋاسىتە سېلىشتۇرما قىلىپ قويىدى. نەۋائى زامانىسى ئۇچۇن ئەڭ رېئال مەسىلە ئىنسانىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، گۈزەل تۇرمۇشى، ئەركىن مۇھەببەت، باراۋەرلىك ھوقۇقى مەسىلىلىرى ئىدى. نەۋائى فېئودالىلىق چىرىك مۇناسىۋەت، ئەخلاق ـ قائىدىلەر ئېلىپ كەلگەن تراگېدىيىلەرنى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ ۋە ئەخلاق پاجىئەسىگە مەركەزلەشتۇرۇپ، بۇ ھايات پاجىئەسىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي يىلتىزىنى ئېچىپ بەردى. بۇ پاجىئەگە تەڭ قايغۇردى. شائىرنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدا، شەرق خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىنىڭ سەييارە سۇژىتىغا ئايلانغان لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ فېئودالىلىق تەبىقە تۈزۈمى ۋە قائىدىلىرىنىڭ بېسىمى ھەم توسقۇنلۇقى بىلەن ۋىسالغا يېتەلمەي، بىر ـ بىرىنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا ھەسرەت ئىچىدە دۇنيادىن كەتكەنلىكىنى يازدۇ. «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا، نەۋائى خوتەن شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننىڭ ئەنئەنىۋى ئىشقى سۇژىتىنى ئاساس قىلىپ، خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، پاراۋان-

---

① شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 416 ـ، 417 ـ بەتلەر.

لىقى ئۇچۇن تىرىشقان، ۋاپادار، سۆيگۈسىگە سادىق قىز ـ يە-گىتنىڭ چىن مۇھەببەت ۋە ھەققانىيەت ئۇچۇن كۈرىشىپ، ئا-خىرىدا ئارمانغا يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ داستانغا نەۋائى ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، خەلقچىللىقتىن ئىبارەت يۇقىرى ئىجتىمائىي ئەخلاقى ھەم ئېس-تېتىك قارىشىنى مۇجەسسەملىگەن. ھەر ئىككى داستانىنىڭ سۇ-ژېتى ۋە زىددىيەت توقۇنۇشىنى شائىر تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي ۋە ئىنچىكە لايىھىلەيدۇ. بەدىئىي قەھرىمانىنىڭ يارقىن، ئالىيجا-ناب، يۈكسەك سىماسىنى كۈچلۈك زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىدە كەسكىن كۆرەشتە ئىلگىرى سۈرۈپ، تراگېدىيىلىك ئاخىرلاشتۇ-رىدۇ. نەۋائى بۇ تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتنى ئالىيجاناب، ھەققانىي كۈچلەرنىڭ، ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋەكىللىرىنىڭ تراگېدىيىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئۇنى ئاجىزلىق ئەمەس، بەلكى ئىلغار ھەققانىي كۈچلەرنىڭ ۋاقىتلىق مەغلۇبىيىتى ھەمدە ئۆز دەۋرىگە بولغان نارازىلىق ۋە قارشىلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىگە ئايلاندۇ-رۇپ، ئېستېتىك يۈكسەكلىكنى يارىتىدۇ.

ياخشىلىق، يامانلىق، ئىلغارلىق، ھەققانىيلىق بىلەن زورا-ۋانلىق كۈچلىرىدىن ئىبارەت ئىككى خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەم ئەخلاقىي كۈچنىڭ كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشى ۋە كۆرىشى تراگېدىيىلىك، ئېستېتىك يۈكسەكلىكنىڭ ئاساسى. بۇ جەھەت-تىن ئالغاندا، نەۋائى تراگېدىيىلىرى ئېستېتىك يۈكسەكلىكنى نامايان قىلالىغان.

قەدىمكى گرېك ـ يۇنان تراگېدىيىلىرىدىن باشلاپ، غەربنىڭ تراگېدىيىلىرى ئاساسەن دېگۈدەك پادىشاھ، ئىلاھلار، خان جەمە-تى، ئېسىلزادىلەر، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئا-ساس قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكى، پاجىئەسى ۋە ئۆلۈمىنى تراگېدىيە دەپ قاراپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تراگېدىيە باش قەھرىمانلىرىنىڭ ئۆلۈمى ۋە پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار

بولۇشىنى ئەڭ ئاخىرىدا خىرىستىئان دىنى ئىلاھىيەتچىلىكىگە ۋە
تەقدىرگە يۈكلەپ قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربنىڭ تراگېدىيە-
لىرىدە تراگېدىيىلىك ئاقىۋەت كۆپىنچە شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ-
چانلىقى، شەخسىيەتچىلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بو-
لۇپ، كۆڭلىدە تەھدىت، ئەندىشە ھەم ئىشەنچنى يوقىتىش قاتار-
لىق پسىخىك كەيپىياتلار كۆپرەك گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئەمما نەۋائىنىڭ يۇقىرىقى تراگېدىيىلىك ئەسەرلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «گۈل ۋە بۇلبۇل»،
«مەھزۇن ـ گۈلنىسا»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «نۇزۇگۇم» غا
ئوخشاش تراگېدىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ سۇژىت ۋەقەلىكىنىڭ مەن-
بەسى خەلق ئارىسىدا تارقالغان ئەپسانە ـ رىۋايەت ياكى خەلق
ھېكايىلىرى بولسا، ئۇنىڭ قەھرىمانلىرى ئادەتتىكى كىشىلەر.
ئۇنىڭ ئىچىدە ئەل ـ يۇرت، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلغان
مىللىي قەھرىمانلارمۇ، ئۆزىنىڭ پاك سەمىمىي مۇھەببىتىگە سا-
دىق ئاشىق ـ مەشۇقلارمۇ بار. ئۇيغۇر تراگېدىيىلىك ئەسەرلەردى-
كى قەھرىمانلار ئىنسانپەرۋەر ھېسلارغا باي، مەردانە، جاسارەت-
لىك، ئۆز ئېتىقادىغا سادىق، ئۈمىدۋار، كوللېكتىپچانلىقى
كۈچلۈك، تراگېدىيىلىك قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمى ياكى پاجىئە-
لىك تەقدىرى قانداقتۇ روھىي غالىبىيەتچىلىك ئەمەس، بەلكى
ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار، ئىسيانكار كەسكىن پوزىتسىيىسى، كۆز قارى-
شى ھەم خاراكتېرىنىڭ ئىپادىسى قىلىنغان. بولۇپمۇ ئاشۇنداق
كىشىلەرگە تەشنا بولغان زاماندا، بىر تەرەپتىن، شائىر ـ ئەدىب-
لەرنىڭ مۇنداق ئۇلۇغۋار، يۈكسەك روھنىڭ تىكلىنىشىنى ئارزۇ
قىلغانلىقى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۈكسەك ئالىيجاناب قەھ-
رىمانلارنىڭ ئۈلگىسىنى ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلەرگە تەۋسىيە قى-
لىش، بۇ ئۈلگىلەر ئارقىلىق دەۋرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە
تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، مەيلى «پەرھاد ـ شې-
رىن» نىڭ تراگېدىيىسى ياكى «لەيلى ـ مەجنۇن» نىڭ تراگېدىيە-

ـسى بولسۇن، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى تراگېدىـ
يىلىك ئاڭ ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال مەسىلىلىرى بىلەن باغلىنىدۇ.
شائىر ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تراگېدىيىلىك ئېڭىنى بۇ داستانلارغا
كۆچۈرگەندە، قەھرىمانلىرىنىڭ تراگېدىيىلىرىدىن ھەسرەت چېـ
ـكىدۇ. ئۇلارنىڭ پاجىئەسىگە ياش تۆكىدۇ. شائىر «لەيلى ـ
مەجنۇن» داستانىنىڭ ئاخىرىدا ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىزھار
قىلىدۇ:

يۈز شۈكرى كى بۇ فاسانەنى دەرد،
ھەرلەفزىدە يۈز نىشانى دەرد.
جان پەردەلىرىن ئەۋراق،
جاندىن بېرىپ ئول ۋاراقنى ئۇششاق،
يازغاندا مىدادى كۆز قاراسى.
يازغان قارا قايغۇ ماجىراسى...
سۆگىن نېچە كىم ئۇزاتتىم ئاخىر،
يىغلاي ـ يىغلاي تۈگەتتىم ئاخىر①.

نەۋائى «لەيلى ـ مەجنۇن» ۋە «پەرھاد ـ شىرىن» داستانلىـ
ـرىدا مۇھەببەتنى باش تېما قىلىپ فېئوداللىق دەۋرىدىكى
قىز ـ يىگىتلەرنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت پاجىئەلىرىنى تەسۋىرلەپ،
ئىشق يولىدىكى ساداقەتمەن، ۋاپادارلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى
مەدھىيىلىگەن ھەم ئۇلارنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكى ئۈـ
چۈن فېئوداللىق قائىدىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت
قەھرىمانلىق، ئالىيجانابلىق روھىنى سىڭدۈرگەن. نەۋائى «پەر-
ھاد ـ شىرىن» داستانىدا نىزامى گەنجىۋى ۋە خىسراۋ دىھلىۋىلەر-
نىڭ بۇ تېمىدىكى ئىجادىيەت ئەنئەنىسىدىن باشقىچە يول تۇتۇپ،

① ئەلىشىر نەۋائى: «لەيلى ـ مەجنۇن»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى،
1999 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئۆز ئەسرىدە شېرىن ياكى خىسراۋنى باش قەھرىمان قىلماي، بەلكى رىۋايەتلەردىكى خوتەن شاھزادىسى پەرھادنى باش قەھرىمان قىلىپ، ئۇنى ئىلىم-پەن، ئەقىل-پاراسەت، ھۈنەر-ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەن قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. پەرھاد ئەل-يۇرتنىڭ تىنچ-پاراۋانلىقى، پاك مۇھەببەت، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن. نەۋائى شېرىن ئوبرازىنى ئۇنىڭ پەرھادقا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتتىكى پاك ئەقىدىسى ۋە ۋاپادارلىقى ئارقىلىق جانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تاللاشتەك تراگېدىيىلىك يۈكسەكلىكنى ياراتقان. شېرىننىڭ پەرھادنى سۆيۈشىنىڭ سەۋەبى پەرھاد ۋۇجۇدىدىكى يۈكسەك، مەردانە خىسلەت بولۇپ، شېرىن ئۆز مۇھەببىتىنى ئەنە شۇ يۈكسەك ئېسىل خاراكتېر، ئالىيجاناب ھېسسىيات ھەمدە ئىلغار ھاياتلىق مەۋقەسىگە قويىدۇ. خۇددى:

مىنگە يارۇ ئاشىق ھەۋەستۇر،<br>
ئەگەر مەن ئادەم ئولسام ئوشبۇ بەستۇر.

دېگىنىدەك، خالىغان ئادەمنى ئەمەس، بەلكى چىن ئىنسانغا مۇھەببىتىنى بېغىشلايدۇ، يەنى نەۋائى ھەر قانداق كىشىگە بولغان سۆيگۈ-ئىشقىنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي چىن ئىنسانغا بولغان ئىشقىنى مەدھىيىلەيدۇ. شۇڭلاشقا شېرىن جان ئۈزۈش ئالدىدا پەرھادقا يازغان خېتىدە، ئۆزىنىڭ مۇھەببەتتىكى يۈكسەك ئەخلاقىي قىممەت قارىشىنى، پاك ھېسسىياتىنى ئىنسان قەلبىنى تىترىتىدىغان ھالدا ئىپادىلەپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. يالغۇز ئۇيغۇر تراگېدىيىلىك ئەسەرلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى تراگېدىيىلىك ئاڭ ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ خىل ئەسەرلەردە ئاشىق ۋە ئىچكى زىددى-

يەت توقۇنۇشى كەسكىن، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىدە بىر خىل چوڭقۇر ئىچكى قارشىلىق، ئىسيانكارلىق، سادىقلىق، ئالىيجاناب، مەردانىلىك روھى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ھۇسەيىن بايقارا دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي شارائىتىدا، شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى ھەم بارلىق ئىجادىيىتىدىكى پىغانلىق، ھەسرەتلىك، مۇڭلانغان مەسىلىلەرنىڭ نېگىزى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىر مەسىلىسى بولدى. مەيلى نەۋائىنىڭ تەبىئەت ۋە بىلىش نەزەرىيىسى قاراشلىرى بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ئېستېتىك قاراشلىرى بولسۇن، ئىنساننىڭ تەبىئەت، جەمئىيەتتىكى ئورنى، تەقدىرى ۋە قىممەت مەسىلىسىنى يادرو قىلىپ، ئىنسان، كائىنات، تەڭرى ۋە تەقدىرنىڭ بىردەكلىكى ئاساسىدا ئىنساننىڭ مۇستەقىل ئىجادچانلىقى، ئەركىنلىك ھوقۇقى، گۈزەللىكىنى مەدھىيىلىدى. نەۋائى ئۆز ھاياتىدا شەرق ـ غەربنىڭ تەپەككۇر ئىدىيە تارىخىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، دەۋر رېئاللىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ھايات كەچمىشلىرىدىكى تەجرىبىلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەر ئىدىيە سىستېمىسىنى ياراتقانىدى. نەۋائى ئۆزىنىڭ پەلسەپە ئېستېتىك ئىدىيىسىنى، دۆلەت، خەلق ھەققىدىكى ئىجتىمائىي باراۋەرلىك، ئادالەت، ھەققانىيەت، ئىلىم ـ پەن قاردىشىنى «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «سەددى ئىسكەندەرىي» قاتارلىق داستانلىرىدا يورۇتقان بولسا، ھايات، مۇھەببەت، گۈزەللىك، ئەخلاق ۋە بەخت ـ سائادەت ھەققىدىكى ئېستېتىك قاراشلىرىنى، ئىنساننىڭ مۇھەببەت ۋە ئىجتىمائىي تراگېدىيىلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ ھېسسىياتىنى «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويىدى. شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسا «لىسانۇت ـ تەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق داستانىدا، ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا خەلق روھىيىتىگە سىڭگەن سوپىزمنىڭ تەركىدۇنيا-

چىلىق، زاھىدلىق قاراشلىرىغا قارشى تۇرۇپ، كىشىلەر ئېڭىدىـ
كى ئاللا بىلەن ئىنساننىڭ ئورنى، دەرىجىسى ۋە مۇناسىۋىتى
ھەققىدىكى سىرلىق تېپىشماققا جاۋاب ئىزدەپ، ئىنساننىڭ تەبىـ
ئەت ۋە تەڭرى ئالدىدىكى ئورنى ۋە قىممىتىنىڭ تەڭداشسىز
بۈيۈكلىكىنى، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ماھىيەتلىك تونۇشىنى تەۋسىـ
يە قىلدى.

نەۋائى ئىجادىيىتىدە، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر فېئوـ
دالىزم جەمئىيىتىدىكى دىنىي، سىنىپىي كۈچلەرنىڭ بالايىئاپەـ
تى، كىشىلەرنىڭ تراگېدىيىسىنى تىپىكلەشتۈرۈپ، خەلقىنىڭ
بەخت ـ سائادەتلىك، ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس
ئەتتۈردى. بولۇپمۇ نەۋائى خۇددى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر
كلاسسىكلىرىدەك، ئادەملەرنى ياخشى ـ يامان دېگەن ئۆلچەم
بويىچە ئايرىپ، ئىنساننىڭ بىلىم، ئەخلاق ئارقىلىق قەدىر ـ
قىممەت تېپىپ، بەخت ـ سائادەتكە يېتىشىنى ئۈمىد قىلدى.
بۇ ئۇتوپىيە بويىچە، دۆلەتنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئەخلاق
ۋە بىلىم ـ مەرىپەت ئارقىلىق ئادالەتكە، ئىنسابقا، خەلقچىللىققا
چاقىردى. شۇڭا ئىسكەندەر شاھ، بەھرام شاھ، پەرھاد قاتارلىق
ئوبرازلارنىڭ سىماسى ئارقىلىق، ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلارغا
تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىغان ئىدى. ئەمما بۇ،
نەۋائى ياشىغان دەۋرنىڭ سىياسىي مۇھىتى، سىنىپىي زىددىيەـ
تىدىن ئالغاندا ئىشقا ئاشمايتتى. چۈنكى ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىـ
يىتىنىڭ سىياسىي، تارىخىي مۇشكۈللۈكى بۇ خىل تراگېدىيەـ
نىڭ مۇقەررەر داۋاملىشىدىغانلىقى ۋە كۈچىيىپ بارىدىغانلىقىدىن
بېشارەت بېرەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىـ
يىتىدە بۇ خىل تراگېدىيە روھى يەنىمۇ كۈچىيىپ باردى.

# يەتتىنچى باب

# يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇرۇش، ئۆلۈم تېمىسى ۋە ئىسيانكارلىق روھ

## 1. يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ھاياتلىق كرىزىسى ۋە ئازاب ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخى دېگەندە، بىز ئادەتتە يەركەن خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ خوجىلار ۋە جۇڭغارلار فېئودال ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن 1678 - يىللىرىدىن چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلار ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى (1755 ~ 1759) نى تىنجىتىپ، شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ تەسىس قىلغان 1884 - يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ ئىككى - ئۈچ ئەسىرلىك ۋاقىت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى سىنىپىي، مىللىي زىددىيەت توقۇنۇشى، ئۇرۇش جاڭجاللىرى ۋە ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشى ئىچىدە ئۆتكەن، مىللەتنىڭ ھاياتلىق كرىزىسى مىسلىسىز ئېغىرلاشقان، خەلق قەلبىدىكى ھەسرەتلىك كەيپىيات بىلەن ئازاب ئېڭى ئىنتايىن كۈچەيگەن بىر دەۋر بولدى. مىڭ سۇلالىسى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت كۈرەشلىرى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ سىياسىي تەھلىكىسى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھاياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق كەلتۈرگەن بولسا، ئىچكى جەھەتتە يەركەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئاجىزلىقى،

خەلقىنىڭ دۆلەت، مىللەت ھەققىدىكى ئۇيۇشۇشچانلىق ئېڭى سۇسلىشىپ، خوجا ـ ئىشانلارنىڭ سوپىزىم سۇلۇكلىرىگە قارىقو-يۇق ئەگىشىپ كېتىپ، دۆلەت، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنى-شىشتىن تەركىدۇنىياچىلىق، زاھىدلىق يولىنى ئەلا بىلگەنلىكى ۋە تەپرىقچىلىق، ئىچكى يېغىلىق، جەڭگى ـ جېدەللەر قايىنىمىغا مىللەتنى پاتۇرۇۋەتكەنلىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پۈتكۈل مىللەت مەدەنىيەت ۋە روھىيەتتە ئېغىر كرىزىس ۋە پاجىئەگە دۇچار بولدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پسىخىك كەيپىياتىنى مىسكىن-لىك، چۈشكۈنلۈك، ھەسرەت ۋە بىسىم كەيپىياتى چۇلغاپ، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى.

يەركەن خانلىقى يېڭى قۇرۇلغان چاغلاردا ئۆزلىرىنى پەيغەم-بەر ئەۋلادى دەۋالغان بۇخارالىق مەخدۇم ئەزەم (1461 ~ 1542 ـ يىللىرى) دېگەن كىشى قەشقەرگە كەلگەن ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا قەشقەر، يەركەن خەلقىنى ئۆز تەرىقىتىگە مەھلىيا قىلى-ۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى خوجا مۇھەممەت ئىمىن (ئىمام كالان) بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلى ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلاپ، تەسىر كۈچ دائىرىسى پەيدا قىلىپ مەزھەپ شەكىللەندۈرگەن. ئىمام كالان مەزھىپى قەشقەر، ئاتۇش تەرەپنى بازا قىلىپ، ئۆز مەزھىپىنى «ئىشقىيە» («ئاق تاغلىقلار» ياكى «ئاق تەقىيلىق-لەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتىغان. خوجا ئىسھاق ۋەلى مەزھە-پى يەركەن، قاغىلىق تەرەپنى بازا قىلىپ، ئۆزلىرىنى «ئىسھاقى-يە» («قارا تاغلىقلار»، يەنە بەزىدە «قارا تەقىيلىقلەر» مۇ دېيى-لىدۇ) دەپ ئاتىغان. بۇ ئىككى مەزھەپ خەلقتىن تارتىپ ھاكى-مىيەت بېشىدىكىلەرگىچە ئۆزلىرىگە تارتىپ، خانلىقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ھوقۇق ـ ئىم-تىيازلىرىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ۋەخ-پە، يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇۋالغان ئىدى.

«خوجىلار ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىۋالغانلىقتىن، سىياسىي ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنى بارا - بارا ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. خەلق ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا ۋە جىنايى ئىشلار، نىكاھ ۋە ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا خوجىلار بىر تەرەپ قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن سىياسىي ھاكىمىيەت ئىسمى بار، جىسمى يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. يەركەن سەئىدىيلەر خــانلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان كېيىنكى خانلار زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، نەتىجىدە خانلار بىلەن خوجىلار ئارىسىدا كەسكىن زىددىيەت تۇغۇلۇپ، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى باشلاندى[1].

ئابدۇرەشىدخان ۋە ئابدۇكېرىمخانلارمۇ ئەنە شۇ خوجىلارغا مۇرىت ئىدى. يەركەن خانلىقى ئۆزىمۇ بىر فېئودال ھاكىمىيەت بولغانلىقتىن، فېئودال خانلىقلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يەركەن خانلىقىنىڭ زېمىنىنى خان جەمەتىدىكىلەرگە بۆلۈپ بېرىۋەتكەن. ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە يەركەن خانلىقى شەھەرنى بىرلىك قىلغان كىچىك يەرلىك ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ بارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بارغانسېرى ئەۋجىگە چىققان خوجا - ئىشانلارنىڭ تەرىقىتى ۋە ئۆزئارا مەزھەپ كۈرىشى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىچى - تېشىنى مەھكەم چىرماپ بولغان. ئابدۇكېرىمخان (1570 - يىلى تەختكە چىققان) دەۋرىدىن يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى مەمتىمىن باھادىرخاننىڭ ئۆلۈمىگىچە (1679 - يىل) بولغان يۈز يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئىچىدە يەركەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدا ئــون ئىككى قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، قانلىق ئۇرۇش بىلەن تىنجىغان[2]. بۇ ئىچكى سىياسىي زىددىيەت ۋە كۈرەشنىڭ پەردە ئارقىسىدا رول ئوينىغۇچىلار دەل ئاشۇ خوجىلار ئــىدى. «ئاق تاغلىقلار» بىلەن «قارا تاغلىقلار» ئۆزلىرىنىڭ

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، Ⅱ توم 4 -، 5 - بەتلەر.

② مىرزاھەيدەر: «تارىخي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 -، 1985 - يىللار خەنزۇچە نەشرى.

يەركەن خانلىقىدىكى تېخىمۇ زور سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپە-
ئەتى ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن نادان خەلقنى قانلىق ئىچكى ئۇرۇشقا
سېلىپ، ھەربىر يۇرت خەلقى ئارىسىدا ئۆچ - ئاداۋەت ئۇرۇقىنى
تېرىپ كۆكلەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەركەن خانلىقىنىڭ
خان، بەگزادە ۋە ھۆكۈمرانلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئارد-
ىسىغا سوغۇقچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، بىر - بىرىگە
قارشى قىلىپ قويغان[1]. قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەنپە-
ئەتى ئۈچۈن پايدىلانغان. ئۇلار ئاغزىدا «ئاللا»، «قۇرئان» نى
يادلاپ ئىسلام دىنى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا مىسلىسىز بالايىئاپەتلەرنى كەل-
تۈردى. بۇ مەزگىللەردە يەركەن خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا
ئېغىر تەھدىت ۋە خەۋپ بولۇپ تۇرغان تاشقى كۈچ جۇڭغار
خانلىقىنىڭ خىرىسى ئىدى.

يەركەن خانلىقى قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە جۇڭغارلار بۇ
خانلىققا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما يەركەن خانلىقى-
دا خوجا - ئىشانلارنىڭ سوپىزم - ئىشانچىلىق ئىدىيىسى خەلق-
نىڭ روھىيىتىنى بۇلغاپ ئىچكى زىددىيەت، كۈرەش قايىنىمىغا
كىرىپ قېلىۋاتقان چاغدا، جۇڭغارلار يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي
رايونلىرىنى بېسىۋېلىپ، جەنۇبتا قەشقەرنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن
پۇرسەت كۈتۈۋاتقانىدى.

ئىچكى قىسىمدا خوجا - ئىشانلار گۇرۇھى يەركەن خانلىقى
تېررىتورىيىسىدە مۇرىت ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋاتقان،
شىمالدا جۇڭغارلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاق، ئۆزبېك، قىر-
غىزلار خەۋپ تۇغدۇرۇۋاتقان بىر چاغدا، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغ-
لى ئابلاخان (1639 ~ 1668 - يىللار) تەختكە چىققاندىن
كېيىن جىددىي سىياسىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دۆلەت چېگرا-
سىنى مۇستەھكەملەپ، ئىقتىساد، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەتنى بىر

---

① مىرزاھەيدەر: «تارىخي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 -، 1985 - يىللار نەشرى، خەنزۇچە.

مەزگىل تىنچ ئىلگىرى سۈرگەنىدى. ئەمما يەركەن خانلىقىنىڭ
ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى ئىچكى ئىختىلاپ، مەدەنىيەت توقۇ-
نۇشلىرى، سۈيىۈرغاللىق تۈزۈم بىلەن سوپى - ئىشانلارنىڭ دۆ-
لەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشى ھەم پادىشاھ، بەگ-
لەرنى مەزھەپچىلىك تورىغا چىرماپ ئىچكى زىددىيەت، ئارازلىق
ۋە دۈشمەنلىكنى ئۇلغايتىۋېتىشى تۈپەيلىدىن، خانلىق بارغانسې-
رى ئىچىدىن بۆسۈلۈپ زەئىپلىشىشكە ۋە يىمىرىلىشكە قاراپ يۈز
تۇتماقتا ئىدى. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە، قەشقەر ۋە يەركەندە
سوپى - ئىشانچىلىق تەرغىباتى بىلەن خەلق ئېڭىنى تىزگىنلەپ،
سىياسىي رەزىل سۈيىقەستچىلىك ھەرىكىتىگە خەلقنى سۆرەپ كى-
رىپ، يەركەن خانلىقىنى پاجىئەلىك ھالدا مۇنقەرز قىلىشتا جىنا-
يى رول ئوينىغان مىللىي مۇناپىق خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان
(1694 ~ 1622) سىياسىي سەھنىگە چىقتى.
ھىدايىتۇللا ئىشان 1660 - يىللىرى دادىسىغا ئەگىشىپ
قۇمۇلدىن قەشقەرگە كەلگەن. ئىسمايىلخان ھۆكۈم سۈرگەن
مەزگىلدە، قەشقەردىكى «ئاق تاغلىق» لار مەزھىپىنىڭ پىر -
ئۇستازى بولۇپ، 1666- يىللىرى يەركەنگە كىرگەن. ئۇ مۇرىت-
لىرىنى تېز كۆپەيتىپ، ۋەخپە، يەر - زېمىن ئىگىلەپ، خاندىن
ئۆز مۇرىتلىرىدىن باج ئالماسلىقنى تەلەپ قىلغان. خان ئۇنىڭ
تەلىپىنى قاندۇرغان. ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ رەقىبى «قارا تاغ-
لىق» لار مەزھىپىنىڭ پىرى خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ نەۋرىسى
ئەبەيدۇللا خوجا باشچىلىقىدىكى سىياسىي رەقىبىنى يوقىتىش
ئۈچۈن، «قارا تاغلىق» لارغا مۇرىت بولغان ئىسمايىلخان بىلەن
ئىچكى يېغىلىق پەيدا قىلغانىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئىسمايىلخان غەلى-
بە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئاپپاق خوجىدىن دۆلەتكە كېلىدىغان
چوڭ خەۋپنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى يەركەن خانلىقى تەۋەسىدىن
قوغلاپ چىقارغانىدى[①]. خوجاھىدايىتۇللا 1670 - يىللىرى كەش-

① مىرزا مەھمۇد جوراس: «تارىخىي رەشىدى ‹زەيلى›»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.

مىر ئارقىلىق تىبەتكە بېرىپ، تىبەت خانى دالاي لامانىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ خىزمىتىنى قىلىپ، ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈ-ۋالغان. ئۇ دالاي لاما جۇڭغار خانى غالدان خونتەيجىگە قارىتىپ يېزىپ بەرگەن يەركەن خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدىكى «ھاياتلىق تۇمار» نى يۈرىكىگە تېگىپ، ئۇدۇل جۇڭغارىيىگە ئەكېلىپ تاپشۇرغان. شۇنداق قىلىپ خوجا ھىدايىتۇللا 1678 - يىلى جۇڭغار قوشۇنلىرىغا يول باشلاپ مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ، قەشقەر ۋە يەركەننى ئاددىي خەلق ۋە قەھرىمان ئۇيغۇر سەركەردە-لىرىنىڭ قېنى بىلەن بوياپ، تارىختا 160 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى ھەمدە خەلقتىن يىلىغا 100 سەر كۈمۈش يىغىپ تۆلەش بەدىلىگە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قورچاق خانلىق تەختىگە ئولتۇردى.

يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىلخان ۋە بەگ - سەركەردىلەر ئاخىرغىچە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، نادان خەلق-نىڭ پادىشاھ، بەگلىرى ۋە دۆلىتىنى تاشلاپ ئاپپاق خوجا ۋە جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرىغا بولۇشقىنى نەتىجىسىدە، ئۇرۇشتا ئېچە-نىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولدى. جۇڭغارلار جەنۇبىتىكى رايونلارغا موڭغۇل نازارەتچى ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ، ئىسمايىلخان قاتارلىق خان جەمەتى ئەزالىرى بىلەن «قارا تاغلىق» لار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ پېشىۋالىرىنى جۇڭغارىيىگە تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

يەركەن خانلىقىنىڭ يوقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي پاجىئەسى بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ سىيا-سىي مەھكۇملۇققا گىرىپتار بولۇپ، روھى سوپىزم ئىشانچىلىقى-نىڭ مەنىۋى كىشەنلىرى بىلەن كىشەنلىنىپ، جاھالەت ئىچىدە ياشىدى. ئاپپاق خوجا 1694 - يىلى «قارا تاغلىقلار» ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن تارتىپ، 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەنگە قەدەر، خوجىلار ھۆكۈمران-

لىق ھوقۇقى ھېلى «ئاق تاغلىق» لارغا، ھېلى «قارا تاغلىق» لارغا ئالمىشىپ، خوجا ـ ئىشانلارنىڭ قانلىق مەزھەپ كۈرىشى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى[1]. جۇڭغار خانلىرى ھېلى «ئاق تاغلىقلار» نى، ھېلى ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان «قارا تاغلىق» خوجىلارنى يۆلەپ چىقىرىپ، بىر ـ بىرىنى تىزگىنلەپ تۇردى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئۆلگەندىن كېيىن، «قارا تاغلىقلار» مەزھىپى سىياسىي سەھنىدە غالىب كەلگەنلىكتىن، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان «قارا تاغلىقلار» مەزھىپىنىڭ ئاقساقىلى دانىيال خوجىنى (1700 ~ 1730 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ئالتە شەھەرگە خان قىلىپ تىكلىدى. ئۇ مەزگىلدە ئۇرۇش، يېغىلىق كۆپ بولمىغان بولسىمۇ، خەلق ئىنتايىن نامراتلىشىپ، شەھەرلەر چۆلسىرەپ كەتتى. دانىيال خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەنگە خان بولدى. خوجىلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى يەنە كۈچىيىپ، خەلق ئۇنىڭ زىيىنىنى يەتكىچە تارتتى. دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا خوجا (1730 ~ 1735 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ۋە نەۋرىسى خوجا ياقۇپ ـ خوجا جاھان ئەرشى (1736 ~ 1755 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خوجىلار ھاكىمىيىتى بېشىغا چىققاندىن كېيىنكى 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىرقەدەر مۇقىم، تىنچ بولۇپ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى.

«ئاق تاغلىقلار» مەزھىپىدىن پەرقلىق ھالدا «قارا تاغلىقلار» مەزھىپى مەلۇم دەرىجىدە ئەمگەك ـ مېھنەتنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيىدىغان ئادالەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر روھقا ئىگە ئىدى. بۇلارنىڭ دەۋرىدە جەمئىيەت ئاۋاتلىشىپ، ئىقتىساد، سودا ـ سانائەت ۋە مەدەنىيەت مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى يېتىشىپ چىقتى. غالدان سېرىن ئۆلۈپ جۇڭ-

---

[1] مۇھەممەت سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

غارلارنىڭ ئۆز ئىچىدە تەخت تالىشىش كۈرىشى داۋاملىشىپ، ئۇيغۇرلارغا چولىسى تەگمىگەن بۇ يىللاردا خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيىتى نىسپىي ھالدا مۇستەقىل بولۇۋالدى. ئۇلار جۇڭ-غارلار ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئۈچۈن قويغان ئەمەلدارلار ۋە باج ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بارلىق ئىشنى ئىسلام دىنى بويىچە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. مۇنداق ئەھۋالدا جۇڭغارلارنىڭ تەختىنى تارتىۋالغان ئامۇرسانا ئالتە شەھەرنى قايتا قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئىلىدا تۇغۇلغان ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىلىرى بورھانىدىن خوجا بىلەن خوجىخاننى جۇڭغار قوشۇنلىرىغا يول باشلاتقۇزۇپ، قەشقەر ۋە يەركەنگە يەنە بىر قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلدى.

خوجا جاھان ئەرشى ئۆز خەلقىغە بولغان مېھرى - مۇھەببەت تۇيەيلىدىن، ئاخىرغىچە قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، جۇڭغارلار-نىڭ زور ھەربىي كۈچى ھەمدە «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ ئىچى - تېشىدىن ماسلىشىپ تىل بىرىكتۈرۈشى نەتىجىسىدە، ئاخىرى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن قوشۇلۇپ ۋەھشىيىلەرچە ئۆلتۈ-رۈلدى. بۇ قېتىمقى چوڭ قىرغىنچىلىق 1678 ~ 1679 - يىللىرى ئاپپاق خوجا قەشقەر ۋە يەركەندە ئېلىپ بارغان قانلىق چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى بورھا-نىدىن خوجا ئېلىپ بارغان چوڭ قانلىق پاجىئە بولۇپ، بورھانى-دىن خوجىنىڭ نەۋرىسى خوجا باھاۋۇدۇننىڭ ئوغلى ۋەلىخان تۆرە 1857 - يىلى ئېلىپ بارغان پاجىئە بىلەن قوشۇلۇپ ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئۈچ چوڭ قانلىق پاجىئە دەپ قارال-غان[1].

خوجا جاھان ئەرشى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تىنچ، ئاۋات، گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى مۇھەممەد سىدىق زەلىلى كۆپ شېئىرلىرىدە مەدھىيىلىگەن بولسا، مۇھەممەد سادىق كاشغە-

---

[1] «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، Ⅲ توم، 136 -، 137 - بەتلەر.

ری بۇ دەۋردىكى مەمۇرىچىلىقنى ھۇسەيىن بايقارا دەۋرىگە ئوخشاتـ
قان ھەمدە خوجا ئەرشى بىلەن بورھانىدىن خوجىنىڭ ئوبرازىغا
ئــېنىق باھا بېرىپ، ئاپپاق خوجا بىلەن بورھانىدىن خوجىغا
قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق يازغانىدى:

كى نىسبەت بابىدا يوقتۇر بۇ خۇنخار،
كى مەن ئەۋلادى دەپ كافىرغەدۇريار.
«تائەتى ئانىڭ ئوغرىلىق ھەم قاراقچىلىق ھۇنەر،
ھەم هارامخورلۇق پەزىلەت مۇخلىس سۇلتانىغا.
ئاشناسى دۇشمىنىدۇر مېھرىبانى قاتىلى،
ھەممىنى تاراج ئېتىپ زەخمەت بېرۇر سۇلتانىغا.
ھېچ قەۋمى سادىقا، ئۇشبۇ سۇپەتلىك بارمىدۇر،
دىۋە ھايۋان ئار ئېتەر، بۇ شۇمنىڭكى ھەركارىغا.
خوجامدا رەھىم ـ شەپقەت يوق، بۇنىڭدەك خارۇ ـ زىللەتكە،
بۇلارنىڭ ئىنتىقامىن ئالغۇسى ئول قادىرۇ جەببار.»

بۇ ئارقىلىق «ئاق تاغلىق» لار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ رەزىل خۇنۇك ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلەيدۇ. ئەرشىگە ئوخشاش مىللەتنىڭ ئازادلىقى، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى، بەختىيارلىقى ئۇچۇن قايغۇرغان، جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قــىلىپ قەھرىمانلارچە ھاياتىنى تەقــدىم قــىلغان قــەھرىمــان شــەخســلەرگە ئىچ ـ ئىچىدىن ئېچىنىپ:

سادىقا، شەھنىشەھى ئەرشىگە يەتمىش جەبر كۆپ،
ئۆز كۆڭۈل دۇنيا ئېلىدىن بولما ھەرگىز ئاشنا.①

دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. موللا موسا سايرامى «تارىخي ھەمىدى»

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1991-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ده بۇ پاچىئە توغرىسىدا «ئىككى تىلىلىق قەلەم ۋە ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ»[1] دەپ يازغانىدى. بۇرھانىدىن خوجا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئىنىسى خوجاخاننىڭ ئەيىبلىشى ۋە مەسلىھەتى بىلەن مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن چوڭ - كىچىك خوجىلار تۇپىلىڭىنى كۆتۈردى. بۇ چاغدا جۇڭغار ھۆكۈمدارى ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇپىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن 1755 - يىلدىن 1759 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، چىڭ سۇلالىسى گېنېرال جاۋخۇي باشچىلىقىدىكى زور قوشۇن بىلەن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقىنىمۇ، چوڭ - كىچىك خوجىلار تۇپىلىڭىنىمۇ باستۇرۇپ، جەنۇب ۋە شىمالدا ھەربىي مەھكىمە تەسىس قىلىپ، شىنجاڭنى دائىمىي ھەربىي كۈچ بىلەن باشقۇرىدىغان بولدى.

يەركەن خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن باشلاپ ھاكىمىيەت بىلەن خوجا ئىشانلار مەزھىپى، يەركەن خانلىقى بىلەن جۇڭغارلار ۋە جۇڭغارلار بىلەن خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئەسىرلىك كەسكىن توقۇنۇش جەريانىدا، خوجىلار ۋە جۇڭغارلارنىڭ سىنىپىي، مىللىي زۇلۇمىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھايات رىتىمى مىسلىسىز دەرىجىدە ۋەيران قىلىنىۋېتىلدى. مەدەنىيەت - سەنئەت، ئىلىم - پەن، مائارىپ زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى. مىللەتنىڭ خاراكتېر پسىخىكىسى كېسەلمەنلىشىپ، مىللىي ئاڭ، مەدەنىيەت روھىيىتى تولىمۇ ياتلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئەرەب - ئىسلام ئەللىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە يامراپ كەتكەن فېئودال ئىسلام دىنى ئىلاھىيەتچىلىكى بىلەن سوپىزم تەركىدۇنياچىلىق پىكىر ئېقىمىنىڭ يەركەن خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت روھىيىتىگە چوڭقۇر سىڭىشى ئۇيغۇرلاردا ئەسلىدىن ئۇنچە كۈچلۈك ۋە

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى.

ئېنىق بولمىغان مىللىي ئۆزلۈك ئېڭى ۋە مىللىي روھنى تېخىمۇ
ئۇجۇقتۇرۇپ، ئىسلام دىنى ئېڭى ۋە سوپىزم تەرىقىتى ئېڭىنى
كۈچەيتىۋەتتى.

يەركەن خانلىقىدىن كېيىنكى ئۇيغۇلارنىڭ سىياسىي، ئىج-
تىمائىي ھايات پاجىئەلىرىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىڭ تۈپ
يىلتىزى ئۇيغۇرلارنىڭ سوپىزم تەركىدۇنياچىلىقى ۋە ئەكسىيەت-
چىل ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىك روھى قوينىدا مىللىي ئاڭ، مىل-
لىي روھنى يوقاتقانلىقىدىندۇر. يەنى يېقىنقى زامان تارىخىدا
ئۇيغۇرلار تار بىر تەرەپلىمە ئىسلام دىنى ئېڭىنى كۈچەيتىپ،
مۇسۇلمانلىق يولىنى تۇتقان ئىدى. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە
مۇسۇلمانلارنى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سىياسەت جەھەتتە پاس-
سىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىسلام فېئودال ئەكسىيەتچى-
لىرىنىڭ تەرغىباتى ۋە سوپىزم تەرىقىتى ئۇيغۇلارنىمۇ ئوخشاشلا
مەھكۇملۇققا، نادانلىققا، جاھالەتكە يېتەكلەپ، مىللەتنىڭ ئىرا-
دىسىنى سۇندۇرۇپ، مىللىي ئۇيۇشۇشچانلىق، مىللىي مەسئۇ-
لىيەتچانلىق ئېڭى ۋە ھېسسىياتىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ،
ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى قانلىق مىللىي سىياسىي پاجى-
ئەلەرنى، مەدەنىيەت پاجىئەسىنى ھەمدە پۈتكۈل بىر دەۋردىكى
مىللەتنىڭ ئازاب ئېڭىنى كۈچەيتىۋەتكەن تۈپ سەۋەب. يەركەن
خانلىقىدىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن چوڭ
زىددىيەت كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا ئەل ۋە باشقا
قەبىلىلەر ئارىسىدىكى يۇرت - ماكان، سۇ - يايلاق ۋە خوجايىنلىق
ئورنىنى تالىشىش زىددىيىتى ئىدى. ئەمما يەركەن خانلىقىنىڭ
ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزم سۇلۇكى ۋە مەخ-
دۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى يەركەن خانلىقىغا سوپى - ئىشانچىلىقنى
يامرىتىپ، سىياسىي مەزھەپ قۇرۇپ، يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز
قىلدى. خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيىتىنى قانلىق باستۇرۇپ
مەدرىسە، مەكتەپ ۋە كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ ئىسمايىلخان، مەم-

تىمىن باھادىرخان، ئەرشى ۋە فوتۇھىدەك خەلقپەرۋەر، مىللەت-
پەرۋەر مىللىي قەھرىمانلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ مەشرەپ،
زەلىلىگە ئوخشاش ئىنسانپەرۋەر ئىلىم ئەھلىلىرىنى سەرسانلىققا
مەجبۇر قىلغان. شۇڭا بۇ دەۋىر، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا،
سوپى ـ ئىشانچىلىق تەرىقىتى بىلەن روھى كىشەنلەنگەن ئاق
تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلارنىڭ سىياسىي مەزھىپىنىڭ چەمبىرىكىدە
يۈرت ـ مەھەللىۋازلىق ۋە قەبىلىۋازلىق كۈچىيىپ، بىر ـ بىرى
بىلەن ئارازلىشىش، ئاداۋەتلىشىش، دۈشمەنلىشىش، بىر ـ بىرد-
گە سۇيىقەست قىلىش ئەۋج ئالغان، مىللىي ئاڭ يوقالغان،
ئۇيغۇر پسىخىكىسى كېسەلمەن بىر دەۋر ئىدى. نادان خەلقنىڭ
ئۆزىنىڭ دوست ـ دۈشمىنىنى ئايرىيالماي، يەركەن خانلىقىنىڭ
باھادىر شاھ ـ سەركەردىلىرىدىن ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە يۈز
ئۆرۈپ، خوجا ـ ئىشانلارغا ھەمدەم بولۇپ، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ
كاللىسىنى تۇتۇپ بېرىش بىلەن، ئەرشى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆز
خەلقى ئۈچۈن قىلغان جان پىدالىقىغا ھەمدەم بولمىغانلىقىدەك
تارىخىي ئەمەلىيەت بۇنىڭ تولىمۇ جانلىق پاكىتى، شۇنداقلا بۇ
يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئاڭ، مە-
دەنىيەت ۋە پسىخىك روھىيىتى جەھەتتىن ئېغىر زەھەرلەنگەن-
لىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

سوپىزم ـ تەركىدۇنياچىلىق، ئەۋلىيا ـ كارامەتچىلىك،
تەقدىرچىلىك ئېگى بۇ دەۋردە خەلقنىڭ تەپەككۇر، ھېسسىيات
ۋە كەيپىياتىنى قاپلاپ كەتكەن، ئادەمنىڭ ھاياتقا، كىشىلىك
تۇرمۇشقا، جەمئىيەتكە بولغان چۈشەنچىلىرىنىڭ، ھېسسىيات
پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا بۇ
دەۋردە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىمۇ
ئىنتايىن ئېغىر، چۈشكۈن ۋە مۇڭلۇق ئىدى. ئۆلۈم، ھالاكەت،
سۇيىقەست، ئۇرۇش ئىچىدە ئۆتۈش ئاددىي شەخستىن ئىلىم
ئىگىلىرىگە قەدەر قەلبىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى ئېغىر تىنىق،

خۇرسىنىش، ئاھ ئۇرۇش ۋە ھەسرىتىنى ھەسسىلەپ كۆچەيتىد-ۋەتكەن.

ئەكسىيەتچىل خوجىلارنىڭ دىنىي ئالدامچىلىقى بىلەن جۇڭغارلار ۋە مانجۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قاتمۇقات مىللىي، سىنىپىي زۇلۇمى ئاستىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى-نىڭ ھاياتلىق- ھالاكەت دوقمۇشىغا كېلىپ قالغىنىنى، ئۆزلى-رىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇشۇشنى بىلمەي، تەقدىرنى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە يۆكلەپ، باقىي دۇنيادى-كى «جەننەت» راھىتى ئۈچۈن پانىي دۇنيادىكى بۇ ئازابلىرىغا چىداش روھىنى چىڭىتىپ كەلدى. ئۇلار بۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھايات مەقسىتى دەپ بىلەتتىكى، ھەرگىزمۇ مۇشۇ ئاڭ بىلەن بۇ دۇنيادا نادان، قاششاق، قۇل ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. شۇڭا بۇ قۇللۇق كۆچەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئازابقا چىداش، ئازابنى كۆتۈرۈش كۈچىمۇ كۈچىيىپ باراتتى.

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت سو-پى - ئىشانچىلىق، ساختا ئەۋلىياچىلىق، تەركىدۇنياچىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ۋە روھىيىتىنى قاپلىغاچقا، تەقدىرچىلىك، چۈشكۈنلۈك، خۇراپاتلىقنى تەرغىب قىلىپ، ساختا تەقۋادارلىق، ساختا ئەۋلىياچىلىق روھىنى مەدھىيىلەيدىغان، ھۆكۈمرانلار سى-نىپىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆيلەيدىغان دىنىي ئەدەبىيات ۋە ساراي ئەدەبىياتى خەلقنىڭ روھىيىتىنى قۇللۇققا، ئىتائەتمەنلىككە ۋە سۇكۈت قىلىشقا چاقىراتتى. مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئازاب- ئوقۇ-بىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلقنىڭ قەلبىدە بۇ جەمئىي-يەت ۋە ساختا ئەدەپ - قائىدىلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك نارازى-لىق، قارشىلىق، ئۆچمەنلىك كەيپىياتى پىشىپ يېتىلمەكتە ئىدى. خەلق بىر تەرەپتىن بۇ پاراكەندىچىلىك، ئۇرۇش ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كونا تۈزۈم ۋە كۈچنى يوقىتىپ، تىنچ، ئازادە بىر جەمئىيەت

قۇرۇش ئۇچۇن بىر يېڭىلمەس كۈچنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئىنتىزار ئىدى.

كىشىلەرنىڭ بۇنداق روھىيەت تەقەززاسى تەبىئىي هالدا جۇڭغارلار ۋە خوجىلار ئىستىبدات هۆكۈمرانلىقىنىڭ قاتمۇقات توسقۇنلۇقىنى بۆسۇپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي بۇرۇلۇش، خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر هەم ئىنسانپەرۋەر ئىلىم ئىگىلىرىنى، ئوت يۈرەك ئەدىب ـ شائىرلارنى هەمدە ئۇلارنىڭ ئىسيانكار ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

يەركەن خانلىقىدىن خوجىلار دەۋرىگىچە ئۇيغۇلارنىڭ مۇرەككەپ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت داۋالغۇشلىرى بىلەن بۇ دەۋرنىڭ تراگېدىيىلىك پاجىئەلىرى مىرزا هەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق يىرىك تارىخىي كىتابى بىلەن مىرزا مەهمۇت جوراسنىڭ «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) قاتارلىق يىرىك تارىخىي تەزكىرە ئەسەرلىرىدە تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خوجىلار ۋە جۇڭغارلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات نامايەندىلىرىدىن هىرقىتى (1634 ~ 1724) نىڭ سىمۋوللۇق لىرو ـ ئېپىك داستانى «مۇهەببەتنامە ۋە مېهنەتكام»، مۇهەممەت ئەبۇ سەلاهىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل»، مۇهەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ «تەزكىرەئى چىهلتەن»، «سەپەرنامە» ۋە باشقا لىرىك شېئىرلىرى، مۇهەممەت ئابدۇللا خاراباتىنىڭ «كۈلىيات مەسنىۋى خاراباتى» قاتارلىق داستان ۋە شېئىرلىرى دەل ئاپپاق خوجا دەۋرىدىن خوجا جاهان ئەرشى دەۋرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ مۇرەككەپ سىياسىي، ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ هاكىمىيەت، سىياسەت چۇشەنچىلىرى بىلەن ئۇنىڭ پاجىئە ـ ئاقىۋەتلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت روهىيىتىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى بىلەن بۇ پاجىئە كۈچەيتكەن

ئازاب ئېغىنى بۇ دەۋرگە خاس ئالاھىدە مەنىدىكى ئىشق ـ مۇھەب ـ
بەت، ئۆلۈم ۋە ئۇرۇش تېمىلىرى ئارقىلىق رومانتىك، سىمۋول ـ
لۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇنى مۇشۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ـ
نىڭ بۇ دەۋر رېئاللىقىنى ئىپادىلەشتىكى بىر ئومۇمىي ئالاھىدى ـ
لىكى دېيىش مۇمكىن. سىمۋوللۇق لىرىك ۋە رومانتىك مۇھەب ـ
بەت رىشتىسىنى ھەسرەتلىك كەيپىياتتا تەسۋىرلەپ، زامانغا
ياندىن دارتىملاش بۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى
مۇقەررەر كەلتۈرۈپ چىقارغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئىدى،
ئەلۋەتتە.

ئەدەبىيات ئىنسان قەلبىنىڭ يارقىن بەدىئىي سۈرىتى، ئىن ـ
سانىنىڭ ھېسسىيات، كەيپىيات ۋە كىشىلىك ھايات كەچۈرمىش ـ
لىرى ئۇ ياشىغان دەۋر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغىنىدەك،
خوجىلار ۋە جۇڭغارلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئىلىم ئىگىلىرى، مۇتە ـ
پەككۇر، شائىر ـ ئەدىبلەر ئەسەرلىرىدە بۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي
تۈزۈمىگە، سوپىزم تەرىقىتىنىڭ ئىنسان، ھاياتلىق ۋە تەقدىر
ھەققىدىكى ئەكسىيەتچى كۆز قارىشىغا قارشى ھالدا ھاياتقا، مىل ـ
لەتكە، جەمئىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان سىياسىي، ئىجتىمائىي
تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىياتنى خەلق روھىنى ئويى ـ
غىتىدىغان مەنىۋى قورالغا ئايلاندۇردى. خوجىلار ۋە جۇڭغارلار
دەۋرىدىكى سىمۋوللۇق، رومانتىك ۋە رېئالىستىك ئىجادىيەتنىڭ
مۇھەببەت، ئۇرۇش ۋە ئۆلۈم تېمىسىنى ئاساس قىلىپ، قارشى ـ
لىق روھىنى نامايان قىلىشى، ماھىيەتتە بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا
ئازاب ئېغىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ھەم كۈچىيىشىدىن ئىبارەت.

ئازاب ئېغى قاراخانىيلار دەۋر ئەدەبىياتىدا ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر
ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە، مىللەت ۋە كىشىلىك
ھاياتقا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت ئېغى ۋە
خىسلىتىنى ئىپادىلىگەن. لۇتفى ۋە نەۋائى دەۋرلىرىدە بولسا،
ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى، قەدىر ـ قىممى ـ

-تى، هاياتلىق، تەڭرى ۋە ئىنسانىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسىدىكى تەقدىرى مەسىلىلىرىنى يادرو قىلىپ، هاياتلىق ۋە ئىنسانغا مۇ- ھەببەت باغلاشتەك ئىنسان روھىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدىن باش- قا، قاراخانىيلار ۋە چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتىدا ئىزچىل هالدا ئۇرۇش، قان تۆكۈلۈش، نامراتلىق، موهتاجلىق قاتارلىقلارنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن ئازاب- ئوقۇبەتلىرىدىن قايغۇ- رۇش، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەخلاقى ۋە روھىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن غېرىبسىنىش، ئۇ ھەقتە ئويلىنىش ئىپادىلەنگەن. يار- دوست، ئۆي - ماكاندىن ئايرىلىش، جۇدالىق، يۇرتىنى سېغىنىش، ئەس- لەش ۋە هاياتنىڭ مۇشەققىتىدىن غېرىبسىنىشمۇ ئۇيغۇر ئىلىم ئىگىلىرى ۋە شائىرلىرىنىڭ كىشىلىك هايات، تۇرمۇش توغرىسى- دىكى ئۆزگىچە هېسسىيات دۇنياسى هەم پەلسەپىۋى چۈشەنچىلى- رىنى نامايان قىلىپ بەرگەن ئىدى. هالبۇكى، خوجىلار ۋە جۇڭغارلاردىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىگىچە ئۇيغۇرلار ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سىياسىي جەھەتتىن مىللەت خاراكتېر- لىك ئېغىر هايات - ماماتلىق تاللاشقا دۇچ كەلگەن، مىللىي مەدەنىيەت، روھ ۋە مىللىي ئاڭ تراگېدىيىسى ئومۇميۈزلۈك يۈز بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئايرىم شەخسنىڭ تراگېدىيىسى بىلەن پۈتۈن مىللەت، پۈتۈن خەلقنىڭ تراگېدىيىسى بىرلىشىپ كەت- كەن. شۇڭا يېقىنقى زاماندىكى ھەسرەتلىك كەيپىيات ۋە ئازاب ئېڭى ئوتتۇرا ئەسىردىن ئاۋۋالقىغا سېلىشتۇرغاندا دۆلەت ۋە مىل- لەتنىڭ تەقدىرى، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك مەسىلىسىگە مەركەز- لەشتى.

بۇ دەۋردىكى ئىلغار پىكىرلىك ئەدىب - شائىرلارنىڭ لىرو - ئېپىك داستانلىرى ۋە تارىخىي تەزكىرە ئەسەرلىرىدە ئوتتۇ- را ئەسىرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ئادىل شاھ» ئېستېتىك ئىدىيىسى ۋە ئىنساننىڭ رېئال دۇنيادىكى بەخت - سائادىتى، تەقدىرى مەسىلىلىرىنى ئاساسلىق ئېستېتىك ئىدىيە

ئورنىدا جارى قىلدۇردى. شۇڭا خوجىلار ۋە جۇڭغارلار دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى كۈچلۈك ئازاب ئېڭى ۋە ھەسرەتلىك كەيپىياتنى ئىپادىلىگەن ئەسەرلەر بۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىيىتى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى يۇقىرى بەدىئىيلىك ۋە ئېستېتىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق ھەققىدە ئويلىنىشىدا چوڭقۇر رول ئوينىدى.

## 2. خوجىلار جاھالىتى قوينىدىكى تىركىشىش ۋە قارشىلىق روھى

خوجىلار ۋە جۇڭغارلار دەۋرىنىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئىلىم ئىگىلىرى، مۇتەپەككۇر، ئەدىب ـ شائىرلار بۇ زامان زەخمەتلىرى قەلبىدە ئۆستۈرگەن كۈچلۈك پىغان ـ ھەسرەتلىرىنى، جاھالەت قوينىدىكى غېرىبسىنىش ۋە قارشىلىق روھىنى ئازابلىق مۇھەببەت ۋە ئەخلاقنى تېما ۋە سۇژېت ئاساسى قىلىپ يورۇتۇشنى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئىدىيە مەنزىلى قىلدى. شۇڭا خوجىلار ۋە جۇڭغارلار دەۋرىدىكى ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ دەردكە تولغان ھەسرەتلىك بايانلىرىدىن تا چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى تراگېدىيىلەرگە قەدەر، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت تېمىسى كلاسسىكلىرىمىزنىڭ رىيازەتلىك، ئازابلىق دەۋر رېئاللىقى ۋە ئۆز ھايات مۇشەققىتى تۇيغۇسىدىن تۇغۇلغان پىسخىك ھېسسىيات ۋە ئاڭنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنى شائىر ـ ئەدىبلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە، كىشىلىك ھاياتقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت رىشتىسىدىن قوزغالغان مۇھەببەت يانغىنىنىڭ جۇلاسى دېيىش مۇمكىن.

ئىنسان ھېسلىرى ئىچىدە مۇھەببەت ـ سۆيگۈ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قىممەتلىك، شۇنداقلا ئەڭ ئازابلىق بىر ھېسسىي ئاڭدۇر. چۈنكى، خۇددى رۇس يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي ئېيتقاندەك،

ئىنسان ئۇچۇن «مۇھەببەتسىز ھايات ھايات ئەمەس. سۆيگۈسىز ياشاش مەنىسىز كۈن ئۆتكۈزۈشتۇر. مۇھەببەتسىز ياشاش زادى مۇمكىن ئەمەس، دەل شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئادەمگە يۈرەك بېرىلگەن.» مۇھەببەت ئادەمگە تاتلىق ھۇزۇر ۋە بەخت سېزىمى ئېلىپ كېلىشى بىلەن بىللە، ھەر ۋاقىت ھەسرەت، پىغان، غېرىبسىنىش، ۋەھىمە ۋە چوڭقۇر ئازابقا ھەمراھ بولغان بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تەسۋىرلەنگەن مۇھەببەت قىز - يىگىتلەر ئارىسىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق ئاددىي ئىشق رىشتىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ يۈكسەك ئىجتىمائىيلىققا، ئېس-تېتىكىلىق ۋە تارىخىي مەنىگە ئىگە. مۇشەققەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەت كۈچەيگەن دەۋر مۇھىتىدا ياشاۋاتقان ئىلىم ئىگىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئازاب - ھەسرەتلىك كەيپىياتتا مۇھەببەتنى تەسۋىرلەش ئۇنىڭ ھاياتلىق، مۇھەببەت ۋە ئىنساننى قايتا چۈ-شىنىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدۇر.

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت ۋە ئۆلۈم، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئىپادىلەنگەن نادىر ئەسەرلەرگە پەلسەپە - ئېستېتىك ئىدىيە قاتلىمىدىن نەزەر سالساق، بۇ دەۋر ئەسەرلىرىدە سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە كلاس-سىك ئەدەب - شائىرلارنىڭ قەلبىدىكى ۋولقاندەك پارتلاپ چىققان غەزەپ، پىغان ۋە ھەسرەتلىك كەيپىيات ئىكەنلىكىنى، مۇھەببەت ئېغى، ھەسرەتلىك كەيپىيات ۋە ئازاب ئېغىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر - بىرىگە ئالمىشىپ ئىپادى-لەنگىنىنى كۆرىمىز.

مۇھەببەت تېمىسى بىلەن ئازاب ئېغىنىڭ بۇنداق ئىپادىلە-نىشى مۇشۇ دەۋر ئەدەب - شائىرلىرىنىڭ دەۋر ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتىكى بىر خىل بەدىئىي ئىجادىيەت ماھارىتى ياكى ئۇسلۇبى ئىدى. ھىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، ئەبۇ سەلاھنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل»، مۇھەممەت

سىدىق زەلىلىنىڭ لىرىكىلىرى ۋە «سەپەرنامە» قاتارلىق داستانلىرى، مۇھەممەت ئابدۇللا خاراباتى، شائىر ئەرشى، قەلدەندەر، مەھزۇن، نەۋبەتى غەزەللىرىدە ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك مەنىدىكى مۇھەببەت تېمىسى ۋە مۇڭلۇق ھېسسىيات بۇ دەۋر ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ئىستېداتى، شۇنداقلا تۈپ ئالاھىدىلىكىدۇر. يۈكسەك تەسىرچانلىق ياراتقان بۇ ئەسەرلەر كۈچلۈك ئازاب ئېڭى ۋە ھەسرەتلىك كەيپىياتتا مۇھەببەت كەچۈرمىشى ۋە پاجىئەسىنى تەسۋىرلەپ، مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق رېئاللىقنى رەھىمسىز سۆكۈپ ۋە تەنقىد قىلىپ، ئەينى رېئاللىقتا، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار ۋە ئىستىبدات سىياسىي تۈزۈمگە بولغان نارازىلىقنى، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت، باراۋەرلىك، تەرەققىيات، مەۋجۇتلۇق، تىنچلىق ـ خاتىرجەملىككە بولغان تەشنالىق، سېغىنىش ۋە ئارزۇ ـ تەلىپىنى سىمۋوللۇق شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. مانا بۇ ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىۋى ئېقىمىدۇر.

بىز بۇ ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكنى ئالدى بىلەن خوجىلار دەۋرىدە ياشىغان قەشقەرلىك ئۇلۇغ ئىسيانكار شائىر ھىرقىتى (1634 ~ 1724) نىڭ سىمۋوللۇق مۇھەببەت داستانى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دىن روشەن كۆرەلەيمىز.

ھىرقىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايان قىلىش ئەنئەنىسى ۋە ئىدىيە ئەنئەنىسى بويىچە «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنى پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىنى گەۋدىلەندۇرگەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزم پىكىر تارىخىدىكى ۋەھدەتى مەۋجۇد قارىشى بىلەن ۋەھدەتى ۋۇجۇد قارىشىنى ئەسەرنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرىدۇ، ئاللا ياراتقان تەبىئەت ۋە ھاياتلىق، ئىنسان ھاياتى ۋە تەقدىرى مەسىلىلىرىگە ئىسلام كالامىزم پەلسەپىسى بويىچە قارايدۇ، ئەمما شائىر بۇ ئاساستا ئەكسىيەتچىل سوپىزم ئېقىمىنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى-

دەك، ئىنساننىڭ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، خىلۋەتتە ئاللاغا ئىبا-
دەت قىلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇشتىن ئىبارەت روھىي كامالەتنى،
بۇنىڭ يولى بولغان تەركىدۇنياچىلىق، سوپى ـ زاھىدلىق، ئەۋ-
لىياچىلىقنى تەرغىب قىلمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاللا
ۋە ئۇ ياراتقان تەبىئەت ۋە ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشەنگەن
كىشى تەبىئەتكە، ھاياتقا ۋە ئىنسانغا مۇھەببەت باغلاش، ئۇنى
قەدىرلەش، مېھنەتنى ئۇلۇغلاش، پانىي دۇنيادا ئىنسان ھاياتى-
نىڭ مۇھەببەت ۋە مېھنەت ئىچىدە ئۆز قىممىتىنى يارىتىش
كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر ھىرقىتى ئۆزىنىڭ تەڭ-
رى، تەبىئەت، ئىنسان ۋە تەقدىر ھەققىدىكى ئېستېتىك كۆز
قارىشىنى ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە پەرۋانە بىلەن شەمئىنىڭ
مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ ئىج-
تىمائىي ئېستېتىك ئىدىيىسى سابا، بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈل ئوب-
رازلىرىنىڭ بىر قاتار مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا يورۇ-
تۇلغان. پەرۋانە بىلەن شەمئىنىڭ مۇھەببەت تەسۋىرىدە ئىنسان
ۋە ھاياتنىڭ گۈزەللىكى، ئىنسانىي گۈزەللىكنىڭ مەنىسى ۋە
ھارارىتى يۈكسەك گۇمانىستىك روھ بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسا،
سابا، قىزىلگۈل، بۇلبۇل ئوبرازلىرىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىش-
لىرى ئارقىلىق ئاپپاق خوجىنىڭ جاھالەت زۇلمىتى قاپلىغان
دەۋردىكى سوپى ـ ئىشانچىلىق، زاھىد ـ تەركىدۇنياچىلىق ھەم
روھىي قۇللۇق قويىدا ئىنسانغا، ھاياتقا مۇھەببەت باغلاش،
ھايات ۋە مېھنەتنى قەدىرلەش كۆز قاراشلىرىنى تەشەببۇس
قىلىدۇ.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنىڭ بېشىدىلا شائىر
مۇھەببەت سۆزىدىكى تۆت ھەرپنىڭ ھەر بىرىنى يەتتە مەزمۇن
بىلەن يېشىپ، مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان
قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئاشىقلار مۇھەببەتسىز بولماس، مۇھەب-
بەت مېھنەتسىز بولماس، لوقمە تۇزسىز بولسا بولۇر لەززەتسىز،

مـۇھەببەت تاتلىغ ئىرۇر، مىھنەت ئاچچىغ، ئەمما مۇھەببەت ئىشىدىن مىھنەت تاپقۇسىدۇر، ھەر نەچچە بولسا قاتتىغ مۇھەب- بەت ۋە مىھنەت بىر سۇرەتتە كۆرۈنەر، ھەرقتىن مۇھەببەت ـ مىھنەت بولۇر، نۇقتىنىڭ سەرپىدىن مۇھەببەت يۇمشاغلىق ئىر- رۇر، مىھنەت قاتتىقلىق. ئانداقكى، قاتتىقلىقتىن پەيدا بولۇر تاتتىقلىق، مۇھەببەت بىلەن مىھنەت نۇقتىدىن ئايرىلۇر، ئەگەر نۇقتا ئايرىلمىسا، سۆز قاچان يارىلۇر، نۇقتا مىسلى يۇكىدۇر، سۇرەت ھەرف، مانەند باركەش (ھامىال) يۇكىنى گاھى ئۇستۇن گاھى ئاستىن باركەش ئۇستىگە ئالسا مىھنەتتۇر، ئاستىغا ئالسا راھەت، قاچان مەرھەم قويار، تەندە بولمىسا جاراھەت» [1].

شائىر ھىرقىتى «مۇھەببەت» سۆزىدىكى تۆت ھەرپنى 28 تۈرلۈك مەنىدە تولىمۇ مەنىلىك يېشىپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببەت، مىھنەت، ھايات ۋە ئىنسان تەقدىرى ھەققىدىكى دۇنيا قاراش ھەم ئىستېتىك كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. پەرۋانە بىلەن شەمئى (شام چىراغ) نىڭ مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەپ، مۇھەببەت ۋە ھاياتلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرىتىنى مەدھىيىلەيدۇ. شائىر مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغان- لىقىنى، مۇھەببەت كوچىسىغا كىرگەن ئادەمنىڭ نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنى، خۇسۇسەن ئاشىق ـ مەشۇقلار مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىشتە ئۆز مۇھەببىتىگە سەممىي ۋاپادار بولۇپ، چىدام ـ غەيرەت بىلەن رىيازەت، مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بې- رىپ، ئۇنى يېڭىپ، مۇشكۈل كۈرەش قىلىش ھەم مىھنەت ئارقىلىق مۇراد ـ مەقسىتىگە، كۆزلىگەن ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە بەختكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھىرقىتىنىڭ ئۆز دەۋرىگە بولغان سىياسىي قارىشى ۋە تۈپ پوزىتسىيىسىنى

---

[1] ھىرقىتى: «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

سىمۋوللۇق ئىپادىلىگەن قىسمى ئەسەرنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، ھىرقىتنىنىڭ ھاياتنى سۆيۈش، مېھنەتنى ئۇلۇغلاش، ئىنسانىنىڭ تەقدىرىگە قايغۇرۇش ھەققىدىكى ئازابلىق ھېسسىياتى سابا (تاڭ شامىلى)، قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇل قاتارلىق مەجازى ئوبرازلارنى ئادەملەشتۈرۈش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

شائىر ھىرقىتى داستانىدا بۇلبۇل بىلەن قىزىلگۈلنىڭ ئىشق ۋىسالىغا يېتىش جەريانىدىكى مۇڭلۇق ۋە ئەگرى - توقاي جەريانىنى تراگېدىيىلىككە ئىگە قىلىپ، بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئىشق يولىدىكى ھىجران قايغۇسى، دەرد - پىغانى ۋە ھەسرەتلىرىنى ھەمدە بۇ مۇشكۇلات، توسقۇنلۇقلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ مۇستەھكەملىگەن ئىرادە ھەم جاسارىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇلبۇل بىلەن قىزىلگۈلنىڭ بىر - بىرىگە قەلبىدىكى دەردلىرىنى دېيىشىپ، ئۆمۈرلۈك بىللە ئۆتۈشكە ۋەدىلىشىشى بىلەن ۋەقەلىك راۋاجىنى ئېستېتىك يۈكسەك مەنزىلگە ئېلىپ چىقىپ، خۇشاللىق ھەم ئۈمىدۋارلىق كەيپىياتىنى يارىتىدۇ. شائىر:

بەدەن كانىدۇر ئۇنىڭ لەئىلى مۇھەببەت،
بۇ تەندىن كان ئالۇر كىم قىلسا مېھنەت.
مۇھەببەت ئادەمىنىڭدۇر باھاسى،
مۇھەببەت بولسا يوقتۇر ئىنتىھاسى.
نەمەتلۇبىدۇر ئەگەر يوق بولسا تالىپ،
ئەگەر ھۆسن ئېرۇر ھەر چەندە غالىب.

دېيىش ئارقىلىق، بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىدىن يەكۈن چىقىرىدۇ. خۇددى داستانىنىڭ باش قىسمىدا يازغىنىدەك، مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ ئايرىلماس ئىچكى بىرلىكىنى، مۇھەببەت ھاياتلىقنىڭ مەنىسى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ھەرقانداق ئارزۇ - مەقسەتنىڭ جاپا-

لىق مېھنەت ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلۇغۋار غايە ـ مەقسەتكە كۆرەش ئارقىلىق يېتىشتىن ئىبارەت ئۇمىدۋارلىق روھىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ھىرقىتىنىڭ بۇ ئارقىلىق بىلدۈرمەكچى بولغان ئىدىيىسى ماھىيەتتە جاھالەت ھۆكۈم سۈرۈپ چىن ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت پەس كۆرۈلگەن خوجىلار دەۋرىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىش، خەلققە قىزغىن مۇھەببەت ۋە ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلىش، شۇنداقلا خەلقنى ئۆز قەددىنى رۇسلاپ، ئىرادە تىكلەپ، بۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆرەشكە چاقىرىپ، ئادالەت، ھەققانىيەتنىڭ زۇلۇم، تەڭسىزلىك ۋە رەزىللىك ئۈستىدىن ئاخىرى بىر كۈن غالىب كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ مىسكىن، چۈشكۈن، غېرىبسىنغان قەلبكە روھىي مەدەت بېرىش ئىدى.

دېمەك، شائىر بۇ داستاندا يۇقىرىقىدەك سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ پىغانلىق مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەپ، خەلق تۇرمۇشى نامراتلاشقان، ھەققانىيەت ۋە ئادالەت يوقىلىپ، زۇلۇم كۈچەيگەن بۇ جاھالەتلىك جەمئىيەت ۋە تۈزۈمگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە يورۇق ھاياتقا تەلپۈنۈشنى، ئىنسانپەرۋەرلىك ھەم ھەققانىيەتچىلىك، چىن مۇھەببەت كۆز قارىشىنى تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

يەنە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، ھىرقىتى خوجىلار ۋە جۇڭغارلارنىڭ دىنىي ھەم سىنىپىي ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقى مۇھىتىدا ياشاپ، ئاپپاق خوجىنىڭ ئەكسىيەتچىل سوپى ـ ئىشانچىلىق ۋە تەركىدۇنياچىلىق تەرغىباتىنىڭ تەسىرىگىمۇ چوڭقۇر ئۇچرىغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى سوپىزم ئىس ـ تۈتەكلىرى قوينىدا تۇنجۇققان، روھىي قاراڭغۇلۇق باسقان بۇ جەمئىيەتتە يول تاپالماي گاڭگىراپ قالغان ۋە يورۇقلۇق نۇرىغا ئىنتىلگەن شائىر ئىلاجسىز نۇرنى —— يورۇقلۇقنى، بەخت ـ سائادەتنى «ياراتقۇچى ئاللا» دىن ئىزدەشكە

مەجبۇر بولغان ئىدى. شۇڭا شائىر ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە نارازىلىق ۋە نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۈمىد يوقلۇقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

جەھانۇ ھەم جاھان ئەھلى ۋاپاسىز،
بەقاسىرغا چوڭ، ئەي جان بەقاسىز.
جەھان ئەھلى جاھان گەر دىلرە بادۇر،
ۋاپاسى يوق، بارسى بىۋەپادۇر،
ۋەخاسى ھەم ئانىڭ غەمدۇر، غەم ئۆزرە،
ھاياتى ماتەم ئېرمىش، ماتەم ئۆزرە.

يۇقىرىقى مىسرالار شائىرنىڭ ئىجتىمائىي، ئېستېتىك ئىدىيىسىدىكى سوپىزملىق قاراشنىڭ يەنىلا سالماق ئورۇندا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دەل سوپىزمنىڭ يەسەۋىيە ئېقىمى بىلەن نەقشىبەندىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرى شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئوخشاش ئورۇن تۇتقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىدا ئىلگىرى سۈرگەن ھاياتنى، ئىنساننى، مېھنەتنى سۆيۈش، ئادالەت ۋە ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش غايىسى ئىچىدە دۇنيادىن ئۈمىدسىزلىنىش، غېرىبسىنىشتەك زىددىيەتلىك ھېسسىيات ۋە خاھىش يەنىلا بىر قەدەر گەۋدىلىك.

شائىر زەلىلى (1676 ～ 1746) خوجىلار ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە مەدەنىيىتىگە دەھشەتلىك بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، ۋىجدانلىق ئىلىم ئىگىلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ مەدرىسە، مەكتەپ، كۇتۇپخانىلارنى سوپىلارنىڭ غېرىبخانىسىغا ئايلاندۇرغان، ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەتنى ۋەيران قىلىپ، كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، نادان خەلقنى خۇدا نامى بىلەن ئالداپ، ئىچكى قىرغىنچىلىققا سېلىۋاتقان مەزگىلدە يەركەن، خوتەن دىيارلىرىدا مۇساپىر جاھانكەزدىلىك بىلەن ياشىغان. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە يوق-

سۆزلۈق، مۇساپىرچىلىق، موھتاجلىق دەردىنى تارتىپ يۇرت ئارىلاش داۋامىدا، ئەل ـ يۇرتنىڭ دەرد ـ ھالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. خەلقنىڭ سىياسىي مەھكۇملۇقى، ئىقتىسادىي موھ- تاجلىقى بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئاڭ جەھەتتىكى بىكىنمە ۋە خۇرا- پىيلىقنى، قۇلچىلىق روھىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن، ئاپپاق خوجا قاتارلىق خوجىلارنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنىمۇ بارغانسېرى ئوچۇق تونۇپ يەتكەندى.

زەلىلى ئۆز غەزەللىرىدە، ئەينى دەۋردىكى يەركەننىڭ ئىلـ- مىي، مەدەنىيەت كەيپىياتى ۋە ئۆزىنىڭ 30 ياشلارغىچە يۇرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ياشىغانلىقىنى تەسۋىرلىسە، تۇرمۇ- شىنىڭ غۇربەتچىلىك ـ يوقسۇزلۇقىدىن مۇساپىرلىق چۆ- لىدە ئەل ـ يۇرت كېزىپ، ھەقىقەت ئىزدەشكە يول ئالغانلىقىنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

تەۋفى ئىمام ئەيلە گۈلى كەتتى بۇ زەلىل،
ياركەند ئىچىدە نەيلەسۇن ئابۇ زەمىنى يوق.
بالا دەشتىدەكى ئەۋۋارىلەرنىڭ خىلىدىندۇرمەن،
ھىسار ئولدى مەلامەت تاشىغە بۇ جىسمى ئۇر يانىم[1].

زەلىلىنىڭ ئۆمرى 40 قا يېقىنلاشقاندا ئۆز يۇرتى يەركەندىن ئايرىلىپ قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن، ھەتتا كۇچا دىيارلىرىغىچە سەپەر قىلىشى، خۇددى «سەپەرنامە» داستانىدا يازغىنىدەك، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ مازايى ـ ماشايىقلىرىنى سەيلە ـ تاۋاپ قىلىپ ئەل كېزىش، جاھانغا نەزەر سېلىش ۋە ئۇ ھەقتە ئويلاش، «ياخشى» بىلەن «يامان» نى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىدى. زەلىلى بۇ توغرۇلۇق:

---

① مۇھەممەد سىدىق زەلىلى: «دىۋانى زەلىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

سەيرى جاھان قىلماغىم تەركىي جاھاندۇر غەرەز،
ئەيلەگەلى ئىمتىھان ياخشى - ياماندۇر غەرەز.
چەشمە بولۇپ كۆزلەرىم ئاقسا نىچۈك ئەيىبدۇر،
ئىشقىي تەھاراتىغا ئابى رەۋاندۇر غەرەز.
ئەي زەلىلى گۆشەئى ئۆزلەت ئىچىدىن چىقماغىل.
خەلق كۆزىدىن ۋەلى دەرۋىشلەر كەبى پىنھان كېرەك.①

دەپ يازىدۇ. زەلىلى كۆپ يىللار مۇشەققەتلىك دەرۋىشلىك تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوخشاشلا ئېغىر كۈندە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ بۇ سەپەرنىڭ دەسلىپىدە، ئۇيغۇر تارىخىدا ئىسلام ئاچقان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسى، خوتەندىكى ئىمامى جەئفەرىم سادىق مازىرى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىدۇ. «سەپەرنامە»، «خوجا مۇھەممەت شېرىپ بوزرۇكۋار»، «تەزكىرەئى چىھلتەن» داستانلىرىدا ئۇلارنىڭ روھىغا چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما خوتەنگە بېرىپ كۆرگەندىن كېيىن شائىر ئۆزى ئىزدىگەن ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە ھەق - ئادالەتنى ئۆزى كەزگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ مازىرى ۋە روھىمۇ بۇ تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ھاياتنىڭ مۇشەققەت، رىيازەتلىكلىكىنى، ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ھەقىقىي ھېس قىلىدۇ. شائىر شۇڭىمۇ قاتتىق ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

چىنى تۈركىستان زەمىنىنىڭ خەلقىغە ھەيىم كىلىۇر،
شەھرى ماچىندىن ئۆتۈپ تاۋاپ ئىمامەن ئەيلىمەس.②

---

① ② مۇھەممەد سىدىق زەلىلى: «دىۋانى زەلىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

دەپ ئىپادىلەيدۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى يۇرتىدا غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

شائىر زەلىلىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي غايىلىرىنىڭ يارقىن ئىپادىسى بولغان تەزكىرىۋى داستان ھەم غەزەللىرىگە قارىساقلا، ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن دىنىي ئىجادىيەت يولىغا ئاتلانغانلىقىنىڭ سىرى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. شائىر ئۆزى بەكمۇ ئېنىق قىلىپ تەركىدۇنىيا بولۇش، دەرۋىشلىك بىلەن پىنھان ئۆتۈش — جاھاننى سەير قىلىپ ئەل ـ يۇرتنى كۆرۈش، نەزەرىنى ئېچىش، ھەق ـ ناھەق، ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتىپ، ھەقىقەت ئىزدەش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن. شائىرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئىستىكى ئوبيېكتىپ ماددىي جەھەتتە تۇرمۇشتىكى نامراتلىق، ئېغىر خارۇ زارلىقتىن كەلگەن. خۇددى شائىر ئۆزى:

ھىسارى غەم دەردى دەرۋازىنى مەھكەم ئەيلەپتۇر،<br>زەلىلى پاسبانى زىرەكى فەۋجى ئەلەم كۆرگەچ.

دەپ يازغىنىدەك، غەم ـ قايغۇسى، دەرد ـ ھەسرىتى ئېغىرلىشىپ روھىي تۇنجۇققان ئىنساننىڭ يورۇقلۇق ئىزدەپ ئۆزىنى ياقا يۇرتلارغا تاشلىشىغا، دەرۋىشلىك يول تۇتۇشىغا ھېچ ھەيران قالغىلى بولمايدۇ. زەلىلى ئەل ـ يۇرت كېزىپ مازار ـ ماشايىقلارنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا، خوجىلار دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قىياپىتىنى، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت روھىيىتى ۋە كەيپىياتىنى، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى، شەھەردىن سەھرالارغىچە كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىدىغان خارابىلىق، غېرىبلىق ۋە مۇڭنى، قىسقىسى بىر پۈتۈن ھاياتلىق ئۇچرىغان ئېغىر كرىزىسنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇپ

يەتكەنىدى. ئۇ «پاناھسىزلىقتا ئاۋارە بولغان خەلق»، «قىش - ياز غەپلەتتە قالغان خەلق»، «يەلدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمۈر» نى كۆزىتىپ، ياخشى - يامانىنى ئايرىپ قاتتىق مۇڭلىنىپ، ھەسرەتلىك ھالدا ئۇ ھەقتىكى ئويلىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئەل كېزىپ جاھان كۆرۈپ، ھاياتنى كۆزەتكەن ۋە ئويلانغان شائىر كۈچلۈك ئازاب ئېڭىغا ئىگە خەلق مۇتەپەككۇرى سۈپىتىدە بۇ دەۋر جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتى، خەلقنىڭ روھىيىتى، ھېسسىياتى ۋە ئىنسان تەقدىرى ھەققىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدىدى. شائىر زەلىلى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغىچە مەدەنىيەت ساھەسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت روھى سوپىزم پىكىر ئېقىمى بىلەن چۈمكەلگەن، ئۆز زامانىسى ئۈچۈن ئىلغار بولغان ئىدىيىلەرمۇ سوپىزم بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، ئىنسان روھىيىتى ۋە تەپەككۇرى سوپىزم پىكىر ئېقىملىرىنىڭ قوينىدا قۇتۇلۇش يولى تاپالمايۋاتقان بىر شارائىتتا ياشىدى ۋە ئىجاد ئەتتى. شۇڭلاشقا ، زەلىلى ئۆزىمۇ ئالدى بىلەن سوپىزملىق يولىدا تەركىدۇنيا ياشىغان جاھانكەزدى مۇتەپەككۇر شائىر. لېكىن شۇنداقتىمۇ زەلىلى دەرۋىشلىك ھاياتىدا خەلقنىڭ دەرد - ھالىنى چۈشەنگەن، يوقسۇل خەلقنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ھېسداشلىق قىلغان، ھاياتلىق ۋە ئىنسانىنىڭ پانىي دۇنيادىكى قەدىر - قىممىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن شائىر ئىدى. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان يەسەۋى سوپىزم بىلەن نەقشىبەندىيە سوپىزمىنىڭ تەسىرى تەڭ ئورۇن تۇتقان[1]. ئۇنىڭ ھايات، ئۆلۈم ۋە تەقدىر قاراشلىرىدا يۇقىرىدىكى ئىككى خىل تەسەۋۋۇپ ئېقىمى بىر خىل زىددىيەتلىك ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھايات، ئىنسان، تەبىئەت ۋە تەڭرى ھەققىدىكى پەلسەپە ئېستېتىك غايىسىدە

---

① شىرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 659 - بەت.

يەنىلا ئىنسان، تەبىئەت، تەڭرىنىڭ نىسپىي مۇستەقىل رەۋىشتە تەرەققىي قىلىپ ھاياتلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىكىر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

زەلــىــلىنىڭ دۇنيا قارىشىدا مەنسۇر ھەللاجى (858 ~ 992) نــىڭ «ئەنەلھەق» تەلىماتى، فەرىددىن ئەتتار (؟ ~ 1229)، جالالىدىن رۇمى (1207 ~ 1273) لارنىڭ سوپىزمـ ـلىق ئىدىيىلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزمىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندى (؟ ~ 1388) نىڭ سـوپىزملىق پىكىرلىرىنىڭ تەسىرى ۋە ئىپادىسى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيە قاراشلىرى ۋە ھايات قىسمىتىنى مەنسۇر ھەللاجىنىڭ تەقدىرىگە تەقدىرداش كۆرۈپ:

تەفەررۇچ قىل دىلۇ جانىنى بەرباد ئەيلەدى مەنسۇر،
ئەنەلھەق رەمزىنى بىرقەترە مەيدىن ئىيان ئەتكەچ.
قەدەھ مەنسۇراتىغا تولدۇرۇپ كەلتۇرگىل ئەي ساقى،
تەنىمدە ھەم رەگۇ ھەم ئۇستىخاندا ھەم رەسەن كەلدىم.

دىيىش ئارقىلىق، قەلبىدىكى ھەقىقەت يولىدا ئۆلۈمگە تۇتقان مەردانە يۈزلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شـائـىر يەنە ئۆمۈر مۇساپىسىدە كۈن ـ تۈن كۆڭلى يورۇماي ئۆتكەن ھايات، چەككەن دەرد ـ ئەلەم، ئاھۇ ـ پىغان، نامراتلىقـ ـتىن قۇتۇلۇش ۋە يورۇقلۇق، ئازادە ھاياتقا بولغان تەشنالىقنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

بۇ كۆڭۈل بۇلبۇل، ئاسمان ـ زېمىن قەفەس،
سىندۇرۇپ پەرۋاز ئېتەرگە نالە ئەيلەر ھەر نەفەس.
بىمادارا ئىچرە بۇ كائىنات زۇلمەت چېكەر،
بەرقى يەڭلىغ ئۆتكىكە رور مەن زەئىپ ئۆمرۈمنى ئەبەس.

... ... ... ... ...... ... ... ...

مەيى مەنسۇرى تۇتغىل ساقىياسىر ئاشكارا ئەيلە،
ئەگەرچە لالە يەڭلىغ خۇن ھەسرەتتىن ئاياغىم بار.

زەلىلى ئۆزى نەپەس ئېلىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ بۇرۇۋ-تۇرمىلىقىدىن نارازى بولغان ۋە ھەسرەتلەنگەندە، نەقشبەن-دىيە تەرىقىتىنىڭ دۇنيا ۋە ھاياتنى سۆيۈش، مېھنەت بەدد-لىگە رېئال ھايات لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئىنساننى سۆيۈش ۋە جەمئىيەتكە، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىغا باش قاتۇرۇشتىن ئىبارەت ھاياتلىق كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. زەلىلى ئاسمان - زېمىن ۋە بارچە ھاياتلىقنى، جۈملىدىن ئىنساننىمۇ ئاللا ياراتقان، يەنە كېلىپ ئىنساننى تۇپ مەق-سەت قىلىپ ياراتقان. شۇ سەۋەبتىن ئاللا ئالەم بىلەن ئىنساننى باغلاپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك، شۇنداقلا مۇقەددەس بارلىق. پەقەت بۇ رىشتە ئارقىلىقلا ئىنسان ئۆز مەۋجۇتلۇ-قىنى ئىسپاتلايدۇ. ھاياتلىق «ئىشق» بىلەنلا مەۋجۇت بو-لىدۇ، داۋاملىشىدۇ ھەم مەنە تاپىدۇ. بۇ ئالەم يولۇچى چۇشۇپ ئۆتىدىغان لەنگەر (قونالغۇ)، ئادەم كارۋاندۇر. ئىنسان بۇ قىسقىغىنا پانىي ھاياتنى غەنىيمەت بىلمىكى لازىم، دەپ قارايدۇ:

كۆھنەلەنگەرى ئالەم، كارۋان ئېرۇر ئادەم،
دەم ئالىپ ئۆتەر بىردەم، سەن بۇ دەم غەنىيەت تۇت.
گۈل پۇش، زۇلفى كاكۇلى بەردۇش،
ئەيلەدى كەفەن ئاغۇش، ئەقلىڭ ئۇلسا ئىبرەت تۇت.
دۇنياچۇ رەبات، كارۋان ئادەمدۇر،
ھەر ئادەمنىڭ ئىچىرە يۈز ئالەمدۇر.
مىڭ يىل ياشىساڭ جاھاندا چۇن نوھى نەبى،
ئاخىر ئۆلەسەن غەنىمەت ئۇشبۇ دەمدۇر.

شۇڭلاشقىمۇ، زەلىلى ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان رېئال مۇھەببىتىنى ئىنساننىڭ ئاللاغا بولغان ئىلاھى ئىشقىنىڭ بىر ئىپادىسىگە ئايلاندۇردى. ئىنساننىڭ چىن گۈزەللىكىنى، چىن ئوتلۇق مۇھەببەتنى، ئاددىي خەلقنى ۋە مېھنەتنى ئۇلۇغلىدى. شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىشق - مۇھەببەت يولىغا بېرىلگەن لىرىك قەھرىمانلار ھەر ۋاقىت جان ھەم تېنى بولغان ھەقىقىي ئادەم. شۇڭا ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئىسلام ئېتىقادى ياكى سوپى - ئىشانلارنىڭ ئاللاغا بولغان ئىشقىدەك مەۋھۇم - تۇتۇق كۆرۈنۈش ئالماي، يارنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى، بىغۇبار پاك قەلبى، سەمىمىي ساداقەتلىكى، ئىنسانىي خاراكتېر ھېسسىياتى تولىمۇ كونكرېت سۈرەتلىنىش ئارقىلىق، ئىشق- مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتىشتىكى قەتئىي تىز پۈكمەس ئىرادە ۋە كۈرەشكە ئۈندەيدۇ.

زەلىلىنىڭ لىرىكىلىرىدىكى قەھرىماننىڭ ئىشق - مۇھەببەت ھەسرىتى يالغۇز جاھالەتلىك خوجىلارنىڭ سوپى - ئىشانچىلىق، تەركىدۇنياچىلىق تەرغىباتىغا قارشى رېئال دۇنيادىكى ئىنساننىڭ ھەقىقىي بەخت - سائادىتى مەسىلىسىگە قارىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى مىللەت ئۇچرىغان ئومۇمىي ھاياتلىق ۋەھىمىسى بىلەن ئويغاق ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ قارشىلىقىنى ماھىيەتلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ يەردە بىز زەلىلىنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك مىللىي روھ ھەم ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئۇنىڭ ئازاب ئېڭىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. زەلىلى ئۆز ۋەتىنى ۋە تۇپرىقىنى ئىسلامنىڭ مۇقەددەس جايى مەككە قىبلىگاھىدىنمۇ گۈزەل دەپ قارايدۇ، يار ۋە ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى يۇرتتىن ئىزدەيدۇ:

دۇر ھەزرەتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان.
مەشھەدىڭدەك قىبلە ئالەم جاھاندا يوق.

زەۋقى تەندە ئەيلەيدۇر ھەمىشە بۇندا،
جەننەتۇل مەئۋادا ئەيلەر سۆھبەتى جانانە يوق.

شائىرنىڭ قارىشىچە، ھەرقانچە خار ۋە دىلخەستە، غېرىبانە بولسىمۇ، كەئبىدىن يەنىلا ئۆز يۇرت ئەلا. چۈنكى كىشىنىڭ يۇرتى ۋەيرانە كۆڭۈلنى ئاۋات قىلالمىسا، ھەرەمدە ھاجى بولغىنىڭنىڭ نېمىگە پايدىسى.

ھاجى ھەرەم ئىچرە تەف ئەيلىمەك نە ھاسىل،
ۋەيرانە ئى كۆڭۈلنى ئاباد ئەگەر قىلمىسا.

شائىر زەلىلى زاماندىن ئېغىر دەرد ـ ئەلەم ۋە زۇلۇم كۆرگەن، دىلى يارا بولغان خەلقنىڭ ئېغىر تەقدىر ـ قىسمىتىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايغۇردۇ ۋە ھەسرەت چېكىدۇ:

دىلى تىغى سىتەمدىن پارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،
تەنى دەردۇ ئەلەمدىن يارە بولغان خەلقنى كۆردۈم.
كۆزى ۋەقتى سەھەر سەييارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،
فەنا شەھرىدەكى ئەۋۋارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،
جونون توغيان ئېيتىپدۇر ھەر بىرىنى دەربەدەر تەنھا.

ئالدىنقى مەزمۇنلاردا تەھلىل قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، XVII ۋە XVIII ئەسىردە ئۇيغۇرلارنى سىياسىي، مەدەنىيەت مەھكۇملۇقىغا گىرىپتار قىلىپ، جۇڭغار ئەكسىيەتچى ھۆكۇمرانلىقىغا يەم قىلىپ بەرگەن خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل سىياسىي مەنپەئىتى ۋە ھوقۇق ئويۇنلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنى ئىچكى قىرغىنچىلىق، جەڭ ـ جېدەلگە سۆرەپ كىرىپ، ئېغىر قان تۆكۈلۈش ۋە ئۆلۈمنى پەيدا قىلغان، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كوللېك-

تىپ، ئۇيۇشۇشچانلىق ۋە مىللىي ئاڭ يوقىلىپ، شەخسىيەتچى-لىك، ئۆزۈمچىلىك، مەھەللىۋازلىق، يۇرتۋازلىق، مەزھەپ - تەبىقىچىلىك، باشباشتاقلىق، بۆلۈنمىچىلىك، ئىچكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك بەكمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ئەھۋال ئۇي-غۇرلارنىڭ تارىخىي داۋالغۇشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە پەيدا بول-غان بولۇپ، مىللەتنىڭ بەختسىزلىكىنى داۋاملىق ئېغىرلاشتۇ-رۇۋاتقان توپ مەنبە ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئومۇمىي بەختسىز-لىكىنىڭ يۇقىرىقىدەك تارىخىي، مەنىۋى ھەم پسىخىك سەۋەب - ئامىللىرىنى بىر قەدەر تونۇپ يەتكەن زەلىلى بۇنىڭدىن قەلبىدە چوڭقۇر ئازابلىنىدۇ ۋە ئەپسۇسلىنىدۇ:

كەلسە ھەپتاددۇ مىللەت فىرقەسىدىن قەۋمىلەر،
ئىترازۇ مەزھەبۇ ئايىن ئۇچۇن قىلماق جەدەل.
ئەي زەلىلى ئەھلى دۇنيادىن نە پەرۋا ئەيلەيىن،
ھەر نەسھەتكىم قىلۇر كۆڭلۇمگە باغلامەن غەزەل.

زەلىلى خەلقىنىڭ بۇ سىياسىي مەھكۇملۇق، نامراتلىق ۋە بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىك، ئازادلىققا چىقىشتىكى بىردىنبىر يول ئۆملىشىش، ئىتتىپاقلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ:

قەۋمى ھەپتاددۇ مىللەت كى زەلىلى سۇلھ ئۇچۇن،
ئاشنالىغ ئەيلەگىل يىسار ناچار ئولمىشەم.

دەپ يازغانىدى. ئۆمۈر بويى خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، مىللەتنىڭ بەختسىز قىسمەتلىرىگە قايغۇرۇپ، ھەقىقەت ۋە چىقىش يولى ئىزدەپ، بىرەر يورۇقلۇقنى تاپالمىغان شائىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىج-تىمائىي تەرەققىياتى يۇكسىلىپ، مەدەنىيەت راۋاج تاپقان قاراخا-

نىيلار ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ پارلاق ئۆتمۈش دەۋرلىرىگە ھەم بۇ بەختلىك پارلاق دەۋرلەرنى يارىتىشتا رول ئوينىغان دانا، پاراسەتلىك خاقان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، سەئىدخان، ئابدۇرەشىد خانلارنىڭ روھىغا چوڭقۇر سېغىنىدۇ. شائىر بىر ياقتىن، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارغا دۆلەت، ۋەتەن، مىللەت، سىياسىي چۈشەنچىلىرى ۋە ئېڭىنى ئاتا قىلغان بۇ ئۇلۇغ تارىخىي سىمالارنىڭ روھىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت تىلەيدۇ. يەنە بىر ياقتىن، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئېستېتىك ئىدىيەئال يولىدىن مېڭىپ، ھۆكۈمدارلارنى ئىسلامچە ئالىي ئەخلاق ـ پەزىلەتكە، ئىنساپ ـ ئادالەتكە چاقىرىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ئەجداد روھىغا تىۋىنىش ئارقىلىق مىللەتكە نىجاتلىق يولى ئىزدەش بىلەن ئەخلاقىي پەند ـ نەسىھەت ئارقىلىق ئادەملەرنى ئىنساپ، ئادالەتكە ئۈندەشتەك ئېستېتىك غايىسىنى «تەزكىرەئى چىھلتەن» ۋە «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شىرىپ بۇزرۇكۋار» ناملىق تەزكىرىۋى لىرو ـ ئېپىك داستانلىرىدا ئەپسانىۋى رىۋايەت سۇژىتى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

زەلىلى «تەزكىرەئى چىھلتەن» دە، ئەرەب ئارىلىدا مۇھەممەت پەيغەمبەر زامانىسىدىن يەركەن خانلىقى خانى ئابدۇرەشىد خان دەۋرىگىچە ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە بۇيرۇقى بىلەن مۇسۇلمانلارغا نىجاتلىق، بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلگەن يەتتە چىھلتەن بىلەن ئۇنىڭ داۋامى بولغان قىرىق بىر چىھلتەننىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىسلام روھى بېغىشلاپ، ھەر خىل بالايىئاپەتلەرنى يوقىتىپ بەرگەنلىكىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ھەم ئىلاھىيلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ. شائىر ئەمەلىيەتتە چىھلتەنلەرنىڭ ئالىي پەزىلىتى ۋە روھىي مەدھىيىلەش ئارقىلىق، خوجىلارنىڭ ساختا ئەۋلىيالىق، تەركىدۇنياچىلىق ھەم زۇلۇملىرىغا نارازى بولۇپ، ئەل ـ يۇرتنى ئازاب ـ ئوقۇبەت، كېسەللىك ۋە ئېزىلىشتىن قوتقۇزىدىغان غايىۋى كۈچنى ئىزدىمەكچى بولىدۇ. قاراخانىيلار ۋە يەركەن

خانلىقى دەۋرىدىكى مىللىي، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت گۈللەنگەن زامانىنى ئەسلەش، سېغىنىش ئارقىلىق، ئۆز دەۋرىگە نارازىلىقنى بىلدۈرىدۇ. «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار» داستانىدا، زەلىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان روھىنىڭ مەدىتىدە ئۇلۇغ ئالىم خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ ئەۋلىيالىق كارامىتىدىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولغانلىقىنى ئەپسانىۋى تۈستە ئىلاھىيلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ. ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى مۇھەممەت شېرىپنىڭ روھىي كامالىتىگە باغلاپ ئۇنىڭ روھىغا سېغىنىدۇ. بۇ ئىككى تەزكىرىدە باشتىن ـ ئاخىر ئىلاھىلاشتۇرۇپ مەدھىيىلەنگەن چىھلتەنلەر روھى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان روھى ۋە خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ ئەۋلىيالىق كارامىتى زەلىلىنىڭ پەلسەپە دۇنيا قارىشىدىكى سوپىزملىق ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن شائىرنىڭ ئۇ ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان ئىجتىمائىي ئېستېتىك غايىسى ۋە سىياسىي خاھىشىدىن ئالغاندا، شائىر يۇقىرىقىدەك تېما، ئوبرازلار ئارقىلىق دەۋردىن شىكايەت قىلىدۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، ئىجتىمائىي هايات كەيپىياتىغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ تەلپى، دەرد ـ ھەسرىتى ۋە بەختىگە بولغان تەشنالىقىنى كۆچلۈك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىر ئۆمۈر خەلق تۇرمۇشى، ئىنسان هاياتلىقى ۋە مەنىۋى ئازادلىقى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئويلىنىپ ۋە چىقىش يولى ئىزدەپ، ھەر تەرەپكە مۇراجىئەت قىلىپ ياشىغان ئىسيانكار شائىر زەلىلى جاهالەت قوينىدا تېكىرقىغان، بۇرۇقتۇم بولغان، ئۇنىڭغا قارشى تىركەشكەن ھەم كۆچىنىڭ يېتىشچە قارشىلىق بىلدۈرگەنىدى. ئەمما بۇ جەمئىيەت يەنىلا زىددىيەت ئىچىدە مۇڭلۇق ھەم مەستخۇش كېتىۋاتاتتى. شائىرنىڭ ئۆمرى ئاخىرىدىمۇ دۇنيا، هايات ھەققىدىكى ھېسسىياتى خۇددى:

ھەر ئاھ چېكەر بولسام پەلەككە ھەزەرىم بار، ۋاقتى، سەھەر ئېچىدە،
كۆيگەي مەلەك ئالەمى ئوتلۇق شەررىم بار، كۆڭلۈم خەتەر ئېچىدە.

ياكى

سورىما مەندىن نەدەپ قارا كىيدىڭ،
بۇ زەلىلى ھەمىشە ماتەمدە.

دەپ يازغىنىدەك ئىدى. «زەلىلىنىڭ ھەر بىر لىرىك شېئىرى رېئال ھاياتنىڭ شائىر قەلبىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن، يۈرەكلىرىنى زىلزىلىگە سالغان ھاياجانلىق ئىچكى كەچۈرمىشى. بۇ ئىچكى كەچۈرمىش ئۆز دەۋرىدىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشى بولۇپ، شائىر تەرىپىدىن يۇغۇرۇلغان، تەرجىمىھالغا ئايلاندۇرۇلغان، تىپىكلەشتۈرۈلگەن، لىرىك قەھرىمان تەرىپىدىن ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان ئىچكى كەچۈرمىشىدۇر» ①. بۇ شائىرنىڭ قەلبىدىكى كۈچلۈك ئازاب ئېڭى ۋە ھەسرەتلىك پىغانىنىڭ جۇلاسى بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ تارىخىي ۋە ھايات تراگېدىيىسىنى كۆرسەتتى. مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى كرىزىسى ۋە تارىخنىڭ بۇ تراگېدىيىسى تېخى داۋاملاشماقتا ھەم كۈچەيمەكتە ئىدى.

ئەخلاقىي بۇزۇلۇش — بىر مىللەتنىڭ روھىي ئۇيۇشۇش كۈچى، مىللىي ئاڭ ۋە پسىخىك خاراكتېر بۇزۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەنبەسى. كىشىلىك مۇناسىۋەت، كىشىلىك خاراكتېر ۋە ئادەمىيلىك مىزانىنىڭ بۇزۇلۇشى مىللەتنى تارىخىي ھەم مەدەنىيەت پاجىئەسىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا مىللەتنىڭ مەھكۇملۇقى، مىللىي ئاڭ ۋە روھنىڭ تراگېدىيىسى مەلۇم مەنىدە ئەخلاق ۋە

① شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 696 -، 606 - بەتلەر.

ئېتىقاد تراگېدىيىسىدۇر. شۇڭا خوجىلار دەۋرىدىكى ئەدىب ـ شائىرلار بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت پاجىئەسى ۋە ترا- گېدىيىسى ھەققىدە قايغۇرغاندا، ئۇنىڭ مۇھىم مەنبە يىلتىزلىرد- دىن بىرى بولغان پاك ئېتىقاد ۋە ئەخلاق روھىنىڭ تراگېدىيىسد- نى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان. بۇنىڭ خوجىلار دەۋرىدىكى يىرىك ۋەكىلى ئۇلۇغ ئىسلام مۇتەپەككۇرى دىداكتىك شائىر مۇ- ھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى ۋە ئۇنىڭ «كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى» دېگەن ئەسىرىدۇر.

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى (1638 ~ 1730) يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن تاكى ئاپپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى «ئاق تاغلىقلار» نىڭ سىياسىي مەزھەپچى جوڭغار ھۆكۈمرانلىقى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارغا ئېغىر سىياسىي پا- جىئە ئېلىپ كەلگەن، سوپى ـ ئىشانچىلىق پۈتكۈل مەدەنىيەت ساھەسىنى قاپلىغان جاھالەتلىك بىر دەۋردە ياشىدى. بىر ئەسىر- لىك ۋاقىت ئىچىدە، ئۇيغۇرلار ئىچكى ـ تاشقى ئۇرۇش، يېغد- لىق، زىددىيەت كۈرىشى قايىنىمىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بولسا، مەدەنىيەت روھىيىتى ۋە پسىخىكا جەھەتتە قاتتىق بېكىنمىچىلىك، چۈشكۈنلۈك، تەقدىرچىلىك زەنجىرىدە كىشەنلەنگەنىدى. بۇ دەۋردە فېئودال بەگ ـ ئەمەلدارلار، سوپى ـ ئىشانلار، قازى ـ موللىلار خۇدا، دىن، ئالىيجانابلىقنى نىقاب قىلىپ خەلقنى يوقسۇزلۇق، شۇكرانىلىق ۋە نادانلىققا باشلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى سىياسىي سۈيىقەست، ھوقۇق ـ ئابرۇي كۈرىشى، مال ـ دۇنيا توپلاش، كەيپ ـ ساپا، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرۈش كويىدا ئاۋارە ئىدى. بۇ دەۋر ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى بىلەن ساختا ئىلىم ئىگىسىنى، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنى ئاسان ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولمىغان، ئىنسانىنىڭ روھىيىتى، قەلبى ۋە خاراكتېرى بۇزۇلۇپ، ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇش، چد- رىكلىشىش ئەۋجىگە چىققان دەۋر ئىدى. قەشقەر ۋە بۇخارالاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىستېداتلىق ئىسلام ئالد- مى بولۇپ يېتىشىپ، ئۇزۇن يىل مۇدەررىسلىك قىلغان خاراباتد-

نىڭ كىشىلىك پەزىلىتى، خاراكتېرى، روھىي دۇنياسى جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ۋە روھىيىتى بىلەن، بولۇپمۇ ساختا ئەۋلىياپەرەس سوپى، موللىلار ۋە ساختا ئەخلاق قائىدىلىرى بىلەن، ئۆزىنى نىقابلىۋالغان بەگ، ئەمەلدارلار بىلەن زادى كېلىشەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزىگە «خاراب بولغۇچى» دېگەن مەنىدە «خاراباتى» دەپ ئەدەبىي لەقەم قويغان شائىر 80 ياشلاردىن ئاشقان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ ھاياتلىق تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، ئەخلاق، بىلىم، ئىنسان ۋە مەنىۋى كامالەت ھەققىدىكى ئەخلاقىي ئېستېتىك قاراشلىرىنى «كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى» دېگەن پەلسەپىۋى دىداكتىك ئەسىرىگە مۇجەسسەملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن مال- مۈلكىنى يېتىم، مۇساپىرلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ئۆزى تەركىدۇنياچىلىق ۋە ئىستىقامەتتە ياشاپ ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇردى.

خاراباتىنىڭ «كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى» ① ناملىق ئەسىرىدە، كىشىلىك ھاياتلىقنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكى بىلەن يامانلىق، رەزىللىك، خۇنۇكلۇك ھەم ساختىلىقىنىڭ ئىچكى بىردەكلىكى، ئىنسانىنىڭ شەخسىي ئەخلاقى ۋە روھىي تاكامۇللۇقى بىلەن جەمئىيەت ۋە خەلقنىڭ ئومۇمىي بەخت - سائادىتى، تەرەققىياتى مەسىلىلىرى ئىسلام دىنى دۇنيا قارىشى مەيدانىدا تۇرۇپ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

ئەخلاق ئىنسانىيەت مەرىپەت روھىنىڭ قەدىمىي ۋە مۇھىم فورمىلىرىدىن بىرى. ئۇ بىر مىللەت، بىر قەبىلە ۋە بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەر كوللېكتىپىنىڭ مۇناسىۋىتى، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا ئىپادىلىنىدىغان ۋە ئەمەل قىلىنىدىغان كىشىلىك ھەرىكەت قېلىپلىرى، قائىدە - پرىنسىپلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنىۋى ساپا دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنسان مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇساپىسىدا، ھەربىر ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرى ئۆز ئالدىغا بىر ئاڭ ۋە ھەرىكەت

---

① مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى: «كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

قېلىپىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە دىنىي ئىدېـ
ئولوگىيە ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنـ
لاردىكى مېھرى ـ شەپقەت، خالىس ياردەم قىلىش، قەلب گۈزەلـ
لىكى بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ قانۇنى بولۇپ خىزمەت
قىلغان.

ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ شەرق مۇسۇلمان دۇنياسى، جۇمـ
لىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى، مۇتەـ
پەككۇرلىرى، كلاسسىك ئەدىب ـ شائىرلار ئەخلاقنى ئىجتىمائىي
ۋە ئېستېتىك غايە تەشەببۇسى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار
ئىنساندىكى ئەقىل، بىلىم، پاراسەت بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەت،
دوستانىلىك، سەمىمىيەت، ۋاپا ۋە قەلبىنىڭ گۈزەللىكىنى جېپـ
سىلاشتۇرۇپ قارىغان. ئۇنى ئىنساننىڭ مەنىۋى تاكامۇللۇقى،
بىر جەمئىيەتنىڭ تىنچ، باياشات بولۇشىدىكى مەنىۋى ئاساس دەپ
قارىغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، ئىجتىـ
مائىي ئەخلاقىي تەشەببۇسلار كۆپىنچە ئىسلام دىنىدىكى باقىي
دۇنيادىكى «جەننەت» ۋە «دوزاخ» چۈشەنچىسى بىلەن «ئاللا
ئالدىدا ھەممە ئادەم تەڭ باراۋەر» چۈشەنچىسى ئارقىلىق، كىشىـ
لەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ شەپقەت، ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت،
ئۆزئارا قەدىر ـ قىممەت ۋە ئىززەتنى، ئەپۇچانلىق ۋە قەلبى
پاكلىقنى تەۋسىيە قىلغان. ئەخلاقىي گۈزەللىكنى «ئىمان»،
«ئېتىقاد» نىڭ ئىپادىلىنىشىگە ئايلاندۇرغان.

خاراباتى ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تارقاتقان
سوپىزم ـ تەركىدۇنياچىلىق، ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ ئېغىر زىيانـ
كەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەخلاقىي ۋە روھىي
كەيپىياتىدا كۆرۈلگەن ئېغىر بۇزۇلۇش ۋە چىرىكلىشىشنى قاتتىق
پاش قىلىدۇ. شائىر دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ ئىمان، ئېتىقاد
ھەم ۋىجداننى مال ـ دۇنياغا، ھوقۇق ـ ئابرۇيغا سېتىپ جان
باقىدىغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەخلاق ـ ئالىيجانابلىق كۈرسىدىن
ئورۇن ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ ياشايدىغان ھارامخور، كاززاپ، سۇخەنـ
چى، فېئودال بەگلەر، سوپى ـ زاھىدلار، تاماخور، دۇنياپەرەس،
ئابرۇيپەرەس ئادەملەرگە قاتتىق نەپرەت بىلدۈرىدۇ.

شائىر بۇ دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ نام ـ مەنپەئەت تاماسىدا ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇشىنىڭ ئېغىرلىقىنى:

هەممىسى بىر ـ بىرىنىڭ قەسدىدەدۇر،
تىغ زەھەر ئالۇر ھەم دەستىدەدۇر.
... ... ... ...... ... ... ...
خاھى باي، خاھى گادايۇ شاھ ھەممە،
خاھى، شەيخۇسۇفى موللا ھەممە.
خاھى قازى، موفتى، خاھى مۇھتەسىب،
ئىستىمەس ھەرگىز ھالالەتتىن نەسىب.

دەپ بايان قىلسا، ھالال ـ ھارامنى، ياخشى ـ يامانىنى ئايرىمايدىغان، نەپسىنىڭ قۇلى بولۇپ شەرم ـ ھايانى ئۇنتۇغان، تەكەببۇر، ساختىپەز، ئادىمىيلىكنى يوقاتقان بەگ ـ ئەمەلدارلار تەبىقىسى بىلەن سوپى ـ ئىشانلار ئۇستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىدۇ:

قۇل قىلىپدۇر بارچەنى ئەپسۇن بىلەن،
پەرۋىش ئەيلەبدۇر ھەم ئەپيۇن بىلەن.
سوپى گەر ئامى ئىرۇر ئەيياردۇر،
مال جەمئى ئەيلەرگە ئول تەيياردۇر.
سوپى گەر ئامىدۇر ئول غەۋغا قىلۇر،
ھەر ئىشىكتە ئۆزىنى رەسۋا قىلۇر.
ئامى سوفى تۇن، كۇن پەرياد ئېتەر،
بىردەرەم بەرسەكىم كۆڭلىنى شاد ئېتەر.

خاراباتى ئىنساندىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدە كۆزىتىپ، يامانلىقتىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەت ئارقىلىق ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق، مېھىر ـ شەپقەت قىلىشقا، ھالال ئەجىر ـ مېھنىتى بەدىلىگە ياشاشقا چاقىرىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ قەستىدە بولۇش ۋە نەپسىنىڭ قۇلى

بولۇشنىڭ، روھىي يىمىرىلىش ۋە چىرىكلىكنىڭ مىللەتنى خار-لىق ۋە ھالاكەت گىردابىغا ئىلىپ بارىدىغان ئاپەت ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

مەقسىتى خەلق ئىچىدە تاپماق ئىززىتى،
شۇل زەمان بەرباد كەتكەي مىللىتى.

شـائىر خاراباتى ساختا ئېتىقاد، ساختا ئەۋلىياچىلىق ۋە ساختا ئەخلاقلار يامراپ، كىشىلەر خاراكتېرىنى بەكمۇ ياتلاشتۇ-رۇۋەتكەن بىر چاغدا، خۇداغا پايدا - مەنپەئەت ئۈچۈن مەقسەتلىك قۇلچىلىق قىلىشنى «جاھاندارچىلىق يولى» قىلىۋالغان ئادەم-لەرگە، خەلق ۋە مىللەتنىڭ غېمىنى يېيىشنىڭ خۇدانىڭ پەرزىنى ئـادا قىلىشتىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

فەرزى خەلقنى قىلغايسەن ئەۋۋەل ئەدا،
فەرزى ھەقنى قىلغايسەن ئاندىن بەجا.

خاراباتى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىسلام ئۆلىماسى ئىكەنلىكىگە قارىماي، خوجىلار دەۋرىدىكى مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇ-بىتىگە قايغۇرۇپ، خۇدانىڭ ئەمرىدىن خەلقنىڭ پەرزىنى يۇقىرى دەپ بىلگەن. بۇ تۇيەيلىدىن ئاللانىڭ جازاسىغىمۇ تەييار ئىكەنلى-كىنى ئېيتىدۇ:

فەنىھ قىل بۇ يولنى ئەي فەتتاھى باب،
ئۆتتى ئۆمرۇم فىسق ئىسيان بىرلە خاب.
يۈرەك يۈز يەردە ئىسياندىن جاراھەت،
خاراباتىغا قىل لۇتغۇ ئىناپەت.
... ... ... ...... ... ... ...
كىشى قىلسا شىكايەت گەر بالادىن،
ئاڭا رەھمەت نىچۈك بولغاي خۇدادىن.

خۇدايا بارچىغا بەرسەڭ دەۋانى،
خاراباتىغا بەر چەندان بالانى.

بۇ مىسرالاردىن، شائىر خاراباتىنىڭ خەلق ۋە مىللەتنىڭ ئېغىر قىسمىتىگە قاتتىق قايغۇرۇپ غېمىنى يېگەن ئالىيجاناب خاراكتېرىنى، بۇرچ ـ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى، فېئودالىزم ۋە روھىي ئىلاھىيەتچىلىككە قارشى ئىسيانكارانە روھىنى كۆرىمىز. شائىر بۇ دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىل مىجەز خاراك- تېرى ھەم خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆزىتىپ، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ، ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتى بىلەن قەلب ـ روھىنىڭ، ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ، بىلىم بىلەن ئىنساننىڭ، ئىقتىدار، پاراسەت ۋە پەزىلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، بىلىم، پاراسەت، ئەخلاق بى- لەن ئادالەت، باراۋەرلىكنىڭ بىر- بىرىگە قارىتا رول ئوينايدىغان- لىقىنى ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئادەملەرنى ئىلىمنى ئۇلۇغ- لاپ ۋە ئۆگىنىپ، ئەقىل ۋە پاراسىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ھالال ۋە توغرا ياشاشقا، بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇپ راستچىل، سەمىمىي، ئادىل مۇئامىلە قىلىپ، ئادالەت ھەققانى- يىتىنى كۈچەيتىشكە، دىلى بىلەن تىلى بىردەك بولۇشقا، قۇ- رۇق، مەنىسىز سۆزنى ئاز قىلىپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قى- لىشقا، ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قەدرىنى بىلىشكە چاقىرى- دۇ. ئۆز دەۋرى ۋە كىشىلىرىنىڭ ئەخلاق روھىيىتىنى بەكمۇ ئېنىق تونۇپ يەتكەن ئالىم خاراباتى «كۇللىيات مەسنىۋى خارابا- تى» ناملىق بۇ زور ھەجىملىك سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلا- قىي، تەنقىدىي ئەسىرىدە، خوجىلار زامانىسىدىكى جەمئىيەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېر- پسىخىكىسىنى، بۇ روھىيەت پسىخىكى- سىنىڭ تارىخىي پاجىئەسىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ئىجتىمائىي تەشەببۇسلار ئۆز دەۋرىگە قىلغان بىر ئىسيانكار خىتاب ۋە چاقىرىق بولۇپ مەلۇم رول ئوينىغان بولسى-

مۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئېڭى، مەدەنىيەت روھى ۋە مىللىي ئېڭىدىكى تۈنجۇقۇش، كەمتۈكلۈك پەيدا قىلغان مىللەتنىڭ ئو-مۇمىي ھاياتلىق كرىزىسى ۋە مىللەت تراگېدىيىسى تېخىمۇ كۈچە-يىپ ۋە كەسكىنلىشىپ ئەۋجىگە چىقىش باسقۇچىغا كىرمەكتە ئىدى.

## 3. يېقىنقى زامان تراگېدىيىسىدىكى يۈكسەك-لىك: مۇھەببەت، ئۆلۈم ۋە ئەركىنلىك

XVIII، XIX ئەسىرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە پسىخىك روھىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن دەۋردۇر.

شىنجاڭدا بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن جاھالەتلىك خوجىلار ۋە جۇڭغارلارنىڭ سىياسىي ئىستىبدات ھۆ-كۈمرانلىقى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن 1759 ـ يىللىرى ئاغدۇ-رۇلۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇ-شىغا ئۆتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتى-سادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا قىسقىغىنا ۋاقىت تىنچلىنىش ۋە ياخشىلىنىشلار كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چىڭ سۇلا-لىسىنىڭ شىنجاڭدىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق ھۆكۈمرانلىرى ئۇي-غۇرلارنى خوجىلار زامانىسىدىكى سوپى- ئىشانچىلىق، تەركىدۇن-ياچىلىق، روھىي قۇللۇق پاتقىقىدىن ئوچۇقتىن - ئوچۇق مىل-لىي كەمسىتىلىدىغان، ھاقارەتلىنىدىغان، يۈرەكنى لەختە قىلى-دىغان سىنىپىي، مىللىي زۇلۇم دوزىخىغا تاشلىغانىدى.

خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەسەۋۋۇپ سوپىزمىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەرىقىتىنىڭ روھىي كى-شەنلىرىدە بوغۇلۇپ، مەستخۇش ياكى يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالدا

ئىدى. ئۇلار جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك، ئىززەت ـ غۇرۇرىنىڭ خارلىنىش ۋە ھاقارەتلىنىشلىرىگە قەلبىدە نارازى بولۇۋاتسىمۇ، يەنىلا سوپىزمنىڭ چۈشكۈن، تەقدىرچىلىك ئىدىيىسىنى ئۆزلىرىگە مەنىۋى تەسەللى بېرىدىغان دورا مەلھىمى دەپ بىلىپ، نەشە ـ ئەپيۇن بىلەن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، روھىنى خۇداغا باغلاپ سۈكۈت قىلىپ، سەۋر ھەم ئازابىنى كۆتۈرۈش كۈچىنى چېنىقتۇرۇپ كەلگەنىدى. بىر ئەسىردىن كۆپ ۋاقىت جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ھاياتلىق پاجىئەلىرى بىلەن قوشۇلۇپ چوڭايغان مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ يىرىڭلىق يارا تالاي بەختسىزلەرنىڭ غېرىبسىنىش، چۈشكۈنلىشىش ۋە روھىي ئىسيانى ئىچىدە بارغانسېرى پىشىپ ئېغىز ئېچىشقا ئاز قالغانىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي مەمۇرىي ھۆكۈمرانلىرى ئۆز ئۇلىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دەسلەپ مەلۇم ئىجابىي كۆرۈنۈشتە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە شىنجاڭ جەمئىيىتىدە مەلۇم رول ئوينىغان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى بۇرۇندىن قالغان يەرلىك بەگ ـ ئەمەلدارلار ۋە دىنىي فېئودال كۈچلەرنى يۆلەپ چىقىرىپ ئۇلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان ـ سېلىق، سىياسىي زۇلۇمنى ئېغىرلاشتۇردى. بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ دىنىي ئېڭىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى نادانلىق، جاھىلىيەت، قاششاقلىققا ئىتتىرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خوجىلار زامانىسىدا «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق»لار مەزھەپچىلىك، يۇرتۋازلىق، تەپرىقىچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى ئىچكى زىددىيەت ۋە ئاداۋەتكە سېلىپ، ئەسلىدىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىنى مىسلىسىز دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى دۇچ كەلگەن ئېغىر كىرىزىس XIX ئەسىرلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئېغىرلىشىپ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى ھايات ـ مامات دوقمۇشىغا چىقىپ قالدى. ھىرقى-

تى، زەلىلى ۋە خاراباتى قاتارلىق ئىلىم ئىگىلىرى ئۆز ئىجادىيەت-
لىرىدە يەركەن خانلىقى ۋە خوجىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئازاب ئېڭى، ئىنسان گۈزەللىكى، رېئال ھايات قىممىتى ھەم
ئىنسانىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى مىللەت روھىيىتىنىڭ پاجىئەلى-
رىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇ دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئاڭ،
مىللەت چۈشەنچىسى يەنىلا مەۋھۇم ۋە تۇتۇق بولۇپ، دىنىي ئاڭ
يەنىلا ئاساسلىق ۋە ئۇستۇن ئورۇندا تۇراتتى.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى مىللىي ئورتاق گەۋدە سۇ-
پىتىدە ئويلانماي، بەلكى «ئىسلام مىللىتى» گەۋدىسىدە قارايت-
تى. شۇڭا مېھىر - شەپقەتچىلىك، ئەپۇچانلىق، تىنچ - خاتىر-
جەم، سەۋر قىلىش ئىدىيىسى بىلەن «مۇسۇلمان دۇنياسى» كۆز
قارىشى بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ سۇسلۇقى-
نى، ئەكسىچە ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئېڭىنىڭ كۈچلۈك-
لىكىنى، ھەددىدىن زىيادە «كەڭ قورساقلىق»، «ئىنسانپەر-
ۋەرلىك» ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرگەن. خوجىلارنىڭ «خۇدا»،
«دىن» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سىياسىي قارا نىيىتى ۋە مەنپە-
ئەتلىرى ئۈچۈن خەلقنى تەپرىقىچىلىق، ئاداۋەت ھەم ئىچكى
يېغىلىقلىقا سالغاندا بولسۇن، جۇڭغارلار بىلەن تىلىنى بىر قى-
لىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى پاجىئەلىك دەپنە قىلىپ، خەلقنى قۇل
قىلىپ بەرگەندە بولسۇن ياكى مەنچىڭ ھاكىمىيىتىدە مىللىي
سىياسىي ھاقارەت ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا بولسۇن، ئەنە شۇ
ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمانچە ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە دىنىي ئاڭ يې-
تەكچىلىكىدىكى دۆلەت، جاھان، مىللەت چۈشەنچىسى ئۇلارنىڭ
پاجىئەلىرىنىڭ ئېغىرلىشىپ بېرىشىدا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك
رول ئوينىغانىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت، ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بىلەن مىل-
لەت، خەلق ھەققىدىكى ئېڭى ياكى روھى تارىختا تازا ئايدىڭ

بولمىغان. يېقىنقى زامان تارىخىدا بۇ ئاڭ سوپىزىم ئىلاھىيەتچىلىكى ئېڭى تۆپەيلىدىن تېخىمۇ سۇسلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلاردا تار مەھەللىۋازلىق، بېكىنمىچىلىك، چەتكە قېقىش، ئۆز - ئۆزىنى مەركەز قىلىش، ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى چاغلاشتەك مەنمەنچىلىك ۋە روھىي غالىبىيەتچىلىك قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ ئاڭ ئۇيغۇرلار باشقا ئەل مىللەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرغاندىمۇ، ئىچكى جەھەتتىكى ئۆزئارا ھەمكارلىقتىمۇ ھەر ۋاقىت ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ تۇرغان. ئۇيغۇرلار ئەڭ ئېغىر سىياسىي كرىزىس ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ خىل ئۆزەمچىلىك، مەنمەنچىلىك، روھىي غالىبىيەتچىلىك، مەزھەپچىلىك، ئىرەنسىزلىك پسىخىكىسى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ھەمدەم ئىتتىپاق بولۇپ، بىرلىككە كېلىپ ئۇيۇشۇپ، تەقدىرىنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدىشىگە تۈرتكە بولالمىغان. بۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقنى تۇتۇۋالغان ئىچكى - تاشقى سىياسىي رەزىل كۈچلەر بىرلىشىپ خەلقنى زار - زار قاقشىتىش بەدىلىگە جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈپ، چىرىكلىشىپ ۋە چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن. مېھنەتكەش خەلق ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ شىكايىتىگە قۇلاق سالمىغان، خەلق ئاچ - يالىڭاچلىق، نامراتلىق دەستىدىن، باج - سېلىق ۋە سىياسىي بېسىمنىڭ دەھشىتىدىن، ئۇرۇش، سۇيىقەست ۋە قان ھىدىغا تولغان ۋەھىمىلىك مۇھىتتىن بىزار بولۇپ، ئۆز يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ كەتكەن. دەل مانا مۇشۇنداق كەسكىن زىددىيەتكە تولغان دەۋر مۇھىتى بۇ دەۋردىكى ۋىجدانلىق، ئويغاق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بۇ رېئاللىق ھەققىدىكى كۈچلۈك ئازاب ئېڭىنى قوزغىغان. ئۇلار ئەدەبىياتنى قورال قىلىپ زاماننىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە رېئاللىقنى قاتتىق پاش قىلىپ ۋە شىكايەت قىلىپ، خەلقنى بۇ ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى ئىزدىگەندى.

بۇ دەۋردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى، بىرنەچچە ئەسىردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ «بىز مۇسۇلمان، خۇدانىڭ بەندىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىلى، ھەممە ئىشلىرىمىزغا ئاللا كېپىل» دەپ قارايدىغان ئۆزىنى ئېسىل چاغلاش ۋە چوڭ تۇتۇش پسىخىكىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. تەركىدۇنياچىلىق، سوپى - زاھىدلىق، روھىي تەسەللىچىلىك ۋە فېئودالىزمنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ، ئەخلاق پاجىئەلىرىگە، شۇنداقلا سىياسىي زۇلۇم، تەڭسىزلىك ۋە خورلۇققا كەسكىن قارشىلىق بىلدۈرۈش، ھايات - ماماتلىق كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى بارا - بارا تونۇپ يېتىشكە باشلىغان ئىدى. شۇڭلاشقا چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ياشىغان قەلەندەر، نىزارى، غېرىبى، موللا بىلال قاتارلىق ئۇيغۇر ئىلىم ئەھلىلىرى، ئەدىب - شائىرلىرى مۇھەببەت، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۇرۇش، ئۆلۈم تېمىلىرىنى تەسۋىرلەگەندە دەل مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق سىياسىي ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇن رامكىسىغا قارشى خەلقنىڭ بارغانسېرى ئويغىنىۋاتقان مىللىي ئېڭى، ئىسيانكارلىق روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

بۇ دەۋردىكى شائىر قەلەندەرنىڭ ئىسيانكار غەزەللىرى، ئۇلۇغ ئالىم مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجىكان» دېگەن ئەسەرلىرى، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى»، غېرىبىنىڭ «مەھزۇنۇل ۋائىزىن» (مۇڭلۇق ۋەزىنلەر)، موللا بىلالنىڭ مۇڭلۇق غەزەللىرى بىلەن «چاڭموزا يۈسۈپخان»، «غازات دەرمۈلكى چىن»، «نۇزۇگۇم» ئەسەرلىرى، ئايازنىڭ «شەرھىي شىكەستە» (قەلب يارا بولغانلىقىنىڭ بايانى)، دىلبەر دورغىنىڭ «مەزلۇملار ئاھى»، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانى ۋە موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق تارىخىي ھېكايە ۋە داستان - غەزەللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچەيگەن ئازاب ئېڭى ۋە

ئۆلۇمدىن ھالقىغان ئىنسىيانكارلىق روھىنى ئەڭ تەسىرلىك ئىپا-دىلەپ بەرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردۇر.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ( 1725 ~ 1848 ) نىڭ «تەزكى-رەئى ئەزىزان» ، «تەزكىرەئى خوجىكان» بىلەن موللا موسا ساي-رامى ( 1836 ~ 1917 ) نىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق تارى-خىي تەزكىرىلىرىدە، ئاپپاق خوجا، بورھانىدىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يەركەن خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن مىسلىسىز بالايىئاپەتلىرىنى، ئۇلار-نىڭ رەزىل ماھىيىتىنى، شۇنداقلا مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ سى-ياسىي ئېكسپلاتاتسىيىسىنى ئىنتايىن كەڭ، چوڭقۇر كۆرسى-تىپ بەرگەن ۋە ئۇلار گىرىپتار قىلىغان مىللەتنىڭ پاجىئەسىدىن ئېچىنىپ، ھەسرەت بىلەن شىكايەت قىلغاندى. ئۇلار «ئاق تاغلىق» ، «قارا تاغلىق» لارنىڭ خەلقىمىزنى تەپرىقىچىلىق، ئۆچ - ئاداۋەت پاتقىقىغا سۆرەپ كىرگەنلىكى ۋە مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئېلىپ كەلگەن ئېغىر بالايىئاپەت ھەم كۆل-پەتلەرگە قايغۇرغان ھالدا، خەلقنىڭ نادانلىقىنىڭ ئاقىۋەتلىرى ئارقىلىق ئۇلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈشنى تەۋسىيە قىلدى.

خوجىلار ۋە جۇڭغارلار دەۋرىدىن مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر، ئۇيغۇرلار ھاياتلىق - ھالاكەت ئارىسىدا، ۋەھىمە - تەھدىت ۋە ئەندىشە ئىلكىدە، غېرىبسىنىش، قايغۇ - ئەلەملەر، تىركىشىش ۋە قارشىلىق ئىچىدە ئۆتتى. شۇڭا تارى-خىي، ئىجتىمائىي پاجىئەلەرگە ئەگىشىپ كۆچەيگەن شەخسنىڭ تراگېدىيە ئېڭى، مۇھەببەت، ئەخلاق پاجىئەسى پەيدا قىلغان تراگېدىيىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق، مەۋجۇتلۇق ھەققىدىكى ترا-گېدىيە روھىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇيغۇر پىسخىكىسى ۋە مەدە-نىيەت روھىيىتىدىكى تراگېدىيىلىك ئاڭ رېئاللىقتىكى پاجىئە ۋە تراگېدىيىلىك ھادىسىلەر بىلەن بىرلىشىپ، بەزىدە ئازاب ئېڭى بىلەن مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى كۆچەيتسە، بەزىدە مۇھەببەت ۋە ئىجتىمائىي تراگېدىيىلەر مۇھەببەت ئېڭى بىلەن ئازاب ئېڭىنى ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇپ، ئالمىشىپ ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل

ئېستېتىك ئالاھىدىلىكنى ياراتتى.

بۇ دەۋردە ياشىغان لىرىك شائىر قەلەندەر (XIX ئەسىر) غەزەللىرىدە، سۆيگۈ ـ ئىشق لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ قەلبىدە پەيدا قىلغان ئازاب — ھەسرەتلىك ھېسسىيات ئىچىدە ئۆلۈمگە يۈزلىنىش كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن①. شائىرنىڭ قارىشىچە، چىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھاياتتىنمۇ قىممەتلىك. شائىر مۇنداق يازغان:

ئۆلۈمدىن يوقتۇر زارىم، ۋەلى قورقۇنچۇم ئاندىن،
سەپەر قىلسام بۇ دۇنيادىن مۇھەببەت دەربەدەر بولغاي.

ئۇ سۆيگۈ رىشتى بىلەن بىر جان، بىر تەن بولغاچقا، ئۆلۈشتىن ئەمەس، بەلكى سۆيگۈنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن جۇدا بولۇپ كېتىشىدىنلا ئەندىشە قىلىدۇ. ئەمما شائىر زامان توسالغۇلىرىنىڭ بۇنى چەكلىشىگە قاتتىق نارازى:

مۇنچە ئۆچ بولماق، پەلەك ـ ئىشق ئەھلىگە بىلىم ئىرۇر،
قىسقا قىلدى سۇبھى ۋەسلىن شاھى ھىجراننى ئۇزۇن.

شۇڭا، ئۇ قاتتىق ھەسرەتلەنگەن ھالدا سۆيگۈ بىلەن ئۆلۈمنى ئالماشتۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە ئايلاندۇرۇش تەپەككۇرى بىلەن ئۆزىنىڭ قارشىلىقىنى مۇنداق يازىدۇ:

ئەھلى قەزلۇدانىش ئەھلىگە... دەردۇ ـ ئەلەم،
دون ئېلىن ئالەم ئارا كاھىن رەۋا قىلدى پەلەك.
ئاھ ئوتىدىن تولدى ئالەم بولمىسا يوق ئىردى ئوت،
كۆز ياشىم قويمادىم ھىجرىڭدا دەريا بولمادى.

---

① «قەلەندەر غەزەللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

دېمەك، دۇنيادا ئوت يوق ئىدى، ئاشىقنىڭ ئوتى ئالەمنى قاپلىدى. «ئىشق»، «سۆيگۈ» ئوتىدا كۆزلەردىن تامغان قەترە ـ قەترە ياشلار دەريانى پەيدا قىلدى. بۇ دەريا باشقا نەرسە ئەمەس، سۆيگۈ ئازابىنىڭ، ئاچچىق ھەسرەتلىك تىنىقىنىڭ نەتىـ جىسىدۇر. ئاپپاق خوجا ئالدىدا خىزمەتكار بولۇپ ياشىغان ھىرـ قىتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا سىمۋوللاشقان ئوبـ ـرازلار ئارقىلىق، مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسەتكىنىدە، قەلبىدىكى قاتتىق ئازابلىق كەيپىياتىنى، ئەرـ كىنلىك، يورۇقلۇققا ئىنتىلىشنى مۇھەببەت مەسىلىسىگە يۇكلىـ گەن. نەۋبەتى، مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ مۇھەببەت غەزەلـ لىرىدىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئازابنى مۇھەببەتكە ئالماشتۇرۇپ، مۇھەببەتنى ئازابقا ۋەكىللىك قىلدۇرۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ سىياـ سىي، ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن ئىدى.

XVIII، XIX ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىنتايىن گەۋدىـ لىك دەۋر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ دەۋر ئىجادىيىتىدە مۇھەبـ بەت، ئۆلۈم ۋە ئۇرۇش تېمىلىرى گىرەلىشىپ، مۇشۇ دەۋردىكى مىللەتنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي پاجىئەلىرىنى ئىنتايىن مۇڭـ لۇق ھەسرەتلىك كەيپىيات ئىچىدە ئىنكاس قىلىپ بەردى. مەيلى مۇھەببەت تراگېدىيىسى بولسۇن ياكى رېئال ئىجتىمائىي ھادىسىـ لەرنى تېما قىلغان ئەسەرلەردە بولسۇن، دەۋر پاجىئەلىرى تۇغقان كۈچلۈك ئازاب ئېڭى بۇ ئەسەرلەردىكى تراگېدىيىلىك ئاڭ ۋە روھنى يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلدى. مەيلى لىرىك شېئىرىيەت، داستان ياكى تەزكىرىۋى ھېكايە، تارىخشۇناسلىق ئەسەرلىرى بولسۇن مۇھەببەت، ئۆلۈم ۋە ئۇرۇشنى شۇ كەمگىچە

بولۇپ باقمىغان دەرىجىدە ئاساسىي تېما قىلىپ، مۇڭلۇق، ئازابلىق مېلودىيىدە ئەۋجىگە چىقىرىپ، ئۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئويغىنىش، كۈرەش قىلىش، ئىسيانكارلىق روھىنى نامايان قىلدى. بولۇپمۇ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىلىرى[①]دىن بىز بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئۆلۈم، مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئازاب، ھەسرەتلىك كەيپىيات بىلەن ئۇ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىسيانكارلىق روھىنىڭ مۇجەسسەم ئېستېتىك يۈكسەكلىكى ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمدارلىقىنى بايقايمىز.

ئابدۇرېھىم نىزارى (1756 ～ 1848) ياشىغان مەزگىللەر مانجۇ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە بەگ، خوجا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا خەلق ھايۋاندىن بەتتەر مۇشەققەتلىك تەقدىرگە مۇپتىلا بولغان دەۋر ئىدى، بۇ دەۋردە شائىرنىڭ ھاياتىمۇ كەمبەغەللىك ئىچىدە ئۆتتى. خەلقنىڭ بېشىدىكى كۈلپەت، بالايىئاپەتلەرنى ئۆزى باشتىن كەچۈردى. شۇڭا ھەربىر مىسرالىرىدا خەلققە بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، يېڭى ئەركىن ھاياتنى يارىتىشقا بولغان ئارزۇ ئىنتىلىشلىرىنى، قاراڭغۇ جەمئىيەتكە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى.

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدا، ئابدۇرېھىم نىزارى ئىككى ياشنىڭ سۆيگۈ پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ رەزىللىكىنى، چۈشكۈن ـ چىرىكلىكىنى پاش قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ تۈزۈم شارائىتىدىكى قالاق نىكاھ سودىسىغا ئىسيانكارلىق بىلەن قارشى چىقىپ، ھۆرلۈك ۋە ھەققانىيەتنى ياقلىدى. شائىر ئۆزى مانجۇ ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك غالچىلىرىنىڭ سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى كۈچەيگەن

① «نىزارى داستانلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

مۇھىتتا، ئۆزىنىڭ ئىسيانكارلىق روھىنى ۋە دېموكراتىك تەشەببۇسلىرىنى «رابىيە ـ سەئىدىن»[1] مۇھەببەت تراگېدىيىسىدە ئەكس ئەتتۈردى.

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق: نامرات دېھقان ئىبراھىمنىڭ ئوغلى سەئىدىن ئۆز يېزىسىدىكى پۇلخۇمار، ئاچكۆز باي ياقۇپنىڭ قىزى رابىيەنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ قالىدۇ. رابىيەمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. سەئىدىننىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ مۇھەببەت ئىشقىدا بارغانچە سارغىيىپ، ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ياقۇپنىڭ ئائىلىسىگە بارىدۇ ۋە بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئارزۇسىنى ئېيتىدۇ. ياقۇپ بۇنى ئۆزىگە ھاقارەت دەپ تونۇپ قەتئىي رەت قىلىدۇ، بۇنى ئاڭلاپ سەئىدىن ئىشق ھىجرانىدا غەم ۋە نالە قىلىپ مەجنۇنلارچە سەرسانلىق دەشتكە يول ئالىدۇ. رابىيەنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەن سەئىدىن زامان توسقۇنلىرى ئالدىدا روھى چۈشكۈنلىشىپ پاجىئەلىك ھالدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ياقۇپ بۇ پاجىئەلەرگە قىلچە تەۋرەنمەيدۇ، بەلكى قىزى رابىيەنىڭ قارشىلىقىغا، كۆز ياشلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۇنى پۇلدار باي جابىرغا نىكاھلاپ بېرىدۇ. ئەمما بۇنى ئۆزىگە نومۇس دەپ بىلگەن رابىيە توي كۈنى ئۆيىگە قېچىپ كېلىدۇ. مال- دۇنيانى ئىنساندىن ئەزىز كۆرىدىغان زالىم باي ياقۇپ قىزىنى جابىرنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا قاتتىق مەجبۇرلايدۇ. رابىيە ئۆز ئاشىقى سەئىدىنگە بولغان مۇھەببىتىگە ئاداققىچە ساداقىتىنى ۋە بۇ فېئوداللىق نىكاھ سودىسىغا بولغان قارشىلىقىنى تەلۋىچىك دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىش يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇلۇغ خەلقچىل شائىر

---

① «نىزارى داستانلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

نىزارى رابىيەنىڭ سەئىدنىنىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنىپ يىغلاپ قىلغان ناله ـ زارىنى:

...دەر ئەردىكى تىتىرەپ چۈبادى خازان،
كى ئۆچتى «چىراغىم» نىتەي ئاھ جان.

دەپ بايان قىلسا، رابىيەنىڭ سەئىدنىنىڭ ئىشقىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىدەك پاجىئەنى:

چۈ ئۆلتۈردى ئانداغ قەمەر ئاپتاپ،
كى خاكى زەمىندىن ياپىلدى نىقاپ.

دەپ قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ھالدا ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

داستاندىكى رابىيە ـ سەئىدىن ھايات ـ ئۆلۈمدە، رىيازەت ـ مۇشەققەتلەردە تەڭ تۇرىدىغان ساداقەتمەن ھەقىقىي ئاشىق ـ مەشۇقلار بولۇپ، سۆيگۈنى ئۆلۈمدىن ئۈستۈن دەپ قاراپ، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغ سېھرىي كۈچىنى ۋە مۇقەددەسلىكىنى ئۆلۈم بىلەن نامايان قىلىدۇ. داستاندىكى سەئىدىن سۆيگۈگە سادىق، ئاق كۆڭۈل، مەردانە يىگىت. ئۇ رابىيەنىڭ جەسۇر ئىسيانكارلىقىنى تېخىمۇ يورۇتۇشتا رول ئوينايدىغان پېرسوناژ. ئۇ ئۆز مۇھەببىتىنى ھەتتا شەرم ـ ھايا بىلەن ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ ئېيتالمايدۇ. دادىسى باشقىلاردىن ئۇقۇپ، ئاندىن رابىيەگە ئەلچى بولۇپ ياقۇپنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئۇ رابىيەگە ئېرىشەلمىگەندە كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىدۇ، مازارمۇ مازار سەرگەردانلىقتا يۈرىدۇ. ئۇ رابىيەگە بولغان سۆيگۈ ـ ساداقىتىنى:

تاپالمىسام گەرۋىسالىن ئېينىڭ،
ئېرۇر يەسكى كۆرسەم جامالىن ئېينىڭ.
پەنا بولسام ئاندىن ئىرۇرمەن رىزا،
مېنى ناتاۋانغا ئۆلۇمدىن سازا.

دەپ بىلدۇرىدۇ.

زامان ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزمايدۇ، ئۇ ھەسرەت، ئازاب ئىچىدە ئۆلۇمگە يۇزلىنىدۇ. رابىيە پاك ۋىجدانلىق، سەمىمىي مۇھەببەتكە ۋە ھېسسىياتقا ئىگە قىز. سەئىدىن پاجىئەلىك ھالدا جان ئۇزگەن چاغدا رابىيە ئاشىقىنىڭ ماتىمىگە چىدىماي قالىدۇ. نىزارى بۇ ھالنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ھەمۇل رابىيە كىم ئۇلۇسىدىن نەھان،
تۆكۇپ كۆزلەرىدىن ياش ئورنىدا قان.
دەرىخ، كۆزدىن ئۇچتۇڭ غەرب بۇلبۇلۇم،
خازان بارى يەتتى ئاچىلماي گۇلۇم.
دەر ئەردىكى تىترەپ چۇبادى خازان،
كى ئۆچتى «چىراغىم» نىتەي ئاھ جان.
... ... ... ...... ... ... ...
دىنان ئاشىق ئۆلدى جاھاندىن فەنا،
قاچان كەلگەي ئەمدى ئېنىڭدەك يانا.
كۆزۇم نۇرى كەتتى جاھان بولدى راج،
بەھىلدۇرمەن ئەكىنۇن جان ئەتسە خىراج.

چۇگۇلشەندىن ئولسا يىراق ئەندەلىب،
مەقام ئەتسە زاغۇ ـ زەغەنلەر كېلىپ.
خازان باغ بولماي يەنە سەبزەۋار،

قاچان بۇلبۇل ئەتكەي ئۇنى ئىختىيار.
گۇلۇستانىم ئۆلدى بۇ يەڭلىغ خازان،
ئۇچۇرماققا تاڭ يوق، ياپۇشسا جامان.

ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن رابىيە بۇ ئىستىبدات ھاكىمىيەتىنىڭ فېئوداللىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ھەم ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالىدۇ ھەم بۇ ئۆلۈمنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئايا بۇلبۇلىكى زارئەيلەڭ، بۇ تويىكى بولدى شاھانە،
تەئەججۇپ ئەيلەڭىز ئىشق ئىچرە قىلغان كاربارىمغا.
تاماشا ئەيلەڭىز، بۇ توي ئارا ئى ھۆر غىلمانلار،
پىغانۇ نالەلەر ئەيلەپ كېلىڭ ئەمدى كانارىمغا.
... ... ... ...... ... ... ...
ئايا دەردى ئەھلى ھەسرەتلىك سۆزۈمنى ئەيلەڭىز ئەۋرار،
پۈتۈڭ باشىمغا كەلگەن دەردنى لەۋھى مازارىمغا.

رابىيە ئۆزىنىڭ پاك ۋىجدانىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆلۈمنى «شاھانە توي» دەيدۇ ھەم «بېشىمغا كەلگەن دەردلەرنى قەبرە تېشىمغا پۈتۈڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ. مانا بۇ ئىسيانكار قىزنىڭ مەردانە جەڭگىۋارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

قەدىمكى گرېك رىۋايىتىدىكى ھاراق مۇئەككىلى دىئونسوسىنىڭ تىرىكلىكىدە چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى كۈيلەپ كېيىنكىلەر ئېيتقان «ئۆچكە ناخشىسى» دىن كەلگەن تراگېدىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ ئىنسان ئازابىنى، ھايات ـ ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى تاللاشنى ئىپادىلەپ، بىر خىل يۈكسەكلىكنى جارى قىلغانىدى. مەيلى قەدىمكى ياكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ تراگېدىيىلىرى ياكى شەرىق-

نىڭ تراگېدىيىلىرىدە بولسۇن، ئىنسانىنىڭ ھاياتىدىكى ئازاب، پاجىئەلىرىنى تاشقى شەكىل جەھەتتىنلا تەسۋىرلەپ قالماستىن، بەلكى قەھرىمانىنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرىنى پەيدا قىلغان رەزىل كۈچلەرگە قارشى قەھرىمانلىق روھ، ئىسيانكارلىق روھىنى يۈك- سەك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. گېگېلنىڭ سۆزى بويى- چە ئېيتقاندا: «تراگېدىيە ماھىيەت جەھەتتىن، تۇرمۇشتىكى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە يوقىلىشنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئالىيجانابلىق سەنئىتى، شۇڭا بۇ سەنئەتتە يۈز بې- رىشكە تېگىشلىك بولمىغان بىرەر ئىچىنىشلىق ۋەقە ئارقىلىق پەقەت تەتۈر تەقدىردىن ئىبارەت بولغان ئىش ۋە بەختسىز ۋەقە ئىپادىلىنىپ، بىزنىڭ ھېسداشلىقىمىز قوزغىتىلىدۇ. تراگېدى- يىدىكى ھەقىقىي بالايىئاپەت تراگېدىيە پېرسوناژىنىڭ ئۆزىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق تەرەپلەر بىلەن بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ زىددىيەت توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتتىن ئىبارەت.» ①

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» تراگېدىيىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تراگېدىيىلەر ئىچىدە ئۆزگىچە جەڭگىۋار مۇھەببەت تراگېدىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ XIX ئەسىردىكى فېئودا- لىزم شارائىتىدا مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرىشىپ ئارزۇ- سىغا يېتەلمەي، پاجىئەلىك ئۆلۈمنى نامايان قىلىش ئارقىلىق كۈچلۈك جەڭگىۋارلىق - ئىسيانكارلىقنى تەكىتلەيدۇ. بۇ دەۋردە ياشىغان شائىر نورۇز ئاخۇن زىيائى 1839 - يىلى تۈزگەن «مەھ- زۇنۇل ۋە ئىزىن» (مۇڭلۇق ۋەزىنلەر) ناملىق شېئىرىي دىۋان- دا، 14 يىل زۆھۈرىدىن ھېكىمبەگ ئوردىسىدا كاتىپ بولۇپ كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا يار - يۆلەكسىز ئېغىر كۈنگە قالغانلى- قىدىن مۇڭلانغان شائىر دەۋر ھەققىدىكى ئۆكۈنۈشنى، قايغۇ - ئەلەملىرىنى، بەگ - ئەمەلدارلارغا بولغان ئۆچمەنلىك، نارازىلىق-

---

① جۇگۇاڭچەن: «تراگېدىيە پسىخولوگىيىسى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

نى «مۇڭلۇق ۋەزىن» دېگەن نام ئاستىدا بىلدۈرىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان قەشقەرلىك شائىر تۇردى نازىم غېرىب (1802 ~ 1830 - يىلى) زوھۇرىدىن ھاكىم ئوردىسىدا كاتىپلىق خىزمىتىگە قويۇلغاندىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ھەممە ھايات - كەچۈرمىشىنى «كىتابىي غېرىب» ناملىق دىۋانىدا ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىر غېرىبى فېئوداللىق زۇلۇم، ئېزىش، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە كۆچەيگەن، چىڭ سۇلالىسى بىلەن يەرلىك بەگ - پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىدىن خەلق ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ سەرگەردان بولۇپ قېچىپ، مۇشكۇلچىلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقان بىر چاغدا ياشىغانلىقتىن، ئۆز ئەھۋالىنى:

بار ئىدىم مەن چۇغىر ۋەيرانە ئىشىن،
ھەمىشە ئىلىم ئەھلىگە ھەمنىشىن.
جاھان ئىچىدە غوربەتتىن ھالىم تەغەب،
ئېردى تۇردى ئىسىم غېرىب لەقەب.

دەپ بايان قىلغان. ئۇنىڭ «غېرىبى» دەپ ئەدەبىي لەقەم قويۇشىمۇ تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىدىن قەلبىنىڭ ئىنتايىن غېرىبلىق ھېسسىياتىغا تولغانلىقىدىن ئىدى. بۇ خۇددى XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خوتەندە ياشىغان لىرىك شائىر مەھزۇننىڭ «دىۋان مەھزۇن» ناملىق كۇللىياتىدا سۆيگۇ - مۇھەببەت تېمىسىنى ۋاستە قىلىپ، ئۆزى ياشىغان زامانىنىڭ دەرد - بالالىرىدىن قاتتىق شىكايەت قىلغىنى بىلەن ئوخشايدۇ. «مەھزۇن» (غەمكىن مەنىسىدە) سۆزىنى لەقەب قىلغان شائىر:

نەچارەئى كۆڭلۇ ھەركۇنى يېتەر دەردۇ - بەلا بىزگە،
جەپادىن ئۆزگە ھېچ ئىش يازمادى، تىلىكى قازا بىزگە.
نەسىپ ئەتمىش پەلەك خۇنابەئى ھەسرەتنى غەم بىرلە،
كۆرەرمۇ بادەئى ئىشرەتىن ئول ھەرگىز راۋا بىزگە.

دەپ يېزىپ، زامانىنىڭ جەبىر ـ جاپاسى، ئازاب ـ كۈلپەتلىرىدىن ناله قىلغان ۋە غەمكىن قەلبىنى ئىزهار قىلغانىدى.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھەببەت تېمىسى ياكى تراگېدىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئاندا ـ ساندا ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىپادىلەنسىمۇ، تېگى ـ تەكتىدىن ھەسرەتلىك ئاچچىق خۇرسىنىش، يىغا، قاراڭغۇ ۋەھىمە كۆلەڭگۈسى، بەختسىزلىك كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. مانا بۇلار ئاشىق ـ مەشۇقلارنى مۇراد ـ مەقسىتىگە، ئۆزى ئارزۇ قىلغان مەنزىلگە يەتكۈزمەيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭغا جاۋاب پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ فېئوداللىق تۈزۈم ۋە سىياسەتنىڭ تۇرلۇك توسالغۇ ۋە چەكلىمىلىرى، فېئوداللىق دىنىي قائىدە. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ چەرىكلىكى ۋە بېسىمى ئاستىدا مۇھەببەت ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس، خەلقنىڭ ھاياتىمۇ خۇددى شۇنداق، جەمئىيەتنىڭ بۇ خىل قاراڭغۇلۇقى ئەدەبىي ئەسەردە بەدىئىي ئوبراز ۋە تىپلارغا ئايلىنىپ جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى سۆكىدۇ. بۇ يەردە ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئازابلىق پسىخىك قاتلىمى مۇھىم ئامىل بولۇپ رول ئوينىغان. نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» مۇھەببەت تراگېدىيىسىدە ئىپادىلەنگەن كۈچلۈك ئازاب ئېڭى ۋە ھەسرەتلىك كەيپىياتىمۇ مانا شۇنداق. شۇڭا سىياسىيغا، كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان ئازاب ئېڭى مۇھەببەت ئېڭى ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلالايدۇ.

ھاياتلىق قانچىلىك بەختلىك مۇھەببەتكە تولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ مەڭگۈ بىر خىل مەنىلىك داۋام قىلىۋەرمىگەندەك، كۆرۈنۈشتىكى تىنچلىق، خاتىرجەملىك ۋە شادلىق كەيپىياتى ئەمەلىيەتتە بىر ئۆتكۈنچى ھالەتتىن ئىبارەت، خالاس. ئۇنىڭ ئارقىسىغا جەمئىيەتنىڭ زىددىيەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش ھەقىقىتى يوشۇرۇنغان. ھالبۇكى، ئۇ رەھىم-

سىز ۋەھىمە ۋە تەھدىتكە تولغان ھايات. شۇڭا كلاسسىكلىرىمىز سۆيگۈ - ئىشق تېمىسىدا قەلبىدىكى خۇرسىنىشلارنى ئىپادىلىگەن-دە، ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئەسىرىدە بىر خىل «باھار جۇدۇنلىرى»، تۇمانلىق جۇت - بوران، «جۇدالىق» يوشۇرۇن-غان، «ئىشق»، «مەي» بەزىدە ھەسرەتلىك كەيپىياتتىن قۇتۇ-لۇشنىڭ ۋاسىتىسى بولۇپ تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا ئۇ يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىسيانكار پىكىرلەرنى ئىپادىلەشنىڭ مول، خىلمۇ - خىل ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۇرۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى ھەم ئىستېتىك قۇدرىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بىز رابىيە - سەئىدىنىدەك ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مەردانىلىك بىلەن كۇرىشىپ، ئۆز ھوقۇ-قىنى تەلەپ قىلىپ ئۆلۈشىدىن بىر خىل چۈشكۈنلۈك، ئۈمىد-سىزلىكنى ئەمەس، ئەكسىچە باتۇرلۇق، قارشىلىق ھەم يۈكسەك-لىك ۋە ئۇلۇغۋارلىقنى تېخىمۇ كۆرەلەيمىز. بۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ۋە ھايات - ئۆلۈمنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ئەكس ئېتىشىدۇر.

مۇھەببەت ئىككى بىلەن ئازاب ئېقىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى ۋە بىر - بىرىگە ۋەكىللىك قىلىشى ئارقىلىق ئىنسان تۇرمۇشى ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىسە، ئۇ چاغدا ئىنسان بۇ خىل سىمۋوللۇق ئىپادىلەشتىن رېئاللىققا ئۆتۈپ ئەمەلىي تەدبىر قول-لىنىپ، جاھالەت، زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىنى يىلتىزىدىن گۇمران قىلىش كېرەكلىكىنى ماھىيەت جەھەتتىن چوڭقۇر ھېس قىلى-دۇ. كىشىلەر ھېرادوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا خاتىرلەنگەن مۇنداق بىر ئېغىز سۆزنى بىلىدۇ: ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە قوشۇن باشلاپ ماڭغان ئىمپېراتور سەركەر-دە ئاپرىس پادىشاھى زۇلقەرنەيىن ئۆزى باشلىغان ھەيۋەتلىك زور قوشۇننىڭ گرېتسىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرگەندە ئۆزىنى توختىتىۋالالماي يىغلىۋېتىدۇ. ئۇ تاغىسىغا مۇنداق دەيدۇ: مەن كىشىلىك ھاياتنىڭ قىسقىلىقىدىن يەنە يۈز يىلدىن كېيىن بۇ زور قوشۇندىن بىرەرمۇ ئادەم بۇ دۇنيادا قالمايدىغانلىقىنى ئويلى-

سام بىردىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى مەشھۇر تراگېدى-يىچى شېكسپىر ئۆزىنىڭ تراگېدىيىسىدىكى پېرسوناژنىڭ تىلى-دىن مۇنداق بىر سۆزنى ئېيتىدۇ: «بۇ بىچارە دۇنيا هازىرغا قەدەر ئالتە مىڭ نەچچە يۈز ياشلارغا كىرىپتۇ. بىراق شۇ كەمگىچە بىرەرمۇ ئادەم سۆيگۈ تۈپەيلىدىن ئۆلمەي قالمىدى.» بۇ ئەمەلى-يەتتە شەخسنىڭ سەلتەنەتتى ئالدىدىكى ھەسرەتلىك كەيپىياتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىدى.

ئـۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كلاسسىكلارنىڭ ئازاب ئېكى ئاستا ـ ئاستا غەزەپ يالقۇنلىرىنى ياندۇرۇپ تۇنجۇققان ۋە تىگىرقىغان قەلب ئەمدى ئۆز نىشانىنى قايتا ئىزدەشكە، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىش تەرىپىگە ئۆتمەكتە ئىدى.

كـىـشـىـلـىك هايات مەقسىتىنىڭ قاتلاملىق قۇرۇلمىسىدا شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى كونكرېت ھالدا جەمئى-يەت ئېھتىياجى ۋە شەخسىي ئېھتىياج دەپ بۆلۈنىدۇ. جەمئىيەت مەقسىتى ۋە شەخسىي مەقسەت، ئىجتىمائىي غايە ۋە شەخسىي هايات غايىسى، جەمئىيەت قىممەت نىشانى قاتارلىقلار بىرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ هايات مەقسىتى بىلەن هايات غايىسىمۇ بىر خىل قىممەت نىشانى بولۇپ، مەلۇم مەنىدە ئۆزى ئىنتىلىدىغان، ئارزۇ قىلغان جەمئىيەت تۈزۈمىگە قارىتىلغان ئىجتىمائىي قىم-مەت نىشانى ھېسابلىنىدۇ. هايات پوزىتسىيىسى بىلەن مەجبۇرى-يەت تۇيغۇسى ئەنە شۇ مەقسەت، غايە، قىممەت نىشانىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە كونكرېت تەدبىر ۋە جىد-دىي پوزىتسىيىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ جەرياندا ھەر خىل مۇشكۈل قىيىنچىلىقنى يېڭىپ قان كېچىپ كۈرەش قىلىش، هاياتنى قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ ئادەم ئېڭىدىكى بىر خىل كۈچلۈك ۋولقان، ئويغىنىش، قارشىلىق، ئىسيانكارلىق روھى بولۇپ رول ئوينايدۇ ـ دە، ئادەمنى خىيالىي، مەۋھۇم ئەركىن-لىك ئالەمىدىن ھەقىقىي كۈرەش ۋە قارشىلىق بىلەن ياۋۇزلۇق-تىن قۇتۇلۇش، ئازابنى تۈگىتىش، ئۆلۈم ۋە قان تۆكۈلۈشنى

ئازايتىشقا تىرىشىش يولىغا يېتەكلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر پۈتۈن جەرياندا ئازاب ئېڭى پەيدا بولىدۇ، كۈچىيىدۇ ۋە ئىسيانكارلىقنى يارىتىدۇ.

## 4. ئازابتىن ھالقىش: ئۆرۈش، ئۆلۈم ۋە XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىسيانكارلىق روھ

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يەنە بىر قېتىم زور داۋالغۇش باشلاندى. ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت نادانلىق غەپلىتىدە زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشىغان ئۇيغۇرلار دۇنيادا بولۇۋاتقان سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، ئىنقىلاب ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسىدە ئويغىنىشقا باشلىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا تۆلەم تۆلەش ۋە تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى قاتارلىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە خەلققە باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساقنى چىدىيالمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپەيتىۋەتتى[1].

موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەممىدى» ۋە «تارىخىي ئەمىنىيە» سىدە بايان قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ خەلقىغە سالغان باج ـ سېلىقنىڭ تۈرلىرى كۆپ ۋە ئىنتايىن ئېغىر بولغان. قاتمۇقات باج ـ سېلىق ۋە مىللىي خورلۇققا قارشى 1765 ـ يىللىرى ئۇچتۇرپان خەلقى مەشھۇر «جىگدە يېغىلىقى» نى قوزغىغانىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك باستۇرغاندىن كېيىن چىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە چېرىكلىرىنى بېقىش، ئۇلارغا گازارما، ئولتۇراق ئۆي، قورغان سېلىش ئۈچۈن يۈزمىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىسىنى بىر نەچچە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلغان[2].

---

① موللا مىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

② موللا موسا سايرامى: «تارىخىي ھەممىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاشتىن بۇرۇن، فېئودال بەگلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى 1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ مەشھۇر «جىگدە يېغىلىقى» قوزغىلىڭى، 1815 ـ يىلى قەشقەردە زىياۋۇدۇن خوجا باشچىلىقىدىكى يەرلىك بەگ ـ پومېشچىكلار ۋە چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى، 1763 ـ يىلى ئىلى قوزغىلىڭى قاتارلىق دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەنىدى[1]. بۇ قوزغىلاڭنىڭ بەزىسى دەسلەپ غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ سادda، ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ئىنقىلابقا دانا يول باشچىنىڭ بولمىغانلىقىدىن پاجىئەلىك باستۇرۇلۇپ، نەچچە مىڭلىغان خەلق قىرىۋېتىلدى ۋە سۈرگۈن قىلىندى. چىڭ سۇلالىسى جان تالىشىۋاتقان ئاخىرقى يىللاردا تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. بازاردىكى مال بېجىنىڭ ئېغىرلىقى پۇقرالارنى زار ـ زار قاقشاتتى. باھاسى بىر سەر كۈمۈشلۈك مال ئۈچۈن ئۈچ سەر كۈمۈش باج ئېلىش بەلگىلەندى. بۇلاردىن باشقا «تاپاۋەت بېجى»، «تىجارەت بېجى»، «بىدىكلەر بېجى» دېگەنگە ئوخشاشلارمۇ بار ئىدى[2]. «ئۇيغۇر خەلقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي فېئودالларنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا سىياسىي جەھەتتە ھوقۇقسىز ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى. تۇرمۇشى ئىنتايىن ئازابلىق ئىدى»[3]. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلاشقان چاغدا، جۇڭغارىيە خانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا تەخمىنەن 73 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ جەرياندا ھەر يىلى ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن ئولپاڭ يىغىۋالدى. ئۇلارنى يەنە ھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇرلايتتى. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ يانچى قىلىۋالغانىدى.

---

① ② ③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 286 ـ، 484 ـ بەتلەر.

يېڭى «تەيجى» تەختكە چىققاندا، كونا پۇل ئەمەلدىن قالدۇرۇ-
لۇپ باشقىدىن پۇل قۇيۇلىدۇ دەپ بەلگىلىمە چىقارغاچقا، بۇنىڭ
بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ
نارازىلىقىنى قوزغاپ ئىزچىل قارشىلىق كۆرسەتتى[1]. شىنجاڭدى-
كى سىياسىي، ئىقتىسادىي زۇلۇم ۋە كەمسىتىش ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ يۈرىكىنى قان - زەرداب قىلىۋەتكەچكە، خەلق جاندىن
جاق تويغان، پىچاق سۆڭەككە يەتكەنىدى، سەۋر قاچىسى توشۇپ
پىلتىسىگە ئوت يېقىلغان بومبىغا ئوخشاپ قالغانىدى. بىر تەرەپ-
تىن، چەت ئەللىك دىن تارقاتقۇچىلار ھەم جاھانگىر كۈچلەرنىڭ
دىن، مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى باسمىچىلىقى، يەنە
بىر تەرەپتىن، مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ زوراۋانلىقى
چېكىدىن ئاشقان ۋەزىيەتتە، ئۇيغۇر مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى
يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ كۈرەشكە ئاتلاندى.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ دېھقانلار قوزغى-
لىڭىنىڭ كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇشى، يەرلىك فېئودال-
لارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ چەت ئەل
تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تالان - تاراج قىلىشى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ
جەنۇبىدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت
زور داۋالغۇش مەزگىلىنى باشتىن كەچۈردى.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭدىكى فېئودالىزم زۇل-
مىغا قارشى كۈرەش ۋە ئالۋان - ياساققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى
باشلاندى. 1857 - يىلى قەشقەردە «مىس ئالۋىنى»غا قارشى
كۈرەش، كۇچادا باج - سېلىققا قارشى خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈ-
رۈلدى. بىنەم يەرلەردىن «غەللە - پاراق» بېرىشكە مەجبۇرلاشقا
قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى يەركەن ۋە گۇما دېگەن جايلاردا يۈز
بەردى. 1863 - يىلى ئىلى ئۇيغۇرلىرى سادىر پالۋان باشچىلى-

---

[1] «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 30 - جىلد، 4 -، 5 - بەتلەر.

ـىقىدا ئىلى جىياڭجۈن مەھكىمىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈر-
دى. 1864 - يىلى ئۇيغۇرلار كۇچادا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى
زور كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى[1] . شۇ يىلى ئۇرۇم-
چىدىمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. 7 - ئايدا
گۇچۇڭ خەلقى ئاۋاز قوشتى. مۇشۇ چاغدا ئارقا - ئارقىدىن
يەركەن، يېڭىسار، قەشقەردە قوزغىلاڭ پارتلاپ، 10 - ئاينىڭ
3 - كۈنى ئۇرۇمچى قوزغىلاڭچىلىرى مانجۇ قەلئەسىنى ئىشغال
قىلدى[2] . 11 - ئايدا ئىلىدا ئۇيغۇرلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىپ، 1866 -
يىلى ئىلى كۈرەسىنى ئالدى[3] . دېمەك، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەم-
مىسى خەلق قەلبىدىكى ئازابنى سىغدۇرالماسلىق ۋە ئېكسپىلاتات-
سىيە زۇلمىدىن قۇتۇلۇش، ئىقتىسادىي ھاياتنى ياخشىلاش ئۈ-
چۈن ئىدى. XIX ئەسىردىكى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن جېدەل -
ماجىرالارنىڭ ئاساسلىق بىرى ياقۇپ بەگنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى
تىكلەش يولىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇش- ئاپەت-
لىرى بولۇپ، بۇ خەلقنىڭ قايغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى.
كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى. ياقۇپ بەگ قەشقەرنى
ئې- گىلىۋېلىپ شەھەرنى تالان - تاراج قىلىپ بولغاندىن كېيىن
خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان. «ئېيتىلىشچە، باستۇرۇش ھەرىكى-
تى بەش كېچە - كۈندۈز داۋام قىلىپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرۈل-
گەن[4] . ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان خەلق ئۆي - ماكانىدىن
ئايرىلىپ، بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپلەردە ئاش
ئىزدەپ يۈرۈشكەن. موللا موسا سايرامى كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ
سەۋەبلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىيەنفىڭ

① ② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 7 -، 8 -، 31 -، 32 -، بەتلەر.
③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 343 -، 344 - بەتلەر، «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» 15 -، 17 - جىلد.
④ «سەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى»، 80 - جىلد.

پادىشاھى تەختكە چىققاندىن كېيىن پۇقرالارغا زۇلۇم، جەبىرلەر تولا بولدى» ، «ۋە يەنە نەچچە قىسىم باجلارنى پەيدا قىلدى ۋە ئۆز فۇلى دەپ فۇقرائى - رەيسئىلەردىن فۇل ئالدى ۋە ئاي - ئايدا ئادەم باشىغا قويۇپ ئالدى، چوقا باش دەپ ئاتادى... رەئىيەلەر ئۈستىگە ئالۋان - ياساق، ئۆبالىغا تولا بولدى، ئاراملىق ئەنقا تۇخۇمدەك پىنھان ئۆلدى ۋە تىنچلىق سومۇرغىدەك كىمۋەقاف ئىچرە ۋەتەن تۇتتى... كۆللەن يۇرتدارلىق مۇئەننەتى ئولسە يوق بىچارە، غېرىب يېتىملەرگە قالدى... ئاجىز پۇقرالارنى ئاتانى بالاغە، بالانى ئاتەغە قوشماي، ئۆلاشتۇرماي ئالۋاڭ ياساقا ھەيدىدى. تاقەتلىرى تاق بولۇپ، ئۆل خالىقۇل خەللاھدەرگاھىغە كۆزلەردىن قەتران - قەتران بەلكى دەريا - دەريا ياشلار جان ئاچچىقى ۋە دىل ئاچچىقىدىن رەۋانە ئەيلىدى[1]. دەيدۇ. بۇنداق ئىچىنىشلىق دەۋردە خەلق ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن، بىسىلىپ قېلىپ ئېيتالمىغان غەزەپ - ۋولقانى بىراقلا پارتلاپ، ھەممە يەردە، قىساس، ئۆچمەنلىك، ئىسيانكارلىق ئوتلىرىنى يېقىۋەتتى. ئېرلىن: «ئىجتىمائىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان رۇس خەلقىگە نىسبەتەن ئەدەبىيات بىردىنبىر مۇنبەر. مۇشۇ مۇنبەردە ئۆزلىرىنىڭ غەزەپلىك چۇقانى ھەم ۋىجدان ساداسىنى ئاڭلىتالايدۇ.» [2] دەپ كۆرسەتكىنىدەك، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە چىڭ سۇلالىسى ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى، ئۇرۇش - جەڭلەرنى تېما قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزم كۈچلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسىنى ئىنكاس قىلىپ بەردى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇرۇش تېمىسى قەدىمكى ئېپوس، داستانلار ۋە مەڭگۇ تاش

---

① موللا موسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى» گە قارالسۇن.
② ئېرلىن: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 58 - بەت.

ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا تەسۋىرلىنىپ قەبىلە، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە دەسلەپكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەخلاق، دىداكتىكا، ئادالەت، ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىلىرى ئاساسلىق تېما سۈپىتىدە ئىزچىللىشىپ، ئۇرۇش تېمىسى ئانچە گەۋدىلەنمىگەن. ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا دۇچ كەلگەن بىر مۇنچە مۇرەككەپ كەسكىن زىددىيەتلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇرۇش تېمىسى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇرۇش تېمىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئويغىنىۋاتقان مىللىي ئېڭى ۋە روھىنى، ھېسسىيات، كەيپىيات، خاراكتېر جەھەتتىكى پىسخىك ئۆزگىرىشىنى، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى ئېڭىنىڭ بارغانسېرى ئېچىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدە ئويلانغان ۋەكىللىك ئەسەرلەردىن، يەنى موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە»، موللا بىلال نازىمىنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن»، «نۇزۇگۇم»، «شەرھىي شىكەستە»، موللا ھاجىنىڭ «تەزكىرە تۇل بۇغراخان»، مۇھەممەد سادىق يەركەندىنىڭ «غازات ئەل مۇسلىمىن»، غېرىبىنىڭ «ئەمىر ئالىي»، موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەممىدى» قاتارلىقلاردىن بىز پاك مۇھەببەت، ئادالەت، ھەققانىيەت ئىدىيىسىنىڭ تىز پۈكمەس قەھرىمانلارنىڭ بەختسىزلىكى، مەردانە ئۆلۈمى ئارقىلىق كۈچلۈك ھەسرەتلىك كەيپىياتتا ئىسيانكارلىققا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. مەلۇم مەنىدىن، كۈچلۈك ئازاب ۋە ھەسرەتلىك ھېسسىيات ئىچىدە ئۆلۈم ياكى بەختسىزلىكنى ئىپادىلەپ، تراگېدىيىلىك يۈكسەكلىكنى يارىتىش ھەم جەڭگىۋارلىق، ئۈمىدۋارلىق، ئىسيانكارلىق كەيپىياتىنى تىكلەش يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەسەرلىرىنىڭ تىپىك ئېستېتىك

ئالاھىدىلىكىدۇر.

XIX ئەسىردىكى ۋېنگرىيە شائىرى چاندىر پتوفى 1847 - يىلى شائىر ئالانىنغا يازغان بىر خېتىدە: «ھەقىقىي شېئىر — خەلقنىڭ شېئىرى ... ئەگەر خەلق شېئىرىدا ھۆكۈمرانلىق رولىنى ئوينىسا، ئۇنداقتا خەلقنىڭ سىياسىي جەھەتتىن ھۆكۈمرانلىقتا ئېرىشىدىغان كۈنىمۇ شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. ئەمما بۇ دەل مۇشۇ ئەسىرنىڭ ۋەزىپىسى، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ھەر بىر يۈكسەك قەلب ئىگىسىنىڭ مەقسىتى. مۇنداق كىشىلەر ھەرگىز چەتتە قاراپ تۇرمايدۇ. بىرىنەچچە ئون مىڭلىغان ئادەمنىڭ راھەتلىك كۈن كەچۈرۈشى ۋە بەختتىن ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن مىڭلىغان ئادەم ئازاب چېكىدۇ. مۇشەققەتكە ئۇچرايدۇ، خەلقنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئېسىلزادىلەرنى دوزاخقا تاشلايدۇ.» ① دەپ بەكمۇ توغرا ئېيتقان. خۇددى شۇنىڭدەك ئەڭ زور مەغلۇبىيەت ئىچىدە غەلىبىگە يۈزلىنىشتىن ئىبارەت ئىسيانكارلىق روھ ئۆسۈپ بارىدۇ.

XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئىسيانكار شائىرلىرىدىن موللا بىلال نازىمىنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» (چىن مەملىكىتىدىكى جەڭ) داستانىدىكى سادىر پالۋان، ئابدۇرۇسۇل بەگ قاتارلىقلار بىلەن بىللە قەھرىمانلىق تراگېدىيىسى «نۇزۇگۇم» دىكى ئىسيانكار قىز نۇزۇگۇم، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىدىكى ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسيانكار ئوبرازى ھەقىقەتەنمۇ بۇ دەۋردىكى قالتىس قەھرىمانلىق روھ ئىدى. ئەدەبىيات تېپىغا ئايلانغان بۇنداق قەھرىمانلار ھەتتا كاللا كېسىش مەيدانىدا تۇرۇپمۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە كۈرەش قىلىپ، يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتنى كۈتۈۋالىدۇ. ئۇلار شەخس ئېڭىدىكى قەھرىمانلىق، ئىسيانكارلىق روھى ۋە

---

① «كلاسسىك ئەدەبىيات تەرجىمە مەجمۇئەسى»، 4 - كىتاب، 70 - بەت، خەنزۇچە.

ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپى بىلەن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىدۇ. مانا بۇ يېقىنقى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئۇرۇش، ئۆلۈم تەسۋىرى ئارقىلىق ئازاب ۋە ھەسرەتتىن ھالقىشنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى.

بۇ دەۋردە، كۇچا خەلقىنىڭ مانجۇ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېغىر باج - سېلىق ۋە سىياسىي زۇلمىغا قارشى مەشھۇر «كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى» نىڭ غەلىبىسى ۋە ساۋاقلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئىسيانكارلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇغان داڭلىق شائىرنىڭ بىرى ئاقسۇلۇق موللا شاكىر (1806~1870) ئىدى.

موللا شاكىر مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن يەرلىك فېئودال بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ زۇلمى ۋە بېسىمى دەستىدىن خەلقنىڭ ھالى خارابلىشىپ كەتكەن يىللاردا ياشىغانىدى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ نامرات، يوقسۇزلۇقىدىن مۇساپىرچىلىق دەشتىگە يول ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىلا يۇرتتا ئېغىر ئالۋان - ياساق ۋە مىللىي زۇلۇم قوينىدا ئېڭراپ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەم بۇ ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1864 - يىلىدىكى راشىدىن خوجا باشچىلىق قىلغان كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىنى ھەم ياقۇپ بەگنىڭ بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۆچ ئېلىش قىرغىنچىلىقىنى بىۋاسىتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ خەلق قوزغىلىڭىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، 1866 - يىللىرى 4380 مىسرالىق مەشھۇر لىرو - ئېپىك داستانى «زەپەرنامە» نى يېزىپ چىققانىدى.

موللا شاكىر بۇ داستاندا كۇچا خەلقىنىڭ 1864 - يىلىدىكى مانجۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىرى ۋە يەرلىك بەگ - غوجىلارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بارغان زور كۆلەملىك ئىنقىلابىنى تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ بىرلىك، ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە ئۇنىڭ يېڭىلمەسلىكىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. سايىت ھېكىمبەگدەك ئەمەل - مەنسەپ، پايدا - مەنپەئەت ئۈچۈن ۋىجدان ۋە غۇرۇرىنى ساتىدىغان، بەكمۇ شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس، كاللىسىدا

پۈل ۋە ھوقۇق تەمەسىدىن بۆلەك مىللەت، خەلق ئۇقۇمى بولمىغان، ئەزگۈچىلەرنىڭ مالىيىغا ئايلانغان مىللەتنىڭ ساتقۇن ـ خائىنلىرىنى، ئۇلارنىڭ رەزىل، خۇنۇك، بىچارىلىقىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» ئۇسۇلى بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئارىسىدىكى نادان، ۋىجدانسىز، غۇرۇرسىز جانباقتىلار ۋە ساتقۇنلاردىن پايدىلىنىپ ئېزىشتەك ئەمەلىيەتنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە مانجۇ چېرىكلىرى ئېچىدىكى ئەل ـ يۇرت ۋە مىللەتنى سۆيىدىغان خەلقپەرۋەر ئەمەلدارلار ۋە چېرىكلەرنىڭ مانجۇلار ۋە يەرلىك فېئودال ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زۇلمىغا نارازىلىق ھەم قارشىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مىللىي ئاڭ ۋە ھېسسىياتىنىڭ خېلى ئويغىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ دەۋردىكى يەنە بىر ئىسيانكار شائىر موللا بىلالنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمى «غەزەلىيات»[1]تا، مۇھەببەت ـ سۆيگۈ پەيدا قىلغان ئازابنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھەقىقىي سۆيگۈ ئۆلۈمدىن قىممەت دەپ بۇ يولدا ھاياتنى بېغىشلاش، ئۆلۈشكە بولىدۇ دەپ ئېنىق ئېيتىدۇ. بۇ يەردە شائىر سۆيگۈ بىلەن ئۆلۈم ئادەم ھاياتىنى سىنايدىغان سىناق، ئازابنىڭ ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچى دەپ كۆرسىتىدۇ. سۆيگۈ يولىدا ۋاپا ـ ساداقەتنى ئۇلۇغلايدۇ، دەۋرنىڭ ئۇنىڭغا يول قويمىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئاھ نەيلەي بۇفەلەك قىلدى نىگاردىن جۇدا،
ئەندەلەپ يەڭلىغ بولۇپمەن گۈلئۇزارىمدىن جۇدا.
... ... ... ...... ... ... ...
يىغلاپ يىتور بۇ بىلال بولدۇم گىرىپتارى ئەلەم

[1] موللا بىلال نازىمى: «غەزەلىيات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

غۇنچەۋەش يارى ئىرۇر بۇ دەردەكە دەرمانىم، مېنىڭ.

ئۇنىڭ قەلبىدىكى چوڭقۇر ئازابنى دەۋر ـ جەمئىيەت پەيدا قىلغان. بۇ ئازاب تەبىئىي رەۋىشتە نۇزۇگۇمدا ئۆچمەنلىك ۋە ئىسيانكارلىقنى يېتىلدۈرگەن ھەم كۈرەشكە ئاتلاندۇرغان. دەۋر-دىن نارازىلىق، مەھكۇم ھاياتقا چىدىماسلىق تۇپەيلىدىن كۆچەي-گەن ئازابلىق تۇيغۇ ئەركىنلىك، ھۆرلۇك، ئىنسانىي ھوقۇقتا بولغان تەلپۈنۈش مۇھەببىتىنى كۈچەيتىپ، ئازاب ئارقىلىق بىر خىل ئالاھىدە مەنىدىكى رىشتىنى ئىپادىلەپ، ئۆلۈم ئارقىلىق ھاياتنى قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ ھەم جەڭگىۋارلىق، ئىسيانكارلىق روھىنى يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرىدۇ. شائىر موللا بىلالنىڭ «غا-زات دەر مۇلكى چىن» (چىن مەملىكىتىدىكى جەڭ) ناملىق تارىخىي داستانى ئىلى خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيانكارلىقىنى، زۇلمەتلىك ھايات كەلتۈرۈپ چىقارغان ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشنى ھەقىقىي يورۇتقان ئەسەر. ئەسەردە ئازادلىق، ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىق، ھۆرلۇك ـ تەڭلىك ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش ۋە كۈرەش قەھرىمانلىرى مەدھى-يىلىنىدۇ. موللا بىلالنىڭ ئۆزىمۇ بۇ قېتىمقى كۈرەشكە قاتناش-قان ھەم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تەسىرلەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق بىر ئەسەر يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكەتكە بولغان ئىشتىياق، ھەۋەس، مۇھەببىتىنى ھەم جەڭگىۋار قەلبى-نى نامايان قىلىش ئارزۇسى تۇغۇلغانىدى.

«غازات دەر مۇلكى چىن» داستانى 1875 ـ يىلى يېزىلىشقا باشلاپ، 1876 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىدا پۈتكەن. 1877 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەسلەپكى نۇسخىسى بېسىلغان. 1880 ـ يىل رەسمىي بېسىلغان.

موللا بىلال «غازات دەر مۇلكى چىن» نى يازغاندا شەرق ئەدەبىياتىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلانغان. فىردەۋسى، جامى، نەۋائىلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرى موللا بىلال ئىجادىيىتىگە

ئۇلگە بولغان.

شۇڭا شائىر رېئال ئىنقىلاب تەسۋىرلەنگەن بۇ ئەسەردە، مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتناشقان ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ جەسۇر، ئىنسيانكارلىق روھىنى يورۇتقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بۇ مۇقەددەس كۈرەش روھىنى تەۋسىيە قىلغان. شائىر قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلىدۇ. ئابدۇرۇسۇلبەگ، ئەلاخانلار قوزغىلاڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشەنگەن شەخسلەر. ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر، خەنزۇ خەلقلىرىنىڭ بىرلىشىپ مانجۇ باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھەمكارلىقى چوڭ كۈچنى ياراتقان بولغاچقا، جياڭجۈن ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى بۇزۇش ئۈچۈن بۇرۇنقى ھاكىمبەگ مەزەمخاننى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا مەخسۇس مەدھىيىلەر بىلەن ئەۋەتىدۇ. يەنە بىرى ئەخمەتخان خوجا ئىدى. مەزەمخان فېئوداللار ۋەكىلى بولسا، ئەخمەتخان خوجا ئىسلام دىنىنىڭ رېئاكسيون ۋەكىلىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەلق قەھرىمانى سادىر پالۋانمۇ بۇ داستاندا تەسۋىرلىنىدۇ. مانجۇلارنىڭ كۆپ ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلغان باياندای، كۆرە قەلئەلىرىنى ئېلىشتا سادىرنىڭ قەھرىمانلىقى ئالاھىدە تەسۋىرلىنىدۇ:

تامام دەرد مەندى ئىشتكەي مۇنى،
كۆزدىن ئاقۇزغاي جىگەر قانى.
بىرەۋنىڭ بولۇپتۇر ئاتاسى شەھە،
بولۇپ بەزلەرنىڭ بالاسى شەھە.
بىرەۋ ئايرىلىپتۇر قېرىنداشىدىن،
كى جاندىن ئەزىزراق كۆكەلداشىدىن.
ئىشىتسە دىلى تېز يارا بولۇر،
نەيارا بولۇر، بەلكى پارە بولۇر.

ئازادلىق، قەھرىمانلىق ئۇچۇن يېزىلغان بۇ داستان شائىر-نىڭ ئىنقىلابىي ئىسيانكارلىق روھىنى ھەمدە ئۇنىڭ كۈچلۈك جەڭگىۋار ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇ-ھىم يادىكارلىقتۇر. «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىنىڭ ئىدە-يىۋى جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى شۇكى، يۈكسەك خەلقپەر-ۋەرلىك روھ بىر ئۇزۇلمەس رىشتىگە ئوخشاش داستاننىڭ ھەممە قىسىملىرىغا ئۆتكۈزۈلگەن. شائىر خەلق ئاممىسىنى شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي كۈچى ۋە قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىنى بار-لىققا كەلتۈرگۈچى مۇقەددەس زېمىن سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. بۇ ئۇرۇشتا قەھرىمان سادىر پالۋان نەچچە قېتىم قولغا چۈشۈپ قالسىمۇ ئەپچىللىك بىلەن مەنچىڭ ئىستىبداتلىرى قولىدىن قې-چىپ، ئاخىرى باياندىي سېپىلىنى پارتلىتىپ خەلق قوزغىلىڭى-نىڭ غەلىبىسىگە ئاساس يارىتىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشى بىلەن ئاخىرى قوزغىلاڭ غەلىبىگە ئېرىشسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ياۋۇز چار پادىشاھنىڭ تاجاۋۇزچى گېنېرالى كالپوكوۋسكىنىڭ 1871 - يىلى ئىلىغا بېسىپ كىرىشى سەۋەبىدىن پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. داستاندا يۇقىرىقى پاكىتلار تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا بايان قى-لىنغان. قوزغىلاڭ غەلىبىسىنىڭ ئاساسى ۋە مەغلۇپ بولۇشى-نىڭ سەۋەبلىرى، بۇ جەرياندا خەلق ئاممىسى دۇچ كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلەر تىپىكلەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن، ئەينى دەۋر شارائىتىدا ئىلغار بولغان خەلق-پەرۋەرلىك، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ نامايان قىلىنغان.

موللا بىلال نازىمى رۇسىيىگە چىقىش ھارپىسىدا 1881 - يىلى ۋە 1882 - يىلى «چاڭموزا يۇسۇپخان»، «نۇزۇگۇم» قىسسىسىنى يازدى. ئۇ چاغدا كۆچۈش تەييارلىقىدا يۈرگەن ئە-دىب مەزكۇر ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ غۇلجىدا تارقىتالماي ئورنى-

ـالنى پانتوسوپقا بەرگەن. موللا بىلال نازىمى «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىدا ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ غەلىبىسى، قەھرىمانـ ـلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، «نۈزۈگۇم» دا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىلىرىنىڭ سەزگۈرلۈكى، سۈرگۈندىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتى ۋە مەردانە كۈرەش قىلىش ھەم ئىسيانكارلىق، قىساسكارلىق روھى مەدھىيىلەنگەن.

موللا بىلال 1882 ـ يىلى يازغان ئىسيانكارلىق تېمىسىدىكى «نۈزۈگۇم» داستانىدا، ئۆز قەلبىدىكى غەزەپ ۋولقانلىرىنى ۋە ئىسيانكارلىق ـ قىساس ئوتلىرىنى نۈزۈگۇم ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدى. ئالدى بىلەن نۈزۈگۇم مانجۇ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قەھرىمان جەڭچىسى، باتۇر، جاسارەتلىك، قورقماس، ساپ ۋىجدانلىق ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋەكىلى. ئۇ ئېزىلىش، خورلۇق ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتتىن چەكـ ـسىز ئازابلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىساس ئوتلىرى تېخىمۇ يالقۇنـ ـجايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى ساقلاش، ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورقماي ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئېلىشىدۇ.

نۈزۈگۇم (1800 ~ 1830) خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ قەھرىمانى بولۇپلا قالماي، ھەم تالانتلىق قوشاقچى ئىدى. ئازادـ ـلىق ۋە ئەركىنلىك كۈرەشچىسى نۈزۈگۇم سۈرگۈن جەريانىدا ئېغىر كۈلپەت، دەرد ـ ئەلەملەرگە دۇچ كەلگەن ئەھۋالدا، بۇنداق ھالاكەت يولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈـ ـرەش قىلدى. ئۇ قورقۇمسىزلىق، مەردلىك، ئىسيانكارلىق روھى بىلەن كۈرەش مەيدانىدا:

يالاڭ ئاياغ سۇ كەچتىم،  
تاغنىڭ سۈيىنى ئىچتىم .  
چىدالمىدىم مانجۇ زۇلمىغا،  
ئەزىز جاندىن كەچتىم.

دەپ چۈقان سالدى. داستاننىڭ باش قەھرىمانى نۇزۇگۇم چىك سۇلالىسىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ پىداكار جەڭچىسى. ئۇ قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈردۇ. بەختكە قارشى، فېئودال غوجىلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ قوزغىلاڭنىڭ نىشانىنى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋېتىشى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قانلىق باستۇرۇشى تۈپەيلىدىن خەلق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ، نۇزۇگۇم چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، موڭغۇل ئەمەلدارىنىڭ ئۆيىدە مالايلىق قىلىۋاتقان ئاكىسى ئابدۇقادىرنى تاپىدۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي مۇشۇ ئۆيدىكى مالاي يىگىت باقى بىلەن تونۇشىدۇ. نۇزۇگۇم بىلەن باقى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. لېكىن موڭغۇل ئەمەلدارىنىڭ نۇزۇگۇمغا كۆزى چۈشۈپ، نۇزۇگۇمنى ئېلىش قەستىدە بولىدۇ. نۇزۇگۇم بايغا خوتۇن بولۇشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس ھېسابلاپ، ئۆز ئىپپەت - نومۇسىغا ۋە غۇرۇرىغا قىلچە داغ تەگكۈزمەي، توي كېچىسى ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىدۇ. نۇزۇگۇمنىڭ بۇ خىل ئىسيانكارلىق جاسارىتى ئىلى جياڭجۇنلىرىنىمۇ قاتتىق ساراسىمىگە سالىدۇ، ئۇنى جىددىي تۇتۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈلىدۇ.

مانجۇ چېرىكلىرى مىڭ بىر بالالىقتا نۇزۇگۇمنى تۇتۇپ ماڭغاندىمۇ ئۇ يەنىلا قىلچە باش ئەگمەسلىك روھى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. چېرىكنىڭ «ھە، نېمە بولدى ساڭا؟ ئوغرى ئالمىغان پالازدەك ھەممىنىڭ كەينىدە سۆرۈلۈپ قاپسەن؟ قوزغىلاڭچىمۇ ساڭا ئوخشاش ئۆلۈمتۈك بولامدۇ؟ ياكى سېنىڭمۇ يالغۇز چۆللەردە يىرتقۇچلارغا يەم بولغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟» دېگەن شەپقەتسىز سۆزلىرىگە قارىتا نۇزۇگۇم شۇنداق دەيدۇ: «ھوي، ۋىجدانسىز

ئىپلاس، سەنلەر تىرىك بولدۇڭ ـ يۇ، بىزلەر ئۆلۈمتۈك بولدۇق ـ
ـمۇ؟ بىلىپ قويغىنكى، ئۆلۈمتۈك دەپ سەنلەرنى ئېيتىدۇ.
خاتىرەڭنى جەم قىلىش چۈپىرەندىلەر! ئۆلۈم بىلەن بىزلەرنى
قورقۇتالمايسەن، ساڭا ئوخشاش ئىپلاسلارغا خارۇ زار بولغاندىن
كۆرە ئۆلگەن مىڭ ياخشىراق». ئۇنىڭ بۇ مەردانە سۆزلىرىدىن
سۇرگۇن ئورنىدىكى خەلقنىڭ چېرىكلەرنىڭ ھەيۋىسىدىن، دوق
قىلىشىدىن ھەرگىزمۇ قورقۇپ قالمايدىغان، ھەتتا ئۆلۈمگىمۇ
پىسەنت قىلمايدىغان باتۇرلۇقى، كۈرەشچان ئىرادىسى، ھاقارەتكە
چىداپ تۇرالمايدىغان غۇرۇرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ... نۇزۇگۇم
ياۋنىڭ قىلىچى بېشىغا چېپىلىش ئالدىدا تۇرغان چاغدىمۇ غۇرۇ ـ
رىنى قاتتىق ساقلايدۇ. موللا بىلال نۇزۇگۇم ئوبرازىنى يارىتىش
جەھەتتە، تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىدۇ.
شائىر نۇزۇگۇم ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇنى ۋاپادار ئاشىق سۈپىتىدە
ئەمەس، بەلكى زۇلۇمغا قارشى تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلغۇچى
قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئەدەبىياتىمىزدا ئاياللار ئوبرازى ـ
نى يارىتىش جەھەتتە يېڭى بىر ئۆلگە تىكلىدى. يەنى موللا بىلال
ئاياللار ئوبرازىنى سۆيگۇ ـ ئىشق سەھنىسىدىن جەڭ كۈرەش
سەھنىسىگە يۆتكىدى. نۇزۇگۇم ئۆز غايىسىگە ئاخىرىغىچە سادىق
بولۇپ زۇلۇمغا قارشى تۇردى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قى ـ
لىپ قۇربان بولدى. شۇڭا شائىر داستاننىڭ ئاخىرىدا نۇزۇگۇم ـ
نىڭ بۇ خىل باتۇرانە روھىنى مەدھىيىلەپ:

ئىنىڭدەك بولسا خاتۇنلەر سالىھ، پاك،
بۇ مانجۇلەر زۇلمى ئاڭا نەدۇر باك.
بۇنىڭدەك بولسا خاتۇنلەر پائالى،
تاپار جەننەت بۇزەنلەردىن كامالى.

دەپ يازغان. نۇزۇگۇم ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە، ئازاد ـ

لىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەشكەن قەھرىمان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋەكىلىدۇر.

دېمەك، موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىمى ئۆزىنىڭ ئازادلىق، ھۆرلۈك، مۇستەقىللىقىنى كۈيلىگۈچى جەڭگىۋار ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خەلق قەھرىمانلىرىدىن سادىر پالۋان، نۇزۇگۇمغا ئوخشاش خېلى كۆپ بەدىئىي قەھرىمانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇلارنى مەدھىيىلەيدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىكى ئازاب، ھايات ـ ئۆلۈم كۆرۈنۈشلىرىگە ئايلىنىپ، خەلق ئىنقىلابىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۇرۇش ۋە ئۆلۈم تېمىسىدا بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ فېئودالىزم زۇلمىغا قارشى تۇرۇشى، سىياسىي ئەركىنلىككە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشى ۋە مىللىي روھىنىڭ ئويغىنىشى ئىپادىلەندى. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ھامىلدار قىلدى.

# سەككىزىنچى باب

# ئۆلۈم ئىچى ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ تۈغۈلۈشى

## 1. ئازاب ئىچى ۋە ھايات - ئۆلۈم قارىشىدىكى شەكىلدارلىق

1. دۆلەت ئىستىقبالى ۋە مىللەت تەقدىرى ھەققىدە قايغۇ-رۇش

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىزچىل ھەم گەۋدىلىك ئىدىيىۋى ھېسسىيات دۆلەت، ھاكىمىيەت تەقدىرى ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىنىشتىن ئىبارەت.

ھەربىر دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىر - يازغۇچىلىرىنىڭ كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئازاب ئىچى بىرلىشىپ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىۋى ھالەتتىن رەسمىي خەلق بولۇپ ئۇيۇشۇپ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىگىلىك تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش، مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈ-رۈش يولىدىكى ھەر قېتىملىق قانلىق كۈرەشلەردە خەلقىنىڭ مەغ-لۇپ بولۇشى، چوڭ دائىرىلىك مىللىي كۆچۈشى، ھاكىمىيەت-نىڭ پارچىلىنىشى شۇ دەۋر بىلىم ئەھلىلىرى، بولۇپمۇ ئەدىب - شائىرلارنىڭ ئىچىدا دۆلەت ۋە خەلق تەقدىرى ھەققىدىكى ئازاب ئىچىنى كۈچەيتىۋەتكەن. تارىخىمىزدا ئۆچمەس ئىز قالدۇر-غان تۇنيۇقۇق، ئىلتەرىش قاغان، بىلگە قاغان، سۇتۇق بۇغرا-خان، سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخانغا ئوخشاش دۆلەت ئەربابلىرى-

دىن تارتىپ ئەبۇناسىر فارابى، ھىرقىتى، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا موسا سايرامى، موللا بىلال نازىمى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلىرىمىزغىچە بۇ ئاڭ روشەن ئىپادىلەنگەن. كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تەزكىرىلەردە جاسارەت، مەردانىلىك، باتۇرلۇق تەسۋىرلەنگەندە، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا زاماندىن نارازىلىق، مۇڭ ۋە قارشىلىق ھېسسىياتى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن.

ئازاب ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى، دۆلەت ئىستىقبالى ھەم خەلقنىڭ گۈللىنىشىگە بولغان ئازابلىنىش قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي خاھىشىدۇر. چاغاتاي دەۋرىدىن كېيىن، تەرەققىيپەرۋەر ئەدىب ـ شائىرلار خەلقنىڭ ھاياتى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي ئىشلارغا چوڭقۇر باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق شائىرلار ئوتتۇرا ئەسىردە خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر دۆلەت تەقدىرى ۋە خەلق ئەھۋالى ھەققىدىكى ئېستېتىك ئىدېئاللىرىنى ئازاب ئېڭى بىلەن ئىپادىلىگەنىدى. ئۇنىڭ «سەددى ئىسكەندەرىي» ، «پەرھاد ـ شېرىن» داستانلىرى بىلەن مۇڭلۇق لىرىكىلىرىدا ياراتقان بەدىئىي مۇھىت ھەم ئوتتۇرىغا قويغان گۇمانىستىك ئىدىيە دەل شائىر ئۆزى ياشىغان خۇنۇك رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ئىدى. XVII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىدىن ئابدۇرېھىم نىزارى، غېرىبى، ھىرقىتى، سەلاھى، موللابىلال نازىمى قاتارلىق كلاسسىكلار قەلبىدىكى قىساس يالقۇنىنى، ئۆچمەنلىك، نارازىلىق، غەزەپ ۋولقانىنى بۇ دەۋر پەيدا قىلغان ئازاب ئېڭىغا سىڭدۇرۇپ، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق مۇنەۋۋەر تراگېدىيىلىك ئەسەرلىرىدە دۆلەت ئىستىقبالى، مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشنى گاھى يوشۇرۇن، گاھى ئاشكارا ئىپادىلىدى. سىمۋولىستىك ئىجادىيەت مېتودى، لىرىك سۇبيېكتىنىڭ ئازابلىق كەچمىشى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەردە خەلق-

چىللىق، ۋەتەن سۆيەرلىك ئېقىمى گەۋدىلەندى. كلاسسىكلىرىمىز ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاماقەتلىكىدىن دۆلەتنىڭ مەھكۇم بولۇپ ئەلنىڭ خاراب بولغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ، بۇ ھەسرەتلىك كەيپىيات ئىچىدە ئويلىنىشنى ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندۇردى.

ئىنسان ھاياتلىقى، دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تەلەپلىرىنى ھەمدە قىز - يىگىتلەرنىڭ ئىزگۇ سۆيگۈ ھېسلىرىنى ئازاب ۋە ئۆلۈم ئارقىلىق ئىپادىلەش ئازاب ۋە ھايات - ئۆلۈم تېمىسىنىڭ يەنە بىر ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ خىلدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈرىشى ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى، شادلىق - قايغۇ دەۋرسىزلىكى «سۆيگۈ» ۋە «ئازاب» تېمىسى ئارقىلىق گىرەلىشىپ، «ئۆلۈم»نى نامايان قىلغان. بۇ ئەسەرلەردە مېھنەتكەشلەرنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى بىلەن يۇقىرى قاتلامنىڭ شادلىق - پاراغىتى، قاراڭغۇلۇققا نارازىلىقى، ھەسرەتلىك چۇقانلىرى بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەربىر تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشلار، دەۋر خاراكتېرلىك كۈچەيگەن ئۆزگىرىشلەر، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي بالايىئاپەتلەرگە باغلىق ھالدا بۇ ئاڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملارغا تەرەققىي قىلغان.

2. خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇشكۈللۈكىدىن ئازابلىنىش

ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ۋە قوشاقلىرىدا ھاياتنىڭ ئازابلىقلىقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى خېلى چوڭقۇر تەسۋىرلەنگەن. بىر قىسىم ئەمگەك قوشاقلىرىدا ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاماقەت، يارامسىزلىقىدىن خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت تارتىدىغانلىقى ئىزھار قىلىنغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ خەلق بىلەن شاھ، بەگلەرنىڭ بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىكىرلىرىدە بۇ نۇقتىنى تەكىتلىگەن. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» دىكى داستانلىرىدا بۇ ئىدىيە ھۇسە-

يىن بايقارا ئوردىسىنىڭ چىرىك ماھىيىتىگە قارشى ئېيتىلغان. خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇشكۇللۇكى ھەققىدە ئازابلىنىش ئېڭى ئوت-تۇرا ئەسىردىكى بارلىق قىسمەتنى تەڭرى ھەم تەقدىرگە تاقاپ قويىدىغان ھالەتتىن XVII～XIX ئەسىرلەردە دېھقانلار كۈرىشى تېمى-سىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىسيانكارلىق روھنى ياراتقان. يازغۇچى - شائىرلىرىمىز خەلق كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۆز ئىجادىيىتىدىكى تىپىك ئىدىيىۋى خاھىشقا ئايلاندۇرغان. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە- سەئىدىن» ، «نۇزۇگۇم» ئەسەر-لىرىدە بولسا بۇ ئىدىيە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر فېئوداللىق جەمئىيىتىدە خەلق تۇرمۇشىدىن قايغۇ-رۇشىنىڭ سەۋەبى ئۈچ تۈرلۈك. بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار تارىخىدى-كى يۈز بەرگەن دەۋر خاراكتېرلىك قالايمىقانچىلىق، ئۇرۇش، كۆچۈش ۋە بۆلۈنۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇرقۇن ۋادىسىدىكى قەدىم-كى ئۇيغۇر خانلىقىدىن تارتىپ قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخا-نىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۆلەت بىلەن خەلق مۇناسىۋىتىدە، ھەربىر خانلىقنىڭ ئىككىگە پارچىلىنىشى داۋامىدا كۆپ قېتىم كۆرۈلگەن. ھەرقېتىم يېڭى ھۆكۈمرانلىق تىكلەنگەندە دەسلەپتە خەلققە پايدىلىق، ئىلغار تەدبىر - سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىق ئۇلىنى مۇستەھكەملىگەن. ئىقتىسادىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنى بەزىبىر تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ شاھ، بەگلەر ئۆز شۆھرىتىنى تاراتقاندىن كېيىن تەدرىجىي ئاينىشقا باشلاپ، ئەمەل-دارلار چىرىكلىشىپ، ئىچكى نىزا ئەۋج ئېلىپ، دۆلەت پارچىلى-نىشقا يۈز تۇتقان. خەلقنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان كەيپىياتىنى دىنىي ئېتىقاد ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ تىزگىنلىگەن. خەلقنى سىيا-سىي نادانلىقتا مۇشەققەتلىك ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان. ئىككىنچىدىن، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ باج - سېلىق ۋە ئالۋان ياساقلىرى ئىنتايىن ئېغىر، چىدىغۇسىز دەرىجىدە كۆپ بولغان. خەلق قاراخانىيلار دەۋرىدىكى سۇيۇرغال-

لىق يەر تۇزۇمى بىلەن قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى قۇللۇق
توختاملىرى، چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقى، خوجىلار دەۋرى، مانجۇ
ھۆكۈمرانلىقى مەزگىللىرىدە بۇ ئازابنى يەتكۈچە تارتقان. خەلق
زىمىنىدىكى يۇك كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر بولغان، بۇ خەلق
تۇرمۇشىنىڭ مۇشەققەتلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپلا قالماي، بەلكى
يەنە خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئازاب ھېسسىياتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇ-
رۇۋەتكەن. تارىختىكى باج - سېلىق، ئالۋاڭنىڭ تۇرلىرى ھەم
ۋاستىسى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئەمگەككە سېلىش، پۇل ئې-
لىش، تۇتۇپ كېتىش، گۆرۈگە ئېلىش، ھاشارغا سېلىش قاتار-
لىقلار خەلقىمىزنى زار - زار قاقشىتىپ، قان يىغلاتقانلىقىنى
تارىختىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇچىنچىدىن، تەبىئىي ئا-
پەت كۆپ ۋە ئېزىچىل بولغان. ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلار دەسلەپتە
نەم ئوتلاقلار، ھاۋاسى سالقىن جايلار بولغان بولسا، كېيىنرەك
تاغ - داۋانلار ئارىسىدىكى بىپايان كەتكەن چۆل - جەزىرىلەر ۋە
قۇملۇقلار بولغان. بۇ خەلققە ئېغىر تەھدىت بولۇپ تىرىكچىلىكى-
گە زور توسقۇنلۇق قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرز
قىلىشتا تەبىئىي بالايىئاپەتنىڭ قانداق تەسىر قىلغانلىقىمۇ تارىخ-
ـتىن ئايان. شۇڭا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى
دۆلەت، خەلقتىن قايغۇرۇش ۋە خەلق ھاياتىدىن ئازابلىنىش ئېڭى
بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن.

خەلق تۇرمۇشىدىن قايغۇرۇش ئېڭىغا مەدەنىيەت جەھەتتىن
نەزەر سالغاندا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپ دىققەتكە سازاۋەر.
بىرىنچىدىن، خەلقتىن قايغۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى دۆلەت-
تىن قايغۇرۇش. قەدىمكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى چارۋىچىلىق،
يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىستىخىيىلىك دىنىي جەمئى-
يەت. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەم راۋاجلىنىشىنىڭ ئاساسى ئاددىي
مېھنەتكەش خەلق بولۇپ، دېھقانلارنىڭ تىرىكچىلىكى تەھدىتكە
دۇچ كەلسە، ئۇ ھۆكۈمرانلىقنىڭ گۇمران بولۇشىنى تېزلىتى-

دۇ. ئىككىنچىدىن، ئۆز دەۋرىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئىلىم ئەھلى- لىرى ۋە ئەدىب - شائىرلىرى كاللا كېسەرلىك ۋە قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلق مەنپەئىتى ۋە خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يۈكسەك خەلقچىللىق، ئىنسان- پەرۋەرلىك مەۋقەسىنى ئىپادىلىگەن. ئۈچىنچىدىن، ھاكىممۇت- لەق فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن فېئوداللىق مەدەنىيەتنىڭ ماھىيە- تى ئۆزگەرمىگەچكە، بۇ دەۋر ئىلىم ئىگىلىرى ئازابلىق ھېسسى- يات بىلەن جەمئىيەتكە ئىشتىراك قىلىش داۋامىدا رېئاللىق بىلەن ئۇلارنىڭ غايىسى چىقىشالمايدۇ. مانا بۇ كلاسسىك ئەسەر- لەردىكى ئوبرازلارنىڭ ھايات پاجىئەسىنى، ھەرخىل قارشىلىشىش روھىنى ياكى باشقا ئېچىنىشلىق تەقدىر - قىسمەتنى پەيدا قىلى- دۇ. شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدىب - شائىرلىرى ئىجادىدا خەلق تۇرمۇشىدىن قايغۇرۇش، دېھقانلار تۇرمۇشىدىن زارلىنىش مۇھىم ئېستېتىك ئىدىيە بولۇپ جارى قىلىندى. خەلقىمىزنىڭ ئاھۇ زار قاپلىغان پىغانى، خانىۋەيرانلىق، سەرسانلىقتا تۆككەن مۇڭلۇق كۆز ياشلىرى، ئازادە «توق»، «پاراغەتلىك» ھاياتقا ئىنتىلىشى ئەدەبىياتتىكى ئازاب ئېڭى بىلەن ھايات - ئۆلۈم تېمىسىنى يۈك- سەك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلدى.

3. ئىنسان ھاياتلىقى ھەققىدە ئازابلىنىش

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى «قۇتادغۇبىلىك»، «خەزا- ئىنۇل - مەئانى»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» قاتارلىق داس- تان ۋە لىرىك غەزەللەردىن كۆرىمىزكى، بۇ ئەسەرلەردىكى ھايات- لىق ھەققىدە ئازابلىنىش ئاساسلىقى شەخسنىڭ بىرخىل ئىجتى- مائىيلاشقان ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىياتى- مىزدىكى ئىپادىلىنىش شەكلى تۈپ جەھەتتە ئىككى خىل. ئۇنىڭ بىرسى ئىنسان غايىسى بىلەن رېئاللىقنىڭ (جەمئىيەت ۋە سىيا- سىي) توقۇنۇشى. ئۇيغۇرلار VII ئەسىرلەردىلا بىلگە قاغان باشچى- لىقىدا بىرلىككە كەلگەن سىياسىي ھاكىمىيەت بەرپا قىلغان.

گەرچە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىدا «زېمىن»، «تۇپراق» ۋە «ئىنسان» نىڭ ھەممىسى تەڭرىقۇتقا مەنسۇپ، خان ئۆز خەلقىنى باشقۇرۇپ، ئۇلارنى بەختلىك كۈن كەچۈرگۈزىدۇ دېگەن قاراش بولسىمۇ، ئاددىي خەلق بىلەن ھۆكۈمران تەبىقە ئوتتۇرىسىدا پەرق ۋە زىددىيەت توقۇنۇشى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. زىيالىيلار، ئەدىب - شائىرلار بىرخىل ماسلىشىش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇلار ھاياتلىق ئۈمىدى ۋە غايىسىنى پادىشاھنىڭ ئادالەت ۋە دىيانىتىگە يۈكلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك پەخىرلىك مۇتەپەككۇرمۇ قاراخانىيلارنىڭ جەمئىيەت رېئاللىقىنى «تۆت ئوبراز» ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۈمىدىنى پادىشاھقا باغلاپ قويغان. بۇ ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مۇسۇلمان پەلسەپە ئىدېئولوگىيىسىدىكى «غايىۋى دۆلەت» ئۇتوپىيىسى بىلەن ئىسلام دىنى پەلسەپىسىدىكى ئەنئەنىۋى ھايات قاراشلىرىنىڭ ئەدىبنىڭ دۇنيا قارىشىنى چەكلىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئاز ساندىكىلىرى يۇقىرى - ئوتتۇرا قاتلامدا نىسبەتەن تىنچ ھايات كەچۈرگەندىن باشقا، زور كۆپچىلىكى تۆۋەن تەبىقىدە، موھتاجلىقتا ھايات كەچۈرگەن. فارابى، ئەلىشىر نەۋائى، ھىرقىتى، ئابدۇرېھىم نىزارى، زەلىلى، موللا بىلال نازىمى قاتارلىق شەخسلەرمۇ يائۇنداق، يامۇنداق قىسمەتلەرگە ئۇچرىغان. بەزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى قىسمەن ياخشىلىنىشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان. فارابى، مەھمۇد قەشقىرى، نەۋائى، نىزارىنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق بولغان. بىر قىسىم يازغۇچى - شائىرلار تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆز سىياسىي غايىسىنى ئورۇنداش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. ئازاب - ئوقۇبەت، زۇلۇم كۈچەيگەندە ئۇلارنىڭ ئېڭىدا تەنھالىق، غېرىبلىق تۇيغۇسى پەيدا بولسىمۇ، ئەمما ئازاب ئۇلارنىڭ جۇشقۇنلۇقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى قوزغايدىغان كۈچكە ئايلانغان. سىياسىي ئاڭ جەھەتتە

بۇرۇقتۇم ھېس قىلىش، ئوڭۇشسىزلىقلار ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۇچۇن چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىدىيە بىلەن تەمىنلىدى. يەنە بىرسى، ھاياتنىڭ قىسقىلىقى ۋە زاماننىڭ چەكسىزلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. ھايات تولىمۇ قىسقا، يىللار رەھىمسىز، بۇ بىر خىل زىددىيەت. ئەمما ئۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت بولغاچقا، ھەرقانداق چاغدا ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ. ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك ئازاب ھېسسىياتىنى قوزغىتىدۇ. قەدىمكى ئەدەبىياتتا بۇ مەسىلە ھاياتنىڭ چەكلىك ۋە زاماننىڭ چەكسىزلىكىدىن خۇرسىنىشتەك روھىي كەيپىيات بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھايات قارىشىنىڭ مەلۇم بىر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان. بۇ ئاڭ بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە سانسارادىن نىرۋاناغا يېتىش شەكلىدىكى ئازابتىن قۇتۇلۇش يوللىرىدا ئىپادىلەنگەن. دۇنيا، ھايات، ئىنسان ۋە ئۆلۈمدىن ئىبارەت بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان قاراشلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە ئورنىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى بىر قاتار پەلسەپەۋى قاراشلىرى «پانىي دۇنيا» بىلەن «باقىي دۇنيا» چۈشەنچىلىرى ھەم سوپىزمنىڭ ھايات - ئۆلۈم قارىشى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

## 2. ھايات - ئۆلۈم قارىشىنىڭ تىپلىرى

### 1. قەدىمكى ئەنئەنىۋى ھايات - ئۆلۈم قارىشى، جەمئىيەت ۋە ھايات ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش

قەدىمكى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات شەكىللىنىشتىن بۇرۇن، ھايات - ئۆلۈم تېمىسى قىيا تاش سۈرەتلىرى، مىڭئۆي تىزما رەسىملىرى، خەلق ماقال - تەمسىللىرى، ئەنئەنىۋى مۇراسىم ۋە ئىپتىدائىي چوقۇنۇش بىرگەۋدە قىلىنغان مەدەنىيەت - سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇر

ئەپسانىچىلىق دەۋرىدىكى مەنىۋى ئىجادىيەتتىن مەلۇمكى، يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دىققەت قىلغان مەسىلە — ئىنساننىڭ ئۆز يىلتىزى، تەن قۇرۇلۇشى ۋە تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشتىن ئىبارەت. بىز قەدىمكى قوياش، ئايغا تىۋىنىشتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بەدىئىي ئەسەرلەردىن «شىراق»، «توما-رىس» رىۋايەتلىرىگە، بۇددىزم پەلسەپە دۇنيا قاراشلىرى ئىپادىلەن-گەن «ئالتۇن يارۇق»، «ئىككى تىگىن ھېكايىسى»، «چىستانى ئىلىك بەگ» ئەسەرلىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ھاياتلىق ئېڭى بىلەن قاتلاملىق پسىخىك خاراكتېرى يورۇتۇلغان «مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى»غا قارايدىغان بولساق، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەنئەنىۋى ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرى ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

بىرىنچى، ھايات - ئۆلۈم مۇقەررەرلىك، ئۇ تەقدىرگە باغ-لىق، ئادەمنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆزگەرمەيدۇ.

ئىككىنچى، ئىنسانغا ھاياتتا ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسە «ياخشىلىق»قا ئىنتىلىش ۋە توغرا كىشىلىك ھايات يولىغا يې-تىش.

ئۈچىنچى، تاشقى جەھەتتە تەقدىردىن شۇبھىلەنمەسلىك، ئەمما ھاياتتا باشتىن - ئاخىر ئۆز مەۋقەسىنى ساقلاش.

ئۇيغۇرلاردا ھايات - ئۆلۈمنى تەقدىر بەلگىلەيدۇ، ياخشىلىق قىلىش ھاياتتىنمۇ قىممەت دەيدىغان قىممەت قارىشى ھايات - ئۆلۈم قارىشىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەنئەنىۋى ھا-يات - ئۆلۈم قارىشى قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدا گەۋدى-لىك بولۇپلا قالماي، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تىدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كلاسسىكلار ئىجادىي-ىتىدە چوڭقۇر ئازاب، كۈچلۈك خۇرسىنىش كەيپىياتى زامان رېئاللىقىغا بىۋاسىتە باغلانغان ھالدا بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ھەرۋا-قىت مىللەت، دۆلەت، جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش-

تەك مەجبۇرىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. ئۆ-لۈم ۋە بەختسىزلىكلەر هامان دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە باغلىنىشلىق ئاقىۋەت قىلىنغان.

2. شەخسكە ئەهمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن هالقىش شەرت قىلىنغان هايات ـ ئۆلۈم چۈشەنچىسى

شەخسكە ئەهمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن هالقىش شەرت قىلىنغان هايات ـ ئۆلۈم چۈشەنچىسى كۆپرەك ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆزىگە ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن. ئالدى بىلەن شامان دىنىدىكى ئۈچ زامان ئىككىلىكىنىڭ مەزمۇنى بىلەن بۇددا دىنى ئەقىدىسىدىكى تۇغۇلماق ـ ئۆلمەكنىڭ ئازابلىق هالىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئازابمۇ بولمىغان غايىۋى ئالەمدە مەڭگۈ ياشاش قارىشى ئىدىيىۋى تەشەببۇس جەھەتتىن بىردەكلىككە ئې-گە. يەنە شۇنداقلا سوپىزم دۇنيا قارىشىدىكى «ئادەم» بىلەن «تەڭرى» نىڭ بىرلىكى تەۋسىيە قىلىنغان هايات ـ ئۆلۈم پوزىت-سىيىسى بىلەنمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ دۇنيا ئازابقا تولغان دۇنيا، ئىنساننىڭ بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇشى، ئاخىرىدا ئۆلۈشىمۇ ئازاب. شۇڭا بۇنداق ئازابلىق هالەتتىن قۇتۇلۇش، مەڭگۈ ئازاب تارتمايدىغان، تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈش ئازابىمۇ بولمىغان غايىۋى دۇنياغا قايتىشقا تەلپۈنۈش ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى شەخسكە ئەهمىيەت بېرىش ۋە شەخستىن هالقىشتىن ئىبارەت هايات ـ ئۆلۈم قارىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنى بىرقانچە نۇقتىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، شەخسكە ئەهمىيەت بېرىش هەم ئۇنىڭدىن هال-قىشتا ئالدى بىلەن چەكلىك ئالەم بىلەن زاماننىڭ مۇهىملىقىنى تونۇش كېرەك.

ئىككىنچى، تەن ۋاقىتلىق نەرسە، چەكلىك دۇنيادا ئازاب-

تىن خالىي بولۇپ شادلىقتىن بەھرە ئېلىشتا، چوقۇم «تەن» نى كېرەكسىزلىك مەيدانىغا قويۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۆلۈم ئىنساننى ۋەھىمىگە سالىدۇ ۋە بىزار قىلىدۇ. ئەمما شەخسكە ئەھمىيەت بېرىپ ئۆلۈمدىن ھالقىش ئۈچۈن، بۇ ۋەھىمىنى «خۇشاللىق» دەپ قاراش كېرەك.

تۆتىنچى، ھايات ـ ئۆلۈمنى بىرخىل قوشۇلۇش، تەن ـ روھنىڭ بىرلىكى دەپ قاراش. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىدا دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش مەزمۇنى سۇس.

3. ئۆلمەسلىككە تەلپۈنۈش

ئادەم ھاياتى ئۇنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇزۇن ھەم قىسقا، پۈتۈن ئۆمرى چەكلىك، ھاياتلىق چەكسىز دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ھاياتنى قانداق ئۇزارتىش مەسىلىسىنى ئىنچىكە ئويلانغان.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى ئۆلمەسلىكنىڭ يولىنى ئىزدەش مەسىلىسى ئەڭ بۇرۇن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە تەس-ۋىرلەنگەن. كېيىنچە بىر قىسىم ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئىپادىلەن-گەن. بەزى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە خاسىيەتلىك ئادەملەر، ئەۋلىيالار، خىزىرلارنىڭ كېسەللىك ياكى جىن ـ ئالۋاستى، دىۋە، يالماۋۇزلارنىڭ زىيان ـ زەخمىتىگە ئۇچراپ مېيىپ بولغان ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى بىرەر تال ئالما ياكى ئابىھايات سۈيى تېمىتىش بىلەن تىرىلدۈرگەنلىكىدەك ئەھۋاللار كۆپ تەسۋىرلەن-گەن. مۇنداق خەلق ھېكايە ـ چۆچەكلىرىنىڭ بەزىسىدە ئادەمنىڭ ئۆلمەسلىكى، ئىلاھىيلىقى كۆرسىتىلسە، يەنە بەزىلىرىدە ئۆل-مەسلىك دورىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى كۆرسىتىلگەن. مۇنداق كەي-پىيات، بىرتەرەپتىن، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بولۇش مۇمكىن

ئەمەسلىكىدەك ئەمەلىيەتنى تونۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆلمەسلىككە تەلپۈنۈشنى ئالدى بىلەن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشكە ئىنتىلىش ئارزۇسىدىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا تەسۋىرلەنگەن خىزىر - ئەۋلىيالار، كىشىلەرگە ياخشىلىق كەلتۈرگۈچى پەرىشتىلەر ئۆلمەيدۇ. چىستانى ئىلىك بەگ تەڭرى زاتــىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندا باشقا تەڭرىلەر ياردەم بېرىدۇ، ئاق نىيەت تىكېن كۆزىگە قومۇش تىكەنى سانجىلىپ قۇدۇقتا تاشلىۋېتىلگەندە، پەرىشتە ئۇنى قۇتقۇزۇپ كىشىلەر ئارىسىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. «مايترىسىمىت» دىكى بورخانلار نەچچە مىڭ يىل ياشايدۇ.

ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات - ئۆلۈم قارىشى ئىنساننىڭ ئۆلىدىغانلىقى ۋە روھىنىڭ باقىي ئالەمدە قايتا تىرىلىپ، ياخشى قىلمىشلارنىڭ تەقدىرلىنىپ، يامان قىلمىشلارنىڭ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى ئىدىيىسىگە مەركەزلەشكەنلىكتىن، بىرلا خۇدا، پەرىشتە، ئەزرائىللارنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى، ئىنسان زاتىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلىدىغانلىقى ئاساسىي قاراش بولغان. شۇڭا XI ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش ئۇ دۇنيادا قايتا تىرىلىش ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، خىزىر - ئەۋلىيالارنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ جاھاندىكى ھەممە نەرسىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان بولۇپ، رېئال دۇنيادىكى گۈزەل قەلبلىك بارلىق ئىنسان كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئىنسانلار ئېڭىدا ئەۋلىياغا ئايلاندۇرۇلۇشى بولسا كېرەك.

**ئازاب ئېڭى**

1. دۆلەت، خەلق تەقدىرىدىن ئازابلىنىش
2. خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇشكۈللۈكىدىن ئازابلىنىش
   - (1) دەۋر خاراكتېرلىك قالايمىقانچىلىقتىن
   - (2) باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساقنىڭ ئېغىرلىقىدىن
   - (3) ئېغىر تەبىئىي بالايىئاپەتنىڭ زەربىسىدىن
   - (4) ئۇرۇش ۋە مىللىي كۆچۈش سەرسانلىقىدىن
3. كىشىلىك ھايات ھەققىدە ئازابلىنىش
   - (1) ھاياتنىڭ چەكلىك، ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىدىن
   - (2) ئارزۇ ـ ئىرادىنىڭ رېئاللىققا ماس كەلمىگەنلىكىدىن
   - (3) سۆيگۈ پاجىئەلىرى، جۇدالىق زەربىسىدىن
   - (4) شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسىدىن

**ھايات ـ ئۆلۈم قارىشى**

1. ئەنئەنىۋى تەبىئەتچىلىك قارىشى: دۆلەت، جەمئىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش
   - (1) ھايات ـ ئۆلۈم قانۇنىيەت، ئۇ ئىنسان ئىرادىسىغا باقمايدۇ، بەلكى تەقدىر
   - (2) ھاياتتا ياخشىلىق ۋە ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلىش كېرەك
   - (3) قانۇنىيەتتىن شۇبھىلەنمەسلىك، لېكىن ئۆز مەۋقەسىنى ساقلاش
   - (4) روھنىڭ مۇقەددەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش
2. شەخسكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىشنى شەرت قىلىش
   - (1) چەكلىك ئالەمنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىش
   - (2) چەكلىك دۇنيادىن بەھرە ئېلىشتا تەننى كېرەكسىز ئورۇنغا قويۇش
   - (3) ئۆزىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئۆلۈمدىن ھالقىش
   - (4) ھايات بىلەن ئۆلۈمنى بىرلەشتۈرۈش
3. «مەڭگۈلۈك ھايات»قا تەلپۈنۈش
   - (1) ئۆلمەسلىكنىڭ چارىسىنى ئىزدەش
   - (2) ئەۋلىيالىققا يېتىش يولى
   - (3) روھ «جەننەت»تە مەڭگۈ ياشايدۇ

بۇ قاراشلار ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىيىتى ۋە تارىختىكى مۇتەپەككۇر ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ ئېچىدا ھەم ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر مىللىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. بۈگۈنكى زامانىۋى ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلمەسلىكنىڭ ياكى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ھاياتنى ئۇزارتىش ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىنتىلىشى بولۇپ كەلمەكتە. دەۋر مەيلى قانچىلىك ئۆزگەرمىسۇن، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ۋە قېرىماسلىققا تەلپۈنۈش ھامان كىشىلەرنىڭ تۈپكى ئارزۇ ـ ئىنتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئۆزى تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا، مىللىي ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىپ، مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىپ، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىدۇ. بۇ خىل قىممەت قارىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ھاياتلىق تەجرىبىلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن پىكىر بۇلىقىنى بارلىققا كەلتۈردى.

## 3. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېچى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئازاب ئېچى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىلىم ئەھلىلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى، ئەدىب ـ شائىرلىرىنىڭ ئۆزلىرى تۇرغان جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ غايىسى بىلەن رېئاللىقنىڭ توقۇنۇشىدىن پەيدا بولغان چوڭقۇر پىسخىك ئاڭدىن ئىبارەت. ئازاب ئېچى ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمكى، شائىر ـ ئەدىبلەرنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي قاراش ۋە غايىسى فېئوداللىق چىرىك، ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئەكسىـ

چە، بىر خىل باراۋەرسىزلىك، تەڭسىزلىك كۆچەيگەنسېرى، بۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى كۈچەيگەنسېرى، بۇ بۇرۇقتۇم كەيپىيات شائىر ـ ئەدىبلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىكى، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنە- سىز، ساختا ۋە رەزىللىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردۇ. ئادەتتىن- كى كىشىلەر ئانچە سېزەلمەيدىغان ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئۇلار تونۇپ يېتىدۇ. بۇ ھېسسىيات قەلبىدە ئۇزاق تۇرغانسېرى، گويا پارتلاپ چىققان ۋولقاندەك شائىر ـ ئەدىبلەرنىڭ غەزەپ ۋە چۇقان- غا ئايلىنىپ، دەۋرنىڭ خاھىشى ئىپادىلەنگەن ئەڭ تەسىرلىك چوڭقۇر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەر ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەر روھىيىتىگە تەسىر قىلالايدىغان قۇۋۋەتتى يۇقىرى ئەدەبىياتتۇر. ئۇيغۇر قەدىمكى يازغۇچى ـ شائىرلىرى تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ھادىسىلەردىن چىقىپ تېخىمۇ چوڭقۇر ماھىيەتكە يېقىنلاشقان. ماھىرلىق بىلەن يېڭى شەكىللەرنى ئىز- دەپ، ئازاب ئېڭىنى ۋە ھاياتنى كۆپىنچە يوشۇرۇن ۋە قاتلاملىق ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن.

بىرىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە باشتىن ـ ئاخىر ئىجتىمائىي ئەخ- لاقىي قىممەت ھېسسىياتى ۋە شەخسنىڭ ئەقلىي ئېڭى زىچ بىر- لەشكەن ھەم بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى بەزىدە ئاشكارا، ئۇدۇل، بەزىدە يوشۇ- رۇن ئىپادىلەنگەن. سىمۋوللۇق ئوبرازلارنى ۋاستە قىلىشتا مۇ- ھەببەت ـ سۆيگۈ، تراگېدىيە ـ پاجىئەلەر ئاساسىي ۋاستە قىلىن- نىپ ئىپادىلەنگەن. ئازاب ئېڭىدا دىداكتىك ھېسسىيات بىلەن راتسىئونالىزملىق، گۇمانىستىك روھ بىردەكلىككە ئىگە. ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆز دەۋرىگە خاس ئەدەبىي يوللار، ئىجادىيەت مېتودى بىلەن رومانتىك، رېئالىستىك ئۇسۇللاردا تەسۋىرلە- نىپ، ئاخىرى ئەدەبىياتتىكى جەڭگىۋارلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە

قارشىلىق روھىنى يېتىلدۈرگەن. چوڭقۇر ئازاب ئېڭى بىلەن ئۆلۈم تېمىسىنى ئىپادىلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى شەرقنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنئەنىۋى تېمىلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. ئىپادىلەش جەھەتتە غايىۋى تېمىلاردىن رېئال تېمىلارغا تەدرىجىي يۆتكىلىپ، رېئاللىقنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغان. ئازاب ئېڭى، ھايات ۋە ئۆلۈم مەسىلىسىنى ئالەم، كائىنات، روھىيەت، ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى مەسىلىسىگە باغلاپ، تارىخىي سۈرئەت ۋە رېئال مۇھەببەت سۈژېتلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش بۇرچ تۇيغۇسى ھەم تۆھپە قوشۇش روھىنى بىرلەشتۈرگەن. ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىيىتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى باشتىن ـ ئاخىر شەخسنىڭ ئۆزىدىن تا جەمئىيەتكە، مىللەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن قايغۇ ۋە ئويلىنىشنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش تۇيغۇسى ۋە تۆھپە قوشۇش روھى زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇ ئىككى قاتلامغا مەركەزلەشكەن: بىرى، پسىخىك قاتلام بولۇپ، بۇ قاتلامدا دۆلەت، مىللەت ھەققىدە قايغۇرۇشنى ئىپادىلەيدىغان ئۇلۇغۋار بۇرچ يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى ھېسسىياتى باشتىن ـ ئاخىر كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم پرىنسىپ قىلىنغان. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى ۋەزىر تۇنيۇقۇق، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دىكى باتۇر سەركەردە كۆلتېگىن، «قۇتادغۇبىلىك» تە يۈسۈپ خاس ھاجىپ غايىسىنى ئىپادىلەيدىغان سىمۋوللۇق ئوبرازلار، «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىدا نەۋائى ياراتقان غايىۋى شاھ ئىسكەندەر ئوبرازى دەل يۇكسەك

ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر پادىشاھ، سەركەردە ھەم ئۇلۇغ دانىشمەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا دۆلەت، خەلق ئۈچۈن ئازابلىنىدىغان ئۇلۇغ مەجبۇرىيەت ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار بۇ مۇددىئانى ئۆزلىرىنىڭ ھايات قىممىتىنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى دەپ قارايدۇ. جەمئىيەتكە، رېئاللىققا يۈزلەنگەن ئازابتا ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ھەمىشە ئۆزلىرىنى تار بېكىنمە شەخسىي چەمبىرەكتىن كەڭ رېئال كىشىلىك ھاياتقا ئېلىپ كىرىشكە تىرىشىدۇ. يەنە بىرى، مەنتىقىي تونۇش قاتلىمى بولۇپ، كلاسسىكلىرىمىز دۇنيادا تىنچ، بەختلىك ھايات كەچۈرۈش، تەھدىت ۋەھىمىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتچانلىق ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسىدا، كىشىلىك ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئەقلىي جەھەتتىن تونۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ئىدىيىسى بىلەن مەنىۋى ئەركىنلىككە ئىنتىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى بىلەن ھايات ـ ئۆلۈم قارىشى شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىردەكلىكى ۋە ماسلىشىشىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىيىتىدە، ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ـ ئۆلۈم تېمىسى بىلەن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، شامانىزم، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى ئۈمىدۋارلىق ھەمدە جەڭگىۋارلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت مۇساپىسىدە ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق تەرەققىياتى، بەخت ـ سائادىتى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى

ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشنى نامايان قىلىدۇ.

## 4. ئۆلۈم ئېڭى ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ تۇغۇلۇشى

ئۆلۈم — ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىدىن زېمىندا مەڭگۈ ئېيتىلىدىغان كۈي، ھايات مېلودىيىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى. خۇددى مەشھۇر ھىندى شائىرى تاگۇرنىڭ «ھايات خۇددى باھاردا ئېچىلغان گۈلدەك پارلاق، ئۆلۈم خۇددى كۈز ياپرىقىدەك كۆركەم، گۈزەل» دېگىنىدەك، تارىختىن بۇيان ئەدەبىياتشۇناسلار ۋە سەنئەتكارلار ئۆلۈمنى مەڭگۈلۈك تېما سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ كەلدى. بىز كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى مەزمۇنلىرىدا ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم تېمىسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي تەسۋىرىنى، ئۇنىڭ تارىخىي، پەلسەپىۋى ھەم مەدەنىيەت قاتلىمى ھەم ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلىنىش، چوڭقۇرلىشىش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئۆزگىچە خاس مەدەنىيەت ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىمكانىقەدەر تەسۋىرلەپ چىقتۇق. بۇ مۇھاكىمىلەر ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆزگىچە خاس ئېستېتىك قىممەت ۋە تارىخىي قىممىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ھايات - ئۆلۈم قارىشى ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدېئولوگىيە تارىخىنىڭ مۇھىم مۇساپىسىدۇر. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مىللىي پىسخىك قاتلىمىدىكى قەدىمىي ئاڭ ۋە ئېستېتىك قاراش بولۇپ، تارىختىكى ئۇيغۇر ئەدىب - سەنئەتكارلارنىڭ شەخسىي ئىجتىمائىي ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھاياتى پەيدا قىلغان قايغۇ، ئازاب، غېرىبسىنىش، ھايات ۋەھىمىسىنى بەدىئىي تىپ ۋە ئوبرازلاردا ئېستېتىك يۈكسەكلىككە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق تەقدىر چۈشەنچىسىنى بەدىئىي ئىنكاس قىلىپ بەرگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈمنىڭ بەدىئىي ئومۇ-

لاشتۇرۇلۇش، غايىۋىلەشتۇرۇلۇش، گۈزەللەشتۇرۇلۇشتەك ئالا-
ھىدىلىكىگە مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك قىممەت جەھەتتىن قارىغان-
دا، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا گەۋدىلىك ئەمەلگە ئاشقان:

بىرىنچىدىن، ئۆلۈمنى ھەرۋاقىت كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن
سىڭىشتۇرۇش ئارقىلىق ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم قىممىتىنى تەكىتلى-
گەن. كىشىلەر تۇرمۇشتىكى ساختىلىق، رەزىللىك، خۇنۇكلۇك
ۋە ئازاب - كۈلپەتلىرىنى ھېس قىلغاندا قەلبىدە ئۆلۈم بىرخىل
قۇتۇلۇش، ئەركىنلىككە چىقىش بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇيغۇر شا-
ئىر - ئەدىبلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە ھايات بىلەن ئۆلۈمنى سىڭىش-
تۇرۇپ، تىرىك ياشاشتىن ئۆلۈشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەس-
ۋىرلەيدىغان بەدىئىي ئەنئەنە بار.

ئىككىنچىدىن، شەخسىي بەختكە تەلپۈنۇش غايىسى ئىپادى-
لەنگەن. دۇنيادا بەختكە ئىنتىلمەيدىغان ئادەم يوق. ئەگەر بار
دېيىلسە، ئۇ چوقۇم روھى ۋە ئىرادىسى سۇنغان مەغلۇپ بولغۇ-
چىلار، چۈشكۈنلەشكەنلەر ياكى نېرۋىسى بۇزۇلغانلار. بەختكە
ئىنتىلىش ھەر بىر تىرىك ئادەمنىڭ ھايات نىشانىسى ۋە غايىسى.
بىز ئۆز بەختىمىزنى قەدىرلەشنى بىلمىسەك، ئۇ چاغدا ھالاكەتكە
يۈزلىنىدىغانلىقىمىز مۇقەررەر. ئەگەر ئۆز بەختىمىز، ھوقۇقىمىز
ئۈچۈن تاللاش، مۆلچەرلەش ئىقتىدارىمىز بولمىسا، بۇنداق ھا-
يات ئۆزىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ئۆلۈمنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئېستېتىك
قىممەتكە ئىگە قىلىنىشى دەل ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ شەخس-
نىڭ ئۆز بەختى، ھوقۇقى، ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش
يۈزلىنىشىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىندۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبى-
ياتىدا يارىتىلغان بىرمۇنچە قەھرىمان ئوبرازلارنىڭ ھايات سەرگۈ-
زەشتىسى، بەختسىزلىكى، ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىشى ياكى
باھادىرلىق كۆرسىتىشى دەل بەختكە ئېرىشىش ئىنتىلىشى بويىچە
لايىھىلەنگەن. مانا بۇ ئۇنىڭدىكى ئۆلۈمنىڭ تەسىرلىك، مۇڭلۇق

ھەم يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئېستېتىك گۈزەللىككە ئايلىنالىشى-نىڭ سەۋەبى.

ئۈچىنچىدىن، ئىنسانىيەت تەقدىرى ھەققىدىكى ئويلىنىش ئىپادىلەنگەن. ئۆلۈمنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەت تەقدىرى ھەققىدىكى ئويلىنىش ئۇيغۇر پەيلاسوپلىرى، ئەدىب - شائىرلىرىنىڭ كائىنات، ئالەم، تەبىئەت، ئىنسان ۋە ئاقىۋەت ھەققىدىكى مەنتىقىي قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى.

مەيلى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ، تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ زىددىيىتىدە بولسۇن ياكى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىدە بولسۇن، ئازاب ئىنتايىن كۈچلۈك، بەزىدە تولىمۇ كەسكىن ۋە چوڭقۇر. ئازاب ئېغىر كۈچىيىپ شەخستە مۇستەقىل ۋە تەۋرەنمەس بىر ئېتىقاد بىلەن ياشاش ئىرادىسى قوزغالغاندا، ئۆز ھاياتىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئالىيجانابلىق، قەھرىمانلىق ئارقىلىق ھايات قىممىتىنى يارىتىدۇ. مۇنداق قەھرىمانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلىدۇ (مەسىلەن، شىراق، نۇزۇگۇم، رابىيە - سەئىدىن، كۆلتېگىن)، بەزىلىرى ئېغىر توسقۇنلۇقلارنى، بەختسىز قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ (مەسىلەن، تۇمارىس، ئاق نىيەت تېگىن، چاستانى ئېلىك بەگ، ئودغۇرمىش...). مەيلى شەخس ۋە كوللېكتىپ مەنپەئەتى ياكى سىنىپ، تەبىقە، گۇرۇھلار مەنپەئەتلىرى بولسۇن، قەھرىمانلار ئوخشىمىغان ھالەتتە ئۆلۈمگە دۇچ كېلىدۇ ياكى كۈتۈۋالىدۇ. تراگېدىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئازاب ۋە ھايات - ئۆلۈم مەسىلىسى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئازاب ئېغىر ۋە ئۆلۈم تېمىسىدا ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي قىممەت ۋە تەسىر ئوخشاش بولمايدۇ. مەيلى ئالىيجاناب قەھرىمان كۈچلەر بولسۇن ياكى قالاق، رەزىل ئەكسىيەتچى كۈچلەر بولسۇن، ھەممىسىدە ئازاب بولىدۇ ۋە ئۆلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتى ئۆزلىرىنىڭ ھايات

قارىشى، ياشاش مەقسىتى ۋە قىلمىشلىرىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى بولغانلىقتىن، ئازاب قوزغايدىغانلىرىمۇ، قوزغىمايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانىنىڭ چىنلىقى- ياخشىلىقى، ئىلا- غارلىقى - ھەققانىيلىقى بىلەن يامانلىق، خۇنۇكلۇك، رەزىل- لىك، ساختىلىق، قالاقلىق تەرەپلىرى ئۇنىڭ ھايات يولىنى تاللايدىغان ھەم بەلگىلەيدىغان پرىنسىپ بولۇپ، بۇ كۆرەشنىڭ خۇلاسىسى - ماھىيىتى ئۆلۈمدە ئىپادىلىنىدۇ. شەرەپلىك ئۇلۇغ ئۆلۈم بولىدۇ ياكى جىنايەتنىڭ جازاسى تىپىدىكى ئۆلۈم بولىدۇ. شۇڭا ھاياتقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كىشىنىڭ ئازاب پسىخىكى- سى قاتلىمىغا تەسىر قىلىدۇ. بۇ ئازاب ھاياتنى ئەھمىيەتلىك، قىممەتلىك تەرەپكە بۇرىيالىسا، ئۆلۈم ئۇلۇغ مەقسەتلەر يولىدىكى كۆرەشنىڭ بىر بەلگىسى بولسا، ئۇ چاغدا ئازاب ئىككى يۇقىرى مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئۆلۈممۇ يۇقىرى ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمى- دىكى ئازاب ئىككى بىلەن ھايات - ئۆلۈم قارىشىنى ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان تەرەپلەر دەل ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، توتېمىزم، شامان ۋە بۇددا دىنى ئېتىقادى ئارىلاشقان ئىسلام پەلسەپىۋى قاراشلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ھايات پەلسەپىۋى ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى ھەم بۇ جەرياندا ياراتقان مەدە- نىي ئېستېتىك قاتلىمىنى بەرپا قىلىشتا بىۋاستە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن مەنبە.

ئۇيغۇر ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، توتېمىزم، شا- مانىزم، مانىزم ۋە ئىسلام دىنى ئاساسىدا قۇرۇلغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ غوللۇق قۇرۇلمى- سى. بۇ خىل دىنىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئېڭى ۋە پسىخىك قاتلىمىدىكى ئازاب - قايغۇ، خۇرسىنىش كەي-

پىياتىنى يارتىپلا قالماي، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى ئازاب ۋە ئۆلۈم تېمىسىنىڭ مەدەنىي ئېستېتىك مەزمۇنىنى تەشكىل قىلدى.

قەدىمكى بۇددا دىنى، شامان، زەردۇش، مانى دىنى ۋە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئارىلىشىپ كەتكەن ئازاب ئېڭى قەدىمكى نىسپىي مۇقىم ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىدا بىر ـ بىرىگە تايىنىدىغان، ئۆلۈمنى ھايات ئارقىلىق نامايان قىلىدىغان قاتلاملىق مەدەنىي پسىخىك قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىپ، مەدەنىي ھەم ئېستېتىك ئاڭنىڭ ھەر قايسى جەھەتلىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئازاب ۋە ئۆلۈمنىڭ ماھىيىتىنى كۆزەتكەندە، ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى بىر خىل دىداكتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق خاھىشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئازاب ئېڭى ئارقىلىق دائىم جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە ماھىر بولۇپ، دۆلەت، مىللەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان كۈچلۈك كۆيۈنۈش، مەسئۇل بولۇش ھېسسىياتىنى نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەخسمۇ مەردانە ھالدا تارىخ ئۆزىگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتنى (مەنىۋى جەھەتتە) ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ھەرقانداق چاغدا دۆلەت، مىللەت ۋە خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇھىم كۆۋرۈك بولۇشتەك ئوبرازىنى ياراتقان.

تارىخ بىر قاتار يىرىك ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئابىدىسى. ئۆتمۈش مۇساپىسىدىن قالغان ئۇنتۇلغۇسىز ئىزلاردىن، تارىخىي ئۆزگىرىشلەردىن يادنامە تىكلىمەيدىغان مىللەت بولمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ۋە ئادەمنىڭ بۇ كۈرەش سەھنىسىدە رول ئوينىشى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، شۇ ئادەم ۋە شۇ مىللەتنىڭ كېلەچەككە — پارلاق ئىستىقبالغا تەلپۈنگەنلىكىدۇر.

تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ۋە تارىخىي ھەرىكەتلەر بىر شەخسنىڭ، بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆلۈم - ھالاكەت ۋەھىمىسىنى يەڭگىللىتىشتە زور رول ئوينايدۇ. پارلاق يېڭى تۇرمۇش ئۇچۇن غايەت زور بەدەل تۆلەش تارىخ بەرگەن ساۋاق. ئۇ شەخسنىڭ ئۆلۈمىنى ئىلگىرىلىتىشى ئېھتىمال. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا زور كۆپچىلىك كىشىلەر قىلچە شەخسىيەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى كۆرەش ئېقىنىغا ئاتىدۇ. يېڭى سىياسىي تۈزۈلمە، ئىقتىسادىي ۋە ئىگىلىك ھوقۇق ئۇچۇن ئۆز ھاياتىنى بېغىشلايدۇ. قەدىمكى شىراق، تۇمارىسلاردىن تارتىپ تۇنيۇقۇق، بىلگە قاغان، كۆلتېگىنلەرگىچە، سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخاندىن تارتىپ سادىر پالۋان، نوزۇگۇملارغىچە، ھەتتا ھازىرقى زامان تارىخىمىزدىكى ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلارغىچە بۇ ھالاكەت ۋەھىمىسىنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە، ئۆزى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مىللەتنىڭ ھاياتى ئۇچۇن ئۆز كۈچىنى ئايىماي جەڭ مەيدانلىرىدا، كۆرەش سەھنىلىرىدە ئىسسىق قانلىرىنى ئەزىز تۇپراققا تۆككەن. زېمىن — ھاياتلىق مەۋجۇتلۇقى ۋە كەلگۈسىنىڭ ئاساسى، بىر مىللەتنىڭ ماكانى، شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، گۈللىنىشى، پارلاق كېلەچىكىنىڭ ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ بىردىنبىر غايىسىدۇر.

ئىنسانىيەت ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى دەل ئاز سانلىقلار بىلەن كۆپ سانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش ھەم مۇشۇ ئېلىشىشتا كىشىلىك ھايات تارىخىنىڭ بارلىق خاتىرە سەھىپىلىرىنى يارىتىشتۇر. ئەمما بۇ ئېلىشىشتا كىمنىڭ ئاجىز يېڭىلگۈچى بولۇشى، كىمنىڭ كۈچلۈك غالىبىيەتچى بولۇشىنى كوللېكتىپنىڭ روھى، ئېتىقادى بەلگىلەيدۇ. بولۇپمۇ ئالاھىدە بىر تارىخىي مۇھىتتا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە گۈللىنىشى ئۇنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى، تەربىيىلىنىشى، مىللىي

روھى ساپ بولغاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇقەددەس روھ بىلەن تۇيۇنقىغا بولغان چوڭقۇر ئېتىقادىنى ئۆز ئىرادىسى ھەم مەردانە ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەش شەخسىنىڭ قان ھەم تىنىگە سىڭگەن پۈكۈلمەس قەھرىمانلىق روھىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە چاقنايدۇ!

زېمىن بىزنىڭ ھاياتلىق غايىمىز، مەقسىتىمىز، كەلگۈسىمىز، زېمىن بىزنىڭ ھاياتلىق ۋە تەقدىرىمىزگە باغلانغان، ئۇنىڭ خارابلىشىشى، چۆلسىرىشى ھايات دەرىخىمىزنىڭ قۇرۇشىدۇر. كىمكى بۇ ھەقىقەتنى ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھېس قىلىپ ئۆز غايىسىنى تونۇپ يېتەلىسە ۋە كەلگۈسىگە بېغىشلاش ئۈچۈن تارىخىي ھەرىكەتلەردە رول ئوينىيالىسا، ئۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى نۇرلۇق بولىدۇ. تارىخىمىزدىكى پىداكار ئوغلانلار، ئەدىب، شائىر، دانىشمەنلىرىمىزنىڭ تەشەببۇسلىرى، مەنتىقىي پىكىرلىرى يۇقىرىقى بىر قاتار پىكىرلىرىمىزنى تولۇق دەلىللەپ بېرىدۇ. ھاياتلىق قانۇنىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىدىن ئېيتقاندا، تارىخىي بۇرۇلۇش بۇگۇنكى كىشىلىرىمىزنىڭ ھېسسىيات، كەيپىياتىنى ۋە ئىدىيىسىنى ئورتاق مەنىۋى روھقا ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ قەلبلەرنىڭ دېرىزىسىنى چېكىپ، روھنى ئويغىتىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى دەۋر ئېقىمىدىن ئۆتۈپ كېيىنكىلەرنىڭ روھىنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرىدۇ. مەدەنىيەت ۋە تارىخ بىر ـ بىرىگە باغلىنىدۇ، تەسىر قىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

يىراقتا قالغان قەدىمىي يولنىڭ تۈگىمەس سەپىرىدە ئاللىقاچان تارىخقا ئايلانغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزدىنىشلىرى، ھېكمەتلىك نەسىھەتلىرى كۆمۈلگەن ئاشۇ تۇپراقتىن كەلگۈسىمىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت تېپىپ، خەلقىمىز ئارىسىغا قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا كەلگۈسى مەنزىلنى نامايان قىلىۋاتقان ئېتىقاد ۋە ئەبەدىيلىك بۇرچ بىزگە دەۋرنى دەۋرگە، ھاياتنى

ھاياتقا، بۈگۈنىمىزنى ئەتىگە — يېڭى كۈنگە ئۇلاش مەجبۇرىيە-تىنى ھېس قىلدۇردۇ.
بىز ھەممىمىز چەكلىك مەۋجۇتلۇق ئىچىدە ياشايمىز. بىر كۈنى كۆزىمىزنى مەڭگۈلۈك يۇمۇپ ئارام تاپىمىز. ئەمما بىز ئۇمىد ۋە ئىنتىلىشنى ھېس قىلىشىمىز، ياشىشىمىز، ئۆزىمىزنى ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىشقا — خەلقىنىڭ، مىللەتنىڭ بەخت-لىك ھاياتى ۋە گۈللىنىش ئىشلىرىغا بېغىشلىشىمىز كېرەك، شۇ چاغدىلا ھەرقانداق مۇشەققەت ھەم ۋەھىمە ئىرادىمىزنى سۇندۇرال-مايدۇ. تارتقان رىيازەت، چەككەن ئازاب ۋە كۈلپەتلەر ئومۇم ئۈچۈن بولىدۇ. بەختىمىز ھەم كۆز يېشىمىز ئۆز خەلقىمىزگە مەنسۇپ بولىدۇ. پەقەت مۇشۇلا بىزنىڭ ھەقىقىي ھاياتىمىز ۋە پەقەت شۇلا مەڭگۈلۈكتۇر.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

## قوللانمىلىق ماتېرىياللار

«ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ، 1 ـ ، 4ـ توم، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

فېيېربا خ: «خرىستىئان دىنىنىڭ ماھىيىتى» ، سودا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

ئېنگېلس: «لىيودۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ خاتىمىسى» ، خەنزۇچە نەشرى.

«پلېخانوپ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ، خەنزۇچە نەشرى.

لېنىن: «ئىككى ئۇتوپىيە» ، خەنزۇچە نەشرى.

لېنىن: «پەلسەپە خاتىرىلىرى» ، خەنزۇچە نەشرى.

ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» ، خەنزۇچە نەشرى.

«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ، 1ـ ، 3ـ توم، خەنزۇچە نەشرى.

گېگېل: «ئېستېتىكا» ، 1 ـ ، 2 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى.

پلاتون: «غايىۋى دۆلەت» ، خەنزۇچە نەشرى.

مۇھەممەت سالىھ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئادام كۇب (Adam kub) : «ئىجتىمائىي پەنلەر ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، 14 ـ توم لوندون، ئىنگلىزچە نەشرى.

«دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، 14 ـ توم، ئىنگلىزچە نەشرى.

«سوپىزم ـ ئىسلام» ، لوندون، ئىنگلىزچە نەشرى.

«مىستىتسىزم ـ ئىسلام»، لوندون، ئىنگلىزچە نەشرى.
ئابدۇل قادىر: «ئىسلام دىنى ۋە ئىرق مەسىلىلىرى»، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مائارىپ كومىتېتى، 1970 ـ يىل بىلگىيە، ئىنگلىزچە نەشرى.
«ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىنگلىزچە ۋە تۈركچە، 1 ـ، 2 ـ توملىرى، 1979 ـ يىل نەشرى.
«ئىسلامدا ئويغىنىش»، يېڭى دېھلى، ئىنگلىزچە نەشرى.
«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 9 ـ توم، ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى.
«ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، ئىنگلىزچە نەشرى.
ج. سائوندىر: «دەسلەپكى ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى»، لوندون، ئىنگلىزچە نەشرى.
«ئوكيانوس»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.
«جۇنامە»، تاڭ لىڭفۇ تۈزگەن.
«كونا تاڭنامە»، ليۇشورېن قاتارلىقلار تۈزگەن.
«يېڭى تاڭنامە»، ئوۋياڭشيۇ، سوڭچى قاتارلىقلار تۈزگەن.
«يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، شياۋېن تۈزگەن.
«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەرنىڭ داۋامى»، چىڭ يىيۈەن تۈزگەن.

## ئۇيغۇر كلاسسىك يادىكارلىقلىرى

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى.

مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئەلفارابى: «رىسالىلەر»، تاشكەنت، 1975 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى.

ئەلفارابى: «پەلسەپىدىن سوئاللار ۋە ئۇلارغا جاۋابلار»، تاشكەنت، 1959 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى.

«خۇئاستا ئانافىت» («مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۇۋۇنامىسى»)، ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى.

ئەلىشىر نەۋائى: «غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

ئەلىشىر نەۋائى: «خەمسە» («ھەيرەتۇل ئەبرار»، «سەبئەئى سەييار»، «لەيلى - مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەرىي»، «پەرھاد - شىرىن»)، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى.

نەسىردىن رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى.

مىرزاھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 -، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

ھىرقىتى: «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى.

مىرزامەھمۇت جوراس: «تارىخىي رەشىدى زەيلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى.

مۇھەممەت سىدىق زەلىلى: «زەلىلى دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

مۇھەممەت سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.
ئابدۇرېھىم نىزارى: «نىزارى داستانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.
مىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى.
مەھزۇن: «مەھزۇن غەزەللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.
مۇھەممەت ئابدۇللا خاراباتى: «كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.
قەلەندەر: «دىۋان قەلەندەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.
موللا بىلال نازىمى: «غەزەليات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
موللا موسا سايرامى: «تارىخىي ھەمدى»، «تارىخىي ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

## مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
ليۇجىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
سىن جۇڭمەن: «تۈرك تارىخى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.
دۇەنلىيەنچىن: «تۈرك تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى.
ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ

خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ پروگراممىسى» ، خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، «يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 -، 1993 - يىللار، ئۇيغۇرچە نەشرى.

موللاھاجى: «بۇغرا خانلار تەزكىرىسى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى ھېكايىسى» ۋە «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

كىروپاتكىن: «قەشقەرىيە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

چارلىز بولگ (ئەنگلىيە) : «ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 1989 - يىل نەشرى.

ۋ. بارتولد: «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى» ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1984 - يىللىق ئىچكى توپلام.

ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا خالىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ليۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ، تەيبېي جىڭجۇڭ كىتابخانىسى، خەنزۇچە نەشرى.

ئەنبۇ جيەنفۇ (ياپونىيە) : «غەربىي ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

ئا. گ. مالياۋكىن (رۇسىيە) : «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» « I ، II توم» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

1984 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە نەشرى.
«شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1985 ـ يىلى باستۇرغان، خەنزۇچە نەشرى.
ئودا كىيو (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل ئۈيغۇرچە نەشرى.
خاتانى ساتوئۇئاكى (ياپونىيە): «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم»، خەنزۇچە نەشرى.
ئابدۇقېيىيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.
ئىبراھىم كافەس ئوغلى (تۈركىيە): «كونا تۈرك دىنى»، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى نەشرى.
ئا. بىك مۇھەممەدوۋ (ئۆزبېكىستان): «تارىخ تېرمىنلىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، تاشكەنت، 1968 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى.
كىسلىف (رۇسىيە): «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باستۇرغان. خەنزۇچە نەشرى.
س. گ. كىلياشتورنىي (رۇسىيە): «قەدىمكى تۈرك رونىك ئابىدىلىرىگە ئىزاھ»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
چىن بىڭ: «بۇددا دىنى ۋە شەرق مەدەنىيىتى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.
«ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.
يۈەن ۋېنچى: «ئىسلام ئەدەبىياتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
ئەھمەد كاباكلى (تۈركىيە): «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى»، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى.

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق مەركىزى تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، ئالمۇتا، 1983 - يىل سلاۋيانچە نۇسخىسى.

ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (تۆت توم) ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى باستۇرغان.

«قەدىمكى تۈرك تىلىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەردىن تاللانما» ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزگەن، 1979 - يىل نەشرى.

ئەسقەر ھۇسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىسلار» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

ساۋۇت موللا ۋۇدۇۋ (قازاقىستان) : «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خرۇستوماتىيىسى» ، ئالمۇتا، 1986 - يىل سلاۋيانچە نەشرى.

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن سۆزلۈك» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» ، 1 - ، 2 - ، 3 - توم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1986 - 1993 - يىللار نەشرى.

ساۋۇت موللا ۋۇدۇۋ (قازاقىستان) : «ۋەتەن ئىشقىدا» ،

ئالمۇتا. 1986 ـ يىل سلاۋيانچە نەشرى.
«تارىخىي مىراس ‹ قۇتادغۇبىلىك ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە بايان › » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ 1989 ـ يىللار.
ئىبراھىم كافەس ئوغلى (تۈركىيە) : «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» ، تۈركچە نەشرى.
لاڭ يىڭ: «قۇتادغۇبىلىك ۋە شەرق ـ غەرب مەدە-نىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
لى گوشياڭ: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» ، لەنجۇ ئۇنىۋېر-سىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدە-بىياتى» ، I ، II توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.
ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرد-ياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.
ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ، شىن-جاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.
يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق: «ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.
ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.
مۇھەممەت ئىمىن: «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى.
غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
ئا. كوپرولو (تۈركىيە) : «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدا ئىلىك مۇتەسەۋۋۇپلار» ، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىر-لىقى نەشرى.

ئىسمائىل تۆمۈر: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋائى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

ئىقبال تۇرسۇن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ھېكمەت ئۇنچىلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

باتۇر ئەرشىدىنوۋ: «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا داستان ژانىرى»، ئالمۇتا، 1990 ـ يىلى نەشرى.

گې باۋچۈەن: «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرىدىكى يۇنان ـ رىم ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

«يۇنان ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

ھومېر: «ئىلىيادا»، «ئودىسا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-تى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

جىن كەيچىڭ: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت پسىخولو-گىيىسىگە دائىر ماقالىلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيا-تى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

تاۋلىفەن: «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەپسانە ـ رىۋايەت-لىرىدىن تاللانما»، سىچۈەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

چېن شاۋچۈەن: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆگىنىش تارىخى-نىڭ پروگراممىسى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

يۇڭ: «پسىخولوگىيە ۋە ئەدەبىيات»، ئۈچ بىرلەشمە نەش-رىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

فىرىدرىخ پائولسىن: «ئېتىكا نەزەرىيىسى»، نيۇ يورك

1899 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى.
مىخائىل لاندىمان: «پەلسەپە ئىنسانشۇناسلىقى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.
ئېدگار: «مەۋجۇدىيەت ۋە دەۋر»، ئۇچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى.
گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، ئۇچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.
فروئىد: «مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ قانائەتلەندۇرۇلمەسلىكى»، لوندون 1961 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى.
ج. گ. فرازىر: «ئالتۇن شاخ»، لوندون 1926 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى.
مونتىسكيو: «رىمنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى»، سودا نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.
گلىبىرت مۇراي: «قەدىمكى گرېتسىيە ئەدەبىياتى»، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى، 1957 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى.
چىنداۋ يۇشىن (ياپونىيە): «شەرقنىڭ ئېستېتىكىسى»، ئۇچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1958 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
فىلىپ لاۋرىنس: «مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسى»، خۇنەن خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.
سانتايانا: «شېئىر ۋە پەلسەپە»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.
فىروئىد: «مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى»، يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.
يوھان. شىك: «دىن پەلسەپىسى»، ئۇچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.
نىتزى: «تراگېدىيىنىڭ تۇغۇلۇشى»، خەنزۇچە.
مانامور: «ھايات تراگېدىيىسى ئېڭى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.
مەجىد فەخرى (ئامېرىكا): «ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ تارىخى»، شاڭخەي چەت ئەل مائارىپ نەشرىياتى، 1992 ـ يىل

خەنزۇچە نەشرى.

لى جىنجۇڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئەرەب پەلسەپە تارىخى»، بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

مۇسا. مۇساۋى (ئىراق): «ئەرەب پەلسەپىسى»، سودا نەشرىياتى، 1997 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

سىنپوزا: «ئادەم، تەڭرى ۋە ئۇنىڭ بەختى»، سودا نەشرىياتى، 1983 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

جۇگۇاڭچەن: «تراگېدىيە پسىخولوگىيىسى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1983 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

كىروگ: «ئېستېتىكا»، سودا نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

ياڭ شۇجىڭ: «ئىپتىدائىي دىن توغرىسىدا»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

ئابدۇقادىر يۇنۇس: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تەبىئىي جۇغراپىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە بولغان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە سانلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك دوكلاتلار، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ژۇرناللار ۋە خەنزۇچە «غەربىي رايون ئەدەبىياتى»، «پەرۋاز»، «بىخ»، «ئەدەبىيات تەنقىدى ۋە نەزەرىيە»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ 1980 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە بولغان مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔族生死观/伊克巴尔·吐尔逊著.—乌鲁木齐:新疆大学出版社,2006.5
ISBN 7—5631—2051—3

Ⅰ.维… Ⅱ.伊… Ⅲ.①维吾尔族—生命哲学—研究—维吾尔语(中国少数民族语言) ②维吾尔族—死亡哲学—研究—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.① B083 ②B086

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 064112 号

责任编辑:**吐尔逊·阿不都拉**
责任校对:**阿达来提·牙合甫**
封面设计:**艾克拜尔·萨里**

# 维吾尔族生死观

**伊克巴尔·吐尔逊　著**

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号　　邮编:830046)
新华书店经销
乌鲁木齐嘉华印务有限公司印刷
开本:850×1168 毫米　1/32　15.5 印张
2006 年 5 月第 1 版　　2006 年 5 月第 1 次印刷
印数:0001—2500 册

ISBN 7—5631—2051—3
定价:24.80 元

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-5631-2051-3

ISBN 7-5631-2051-3
(维文)定价:24.80元